ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىياز كېرىمى

# شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇھەررىردىن

دوتسېنت نىياز كېرىمى 1935 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە
ياغاچچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1941 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە ئۈ-
رۈمچى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1946 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە
تۇرپان مۇرتۇغ، قاراخوجا مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، مۇرەتتەپ
قارى بولغان ھەمدە «كافىيە»، «شەرھى موللا»، «مۇختەسىرىلۋاقايە»،
«شەرھىلۋاقايە» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغان. 1950 ـ يىلدىن 1952 ـ
يىلغىچە ئۆلكىلىك 2 ـ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1952 ـ يىلى 7 ـ ئاي-
دىن 1954 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە رەڭلىك مېتال شىركىتىدە سېلىسار بولۇپ
ئىشلىگەن. 1954 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ
سۇچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان. 1957 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىنىڭ قارىمىقىدىكى پىلانلاش ئەترىتى تەركىبىدە تەڭرى-
تاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا پىلانلاش، سۇ
قۇرۇلۇشى، ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللانغان. 1975 ـ يىلدىن
1983 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق كارتوگرافىيە ئىدارىسىدە مىللىي
كارتوگرافىيە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى-
دىكى بىپايان زېمىنلاردا ئۆلچەش ۋە سىزىش، سىزىلغان خەرىتىلەرنى
تەكشۈرۈپ باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1983 ـ يى-
لىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، 1993 ـ
يىلى 10 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

نىياز كېرىمى 1957 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە ئىلى، قەشقەر، ئۈ-
رۈمچى قاتارلىق رايونلاردا لايىھىلىگەن چوڭ ـ كىچىك ئېرىق، ئۆستەڭ 207
كىلومېتىرغا، توما، تونېل، كۆۋرۈك، سۇ ئامبىرى، سۇگۇچ، لايقوش (د-
يوكىر) قاتارلىق ھەرخىل سۇ ئىنشائاتى 34 كە يېتىدۇ. 1975 ـ يىلدىن 1983 ـ
يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق كارتوگرافىيە ئىدارىسىدە تۇنجى ئەۋلاد مىللىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

كارتوگرافىيە مۇئەللىمى بولۇپ، بىر تۈركۈم كارتوگرافىيە خادىملىرىنى يې-
تىشتۈرۈپ چىققان ھەمدە «مۇنەۋۋەر تەربىيىچى» بولۇپ تەقدىرلەنگەن. ئۇ
1982 ـ يىلى تۈزگەن «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە گېئودېزىيە لۇغىتى»، 1991 ـ
يىلى تۈزگەن «بىناكارلىق ھەققىدە ساۋاتلار»، 1993 ـ يىلى تۈزگەن
«تۇرپان كارىزلىرى» ناملىق كىتابلىرى نەشردىن چىقتى. 1988 ـ يىلدىن
1994 ـ يىلىغىچە «شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 18 سان ژۇرنىلىدا 22
پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋە بىر پارچە تەكلىپ پىكرى (تەخمىنەن 266 مىڭ
خەت) ئېلان قىلىندى. ئۇلاردىن باشقا، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» قاتارلىق
ژۇرناللاردا 218 مىڭ 600 خەتلىك، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 121
سانىدا 74 پارچە، «شىنجاڭ گېزىتى» دە يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان
قىلىندى.

نىياز كېرىمى 1960 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋالىي
مەھكىمىسىنىڭ «سۇ قورۇلۇشى سىپىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن تەقدىرنا-
مىسىگە ئېرىشكەن، 1970 ـ يىللىرى سۇ ئامبىرىنى لايىھىلەش ۋە قورۇلۇشقا
يېتەكچىلىك قىلىشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، شۇ چاغدىكى 1 ـ دەرى-
جىلىك مۇكاپات ھېسابلىنىدىغان رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرى بىلەن
مۇكاپاتلانغان. 1972 ـ يىللىرى تودوڭخې دەرياسىنىڭ 8 ـ كۆۋرۈكىنى لايى-
ھىلەش ۋە قورۇلۇشقا نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىشتا نەتىجىسى
كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، يەنە ئالىي مۇكاپات ــ رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرى
بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1993 ـ يىلى «تارىختىن سۆز» ناملىق مۇكاپاتلىق ماقالە
ئېلان قىلىشتا، ئۇنىڭ «تۇرپان كارىزلىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى 2 ـ
دەرىجە بولۇپ باھالىنىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1994 ـ يىل 4 ـ نويابىر
سانىدا ئېلان قىلىندى. 1993 ـ يىلى، ئۇ يازغان «تۇرپان كارىزلىرى» ناملىق
ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
تەرىپىدىن 1984 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 10 يىللىق ماقا-
لىلەر ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالاندى. بۇ پېشقەدەم
مۇتەخەسسىس ھازىر «شىنجاڭ يەر ناملىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش» نى تۈ-
زۈش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولماقتا.

## بىرىنچى باب

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي قىسمى مەملىكىتىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن، شەرقىي شىمال قىسمى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن، شەرقىي جەنۇب قىسمى مەملىكىتىمىزنىڭ چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن، جەنۇبىي قىسمى مەملىكىتىمىزنىڭ شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربىي شىمال قىسمى قازاقىستان، غەربىي قىسمى قىرغىزىستان، تاجىكىستانلار بىلەن، غەربىي جەنۇب قىسمى ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستانلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىچىدە مەشھۇر تاغلاردىن تەڭرىتېغى، قۇرۇم تېغى (كۇئېنلۇن تېغى) ۋە ئالتاي تېغىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسى بار. بۇ ئۈچ چوڭ تاغ گېئولوگىيىلىك دەۋرنىڭ 3-دەۋرىدىن باشلاپ كۆتۈرۈلۈپ چىققان. مەشھۇر ئويمانلىقلاردىن تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى (يەمەك دالاسى) ①دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئويمانلىق بار.

---

① جۇڭغار ئويمانلىقى تارىختا «يەمەك دالاسى» دەپ ئاتالغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 131-بەت؛ «يەمەك — تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 37-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# §1 . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقلىمى

شىنجاڭ ئاسىيا ــ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1900 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 1590 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ . ئۇ دېڭىز ــ ئوكيانلاردىن ئەڭ يىراقتا جايلاشقان . مەسىلەن ، ئۈرۈمچىنى ئاساس قىلىپ ھېسابلىغاندا ، شەرقتە تىنچ ئوكياندىن تەخمىنەن 2500 كىلومېتىر ، غەربتە ئاتلانتىك ئوكياندىن تەخمىنەن 6900 كىلومېتىر ، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكياندىن تەخمىنەن 3400 كىلومېتىر ، جەنۇبتا ھىندى ئوكياندىن 2200 كىلومېتىر يىراقتا جايلاشقان . تىنچ ئوكياندىن كېلىدىغان نەم ھاۋانىڭ تەركىبىدە سۇ پارلىرى كۆپ . لېكىن ، چوڭ ھىنگان تاغلىرى بىلەن چىنلىڭ تاغلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغانلىقتىن ، سۇ پارلىرىنىڭ شىنجاڭغا يېتىپ كېلەلىشى ئىنتايىن قىيىن . ھىندى ئوكياندىن كېلىدىغان نەم ھاۋا تەركىبىدىمۇ سۇ پارلىرى ناھايىتى مول . لېكىن ، ھىمالايا تاغلىرى بىلەن قۇرۇم تاغلىرى ( كوئىنلۇن تېغى ) نىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغانلىقتىن ، ئۇمۇ شىنجاڭغا ئاساسەن يېتىپ كېلەلمەيدۇ . شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئالتاي تاغلىرى ئانچە بەك ئېگىز ئەمەس ، ئۇنىڭ شىمالىي مۇز ئوكيان بىلەن بولغان ئارىلىقى پەقەت 3400 كىلومېتىر كېلىدۇ ، لېكىن سىبىرىيە بىلەن موڭغۇل داللىرىدىن ئۆتۈپ كېلىدىغان شىمالىي ھاۋا ئېقىمى قۇرۇق سوغۇق تەتۈر ئېقىم بولغاچقا ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۇ پارلىرى ناھايىتى ئاز . شىنجاڭنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا ئېقىپ كېلىدىغان سۇ پارلىرى ئاساسەن ئاتلانتىك ئوكياندىن كېلىدۇ . شۇڭا ، ھاۋادىكى سۇ مىقدارى ئانچە كۆپ ئەمەس . شىنجاڭنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى پۈتۈن يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ مىقدارى 16 مىليارد 300 مىليون توننىغا يېتىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە ياز پەسلىدە ئەڭ كۆپ بولۇپ ، 30 مىليارد توننىغا يېتىدۇ . قىش پەسلىدە ئەڭ ئاز بولۇپ ، ئاران 6 مىليارد توننا ئەتراپىدا بولىدۇ . بۇنى يىللىق ئوتتۇرىچە نىسبەت بويىچە ھېسابلىغاندا ، 1 كۋادرات كىلومېتىرلىق ھاۋا تۈۋرۈكىدە ھەر ۋاقىتتا تەخمىنەن 10 مىڭ توننا سۇ پارى

بولىدۇ . ئاتموسفېرادىكى سۇ پارلىرى ھاۋا بىلەن بىرلىكتە ئاقىدۇ . ھەر يىلى شىنجاڭنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سۇ پارلىرى تەخمىنەن 1 تىرىلىيون 154 مىليارد توننىغا يېتىدۇ . بۇنىڭغا ئاپتونوم رايونىمىزدا پارغا ئايلانغان 221 مىليارد 200 مىليون توننا سۇ پارىنى قوشساق ، يىل بويى 1 تىرىليون 375 مىليارد 200 مىليون توننا سۇ پارى ھاۋا بوشلۇقىدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ . بۇ سۇ پارلىرىنىڭ 80 پىرسەنتى شەرققە قاراپ گەنسۇ ۋە موڭغۇلىيىلەرگە ئېقىپ كېتىدۇ . پەقەت 20% ئەتراپىدىكى سۇ پارلىرى ھۆل - يېغىن بولۇپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چۈشىدۇ ، بۇنىڭ كۆپ قىسمى ئېگىز تاغلىق رايونلارغا چۈشىدۇ . بۇنىڭدىن 82 مىليارد 500 مىليون تونىسى ( تاغلىق رايونلارنىڭ 32 مىليارد 500 مىليون توننا سۈيىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ) دەريالارنى ، 2 مىليارد 800 مىليون تونىسى مۇزلۇقلارنى تولۇقلايدۇ . 5 مىليارد 600 مىليون تونىسى مەڭگۈلۈك قار قاپلىمىنى تولۇقلايدۇ . 150 مىليارد تونىسى تاغ ئېتەكلىرىگە ۋە تۈزلەڭلىك - ئويمانلىقلارغا چۈشىدۇ . بۇنىڭدىن پارغا ئايلانغىنىنى چىقىرىپ تاشلىغاندا ، دەريالار ، ھۆل - يېغىن ۋە تاغلاردىكى يەر ئاستى سۇلىرى ھەمدە مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇلار بولۇپ جەمئىي 90 مىليارد كۇب مېتىر بولىدۇ ، بۇنىڭ 20 مىليارد كۇب مېتىرى چەت ئەللەرگە ئېقىپ كېتىدۇ .

دېمەك ، شىنجاڭ ھاۋاسى قۇرغاق ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز ( يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 150 مىللىمېتىر ) ، سۇ قىس رايون . سۇ — يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى ، شۇنداقلا جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى . شىنجاڭدا سۇ مەسىلىسى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلە . تاغلار ۋە ئويمانلىقلارنىڭ شىنجاڭنىڭ سۇ ۋە ئېكولوگىيىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى كۈچلۈك . شۇڭا ، تۆۋەندە تاغ ۋە ئويمانلىقلار ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمەن .

## 1 . تەڭرىتاغ

تەڭرىتاغ تىزمىسى ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ . ئۇنىڭ غەربىي ئۇچى قازاقىستان ، قىرغىزىستانلارغا سوزۇلغان بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇ-

www.uyghurkitap.com

زۇنـلـۇقـى 2500 كـىـلـومېتىر ، كەڭلىكى 250 ~ 300 كىلومېتىر ، تاغ ئومۇرتقا
سـىـزىقىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ . جەنۇبىي ئۇچى پا-
مـىـر ئېـگـىـزلىكىگە تۇتىشىدۇ . تەڭرىتاغ تىزمىلىرى يۇلتۇز ، كىنگىت ، بايدىن
ئىبارەت ئوچۇق ئويمانلىقلارنى ، باركۆل ، ئاراتۇرۇك ، قۇمۇل ، تۇرپان ، سايدام
ئويـمـانـلـىـقى قاتارلىق يېپىق ئويمانلىقلارنى ① هاسىل قىلغان . ئىگىلىگەن يەر
مـەيـدانـى پۈتۈن ئاپتونوم رايون يەر كۆلىمىنىڭ بەشتىن بىرىنى تەشكىل قى-
لـىـدۇ . ئېـگـىـز ۋە هەيـۋەتـلـىـك گـۈزەل تـەڭرىتاغ ئۆزىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر
چـوقـقـىلىرىدىن تۆمۈر چوققا ، خانتەڭرى چوققىسى ( جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمى-
يىسى تاغقا چىقىش ئەترىتىنىڭ گېئودېزىيە شۆبە ئەترىتى 1977 ـ يىلى ئۆلچەپ
چـىـقـقـان سـانـلـىـق مـەلـۇمـاتـقا ئاساسەن ، تۆمۈرچوققىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن
ئېـگـىـزلـىكى 29 . 7435 مېتىر ، خانتەڭرى چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز-
لـىـكـى 6995 مـېتىر ئىكەن ) ، قىش ـ ياز قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئېگىز
ئومـۇرتـقـىـلـىـرى بـىـلەن غايەت زور مۇزلۇقلىرى ۋە ئۇلاردىن هاسىل بولغان
خـۇددى ئادەم بـەدىـنـىـدىكى قان تومۇرلارغا ئوخشاش سۈپسۈزۈك مەرۋايىتتەك
سـۇلـىرى ، چەكسىز ئورمانلىرى ، ياپيېشىل يايلاقلىرى ، قىممەتلىك يەر ئۈستى
ۋە يـەر ئاستى بايلىقلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغاچقا ، ئەجدادلىرىمىز ئۇنى
شىنـجاڭنىڭ سىمـۋولى دەپ تونۇپ ، ئۇنىڭـغا تەڭـرىتاغ ( ئىلاھ تاغ ) دەپ
نام بەرگەن .

تـەڭـرىـتـاغدا قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى ، سوغى-
گـۈل ، قـانتېپەر ، يېشىل يوپۇرماقلىق مەرزەنجۇش ، رەۋەن ، چاكاندا ، شىنجاڭ
ئەڭـلـىـك ئوتى ، يەر مەدىكى ، توشقان زەردىكى ، قوچاققول ، چاچراتقۇ ، ئىز-
مـۇق ، سـانـا ، كـۈچـۈلا ، چـىـتـەن ، قـارىـقات ، بۆلجۈرگەن ، ئازغان ، يالپۇز
قـاتـارلىقلار ئۆسىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، هەر خىل رەڭدىكى كېپىنەكلەر ، هەر-
خـىـل هەسـەل هەرىـلـىـرى ، رەڭـگـارەڭ گۈللەر ، قارىغاي ، شەمشاد ، ئارچا ،
ئېـرەن ، تـاغ تېرىكى ، ياۋا ئالما ، قىرچىن ، تاغ سۆگىتى ، قېيىن قاتارلىق دە-
رەخـلـەر بـار . يـاۋايـى هايـۋانلاردىن يىلپىز ، كېيىك ، تاغ ئۆچكىسى ، ئارقار ،
سـېـرىـق چاشقان ، توشقان ، سۆلەيسۈن ، چوڭ قۇلاق بۇغا ، بۇغا ، جۇر ( ئې-

---

① دەريـا ۋە ئېـقىنلار سۈيى سىرتقا ئېقىپ چىقمايدىغان ئويمانلىق يېپىق ئويمانلىق دېيى-
لىدۇ .

لىك ) ، قوڭۇر ئېيىق ، ياۋا توڭگۇز ، سۇغۇر ، تىيىن ، بولغۇن ، تۈلكە ، تاغ ئاغمىخنى ، بۆرە قاتارلىق ھايۋانلار بار .

ياۋايى قۇشلاردىن بۈركۈت ، ئۈلار ، مۈشۈكياپىلاق ( ھوقۇش ) ، كەكلىك ، قىرغاۋۇل ، چىل ، ياۋا ئۆردەك ، لاچىن ، تاغ كەپتىرى ، قارغا ، قارچىغا ، سار ، بۆدۈنە ، سېغىزخان قاتارلىق ھەرخىل قۇشلار بار .

كان بايلىقلىرىدىن تۆمۈر ، كۆمۈر ، قوغۇشۇن ، مىس ، نىكىل ، مانگان ، سىنك ، كېپەك ئالتۇن قاتارلىقلار بار . تەگرىتاغ باغرىدىكى « كۆجەي » ( ئەسلى كۆكجاي ) دىن تېپىلغان قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى ۋە تاش خەرىتە ، ئالغۇي ھەم نىلقىلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ھەرخىل ئاسارىئەتىقىلەر تەگرىتېغىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن جاي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ .

تەگرىتېغى تارىم ئويمانلىقى بىلەن جوڭغار ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرغۇچى پاسىل ، ئۇنىڭ جەنۇبى ئىلگىرى قەشقەرىيە ، ئالتىشەھەر ( خوتەن ، يەكەن ، قەشقەر ، ئۇچتۇرپان ، ئاقسۇ ، كۇچار ) دەپ ئاتىلاتتى . خەنزۇچە ماتېرىياللاردا « نەنلۇ »① دەپ يېزىلاتتى . 1933 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇندا ، شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجى بىلەن كېلىشىم تۈزگەندە شىنجاڭ ئۆلكىسىنى جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن . جەنۇبنى خوجىنىياز ھاجى ، شىمالنى شېڭ شىسەي سورايدىغان بولغان . شۇنىڭدىن كېيىن تەگرىتاغنىڭ جەنۇبى « جەنۇبىي شىنجاڭ » ، شىمالى « شىمالىي شىنجاڭ » دەپ ئاتىلىدىغان بولدى ( « ئويغانغان زېمىن » ، 498 ـ بەت ) . ئازادلىقتىن كېيىن ، تۇرپان ، قۇمۇللار « شەرقىي شىنجاڭ » دەپ ئاتالدى .

تەگرىتېغى يەنە شىنجاڭنىڭ ئىقلىمىنى ئايرىپ تۇرغۇچى پاسىل . جەنۇبى ئىسسىق ، قۇرغاق ، قار سىزىقى 4200 ~ 4300 مېتىر . شىمالى نىسبەتەن سوغۇق ، ھۆل ـ يېغىن كۆپ ، قار سىزىقى 3800 ~ 3900 مېتىر .

## بىرىنچى ، تەگرىتاغدىكى مۇزلۇقلار

تەگرىتاغنىڭ مۇز مەنبەسى مول بولۇپ ، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى قىسمىدا چوڭ ـ كىچىك مۇزلۇقلاردىن 8904 ى بار . ئۇنىڭ كۆـ

① جەنۇبىي يول 南路 — يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولى دېگەن مەنىدە .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىمى 9164.97 كۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 109.91 مېتىر، ئومۇمىي زاپاس مىقدارى 1010.6333 كۇب كىلومېتىر. ئۇنى سۇغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 909 مىليارد 569 مىليون 970 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بولىدۇ. بۇ سان چىلىيەنشەن تېغىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ زاپاس مىقدارى ( 81.12 مىليارد كۇب مېتىر ) دىن 17.38 ھەسسە كۆپ بولۇپ، ئۇ تەبىئەت نەچچە تۈمەن يىللار جەريانىدا يارىتىپ بەرگەن بىباھا سۇ بايلىقى ۋە ھاياتلىق مەنبەسى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بوستانلىقلار مۇشۇ مۇزلۇقلاردىن ھاسىل بولغان دەريا ۋە ئېقىنلار سۈيى بىلەن كۆكلەيدۇ. بۇ مۇزلۇقلارنىڭ جايلىشىشىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭ.

## تەڭرىتاغدىكى ( جۇڭگو تەۋەسىدىكى ) مۇزلۇقلارنىڭ مۇز زاپىسى

| تاغ تىزمىسى | مۇزلۇق سانى | مۇزلۇق كۆلىمى (Km²) | ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى (m) | مۇز مىقدارى (Km³) | مۇزلۇقنىڭ نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|
| قارلىق تاغ | 122 | 125.89 | 55.74 | 7.0177 | 5Y822C2 |
| باركۆل تېغى | 57 | 29.94 | 38.51 | 1.1532 | 5Y821A3 |
| بوغدا تېغى | 479 | 216.98 | 48.149 | 10.4474 | 5Y725B10 |
| تەڭگىر تاغ | 745 | 227.80 | 32.66 | 7.4419 | 5Y694I16 |
| ئېرەن قابىرغا تېغى | 1892 | 1422.04 | 66.35 | 94.3546 | 5Y738C52 |
| بولخنۇر تېغى | 746 | 641.67 | 68.93 | 44.2305 | 5X043I12 |
| نارئارت تېغى | 117 | 65.59 | 42.67 | 2.7987 | 5Y693E4 |
| خارگون تېغى | 229 | 97.33 | 35.72 | 3.4769 | 5Y686E4 |
| ئېربىك تېغى | 368 | 220.23 | 50.71 | 11.1682 | 5Y695D15 |
| ئالغوي تېغى | 51 | 18.12 | 34.29 | 0.6213 | 5Y811C27 |
| كۆك تېكە تېغى | 252 | 187.74 | 56.20 | 10.5510 | 5Y692F4 |
| ئاۋرال تېغى | 283 | 163.31 | 47.99 | 7.8370 | 5X043Q3 |
| كۆكقىرچىن تېغى | 34 | 4.17 | 18.56 | 0.0774 | 5Y744C8 |
| بىگىجىن تېغى | 305 | 164.17 | 44.08 | 7.2370 | 5Y746F3 |
| ئالاتاۋ تېغى | 94 | 76.37 | 52.16 | 3.9834 | 5Y754G3 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 5Y746C1 | 0.1305 | 36.76 | 3.55 | 8 | مۇزتاغ چوققىسى |
| 5Y672B36 | 55.4949 | 76.53 | 725.14 | 692 | تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى |
| 5Y673K1 | 568.9577 | 202.55 | 2808.99 | 685 | خانتەڭرى تېغى |
| 5Y681D24 | 162.9877 | 91.88 | 1773.78 | 1267 | خالىق تېغى |
| 5X045D25 | 10.6663 | 48.01 | 222.16 | 478 | بېيىك تاغ |
| 5Y673K1 | 1010.6333 | 109.91 | 9164.97 | 8904 | يىغىندىسى |

## تەڭرىتاغ ( جۇڭگو تەۋەسىدىكى ) دەريا ۋادىلىرىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ مۇز زاپىسى

| مۇزلۇقنىڭ زاپاس سۇ مىقدارى① ($m^3$) | مۇز زاپىسى ($Km^3$) | مۇزلۇقنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى (m) | مۇزلۇق كۆلىمى ($Km^2$) | مۇزلۇق سانى | دەريا ۋادىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 2,933,190,000 | 3・2591 | 48・54 | 67・14 | 85 | ئارا تۈرۈك دەرياسى قاتارلىقلار |
| 4,420,620,000 | 4・9118 | 55・38 | 88・69 | 94 | قارا يۇزى دەرياسى قاتارلىقلار |
| 3,780,630,000 | 4・2007 | 45・90 | 91・50 | 213 | بوغدانىڭ شىمالىي يانباغرى |
| 6,949,080,000 | 7・7212 | 47・07 | 164・04 | 352 | ئايدىڭكۆل ۋادىسى |
| 1,388,520,000 | 1・5428 | 33・55 | 45・99 | 150 | ئۈرۈمچى دەرياسى |
| 1,712,250,000 | 1・9025 | 31・08 | 61・20 | 221 | تۇدۇڭخي ( سانجى ) دەرياسى |
| 2,117,970,000 | 2・3533 | 32・65 | 72・07 | 239 | قۇتۇبى دەرياسى |
| 2,348,190,000 | 2。6091 | 54・34 | 48・01 | 107 | تاش دەرياسى |
| 35,156,070,000 | 39・0623 | 64・22 | 608・25 | 800 | ماناس دەرياسى |
| 15,784,020,000 | 17・5378 | 78・07 | 224・64 | 247 | قورغاس دەرياسى |
| 15,481,800,000 | 17.2020 | 84.00 | 204.78 | 225 | يەنسخەي دەرياسى |
| 117,450,000 | 0・1305 | 36・76 | 3・55 | 8 | ماناس كۆلى |
| 42,791,400,000 | 47,5460 | 57・76 | 823・06 | 1104 | ئېبنۇر كۆلى ۋادىسى |
| 127,961,190,000 | 142,1791 | 70・29 | 2022・06 | 2373 | ئىلى دەرياسى ۋادىسى |
| 20,893,500,000 | 23・2150 | 48・98 | 473・97 | 828 | قارا شەھەر دەرياسى ۋادىسى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۆگەن دەرياسى ۋادىسى | 853 | 1783 · 86 | 144 · 78 | 258 · 2731 | 232,445,790,000 |
| ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسى | 1005 | 2411 · 56 | 181 · 21 | 436 · 9870 | 393,288,300,000 |
| يىغىندىسى | 8904 | 9194 · 97 | 109 · 91 | 1010 · 6333 | 909,569,970,000 |

① مۇزلۇقنىڭ زاپاس سۇ مىقدارى دېگىنىمىز مۇز مىقدارىنىڭ سۇغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىشىدۇر

## ئىككىنچى ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ياناباغىرلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى

### ( 1 ) تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ياناباغىرلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ياناباغرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرى كەڭ ، ئوتتۇرا قىسمى تار .

**تەبىئىي مۇھىتى** ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 400 مىللىمېتىردىن يۇقىرى . تاغنىڭ تۆۋەن ئېتەكلىرىدە بىنەم زىرائەتلىرى تېرىلىدۇ . دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 2700 مېتىر ئېگىز جايلاردا ھەرخىل ئورمان ، دەرەخ تۈرلىرى قويۇق ئۆسكەن بولۇپ ، بۇ جايلار ياخشى ئورمان بەلۋېغى ھېسابلىنىدۇ . دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 3000 مېتىر ئېگىز جايلار يەنە ياخشى ئوتلاق بولۇپ ، مو بېشىغا 200 كىلوگرامدىن ئوشۇق چۆپ ئالغىلى بولىدۇ . بۇ ئوتلاقلاردا سانسىزلىغان چارۋا ـ ماللار ئوتلايدۇ . شىمالىي ياناباغرىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 55 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ . ئېنېرگىيە زاپىسى 8 مىليون 900 مىڭ كىلوۋات . تاغ ياقىسىدىكى ئۈيۈلما يەرلەردە مول كۆمۈر زاپىسى بار . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆمۈر ، مىس ، سىنىك قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار . دەريا ـ ئېقىن بويلىرىدا ئومۇميۈزلۈك كېپەك ئالتۇن بار . تاغ باغرىنىڭ ئوتتۇرىچە بەلۋېغى ياخشى قىشلاق .

### ( 2 ) تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ياناباغرىنىڭ غەربىي قىسمى

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ياناباغرىنىڭ غەربىي قىسمى شىخو ( قاراسۇ ) نىڭ غەربىدىكى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئالاتاۋ تىغىنىڭ جەنۇبىي ياناباغرى ، بولخنۇر تىغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ياناباغىرلىرى ، خورگو تې-

غىنىڭ شىمالىي يانباغرى ، ئىلى دەرياسى ۋە بورتالا دەريالىرى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

**تەبىئىي مۇھىتى** سۇ مەنبەسى مول . يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 18 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر ( بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى دەرياسىنىڭ سۇيى 16 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر ) ، ئۇ شىنجاڭدىكى ئومۇمىي نورمال ئېقىن مىقدارىنىڭ 23 پىرسەنتىنى ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى يىللىق ئومۇمىي نورمال ئېقىننىڭ 73 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى 7 مىليون 100 مىڭ كىلوۋات . تاغ يېرىنىڭ ۋېرتىكال بەلۋاغلىرى بۇزۇلمىغان ، يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ ، دەريا ۋادىلىرىدا سۇغىرىلىدىغان مۇنبەت ئېتىزلار ۋە باغۇبوستانلىقلار كۆپ ، تاغنىڭ تۆۋەن قىسمى كۆكلەم ۋە كۈزلەك . ئوتتۇرا بەلۋېغىدا ھەرخىل ئورمان تۈرلىرى قويۇق ئۆسكەن ، تاغنىڭ ئېگىز بەلۋېغى ياخشى يايلاق .

**( 3 ) تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي يانباغرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى**

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي يانباغرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى شىخودىن مورى تاغلىرىغىچە بولغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ . تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي يانباغرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى تار بولۇپ ، تاغ ئالدىدا پاكار تاغلار ۋە ساي ، جىلغىلار بار . پاكار تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2000 مېتىر ، ساي ، جىلغىلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1200 ~ 1400 مېتىر . ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققىنىڭ ( شىخونىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى چوققا ) دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5500 مېتىر ، شەرقىي قىسمىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا — تۆپە ئاتا چوققىسى ( بوغدا چوققىسى ) [1] نىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5445 مېتىر .

**تەبىئىي مۇھىتى** دەريا ۋە ئېقىنلىرىنىڭ مەنبەسى قىسقا ، ئېقىن سانى كۆپ ، كىچىك دەريا ـ ئېقىنلار زىچ بولۇپ ، بۇ دائىرىدىكى 44 دەريانىڭ

---

[1] بوغدا موڭغۇلچە « ئىلاھ » دېگەن سۆز ( « فۇكاڭ تەزكىرىسى » ، 145 ـ بەتكە قارالسۇن ) . بوغدا دېگەن سۆز 17 ـ ئەسىردە ئويرات موڭغۇللىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا بەيدا بولغان . ئەسلى نامى « تۆپە ئاتا » بولۇپ . ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار شۇنداق ئاتاپ كەلگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىللىق ئومۇمىي نورمال ئېقىن مىقدارى 5 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر. بۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت ماناس دەرياسىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى بىر مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ سۇ ئېنبىرگىيە زاپىسى ئاز، قىشتا قار قېلىن ياغىدۇ. ئەتىيازدا ئېرىگەن قار سۇلىرى كۆكلەملەرنى سۇغىرىدۇ. ئوتتۇرا ۋە ئېگىز تاغلاردىكى مۇزلۇقلار ئېرىگەندىن كېيىن (5 ــ، 6 ــ ئايلاردا) دەريا سۇلىرى كۆپىيىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كۆمۈر زاپىسى كۆپ، ئۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، كوكس ئىشلەشكە يارايدۇ، تاغ باغرىدىكى دەريا ۋە ئېقىنلاردا كېپەك ئالتۇن بار. قارىغاي، ھەرخىل ئورمانلار ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرى، تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار كۆپ.

**(4) تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي يانباغرىنىڭ شەرقىي قىسمى**

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي يانباغرىنىڭ شەرقىي قىسمى باركۆل بىلەن ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يېپىق ھالەتتىكى تاغ ئويمانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**تەبىئىي ئۆھتى** سۇ پارلىرىنى پەيدا قىلغۇچى مەنبەلەردىن يىراق، ھۆل ــ يېغىنلار ئاز. دېڭىز يۈزىدىن 1700 مېتىر ئېگىزلىكتىكى باركۆل ناھىيىسىنىڭ يىللىق ھۆل ــ يېغىن مىقدارى 201 مىللىمېتىر. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ 87 مىللىمېتىر. بۇ جاينىڭ ئىقلىمى قۇرغاق، بورانلىق كۈنلەر كۆپ. ھەر يىلى 8 بال بوران ئاراتۇرۇكتە 30 نەچچە كۈن، ئۈچبۇلاق (سەنتاڭخۇ) دا 90 نەچچە كۈن چىقىدۇ. ئۇ يەردىمۇ كان بايلىقى مول بولۇپ، بۇ ئىككى ناھىيىدە كۆمۈر زاپىسى بار. باركۆلدىن تىتان، تۆمۈر رودىسى، ۋانادىي ۋە ماگنىت قاتارلىق قىممەتلىك كان بايلىقلىرى چىقىدۇ. ئاراتۇرۇكنىڭ شىمالىدىكى تاغدىن مىس چىقىدۇ. تۇز كۆلىنىڭ سۈيى تەركىبىدە لىتىي، كالىي، ماگنىي، بروم، بور ئېلېمېنتلىرى بار. بۇ جايدىكى 30 نەچچە ئېقىننىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 600 مىليون كۇب مېتىر.

## ئۈچىنچى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۆھتى

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرى شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ، ئۇلۇغ-

چات ناھىيىسىدىكى قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالىغا قەدەر سوزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق.

**تەبىئىي مۇھىتى** ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي يانباغىرىغا قارىغاندا ئاز بولۇپ، يېغىن غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي ئازىيىپ بارىدۇ. جەنۇبىي يانباغىرى بىلەن شىمالىي يانباغىرىنىڭ ھۆل - يېغىن پەرقى شەرققە قاراپ بارغانسېرى چوڭىيىپ بارىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش مىقدارى شىمالىي يانباغىرنىڭكىدىن ئاز. ئوتتۇرا ئېگىزلىك بەلۋېغىدا پەقەت شالاڭ ئورمانلار بار. چۆل ئوتلاق دائىرىسى 1500 مېتىر ئېگىزلىككە سوزۇلغان، چارۋا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ سۈپىتىمۇ شىمالىي يانباغىرنىڭكىدىن ناچار. ئىسسىقلىق مىقدارى شىمالىي يانباغىردىن كۆپ. ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى جايلارنىڭ قىروسىز مەزگىلى شىمالىي يانباغىرىغا قارىغاندا 40 ~ 60 كۈن ئۇزۇن. يىغىندا تېمپېراتۇرا℃ 700 ~℃ 1000. ئۇ يەرلەردىمۇ ئوخشاشلا كۆمۈر كانلىرى كەڭ تارقالغان. پولات - تۆمۈر خام ئەشياسى، رەڭلىك مېتال كانلىرى، تۇز كۆلى ۋە خىمىيە سانائەت خام ئەشيالىرى بار.

**(1) تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ غەربىي قىسمى**

جەنۇبىي يانباغرىنىڭ غەربىي قىسمى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىر. توشقان دەرياسى جىلغىسى دېڭىز يۈزىدىن 1300 ~ 2500 مېتىر ئېگىز. ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى 5982 مېتىر بولۇپ، ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان. غەربىي يانباغرىدىكى چوڭ - كىچىك 60 دەريا - ئېقىن ۋە 25 بۇلاقنىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 6 مىليارد 152 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى 1 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات.

**تەبىئىي مۇھىتى** (1) دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن ئاشىدىغان ئېگىز تاغ قىسمىدا ئېگىز تاغ ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ. 2200 ~ 3000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلار ئېگىز تاغ ئوتلىقىدۇر. تاغنىڭ شىمالىي قىسمىدا تۇتاش كەتكەن شەمشاد ئورمانلىقى بار. 2200 مېتىردىن تۆۋەن جايلار چۆل ئوتلاق.

(2) توشقان دەرياسى ۋادىسى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونى. تېرىلغۇ يەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى دېڭىز يۈزىدىن 2200 مېتىر ئېگىز. دېڭىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈزىدىن 2137 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۆلۈغچات ناھىيە بازىرىنىڭ قىروسىز مەز-
گىلى 135 كۈن .

(3) تاغ ئېغىزلىرىدا بوران كۆپ چىقىدۇ . ئۆلۈغچات تەۋەسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 3505 مېتىر ئېگىز جاي ـــ « تويۇن » دا 78 كۈن 8 بال بوران چىقىدۇ . ئەگەر قار ـ بوران بىر ۋاقىتتا چىقىپ قالسا ، مال ـ چارۋىغا زىيىنى كۆپ بولىدۇ . كەلپىن ، ئۆلۈغچاتتىن يەنە تۆمۈر ، تۇز ، گىپس ، گۈڭگۈرت ، فوسفور ، قوغۇشۇن ، كۆمۈر قاتارلىق كان بايلىقلىرى چىقىدۇ .

**( 2 ) تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى**

بۇ قىسىم غەربتە ئاقسۇ كونىشەھەردىن شەرقتە خوشۇت ( تىمۇبلغا ) ناھىيىسىگىچە بولۇپ ، خالىق تېغى بىلەن ئۈچتاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقنى ۋە ئالدىدىكى تاغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ تەۋەدىكى تەڭرىتاغدىن كېلىدىغان چوڭ ـ كىچىك 38 دەريا ـ ئېقىن ۋە 21 بۇلاقنىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 14 مىليارد 210 مىليون 60 مىڭ كۇب مېتىر . سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى مول .

**تەبىئىي مۇھىتى** (1) شەرقىي قىسىمدا تاغلار ئېگىز بولۇپ ، تۆمۈر چوققا ۋە خانتەڭرى چوققىلىرىدەك مەشھۇر چوققىلار بار. يەنە مۇزلۇقلار كۆپ بولۇپ ، بۇ مۇزلۇقلار ئۆگەن دەرياسى ۋە تېرەن دەرياسىنىڭ سۇ مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

(2) يۇلتۇز ئويمانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 2500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئېگىز تاغ ئويمانلىقى بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆلىمى 1000 كۋادرات كىلومېتىر كې-لىدۇ . ئىسسىقلىق مىقدارى يېتەرسىز . يىغىندا تېمپېراتۇرا C° 200 ، قىروسىز مەزگىلى پەقەت 12 كۈن . بۇ جاي ياخشى ئوتلاق ھېسابلىنىدۇ . ئوتلاقلارنىڭ يۇقىرى تەرىپى مۇزلۇقلار غىچە سوزۇلغان بولۇپ ، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل . بۇ يەردىكى ئاققۇ كۆلى تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايون قىلىپ بەلگىلەندى . يۇلتۇز ئاتلىرى شىنجاڭ بويىچە داڭلىق .

(3) كىنكىت ( قارا شەھەر ) ئويمانلىقى دېڭىز يۈزىدىن 1000 ~ 1300 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ ، ئۇ پەس تاغ ئويمانلىقى

ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئويمانلىق تەڭرىتېغى تارماقلىرىدىن بولغان قايدۇ تېغى ( قاراشەھەر تېغى ) بىلەن قورۇقتاغ ئارىسىدىكى ئولتۇرۇشما ئويمانلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 125 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 62.5 كىلومېتىر . باغراش كۆلى مۇشۇ ئويمانلىقنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ، ئۇ مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇ كۆلىدۇر . كىنىگىت ئويمانلىقى سۇيى مول ، يېرى مۇنبەت ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا باب رايون . بۇ جايدىن يەنە سۇپەتلىك قومۇش چىقىدۇ . كۇچاردىن مىس چىقىدۇ . چىڭ سۇلالىسى يىللىرىدىلا كۇچاردا مىس كانلىرى ئېچىلغان . باي ، خوتۇنسۇمۇل ناھىيەلىرىدىن تۆمۈر ، كۆمۈر ، مانگان قاتارلىق كان بايلىقلىرى چىقىدۇ . بايدىن يەنە قاشتېشى ، سىركونىي چىقىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا تۇز كۆللىرى خېلى كۆپ .

### ( 3 ) تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ شەرقىي قىسمى

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ شەرقىي قىسمى قۇمۇل ۋە تۇرپانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېپىق ئويمانلىقنى كۆرسىتىدۇ .

**تەبىئىي مۇھىتى** (1) ئىقلىمى قۇرغاق ، ئوتتۇرا ئېگىزلىكتىكى تاغ بەلۋېغىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 100 ~ 400 مىللىمېتىر ، قۇرغاق تاغنىڭ 50 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ ، ئويمانلىقنىڭ پەس جايىدا 20 ~ 30 مىللىمېتىر ، ئايدىڭكۆل رايونىدا 5 مىللىمېتىر . (2) ئويمانلىقتا ئىسسىقلىق مىقدارى يېتەرلىك بولۇپ ، مۇھىم دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ . تاغ ئېغىزلىرى ئەتراپىدا بوران كۆپ چىقىدۇ . يەتتە قۇدۇق تەرەپتە 88 كۈن 8 بالدىن يۇقىرى بوران چىقىدۇ . يۇلغۇنلۇقتا 46 كۈن چىقىدۇ . (3) كان بايلىقلىرى جەھەتتىن شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ . كۆمۈر زاپىسى 5 مىليارد توننا . ئۇنىڭ كۆپ قىسمى سۇپەتلىك كوكس چىقىرىدىغان كۆمۈر . تۆمۈر رودىسى زاپىسى 300 مىليون توننا بولۇپ ، ئاساسەن قۇمۇلنىڭ يامانسۇدىن چىقىدۇ . بۇ يەردىن يەنە بور ۋە ماگنىت ، تاشپاختا ، كىرمنىي رودىسى ، تەبىئىي شۇلتا ، كۋارتس قاتارلىقلار چىقىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2 . ئالتاي تېغى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلار

### 1 . ئالتاي تېغى

ئالتاي تېغى ① تۈركىي مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ، تۈركىي مىللەتلەر ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ مۇشۇ يەردە ياشاپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئالتاي تاغ تىزمىلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، شۇنداقلا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ تاغ تىزمىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىردىن ئوشۇق، غەربىي شىمال قىسمى قازاقىستان، شەرقىي جەنۇب قىسمى جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بىلوخا چوققىسى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4620 مېتىر ئېگىز. جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى دوستلۇق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 4374 مېتىر ئېگىز. ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدا كېڭىيىۋاتقان ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى بار. تاغ غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 3000 ~ 3500 مېتىرغا ئايلىنىدۇ. تاغ ئومۇرتقا سىزىقىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3000 مېتىرغا يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبىي يانباغىرىنىڭ قار سىزىقى 3200 ~ 3300 مېتىر. تاغنىڭ 1100 مېتىردىن تۆۋەن قىسمىنى ياپيېشىل ئوتلاق بەلبېغى قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئاساسلىق ئورمان تۇرلىرىدىن سىبىرىيە قارىغىيى، سوغۇققا چىدامىلىق شەمشاد، قىزىل قارىغاي، قېيىن، تاغ تېرەكلىكى قاتارلىق دەرەخلەر ئۆسىدۇ. 2300 مېتىردىن ئېگىز قىسمى سازلىق ۋە ئوتلاق بەلبېغى قاپلاپ تۇرىدىغان ياخشى يايلاق.

ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل، ئۇ رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرىدىغان مەنزىرىلىك جاي، شۇنداقلا

---

① « ئالتاي » تۈركىي سۆز بولۇپ، « ئالتۇن » دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا ئالتاي تېغى « 金山 » ( ئالتۇنتاغ ) دېيىلىدۇ. بۇ سۆز تاغنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە بايلىقىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » . 1982 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 7 ـ بەت.

شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق چارۋا ـ مال ۋە ياغاچ ماتېرىيال بازىسى . ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ سۇ مەنبەسى مول . بىراق ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمايۋاتىدۇ . ھەر يىلى 10 مىليارد كۇب مېتىر سۇ قازاقىستانغا ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، بۇ تاغدا يەنە ياۋايى ھايۋان تۈرلىرى كۆپ بولۇپ ، تۈلكە ، بۆرە ، ئېيىق ، توشقان ، مۇشۇكياپىلاق ، قىرغاۋۇل قاتارلىق ھايۋانلار بار . قىممەتلىك دورا ماتېرىياللىرىدىن بوغا مۆڭگۈزى ، سوغۇر ، سېسىق ئوت ، كەترا ، سوغىسگۈل ، تاغ لەيلىسى ، ھىلىق ، چۈچۈكبۇيا ، چاكاندا ، ئۇچارچاشقان مايىقى قاتارلىق 40 نەچچە خىلى بار .

ئالتاي تاغلىرىدىن يەنە كۆمۈر ، تۆمۈر ، ئالتۇن ، مىس ، نىكىل ، خىروم ، بېرىل ، چىرىمتال ، ھاكتېشى ، كرىستال تاش ، مەرۋايىت تاش ، بارىست قاتارلىق 56 خىل كان بايلىقى تېپىلدى . كېپەك ئالتۇن بايلىقمۇ ئىنتايىن مول ، شۇڭا « ئالتايدا بار 72 جىلغا ـ جىرا ، چىقار ئالتۇن جىلغىلار ئارا » دېگەن گەپ تارقالغان . ئالتاي تېغىدىكى دەريا ـ كۆللەردە يەنە قىزىلبېلىق ، ئاقبېلىق ، ۋۇچاك بېلىقى ، سومول بېلىقى ۋە مەشھۇر قىلتىرىقسىز بېلىق قاتارلىق ھەرخىل بېلىقلار چىقىدۇ . ئالتاي تېغى بىلەن جۇڭغارنىڭ غەربىدىكى تاغلارنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرى :

(1) ھۆل ـ يېغىنلار كۆپ . ئوتتۇرا ۋە ئېگىز تاغ يەرلىرىنىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 250 ~ 300 مىللىمېتىر ، قىشتا قار قېلىن ياغىدۇ . ئەتىياز پەسىللىك نورمال ئېقىن مىقدارى يىللىق ئومۇمىي نورمال ئېقىنىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . ئەتىياز پەسلىدىكى سۇيى يېتەرلىك .

(2) غەربىي قىسمىدىكى تاغ پاكار بولغاچقا ، بۇ يەردىن كىرگەن غەربىي شىمال شامىلى سۇ پارلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بەزىدە قاتتىق بورانلارمۇ كېلىدۇ . بۇ ئىككى تاغنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى : ئالتاي تېغى ئېگىز ، پەيدا قىلىدىغان نورمال ئېقىنى ۋە سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى كۆپ ، چەت ئەلگە ئېقىپ كېتىدىغان يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 10 مىليارد كۇب مېتىر . ئوتتۇرا تاغ بەلبېغىدا قېلىن ئورمانزارلىقلار بار . جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلار پاكار ، يانتۇلۇقى ئاز ، ئۇنىڭ پەيدا قىلىدىغان نورمال ئېقىن مىقدارى ۋە سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى كۆپ ئەمەس .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چەت ئەلگە ئېقىپ كېتىدىغان سۇ تەخمىنەن 600 مىليون كۇب مېتىر . تاغ يەرلىرىدە پەقەتلا شالاڭ ئورمان ئۆسىدۇ . تۆۋەندە بۇنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ تونۇشتۇرىمىز .

### ( 1 ) ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ غەربىي قىسمى

ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ غەربىي قىسمى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 890° نىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ ، بۇ قابا ناھىيىسىدىن بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگىچە بولغان تۆت ناھىيىنىڭ تاغ يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . دوستلۇق چوققىسى مۇشۇ جايغا جايلاشقان .

**تەبىئىي مۇھىتى** (1) ئورمان كۆلىمى 5 مىليون مودىن كۆپ بولۇپ ، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئورمان رايونى . يوپۇرماق تاشلايدىغان قارىغاي ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، شەمشاد قاتارلىق دەرەخ تۈرلىرىمۇ بار . تاغ ئېتەكلىرىدىن قار سىزىقىغا قەدەر كۆپ قىسمى ياخشى ئوتلاق بولۇپ ، مو بېشىغا 200 ~ 250 كىلوگىرامدىن چۆپ چىقىدۇ . (2) يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 8 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ ، ئۇ ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ يىللىق ئومۇمىي نورمال ئېقىن مىقدارىنىڭ 2/3 قىسمىنى ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نورمال ئېقىنىنىڭ 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ . (3) سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى 1 مىليون 560 مىڭ كىلوۋات بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇرچىن دەرياسىنىڭ 900 مىڭ كىلوۋات ، قابا دەرياسىنىڭ 450 مىڭ كىلوۋات ، قىران دەرياسىنىڭ 210 مىڭ كىلوۋات . (4) كان بايلىقلىرى مول بولۇپ ، ئالتۇن ، تۆمۈر ، مانگان ، مىس ، مولىبدېنلار كەڭ تارقالغان . مىس كان ياتمىسىدىن يەنە بارىت چىقىدۇ . بۇ يەردىن يەنە ئاق چىرىمتال ، ھاكتېشى ، گورىنىي ، خىروستال ، گاۋلىن تۇپىسى ، تاشقا ئايلانغان جىسىملار چىقىدۇ .

### ( 2 ) ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ شەرقىي قىسمى

ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ شەرقىي قىسمى كۆكتوقاي ، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ تاغ رايونى بىلەن گۇچۇڭ ( ئەسكىھسار ) دىكى بەيتىك تېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تاغنىڭ بۇ قىسمى غەربىي قىسمىغا قارىغاندا پەس بولۇپ ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولغان دوشىن ئۇل چوققىسى

( كۆكتوقايدا ) 3876 مېتىر . بەيتىك تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى ئالتان ئوبو چوققىسى بولۇپ ، 3290 مېتىر كېلىدۇ .

**تەبىئىي مۇھىتى** (1) ئۇرمان كۆلىمى 4 مىليون مودىن ئوشۇق بولۇپ ، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئۇرمان رايونى ھېسابلىنىدۇ . تاغ يەرلىرىدىكى ئوتلاقلار ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىن بىر ئاز ناچار . چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن بەيتىك تېغىدىكى پەس تاغلارغىچە بولغان جايلار چۆل ئوتلاقلىرىغا يېقىن . (2) يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد كۇب مېتىردىن ئارتۇق ، زاپاس سۇ ئېنېرگىيىسى 1 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات ( ئۇلۇنگۇر دەرياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) . (3) يەر تەۋرەش ھەرىكەتچان رايونى بولۇپ ، 1931 ـ يىلى 8 بال يەر تەۋرىگەن . (4) كان بايلىقلىرى مول ، ئالتۇن ، ئاق چىرىمتال ، گورىنىي ، خروستال ، ھېقىق ، گرانىت ، يېشىل گۆھەر ، كۆك گۆھەر ، ئامازون ، سېرپېنتىت ، مىس ، قوغۇشۇن ، سىنىك ، بارىت قاتارلىق ئاز ئۇچرايدىغان كان بايلىقلىرى چىقىدۇ . (5) قىش پەسلى ئۇزۇن . كۆكتوقاي ، چىڭگىللارنىڭ ھاۋاسى سوغۇق . ئەڭ قاتتىق سوغۇق بولغان چاغلاردا نۆلدىن تۆۋەن ℃ 49.8 بولىدۇ .

## ( 3 ) جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلىرى

جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلىرى تارباغاتاي ، دۆربىلجىن ، چاغانتوقاي ، تولى ، قوبۇقسار ۋە جېمىنەي قاتارلىق ناھىيىلەر تەۋەسىدىكى پەس تاغلىق ئېدىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ساۋۇر تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى 3816 مېتىر كېلىدۇ . بۇ جايدا كىچىك مۇزلۇقلار بار . باشقا تاغ يەرلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن ئاشىدىغان جايلىرى ناھايىتى ئاز . بورانغا ئۇدۇل يانباغرىنىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 500 مىللىمېتىر ، دالدا يانباغرىنىڭ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 300 مىللىمېتىر . ۋېرتىكال بەلۋاغلارنىڭ ئايرىلىشى ئېنىق ئەمەس . كىچىك دائىرىلىك شەمشاد ئورمانلىرى بار .

**تەبىئىي مۇھىتى** (1) بورانلىق كۈنلەر كۆپ بولۇپ ، بورانغا ئۇدۇل يانباغىرلىرىدا ھەر يىلى 8 بالدىن يۇقىرى بوران 60 ~ 100 كۈن چىقىدۇ ، دالدا جايلاردا 20 ~ 30 كۈن چىقىدۇ . قىش كۈنلىرى بوران قارلارنى

ئۇچۇرتۇپ كېلىپ يوللارنى قارغا كۆمۈۋېتىپ، قاتناشنى ئۈزۈپ قويىدۇ. (2) قىشتا تەتۈر تېمپېراتۇرا قاتلىمى بولىدۇ. بۇ جاي جۇڭغار ئويمانلىقىغا قارىغاندا ھاۋاسى ئىسسىق بولغان ئاساسلىق قىشلاق. (3) تارباغاتاي ئويمانلىقىنىڭ نورمال ئېقىنىنىڭ بىر قىسمى، يەنى 600 مىليون كۇب مېتىر سۇ چەت ئەلگە ئېقىپ كېتىدۇ. (4) كان بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، ئالتۇن، تاشپاختا، خروم، مىس، مانگان ۋە كۆمۈرلەر چىقىدۇ.

## 3. قۇرۇم تېغى (كۇئنلۇن تېغى)

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان پامىر ئېگىزلىكى، قۇرۇم تېغى، قارا قۇرۇم تېغى ۋە ئالتۇنتاغلار بار. بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قۇرۇم تاغ سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرۇم تېغىنىڭ غەربىي ئۇچى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن باشلىنىپ، شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ (تىبەت) نىڭ ئارىسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، شەرقىي قىسمى چىڭخەي (كۆكنۇر) ئۆلكىسىگە سوزۇلغان. قەدىمكى پۈرمە تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2500 كىلومېتىر، كەڭلىكى 60 ~ 300 كىلومېتىر. ئۇنىڭ غەربىي قىسمى تارىم ئويمانلىقى بىلەن شىزاڭنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىكنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىل تاغ بولۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان. بۇ يەردە دۇنياغا مەشھۇر چوققىلاردىن دېگىز يۈزىدىن 7540 مېتىر ئېگىز بولغان «مۇزتاغ ئاتا چوققىسى» بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 7719 مېتىر ئېگىز بولغان «قوڭغۇر تاغ چوققىسى» بار. ئۇ يەردىكى قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 5000 ~ 5500 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۈچ تارماققا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي تارمىقى چىمەنتاغ، ئوتتۇرا تارمىقى ئارغۇ تاغ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ شەرققە سوزۇلۇپ، بورھان بۇدا تېغى بىلەن ئانىمالى تېغىغا ئايلىنىدۇ. جەنۇبىي تارمىقى كۆكشىل تېغى بولۇپ، ئۇ شەرققە سوزۇلۇپ بايانقار تېغىغا ئايلىنىپ، سىچۇەن چېگرىسىدىكى مىنشەن تېغى ۋە چۇڭلەيشەن تېغى قاتارلىق تاغلار بىلەن تۇتىشىپ، بىر قەدەر ئېگىز ۋە چوڭ ئېگىزلىكلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. قۇرۇم تېغىدا 6000 مېتىردىن ئېگىز قارلىق چوققىلار،

مۇزلۇقلار كۆپ. شىنجاڭ ــ شىزاڭ تاشيولى بۇ تاغنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن ئۆتىدۇ.

**تەبىئىي مۇھىتى** (1) تاغ تىك ۋە ئېگىز بولۇپ، تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 6000 مېتىر، تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلار كۆپ بولۇپ، ئۇلار 4000 مېتىردىن يۇقىرى. (2) ھۆل ــ يېغىن مىقدارى ئاز. چۆللەر 2000 مېتىرغىچە كۆتۈرۈلگەن. تاغ ئالدىدىكى تۈزلەڭلىك بىلەن تاغ يېرىدىكى ئوتلاق ئارىلىقىدا نەچچە ئون كىلومېتىر سۇ يېتىشمەيدىغان چۆل بار. تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارنىڭ ھۆل ــ يېغىن مىقدارى قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي باغرىنىڭكىدىن ئاز. قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي يانباغرىنىڭ ھۆل ــ يېغىن مىقدارى دېڭىز يۈزىدىن قانچىكى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىز جايلارنىڭ يىللىق ھۆل ــ يېغىن مىقدارى 400 مىللىمېتىردىن ئارتۇق. (3) گۇما ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى قۇرۇم تېغىدا تېخى ئورمانزارلىق بارلىقى بايقالمىدى. تاغ يېرىدىن ھاسىل بولغان نورمال ئېقىن مىقدارىنىڭ تاغ ئېغىزلىرىدىن ئېقىپ چىقىپ، تارىم ئويمانلىقىغا ئېقىپ بارالايدىغىنى 7 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر.

**( 1 ) قۇرۇم تېغىنىڭ غەربىي قىسمى**

قۇرۇم تېغىنىڭ غەربىي قىسمى گۇما ناھىيىسىنىڭ غەربىي، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىنى، قارا قۇرۇم تېغىنى ۋە غەربىي قۇرۇم تاغلىرىنى، شۇنىڭدەك قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تاغ رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تەبىئىي مۇھىتى** (1) شەرقىي پامىرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3200 ~ 4500 مېتىر بولغان جايلىرىدا چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. ئېگىز تاغدا ئۆلتىرا بىنەپشە نۇر كۈچلۈك بولۇپ، ئۆسۈملۈك غولىنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەيدۇ. شۇڭا، ئوت ــ چۆپلەر پاكار، قويۇق ئۆسىدۇ، لېكىن ئوتنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. (2) قارا قۇرۇم تېغىدىكى مۇزلۇقلار يەركەن دەرياسىنىڭ ئاساسىي تارمىقىنىڭ مۇھىم مەنبەسى. (3) ئېگىز تاغ شارائىتى سوغۇقلۇق ئىككى خىل چارۋىنى، يەنى سوغۇققا چىدامىلىق سورتلۇق چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي بىلەن تاغقا چىقىش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئۆچكىنى يېتىشتۈرگەن. ئۆچكە تىۋىتى ئالىي دەرىجىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خام ئەشياسى . (4) ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدىن سۇ بىلەن كۆمۈر بار . قارغىلىق تىكى پەس تاغلاردىن نېفىت چىقىدۇ . (5) ئوتتۇرا ئېگىزلىكتىكى تاغ بەلبېغىدا تارقاق ئورمانلار بار .

**( 2 ) قۇرۇم تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى**

قۇرۇم تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى گۇما ناھىيىسى بىلەن نىيە ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى قۇرۇم تاغلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

***تەبىئىي مۇھىتى*** (1) ئېگىز ، سوغۇق ، چۆللۈك بولۇپ ، سوغۇق پەسلى ئۇزۇن ، ئىسسىق پەسلى 60 ~ 100 كۈن . ئوتتۇرا ئېگىزلىكتىكى تاغ بەلۋېغىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن . دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى شەيدۇللانىڭ قىروسىز مەزگىلى 10 كۈن بولىدۇ . يىغىندا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن . (2) ھۆل ـ يېغىنلار ئاز ، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز بولغان ئاقسايچىن ئويمانلىقىنىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 50 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ . شىمالىي يانباغىرىدىكى ئوتتۇرا ئېگىزلىكتىكى بەلۋاغدا 200 ~ 300 مىللىمېتىر . چىرىيە ناھىيىسى ئەتراپىدىكى قىسىمدا بولسا ، 400 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ . (3) تاغدا ئورمانزارلىق يوق . چۆللۈك 2000 مېتىردىن ئېگىزگىچە كۆتۈرۈلگەن . تاغ يېرىدىن ھاسىل بولغان نورمال ئېقىنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا ئېقىپ كېلەلەيدىغان قىسمى 7 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر . ئاقسايچىن ئويمانلىقىدىن ھاسىل بولغان نورمال ئېقىن غەربىي قىسمىدىكى تاغ ئېغىزلىرىدىن ئېقىپ چىقالايدۇ ، شەرقىي قىسمىدىكىسى تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقتىن ئېقىپ چىقالمايدۇ . (4) ئاقسايچىن ئويمانلىقى ۋە شەيدۇللادىن چوڭ يۇلغۇنلۇققىچە بولغان ئارىلىقتا مۇھىم كان بايلىقلىرىدىن پېگماتىت زىچ جايلاشقان بولۇپ ، ئۇ يەردە سانائەت چىرىمتالى ۋە ئاز ئۇچرايدىغان كۆپ خىل مېتاللار بار . خوتەننىڭ شەرقىدىكى قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە مىس ، ئالتۇن ، نىكىل قاتارلىق مېتال كانلىرى زونىسى بار . يەنە قاشتېشى چىقىدۇ .

**( 3 ) قۇرۇم تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى**

قۇرۇم تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى نىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى قۇرۇم تېغى ، ئالتۇنتاغ ۋە تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ .

**تەبىئىي مۇھىتى** (1) ئېگىز ، تېخىمۇ سوغۇق ۋە قۇرغاق . تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلار 3500 مېتىردىن ئېگىز . يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 50 مىللىمېتىر ئەتراپىدا ، شىمالىي يانباغىرىدا ھۆل ـ يېغىن كۆپرەك . 3600 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان ئاچچان ( چەرچەن تەۋەسىدە ) دا 157 مىللىمېتىر . (2) تاغ ئارىسىدا ئىككى خىل ئويمانلىق بار . چارقىلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكىلىرى يېپىق ئويمانلىق ، چەرچەننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوچۇق ئويمانلىق بولۇپ ، دەريا ئېقىنلىرى تارىم ئويمانلىقىغا ئېقىپ كېلىدۇ . (3) ئالتۇنتاغنىڭ شەرقىي قىسمى شەرقىي شىمال بورىنىنى تو-سۇپ تۇرىدىغان بورانغا قارشى ئىنتايىن قۇرغاق تاغ بولۇپ ، كۆچمە قۇملار تاكى 1500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلارغىچە كۆتۈرۈلگەن . (4) تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەمزات تاپىنى تەگمىگەن جايلار بولۇپ ، بۇ يەرلەردە كۆپلىگەن ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك تۈرلىرى بار . مەسىلەن ، ياۋا ئات ( قۇلان ) ، ياۋا تۆگە ، ياۋا غاز قاتارلىق ھايۋانلار ۋە ئېگىز تاغ ئوتلاقلىرى بار . (5) ھازىر ئېنىقلانغان كان بايلىقلىرىدىن سۈپەتلىك تاشپاختا زاپىسى كۆپ . ماڭيا تاشپاختا كانى قېزىلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولدى . شىمالىي يانباغىرىدىكى ئولتۇرۇشما جايلاردا 1 ـ دەرىجىلىك تاختىسىمان گىپس چىقىدۇ . ئالتۇنتاغدا قاشتېشى كەڭ تارقالغان ، چەرچەن قاشتېشى كانى خېلى يىللاردىن بۇيان قېزىلىۋاتىدۇ . دەريا ـ ئېقىنلىرىدا كېپەك ئالتۇن بار . تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلاردا تۇز كۆللىرى بار .

## 4 . قارا قۇرۇم تېغى

قارا قۇرۇم تېغى دېگەن نام تۈركىي سۆز بولۇپ ، قارا تاشلىق تاغ دېگەنلىك بولىدۇ . بۇ تاغ قۇرۇم تاغلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىغا ، كەشمىرنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان . ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمى شىزاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا سوزۇلغان ، غەربىي ئۇچى پامىرنىڭ شەرقىدىن شەرقىي جەنۇبقا سو-زۇلغان ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 كىلومېتىر ، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 6000 مېتىر ، ئۇنىڭدا قارلىق چوققىلار كۆپ ، غايەت زور مۇزلۇقلار بار . ئاساسلىق چوققىلىرىدىن چوغىر چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 8611 مېتىر ئېگىز بولۇپ ، دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. قارا قۇرۇم تېغىنىڭ ئېغىزى مۇھىم قاتناش ئۆتكىلىدۇر.

## 5. پامىر ئېگىزلىكى

پامىر پارسچە سۆز بولۇپ، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دېگەن مەنىدە. پامىر ئېگىزلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمى بىلەن تاجىكىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمى، ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ تەڭرىتاغ، قۇرۇم تېغى، قارا قۇرۇم تېغى ۋە ھىندۇقۇش تاغلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئېگىزلىك. شۇڭا، يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇنى «تاغ دۈمبەش» دەپ ئاتايدۇ. تارىختا قەدىمكى يىپەك يولى مۇشۇ جاي ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە باراتتى. بۇ تاغ چوققىلىرى گىرەلەشكەن جاي بولۇپ، دۇنياغا مەشھۇر قوڭغۇر چوققىسى بىلەن مۇزتاغ ئاتا چوققىسى مۇشۇ ئېگىزلىككە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئانچە ئېگىز ـ پەس ئەمەس، ئۇ يەردە كەڭ جىلغىلار بار. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىر. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سوغۇق. تاغ چوققىلىرىدىكى قار ـ مۇزلار قىش ـ ياز ئېرىمەيدۇ. ئۇ يەردە مۇزلۇقلار كۆپ. غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى پېدچېك مۇزلۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 71.2 كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئېگىز تاغ مۇزلۇقلىرىنىڭ بىرى.

## 6. ئالتۇنتاغ

ئالتۇنتاغ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىدا بولۇپ، چىڭخەي ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىگىچە سوزۇلغان، ئۇ سايدام ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۈزۈلمە بۆلەكتىن شەكىللەنگەن تاغ بولۇپ، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان. ئۇنىڭ غەربىي قىسمى توققۇزداۋان تېغى دەپ ئاتىلىپ، قۇرۇم تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىي قىسمى بولسا ئەنجىرتاغ دەپ ئاتىلىپ، شەرققە سوزۇلۇپ، داڭچىن تاغ ئېغىزى ئارقىلىق چىلىيەنشەنگە تۇتىشىدۇ. ئالتۇنتاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3500 ~ 4000 مېتىر.

قۇرۇم تېغى سىستېمىسىدىكى (پامىر ئېگىزلىكى بىلەن قارا قۇرۇم

تېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) مۇز بايلىقى شەرقتە لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى مىرەن دەرياسىدىن غەربتە يەركەن دەرياسىغىچە سوزۇلغان، يەنى شىمالىي كەڭلىك 35° ~ 39° بىلەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 70° ~ 90° ئارىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك 17 دەريادىكى مۇزلۇق سانى 7980، ئومۇمىي كۆلىمى 13393.5 كۋادرات كىلومېتىر. مۇز زاپىسى $1436.5076km^3$ بولۇپ، بۇنى سۇغا سۇندۇرغاندا $1221\times10^9 m^3$ بولىدۇ. مۇزلۇق كۆلىمى جەھەتتىن ئالغاندا، قۇرۇم تېغى 60.9 پىرسەنتىنى، قارا قۇرۇم تېغى 36.4 پىرسەنتىنى، پامىر 1.2 پىرسەنتىنى، ئالتۇنتاغ 1.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

### قۇرۇم تېغى سىستېمىسىدىكى 17 دەريانىڭ مۇز مەنبەسىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| دەريا ئىسمى | نومۇرى | مۇزلۇق سانى | | مۇزلۇق كۆلىمى | | مۇز زاپىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | مۇزلۇق سانى | ئىگىلىگەن پىرسەنتى (%) | كۆلىمى (Km²) | ئىگىلىگەن پىرسەنتى (%) | مۇز زاپىسى (Km³) | پىرسەنتى (%) |
| مىرەن دەرياسى | 5Y613 | 69 | 0 • 9 | 88 • 01 | 0 • 7 | 5 • 0878 | 0 • 4 |
| چارقىلىق دەرياسى | 5Y621 | 18 | 0 • 2 | 17 • 02 | 0 • 1 | 0 • 8653 | 0 • 1 |
| ۋاششەھىرى دەرياسى | 5Y622 | 32 | 0 • 4 | 51 • 42 | 0 • 4 | 3 • 6181 | 0 • 2 |
| تاش ساي دەرياسى | 5Y623 | 34 | 0 • 4 | 38 • 39 | 0 • 3 | 2 • 1064 | 0 • 1 |
| چەرچەن دەرياسى | 5Y624 | 318 | 4 • 0 | 579 • 21 | 4 • 3 | 60 • 9846 | 4 • 2 |
| قارا مىرەن دەرياسى | 5Y631 | 49 | 0 • 6 | 47 • 79 | 0 • 4 | 2 • 4018 | 0 • 2 |
| مۆلچەر دەرياسى | 5Y632 | 133 | 1 • 7 | 136 • 77 | 1 • 0 | 7 • 4201 | 0 • 5 |
| ئەندىر دەرياسى | 5Y633 | 5 | 0 • 1 | 5 • 91 | <0 • 05 | 0 • 3031 | <0 • 02 |
| ياۋاتوگگۇز دەرياسى | 5Y634 | 1 | <0 • 02 | 1 • 34 | <0 • 01 | 0 • 0630 | <0 • 01 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| نىيە دەرياسى | 5Y635 | 60 | 0. 7 | 73. 06 | 0. 5 | 4. 2239 | 0. 3 |
| كېرىيە دەرياسى | 5Y636 | 430 | 5 • 4 | 700 • 59 | 5 • 7 | 63 • 3853 | 4 • 4 |
| سەل دەرياسى | 5Y637 | 217 | 2 • 7 | 331 • 81 | 2 • 5 | 22 • 8589 | 1 • 6 |
| يورۇڭقاش دەرياسى | 5Y641 | 1331 | 16 • 7 | 2958 • 31 | 22 • 1 | 410 • 3246 | 28 • 6 |
| قارىقاش دەرياسى | 5Y642 – 5Y644 | 1987 | 24 • 9 | 2163 • 17 | 16 • 2 | 156 • 0943 | 10 • 9 |
| دۆۋە دەرياسى | 5Y645 | 237 | 3 • 0 | 215 • 50 | 1 • 6 | 12 • 2942 | 0 • 9 |
| تىزناپ دەرياسى | 5Y651 | 370 | 4 • 6 | 350 • 67 | 2 • 6 | 22 • 0272 | 1 • 5 |
| يەركەن دەرياسى | 5Y652 – 5Y656 | 2689 | 33 • 7 | 5574 • 18 | 41 • 6 | 662 • 4485 | 46 • 1 |
| يىغىندىسى | | 7980 | 100 | 13393 • 15 | 100 | 1436 • 5076 | 100 |

يەركەن دەرياسى پاكىستان تەۋەسىدىكى 142 مۇزلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئومۇمىي كۆلىمى $600.54Km^2$ ، مۇز زاپىسى $72.372km^3$ .

## 7 . تارىم ئويمانلىقى

تارىم ئويمانلىقى ① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى تەڭرىتاغ ، قۇرۇم تېغى ( كۇئېنلۇن تېغى ) ۋە ئالتۇنتاغلار ئوراپ تۇرىدۇ . ئۇ غەربىي پامىر ئېگىزلىكىدىن باشلىنىدۇ ، ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپى گەنسۇغىچە سوزۇلغان ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 1400 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى 550 كىلومېتىر ، يەر كۆلىمى 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان ، بۇ تاغلارنىڭ ئېگىزلىكى 4000 ~ 6000 مېتىر . ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسى دېڭىز يۈزىدىن 800 ~ 1300 مېتىر ئې-

---

① تارىم — كۆل ۋە قۇملۇقلارغا قويۇلىدىغان دەريا تارماقلىرى دېگەن مەنىدە ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 ـ توم ، 514 ـ بەت ) .

گىز . غەرب تەرىپى ئېگىز ، شەرق تەرىپى پەس ، ھاۋاسى قۇرغاق . چۆرىسى ( تاغ ياقىسىدىكى جايلار ) شېغىللىق ۋە بوستانلىقلاردىن ئىبارەت . مەسىلەن ، ئاقسۇ ، قەشقەر بوستانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا تەكلىماكان قۇملۇقى بار . تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1000 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كەڭلىكى تەخمىنەن 400 كىلومېتىر ، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 324 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ . تۇتاش كەتكەن ياپىيىمان قۇم بارخانلىرى ئۇنى قاپلاپ تۇرىدۇ . قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 70 ~ 80 مېتىر ، ئەڭ ئېگىز جايى 250 مېتىر كېلىدۇ . ئۇنىڭ غەربىي قىسمى غەربىي شىمال بورىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا ، قۇم بارخانلىرى شەرقتىن جەنۇبقا قاراپ يۆتكىلىپ تۇرىدۇ .

تەكلىماكان — ئەسلى « تەركى ماكان ، تاشلانغان ماكان » دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، تەكلىماكان تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇ كەڭ ، پەس جاي ئىكەن . قەدىمكى زامانىدا ، بۇ يەر دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۈيى كېلىدىغان سۈيى مول ، مەنزىرىلىك جاي بولۇپ ، بۇ يەردە ئاۋات ، قايناق يۇرتلار بولغانىكەن . كېيىنچە قۇم كۆچۈش بولۇپ ، بۇ يەرنى قۇم بېسىۋالغاندىن كېيىن ، بۇ يەردىكى كىشىلەر تەكلىماكاننىڭ تۆت تەرىپىگە قېچىپ چىقىپ ، تەكلىماكاننى چۆرىدەپ ماكانلاشقانىكەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، بۇ جاي تەركى ماكان دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ . بۇ يەردە نېفىت زاپىسى كۆپ .

### تارىم ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى

( 1 ) تارىم ئويمانلىقىنىڭ سۇ مەنبەسى تارىم ۋادىسىنى ئوراپ تۇرغان تاغلاردىكى قار - مۇز سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان كۆنچى دەرياسى ، دىنار دەرياسى ، كۇچار دەرياسى ، ئۆگەن دەرياسى ، تېرەن دەرياسى ، ئاقسۇ دەرياسى ، بوغۇز دەرياسى ، چاقماق دەرياسى ، قىزىل دەرياسى ، يەركەن دەرياسى ، تىزناپ دەرياسى ، گۇما دەرياسى ، قارىقاش دەرياسى ، يورۇڭقاش دەرياسى ، سەل دەرياسى ، نۇر دەرياسى ، كېرىيە دەرياسى ، كاچۇڭ دەرياسى قاتارلىق دەريالار ۋە چوڭ - كىچىك ئېقىنلار بولۇپ جەمئىي 150 تىن ئارتۇق . بۇ دەريا - ئېقىنلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي نورمال ئېقىن مىدارى تەخمىنەن 145

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىليارد كۇب مېتىر كېلىدۇ. بۇ سۇلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ چۆرىسىدىكى بىر نەچچە مىليون گېكتار بوستانلىقنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، ئاياغ ئېقىنىدا يەنە تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. تارىم دەرياسى مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. تارىختا قايدۇ دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، دىنار دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، قەشقەر دەرياسى (قىزىل دەرياسى بىلەن گەز دەرياسى قوشۇلۇپ قەشقەر دەرياسى دېيىلىدۇ)، يەركەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، چەرچەن دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ ھەممىسى تارىم دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. تارىم دەرياسى تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ پايانسىز تەبىئىي ئورمانزارلىق ۋە ئوتلاقلارنى سۇغا قاندۇرۇپ، 2300 كىلومېتىر ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلاتتى. يىللار ۋە ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۇقىرى ئېقىنىدا تېرىلغۇ يەرلەر، سۇ ئامبارلىرى كۆپىيىپ، ئەسلىدە تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ كۆپ قىسمى يۇقىرىقى ئېقىنىدا تىزگىنلىنىپ كېتىدىغان بولدى. ھازىر خوتەن دەرياسى، يەركەن دەرياسى ۋە ئاقسۇ دەريالىرىلا تارىم دەرياسىغا قوشۇلالايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ئاقسۇ دەرياسىدۇر. تارىم دەرياسىنىڭ ئۇدا 16 يىل ئۆلچەپ بېكىتكەن ئوتتۇرىچە يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى ھازىر 5 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر. ئەڭ كۆپ بولغان يىللىرى 6 مىليارد 960 مىليون كۇب مېتىر، ئەڭ ئاز يىلى 3 مىليارد 480 مىليون كۇب مېتىر بولغان. ئۇنىڭ بوركۆلگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 2179 كىلومېتىر.

### تارىم دەرياسىنىڭ ھەرقايسى ئايلاردىكى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى جەدۋىلى ( $m^3/S$ )

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | ئوتتۇرىچە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئېقىن مىقدارى $m^3/S$ | 73.9 | 71.7 | 55.4 | 16.9 | 17.8 | 102 | 435 | 643 | 225 | 92.9 | 69.6 | 97.1 | 160 |

يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىنىدا سۇغىرىش مەيدانى ئۆزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقاچقا، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا بارغانسېرى سۇ مىقدارى تەدرىجىي ئازىيىپ، ئاخىرقى ئېقىنى پۈتۈنلەي قۇرۇق ئېقىنغا ئايلىنىپ قالىدىغان بولدى. ئەسلىدە لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان تارىم دەرياسى ھازىر لوپنۇرغا قۇيۇلالمايدىغان، بەلكى بوركۆلگە قۇيۇلىدىغان بولدى. دۇنياغا مەشھۇر لوپنۇر كۆلى ھازىر قۇرۇپ، پۈتۈنلەي قاقاس شورتاڭلىققا ئايلىنىپ خەرىتە يۈزىدىن يوقالدى.

**تارىم دەرياسىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارىنىڭ تۆۋەن ئېقىندىكى ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى ( مىليارد $m^3$ )**

| سۇ ئۆلچەش پونكىتى / تۈرى | ئارال | چىمەن | دابا | قارا توغراق |
|---|---|---|---|---|
| يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى | 4.97 | 4.32 | 3.17 | 0.95 |
| % | 100 | 86.9 | 63.8 | 19.1 |

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، زەيكەش سۇلىرى تارىم دەرياسىغا كۆپلەپ قويۇپ بېرىلىۋاتقاچقا، دەريا سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسىمۇ ئېشىپ بارماقتا.

( 2 ) كۈن نۇرى تولۇق، ئىسسىقلىق مىقدارى مول. يۇقىرى ئېقىندىكى ئارال ۋە تۆۋەن ئېقىندىكى تىكەنلىك ھاۋارايى ئىستانسىسى تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ۋادىنىڭ يىللىق ئاپتاپ چۈشۈش سائىتى 2991.8 ~ 3121.3 سائەت. يىللىق قۇياش رادىئاتسىيىسى $kcal/cm^2$ 140.9 ~ 156.8، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃ 10.5 ~ 11.2، قىروسىز مەزگىلى 185 ~ 214 كۈن بولۇپ، بۇغداي، كۆممىقوناق، قوغۇن، تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە، شال، ياغلىق زىرائەت، كېۋەز قاتارلىقلارغا تازا باب كېلىدۇ. ئۇ يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزۇن تالالىق پاختا يېتىشتۈرىدىغان ئاساسلىق رايونلىرىنىڭ بىرى.

( 3 ) يەر بايلىقى مول. دېھقانچىلىققا يارايدىغان بوز يەر 17 مىليون 899 مىڭ مو. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك بوز يەر 5 مىليون 701 مىڭ مو بولۇپ،

31.9 پىرسەنتنى، 2 ـ دەرىجىلىك بوز يەر 5 مىليون 687 مىڭ مو بولۇپ، 31.8 پىرسەنتنى، 3 ـ دەرىجىلىك بوز يەر 2 مىليون 479 مىڭ مو بولۇپ، 13.9 پىرسەنتنى، 4 ـ دەرىجىلىك بوز يەر 4 مىليون 32 مىڭ مو بولۇپ، 22.5 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك يەر 11 مىليون 588 مىڭ مو بولۇپ، 63.7 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى سۈپىتى ئەڭ ياخشى، كۆلىمى ئەڭ كۆپ بوز يەر رايونى ھېسابلىنىدۇ. بوز يەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ شور مىقدارى ئېغىر ئەمەس. تېرىقچىلىق، ئورمان بىنا قىلىش، يەم ـ خەشەك بازىسى قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

( 4 ) ئوتلاق كۆلىمى چوڭ. چارۋا بېقىشقا بولىدىغان ھەرخىل ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمى 18 مىليون 500 مىڭ مو بولۇپ، 1 مىليون 63 مىڭ تۇياق مال ( قوي ھېسابىدا ) باققىلى بولىدۇ. لېكىن، سۈپەتلىك ئوتلاق يوق. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوتلاق 51.9 پىرسەنتنى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوتلاق 14.1 پىرسەنتنى، ناچار ئوتلاق 34.4 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

( 5 ) توغراق ئورمانلىقىنىڭ كۆلىمى چوڭ. توغراق ئورمانلىقى ئاساسەن تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى ۋە كەلكۈن سۈيى يامراپ ئاقىدىغان جايلارنىڭ ئىككى قاسنىقىنى بويلاپ جايلاشقان. ئۇ يەر ئېغىر بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنە 174 مىڭ 800 گېكتار توغراقلىق ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، دۇنيا بويىچە ساقلانغان توغراق ئورمانلىقى كۆلىمى ئەڭ چوڭ رايون ھېسابلىنىدۇ. توغراق ئورمانلىقى قۇم ـ بورانلارنى توسۇپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى مۇھاپىزەت قىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ سىرتقا كېڭىيىشىنى توسىدىغان تەبىئىي يېشىل قورغان.

( 6 ) تارىم ئويمانلىقىدىكى كۆللەر. تارىم ئويمانلىقىدا تەبىئىي كۆللەردىن ئاياغ قۇمكۆل، ئاچچىقكۆل، قۇمكۆل، بوركۆل، جوركۆل، ئاقساي كۆلى، سېرىق جىلغا كۆلى قاتارلىق كۆللەر بار. بۇ كۆللەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تارىم ئويمانلىقىدىكى كۆللەرنى تونۇشتۇرۇش جەدۋىلى

| كۆل ئىسمى | جۇغراپىيىلىك ئورنى | | تەۋەلىكى | سۇ يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى (m) | كۆلىمى ($Km^2$) |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئۇزۇنلۇق | كەڭلىك | | | |
| ئاياغ قۇمكۆل | 89° 20′ | 37° 33′ | چارقىلىق | 3867 | 645 |
| ئاچچىق كۆل | 88° 20′ | 37° 05′ | چارقىلىق | 4250 | 380 |
| ئاقساي كۆلى | 79° 50′ | 35° 12′ | خوتەن | 4963 | 105 |
| سېرىق جىلغا كۆلى | 79° 40′ | 34° 46′ | خوتەن | 5416 | 56 |
| بوركۆل | 88° 25′ | 39° 23′ | چارقىلىق | 825 | 88 |

( 7 ) تارىم ئويمانلىقى چۆرىسىدىكى بوستانلىقلار . ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىختىن بۇيان تارىم ئويمانلىقىنى چۆرىدەپ ماكانلىشىپ ، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق بوز يەر ۋە قاقاس چۆللۈكلەرنى ئېچىپ ۋە ئۆزگەرتىپ ، مۇنبەت ئېتىزلارنى ۋە گۈزەل شەھەرلەرنى ، ئۆمۈچۈك تورىدەك ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى ، يوللارنى بەرپا قىلىپ ، بۇگۈنكىدەك پايانسىز كەتكەن گۈزەل بوستانلىقلارغا ئايلاندۇرغان ۋە دۇنياغا مەشھۇر مېۋە سورتلىرىنى ياراتقان . ھازىر بۇ جايدا تېرەك ، سۆگەت ، ئۈجمە ، جىگدە ، ئاكاتسىيە ، قارىياغاچ ، چىنار ، قارىغاي ، شەمشاد ، ئارچا ، يۇلغۇن ، توغراق قاتارلىق دەل ـ دەرەخلەر ، شاپتۇل ، ئۆرۈك ، ئامۇت ، ئالما ، بادام ، ئەنجۈر ، ئانار ، گىلاس ، چىلان ، جىنەستە قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار . دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي ، كۆممقوناق ، كېۋەز ، شال ، ئارپا ، يالڭاچ ئارپا ، قىچا ، زىغىر ، خاسىڭ ، كۈنجۈت ، كەندىر ، ئارپابەدىيان قاتارلىقلار تېرىلىدۇ . چۈچۈكبۇيا ، قانتېپەر ، چاكاندا ، تاغ لەيلىسى قاتارلىق نەچچە ئون خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ ، ياۋايى ھايۋانلاردىن تۆلكە ، ياۋا توڭگۇز ، كېيىك ، يىلپىز ، ئۇلار ، ياۋا توشقان ، ياۋا تۆگە ، تىيىن قاتارلىقلار بار . ئۇچار قۇشلارنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ . تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئاستى نېفىت دىڭىزى بولۇپ ، كۆلىمى ۋە سۈپىتى جەھەتتىن مەملىكىتىمىز بويىچە ئالدىنقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورۇنـدا تـۇرىدۇ . ھازىر قاغىلىق ، كۆچار ، بۇگۇر ، تەكلىماكان نېفىتلىكلىرى ئېچىلىۋاتماقتا .

## 8 . جۇڭغار ئويمانلىقى ( يەمەك دالاسى )

جـۇڭـغـار ئويمانلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي قىسـمىغا ، تـەڭـرىتاغ ۋە ئالتاي تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان . ئۇ غەرب تەرىپىنى ساۋۇر ، تـاربـاغاتاي ، بارلىق جەير ، مايلا ، ئالاتاۋ قاتارلىق ئانچە ئېگىز بولمىـغـان ، بـىـر ـ بـىـرىگە پاراللېل كەتكەن غەرب ـ شەرق يۆنىلىشىدىكى تاغلار ئوراپ تـۇرغان ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك ئويمانلىق بولۇپ ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلـغـان ئۇزۇنـلـۇقى 1200 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كەڭلىكى تـەخـمـىـنەن 800 كىلومېتىر ، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 23 پـىـرسـەنـتـىـنـى ئىگىلەيدۇ . ئۇنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 380 مىڭ كۋادرات كـىـلـومېتىر ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 500 ~ 1000 مېتىر . ئەڭ پەس جايى ئـېـبـنۇر كۆلى ئەتراپىدا بولۇپ ، ئېبنۇر كۆلىنىڭ سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 190 مـېـتـىر ئېگىز . شەرق تەرىپى ئېگىز ، غەرب تەرىپى پەس بولۇپ ، ئويمانلىقنىڭ چۆرىـسـىـنـى تـاغ ئېـتـىكىدىكى بوستانلىقلار قاپلاپ تۇرىدۇ . ئوتتۇرا قىسمىدا ئوتلاق ، قۇملۇق ، تۇزكۆلى ۋە سازلىقلار بار . قـۇربان توڭـغـۇت قۇمـلـۇقى ( قـازان قـۇم ) جـۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، ماناس دەرياسـىـنـىـڭ غـەربـىي ۋە ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى ئۆز ئـىـچـىگە ئالىدۇ . ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 60 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . كـلـىـمـاتـى مۆتىدىل ، قۇرغاق بولۇپ ، چۆللۈك ھەم دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تـۇراقلىق ۋە يېرىم تۇراقلىق قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ . ئۇ يەردە غەربىي شىمال بورـنـى بـىـلەن غەرب بورىنىنىڭ تەسىرىدىن غەربىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سـوزۇلغان چوڭ قۇم بارخانلىرى شەكىللەنگەن . قـۇم بارخـانلىرىنىڭ ئېگىزلـىـكـى 30 ~ 40 مېتىر كېلىدۇ . قۇم بارخانلىرىنىڭ كۆلىمى قۇملۇق ئومۇمىي كـۆلىمىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . جۇڭغار ئويمانلىقى يېرىم يېپىق ئىچكى قـۇرۇقـلـۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ . جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ چەت ياقىلىرىنىڭ

ھۆل - يېغىن مىقدارى 150 ~ 200 مىللىمېتىر ، مەركىزى قىسمىنىڭ 150 ~ 100 مىللىمېتىر ، ئويمانلىقنىڭ مەركىزىدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن °C 40 تىن تۆۋەن بولىدۇ . كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى كۆكتوقاي دېگەن جاينىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن °C 51.5 بولۇپ ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ سوغۇق رايونلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئەڭ ئىسسىق ۋاقتى 7 - ئاي بولۇپ ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چېپەيزىنىڭ ئەڭ ئىسسىق بولغان ۋاقتى °C 44.5 قا يېتىپ بارىدۇ . جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردىكى قار - مۇز سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان بورتالا دەرياسى ، كەنچۈك دەرياسى ( داخېيەنزە دەرياسى ) ، جىڭ دەرياسى ( قارا تۆرە دەرياسى ) ، ئېپتى دەرياسى ، كۇيتۇن دەرياسى ، ماناس دەرياسى ، قۇتۇبى دەرياسى ، سەنتۇڭخې دەرياسى ، سانجى دەرياسى ، ئۈرۈمچى دەرياسى ، ئۇلۇنگۇر دەرياسى ، ئېرتىش دەرياسى قاتارلىق چوڭ - كىچىك 270 دەريا - ئېقىننىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە نورمال ئېقىن مىقدارى 20 مىليارد 639 مىليون 660 مىڭ كۇب مېتىر ، بۇنىڭدىن ئېرتىش دەرياسىدىن يىلىغا 10 مىليارد كۇب مېتىر سۇ ، ئېمىل دەرياسىدىن 600 مىليون كۇب مېتىر سۇ چەت ئەلگە ئېقىپ كېتىدۇ . قالغان 10 مىليارد 39 مىليون 660 مىڭ كۇب مېتىر سۇ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ چۆرىسىدىكى بوستانلىقلارغا سەرپ قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن ئاشقان سۇ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئوتلاقلارنى كۆكەرتىدۇ . بۇ بوستانلىقلاردىكى رەتلىك سالا ئېتىزلاردا ھەرخىل زىرائەتلەر تېرىلماقتا ۋە تۈرلۈك مېۋىلىك باغلار بەرپا قىلىنماقتا . ئىلگىرى بۇ دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئاياغ سۇلىرى ئويمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېقىپ كىلىپ سازلىقلارنى ، كۆللەرنى ، ئورمان ۋە چاتقاللارنى ، ئوتلاقلارنى سۇغىراتتى .

**جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى كۆللەر**

جۇڭغار ئويمانلىقىدا مۇھىم تەبىئىي كۆللەردىن ئۇلۇنگۇر كۆلى ، ماناس كۆلى ، ئايران كۆلى ، ئېبنۇر كۆلى ، بۇرۇلتوقاي كۆلى ، جىلى كۆل قاتارلىق كۆللەر بار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي كۆللەر جەدۋىلى

| ئىسمى | جۇغراپىيىلىك ئورنى | | تەۋەلىكى | سۇ يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى (m) | كۆل يۈزى ($Km^2$) |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئۇزۇنلۇق | كەڭلىك | | | |
| ئېبنۇر كۆلى | 82° 50′ | 41° 53′ | جىڭ ناھىيىسى | 189 | 1070 |
| ئۇلۇڭگۇر كۆلى | 87° 15′ | 47° 18′ | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 468 | 827 |
| ماناس كۆلى | 85° 55′ | 45° 42′ | قوبۇقسار ناھىيىسى | 260 | 550 |
| ئايران كۆلى | 85° 22′ | 45° 40′ | قوبۇقسار ناھىيىسى | 260 | 238 |
| جىلى كۆل | 87° 26′ | 46° 55′ | بورۇلتوقاي ناھىيىسى | 482 | 172 |

جۇڭغار ئويمانلىقىدا يەنە ياۋايى ھايۋانلاردىن كېيىك، بۆغا، بۆرە، تۈلكە، توشقان، قۇلان قاتارلىقلار بار. جۇڭغار ئويمانلىقىدا نېفت بايلىقى مول. ھازىر نېفت ئېلىنىۋاتقان قاراماي، مايتاغ قاتارلىق مەشھۇر نېفتلىكلەردىن باشقا يەنە ئويمانلىقنىڭ شەرق تەرىپىدە نۇرغۇن نېفتلىك تېپىلدى. ھازىر جىددىي ئېچىلىۋاتماقتا.

## §2 . شىنجاڭنىڭ نوپۇسى

شىنجاڭ تارىختىن بۇيان زېمىنى پايانسىز، ئادىمى شالاڭ ماكان دەپ تونۇلۇپ كەلگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ نوپۇسى 1 مىليونغا يەتمەيتتى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى 36 دۆلەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 846 مىڭ ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە شىنجاڭنىڭ نوپۇسى ئازىيىپ كەتتى. 1766 ـ يىلى 470 مىڭ، 1820 ـ يىلى 355 مىڭ (ئۈرۈمچى، باركۆل، گۇچۇڭلارنىڭ سانى خاتىرىلەنمىگەن) بولۇپ، بۇنىڭغا ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، باركۆللەرنىڭ نوپۇسى قوشۇلسا 500 مىڭدىن ئاشمايتتى. 1861 ـ يىلى 1 مىليوندىن، 1901 ـ يىلى 2 مىليوندىن

ئاشقان . « شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى . خەلق ئىشلىرى تەزكىرىسى » دە خاتىرىلىنىشىچە ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ، يەنى 1902 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ 2 مىليون 69 مىڭ 900 گە يەتكەن . دېمەك ، 2000 يىلدا نوپۇس بىر ھەسسىدىن جىقراق كۆپەيگەن . مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ، يەنى 1938 ـ يىلى 3 مىليوندىن ، 1945 ـ يىلى 4 مىليوندىن ئاشقان . 1949 ـ يىلى كۆپىيىپ 4 مىليون 333 مىڭ 400 گە يەتكەن . 47 يىلدا بىر ھەسسىدىن ئوشۇق كۆپەيگەن . ئازادلىقتىن كېيىن ، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئىنتايىن تېز بولدى . 1954 ـ يىلى 5 مىليوندىن ، 1958 ـ يىلى 6 مىليوندىن ، 1962 ـ يىلى 7 مىليوندىن ئاشقان . 1964 ـ يىلى 7 مىليون 441 مىڭ 800 گە يەتكەن . 1966 ـ يىلى 8 مىليوندىن ئاشقان . ھەر 1 مىليون ئادەمنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن پەقەت تۆت يىللا كەتكەن . 1968 ـ يىلى 9 مىليوندىن ئاشقان . 1971 ـ يىلى 10 مىليوندىن ، 1974 ـ يىلى 11 مىليوندىن ، 1977 ـ يىلى 12 مىليوندىن ئاشقان . دېمەك ، ھەر ئۈچ يىلدا 1 مىليون كىشى كۆپەيگەن . 1980 ـ يىلى 12 مىليون 833 مىڭ 200 گە ، 1982 ـ يىلى 13 مىليون 81 مىڭ 633 گە ، 1986 ـ يىلى 13 مىليون 836 مىڭ 400 گە ، 1987 ـ يىلى 14 مىليون 60 مىڭغا يەتكەن . 1988 ـ يىلى 14 مىليون 264 مىڭ 200 گە ، 1990 ـ يىلى 15 مىليون 155 مىڭ 778 گە يەتكەن . دېمەك ، ھەر 1 مىليون نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن ئالتە يىل ، بەش يىل ، ئىككى يىل كەتكەن .

**پايدىلانغان ماتېرىياللار :**

1 . « ئوكيانوس » ، خەنزۇچە نەشرى ، 1980 ـ يىل نەشرى .
2 . « شىنجاڭ جۇغراپىيىسى » ، 1984 ـ يىل 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ سانلىرى .
3 . « قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى » ، خەنزۇچە نەشرى ، 1989 ـ يىل 2 ـ سان .
4 . « غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسى » ، خەنزۇچە ، 1988 ـ يىل 1 ـ نەشرى .
5 . « تۇرپان پەن ـ تېخنىكىسى » ، 1989 ـ يىل 2 ـ سان ( « سۇ ھەققىدە » ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

6 . « شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك كىلىمات بايلىقى ۋە ئۇنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈشى » .
7 . « شىنجاڭنىڭ سۇ ئىشلىرى پەن ـ تېخنىكىسى » ، 1989 ـ يىل 4 ـ سان .
8 . « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، ئۇيغۇرچە ، 1982 ـ يىل نەشرى .
9 . « برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى » ، خەنزۇچە ، 1985 ـ يىل نەشرى .
10 . « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ناملىرى توپلىمى » ، 1980 ـ يىل نەشرى .
11 . « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1984 ـ يىل نەشرى .
12 . « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلەر توپلىمى » ، 1966 ـ يىل نەشرى .
13 . « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » ، 1987 ـ يىل 23 ـ سېنتەبىر ۋە 1989 ـ يىل 9 ـ ئىيۇن سانلىرى .

## ئىككىنچى باب

# شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى

## §1 . شىنجاڭنىڭ ئىچكى كارۋان يوللىرى

### 1 . چوڭ كارۋان يوللىرى

بىرىنچى ، قەشقەردىن چىقىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ پەيزىۋات ( پەيزئاباد ) ، مارالبېشى ، ئاقسۇ ، باي ، كۇچار ، بۈگۈر ، قاراشەھەر ، توقسۇن ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان يول .

ئىككىنچى ، قەشقەردىن چىقىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ياپچان ، يېڭىسار ، يەركەن ، پوسكام ، قارغىلىق ، گۇما ، قارىقاش ، خوتەن ، لوپ ، كېرىيە ، نىيە ، چەرچەن ئارقىلىق چارقىلىققا كېلىدىغان يول .

ئۈچىنچى ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ تۇرپان ، پىچان ، دۆڭبازار ، يانبۇلاق ، تارانچى ،ئاستانىلەر ئارقىلىق قۇمۇلغا بارىدىغان يول .

تۆتىنچى ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ فۇكاڭ ، جىمسار ، گۇچۇڭ ، مورى ، يەتتىقۇدۇق ، تارانچى ، ئاستانە ئارقىلىق قۇمۇلغا بارىدىغان يول .

بەشىنچى ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ گۇچۇڭ ، مورى ، تازبۇلاق ، سارباستاۋ ، باركۆل ئارقىلىق قۇمۇلغا بارىدىغان يول .

ئالتىنچى ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ غەربكە قاراپ سانجى ، قۇتۇبى ، ماناس ، كۇيتۇن ، شىخو ، جىڭ ۋە سۈيدۈڭلەر ئارقىلىق ئىلىغا بارىدىغان يول .

يەتتىنچى ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ غەربكە قاراپ سانجى ، قۇتۇبى ، ماناس ، كۇيتۇن ئارقىلىق شىخوغا بېرىپ ، ئاندىن غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ ئوتتۇنبۇلاق ، تولى ئارقىلىق تارباغاتايغا بارىدىغان يول .

سەككىزىنچى ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ غەربكە قاراپ سانجى ، قۇتۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلارنى بىسىپ ماناسقا بېرىپ ، ئاندىن شىمالغا بۇرۇلۇپ شۆگەي ، جەرەنبۇلاق ، ئۇرخو ، قوشتولغاي ، بۇرچىنلار ئارقىلىق ئالتايغا بارىدىغان يول .

توققۇزىنچى ، كورلىدىن چىقىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ لوپنۇر ، قارا-توغراق ، كۆزلەك ، تىكەنلىك ، ئويمانكۆل ، ئازغان ئارقىلىق چارقىلىققا بارىدىغان يول .

## 2 . مۇھىم ئۆلاغ يوللىرى

بىرىنچى ، ئىلىدىن چىقىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ياماتو ، توققۇزتارا ، كۈنەس ، نارات ، يۇلتۇز ، بالغۇنتاي ، خوتۇنسۇمۇل ئارقىلىق قاراشەھەرگە كېلىدىغان يول .

ئىككىنچى ، ئىلىدىن چىقىپ جەنۇبقا قاراپ موڭغۇلكۈرە ، شۇتا ، مۇز ئارتلار ئارقىلىق جامغا كېلىدىغان يول .

ئۈچىنچى ، ئىلىدىن چىقىپ قاپقا قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتۈپ ، گۇڭگۇرتلۇك داۋىنى ئارقىلىق تەكرىتاغدىن ھالقىپ ئۈچتۇرپانغا كېلىدىغان يول . بۇ يول ئىلىدىن جەنۇبقا ئۆتىدىغان مۇھىم ھەربىي يول ئىدى . 1882 ـ ، 1884 ـ يىللىرى ( گۇاڭشۈينىڭ 8 ـ ، 10 ـ يىللىرى ) چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەجبۇرىي تاڭغان « جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى چېگرا شەرتنامىسى » ، « جۇڭگو ـ رۇسىيە قەشقەر چېگرا شەرتنامىسى » ، « جۇڭگو ـ رۇسىيە قەشقەر چېگرىسىدا داۋاملىق چارلاش ئېلىپ بېرىش شەرتنامىسى »دىن ئىبارەت تەڭ ھوقۇقسىز ئۈچ شەرتنامە ئىمزالانغان . بۇ شەرتنامىدە « تەكرىتاغنىڭ ئاساسىي غول ئۆمۈرتقىسى چېگرا سىزىقى قىلىنىدۇ » دەپ ئوچۇق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ ، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا چېگرا سىزىقىنىڭ جەنۇبىدىكى گۇڭگۇرتلۇك تېغىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ ، بۇ يولنى ئۈزۈپ تاشلىدى .

تۆتىنچى ، ئىلىدىن چىقىپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ جول قورۇلى ، توبىتاش ۋە بارخون تاغلىرى ئارقىلىق نارىن دەرياسى بىلەن ئۇلانئۇسۇ دەريا-لىرىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە بارىدىغان يول . « جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى چېگرا شەرتنامىسى » ئىمزالانغاندىن كېيىن ، قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جايلار رۇسىيە تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن ، بۇ يولمۇ ئۈزۈلدى .

بەشىنچى ، تۇرپاندىن چىقىپ شىمالغا قاراپ شاپتۇللۇق ، ئېشەك

داۋان، يوغانتېرەك، قارىغايتى، چېلەكتۈز، تاشتارتما، پەن ئۆپالار ئارقىلىق تەگرىتاغدىن ھالقىپ جىمسارغا كېلىدىغان يول.

ئالتىنچى، تۇرپاندىن چىقىپ شەرقىي جەنۇبقا ئۆتۈپ ئاۋات، ئاستانە، لۈكچۈن، دىغاي، پالگانقۇدۇق، لوپنۇر كۆلى ئارقىلىق چارقىلىققا بارىدىغان يول.

يەتتىنچى، تۇرپاندىن چىقىپ غەربىي شىمالغا قاراپ توقسۇن، ئالغۇي، يۇلتۇز، كۈنەس، توققۇزتارا ئارقىلىق ئىلىغا كېلىدىغان يول.

سەككىزىنچى، خوتەندىن چىقىپ خوتەن دەرياسىنى بويلاپ تەۋەككۇل، ئىسلامئابات، قوشلاش، بوكسوم، يالغۇز، پىچانلىق، مازارتاغ ئارقىلىق ئاقسۇ ئاۋاتقا كېلىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر تارمىقى ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندىن ئۆتۈپ، بەدەل ئېغىزى ئارقىلىق تەگرىتاغدىن ھالقىپ پەرغانە ۋە غەرب ئەللىرىگە؛ يەنە بىر تارمىقى تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئارال، نامان كۆكبېشى، قانجۇق ئۆلدى، كالۋادۆك، ئەمەنكۆل ئارقىلىق شايارغا كېلىدىغان يول.

توققۇزىنچى، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ شىمالغا قاراپ جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى قۇربان تۇڭغۇت چۆلى (قازان قۇم) ۋە بۇرۇلتوقايلار ئارقىلىق ئالتايغا بارىدىغان يول.

ئونىنچى، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى ئىچىدىكى تازبۇلاق، ساربۇلاق، سىبەتى ئارقىلىق ئالتايغا بارىدىغان يول.

ئون بىرىنچى، تۇرپاندىن چىقىپ جەنۇبقا قاراپ لۈزۈن ئارقىلىق پاقبۇلاققا بېرىپ، ئايدىڭكۆلنىڭ غەربى بىلەن مېڭىپ چۆلتاغقا بېرىپ ئاشاق بۇلاق، ئاتئۆلگەن داۋان، پارچىبۇلاق، چىڭگىر ئارقىلىق لوپنۇرغا بارىدىغان يول.

ئون ئىككىنچى، دىغاردىن چىقىپ جەنۇبقا قاراپ چۆلتاغ ئارقىلىق ئولتۇرغۇچبۇلاق، مېلتوقسۇنبۇلاق، باش توغراقبۇلاق، چىڭگىر ئارقىلىق لوپنۇرغا بارىدىغان يول.

ئون ئۈچىنچى، ئىلىدىن چىقىپ شىمالغا قاراپ بورتالا، قىزىلتۇرا، شامال ئۆتەڭ، دۆربىلجىن ئارقىلىق چۆچەككە كېلىدىغان يول.

ئون تۆتىنچى، چۆچەكتىن چىقىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ بۇرۇلتوقايغا كېلىپ، شىخو، ئالتاي يولىغا قوشۇلۇپ، ئاندىن بۇرچىن ۋە ئالتايلارغا بارىدىغان يول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئون بەشىنچى، قەشقەردىن چىقىپ ئاتۇش، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئاقسۇ كونىشەھەرگە كېلىدىغان يول.

## §2. شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان مۇھىم كارۋان يوللىرى

### 1. شىنجاڭدىن سۈيۈەنگە① بارىدىغان كارۋان يوللىرى

بىرىنچى، گۇچۇڭدىن چىقىپ باركۆل، قۇمۇل، خويلا، تۇز كۆل، توغراقسۇ ئارقىلىق گەنسۇ تەۋەسىگە كىرىپ مىڭشۈيگە بېرىپ، ئاندىن گەنسۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جۈيەن، ئېجىنا، ئاراشەن ئارقىلىق ئوردوس ۋە گۈيخۇا (ھازىرقى خوخخوت) غا بارىدىغان يول.

ئىككىنچى، گۇچۇڭدىن چىقىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ يۈەنخۇ ئارقىلىق موڭغۇلىيە تەۋەسىگە كىرىپ، قوبدۇ، ئۇلاستايلارغا بېرىپ، ئاندىن قاڭغاي (خاڭئەيشەن) تېغىدىن ئۆتۈپ، قاراندۇن، ئۇلانبۇلاقلار ئارقىلىق گۈيخۇاغا بارىدىغان يول.

ئۈچىنچى، باركۆلدىن چىقىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ موڭغۇلىيە تەۋەسىدىكى ئاجىلىنغا بېرىپ، جەنۇبىي ئۇلاستايدىكى دوكوتىر ئارقىلىق قاراندۇن، ئۇلانبۇلاقلاردىن ئۆتۈپ گۈيخۇاغا بارىدىغان يول.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن گۈيخۇاغا بارىدىغان ئۈچ يول ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «يايلاق يولى» دەپ ئاتىلىدۇ. موڭغۇلىيە ئارقىلىق گۈيخۇاغا بارىدىغان ئىككى يول ئادەتتە «چوڭ يايلاق يولى»، يەنە «غەربىي چوڭ يول» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گەنسۇ، نىڭشيالارنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن گۈيخۇاغا بارىدىغان يول ئادەتتە «كىچىك يايلاق يولى»، يەنە «شەرقىي

---

① سۈيۈەن — كونا ئۆلكە ئىسمى بولۇپ، 1914 ـ يىلى سۈيۈەن ئالاھىدە رايونى بولغان. 1928 ـ يىلى ئۆلكىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئەينى چاغدا ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئۇلانسابو، ئىكجو ئايماقلىرىنى. باينۇر ئايمىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ۋە خوخخوت، باۋتۇ شەھىرى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1954 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا قوشۇۋېتىلگەن.

ئاشــلىق يــولى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

## 2 . شىنجاڭدىن گەنسۇغا بارىدىغان قەدىمكى كارۋان يوللىرى

بــىرىــنچــى ، ئۈرۈمـچىدىن چىقىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ داۋانچىڭ ، تــۇرپــان ، پــىچـان ، قــۇمـۇل ، شىڭشىڭشىيا ، ، ئەنشى ، جىيايۈيگۈەن ۋە خېشى كارىدورى ئارقىلىق لەنجۇغا بارىدىغان يول .

ئىـكـكىنچى ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ شەرقىي شىمالغا قاراپ فۇكاڭ ، گۇ- چۇڭ ، مورى ، بـاركـۆل ئارقـىلـىق گـەنسۇغا كىرىپ خېشى كارىدورىدىكى شىنجاڭ ـ گەنسۇ چوڭ يولى ئارقىلىق لەنجۇغا بارىدىغان يول .

ئۈچــىـنچـى ، چارقىلىقتىن چىقىپ دۇنخۇاڭغا كېلىپ ، ئاندىن شەرققە قـاراپ خېشى كارىدورىدىـكى ئـەنشى ، جـىيۇچۈەن ( بوربۇلاق ) ، جاڭــيې ( توغرا ) ، ۋۇۋېي ئارقىلىق لەنجۇغا بارىدىغان يول .

تـۆتـىـنچـى ، تـۇرپـانـدىـن چـىـقـىـپ ئاۋات ، ئاسـتانە ، لۈكچۈن ، دىغاي ، پالگانبۇلاق ، لوپنۇر كۆلى ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا بارىدىغان يول .

## 3 . شىنجاڭدىن چىڭخەيگە بارىدىغان قەدىمكى كارۋان يوللىرى

بـىرىنچى ، كورلىدىن جەنۇبقا قاراپ چارقىلىققا بېرىپ ، ئاندىن شەرققە بـۇرۇلۇپ ئالتۇنتاغدىن ھالقىپ چىڭخەيگە كىرىپ ، سايدام ئويمانلىقى ئارقىلىق شىنىڭغا بارىدىغان يول .

ئىـكـكـىـنچـى ، قۇمۇلدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ شىڭشىڭشىيا ئارقىلىق گەنسۇغا كىرىپ يۇلغۇنلۇق ( خۇڭـلىيۇيۈەن ) قا بــېرىــپ ، غەربىي جەنۇبقا بـۇرۇلـۇپ ، دۇنـخـۇاڭ ۋە ئاقـسايلاردىـن ئۆتۈپ چىڭخەي تەۋەسىگە كىرىپ ، ئاندىن سايدام ئويمانلىقى ئارقىلىق شىنىڭغا بارىدىغان يول .

## 4 . شــنجاڭدىن شىزاڭ ( تىبەت ) غا بارىدىغان قەدىمكى كارۋان يوللىرى

بــىرىــنچــى ، كـېرىـيـىـدىن چـىقـىپ كېـرىـيـە دەرياسىنى بويلاپ غەربىي جەنۇبقا مېڭىپ ، ئاراش بىلەن شىنجاڭ ـ شىزاڭ چېگرىسىدىكى كېرىيە تـاغ ئېـغىزى ئارقىلىق تاشقى شىزاڭ ( ھازىر ئالى رايونى دەپ ئاتىلىدۇ ) دىكى جوتوگتېغا بېرىپ ، ئاندىن گاندىس تېغىدىن ھالقىپ ئالى رايونىنىڭ مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئارساك ( دومارىتو ) ئېدىرلىقىدىكى پولىيەن بازىرىغا بارىدىغان يول .
ئىككىنچى ، قاغىلىقتىن چىقىپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ كۆكياردىن ئۆتۈپ مازارغا كېلىپ ، شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ كۆكئارت ، شەيدۇللا ، جەسەت داۋانلىرى ئارقىلىق قارا قورۇم تېغىدىن ھالقىپ شىزاڭغا بارىدىغان يول .

## §3 . شىنجاڭدىن چەت ئەللەرگە بارىدىغان كارۋان يوللىرى

### 1 . شىنجاڭدىن ھىندىستانغا بارىدىغان قەدىمكى كارۋان يوللىرى

تارىختا شىنجاڭدىن ھىندىستانغا ئۆتىدىغان ئاساسلىق يول ئىككى بولۇپ ، بۇ يوللار قارا قورۇم تېغى ئارقىلىق ئۆتىدۇ .
بىرىنچى ، قاغىلىق ــ لاداق يولى . بۇ يول قاغىلىقتىن چىقىپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ بەشتېرەك ، پوسا ، ئاقاز داۋان ، كۆدە ، سىرىقئارتلار بىلەن مازارغا بېرىپ ، ئاندىن غەربكە بۇرۇلۇپ قىرغىز جاڭگىلى ، كۆكئارت ، شەيدۇللا ، قارا قورۇم ، لەنگەر ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدۇ .
ئىككىنچى ، قاغىلىقتىن چىقىپ مىڭتېكە داۋىنى ئارقىلىق پامىردىن ھالقىپ ، ھىندىستان تەۋەسىدىكى كەشمىرنىڭ ( ھازىر پاكىستاننىڭ كونتروللۇقىدا ) گىلگىت رايونىغا بارىدىغان كارۋان يولى .

### 2 . شىنجاڭدىن پاكىستان ، كەشمىر ، ئافغانىستانلارغا بارىدىغان قەشقەر ــ مىڭتېكە كارۋان يوللىرى

بۇ يول قەشقەردىن چىقىپ تاشمىلىق ، بۇلۇڭكۆل ، تاشقۇرغاندىن ئۆتۈپ ، قويۇن سالاما ( غىجەكبويى ) غا بېرىپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . غەربكە ماڭغان يول مىڭتېكىگە كېلىپ يەنە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . ئۇنىڭ بىرى كۆك تۇرۇك ئېدىرلىقىدىكى سوبھان بەندىردىن قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتۈپ ئافغانىستان تەۋەسىگە كىرىپ ، ئاباۋاخان دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ لەنگەردىن ئۆتۈپ يەنە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . ئۇنىڭ بىرى ، ئافغانىستاننىڭ مەركىزىي قىسمىغا بارىدۇ ؛ بىرى ، ھىندىقۇش تېغىدىن ھالقىپ پاكىستان تەۋەسىدىكى لاشتىقا بارىدۇ . يەنە بىرى ، مىڭتېكىدىن چىقىپ غەربىي جەنۇبقا

قاراپ مىڭتېكە داۋنى بىلەن كەشمىرنىڭ ( ھازىر پاكىستاننىڭ كونتروللۇ-قىدا ) پاتىمە ئېدىرلىقى ئارقىلىق خۇنزا دەرياسىنى بويلاپ گىلگىتكە تۆۋەنلەيدۇ . غەربىي جەنۇبقا ماڭغان يول تىكەنلىككە كېلىپ ، ئۇ يەردىن غەربكە بۇرۇلۇپ قۇنجراپ تاغ ئېغىزى ئارقىلىق كەشمىر تەۋەسىگە ئۆتۈپ ، خۇنزا دەرياسىنىڭ شەرقىي تارمىقىنى بويلاپ داۋاملىشىدۇ .

### 3 . شىنجاڭدىن رۇسىيىگە بارىدىغان ئاساسلىق كارۋان يوللىرى

شىنجاڭنىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن بولغاچقا ، رۇسىيىگە بارىدىغان يوللارمۇ كۆپ ئىدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ئالتە بولۇپ ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئۈچ ، شىمالىدا ئۈچ ئىدى .

#### ( 1 ) تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ يول

بىرىنچى ، قەشقەردىن چىقىپ غەربكە قاراپ ئەركەشتام ئارقىلىق تەڭ-رىتېغىدىكى تېرەك داۋاندىن ھالقىپ ، رۇسىيىنىڭ ئۇش شەھىرىگە بارىدىغان يول .

ئىككىنچى ، قەشقەردىن چىقىپ تورغات ئارقىلىق رۇسىيىگە ئۆتىدىغان يول .

ئۈچىنچى ، ئۇچتۇرپاندىن چىقىپ بەدەل ئېغىزى ئارقىلىق رۇسىيە تەۋەسىدىكى نارىن ۋە ئىسسىقكۆللەرگە بارىدىغان يول .

#### ( 2 ) تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ يول

بىرىنچى ، قورغاستىن چىقىپ غەربكە قاراپ ئالمۇتاغا بارىدىغان يول .

ئىككىنچى ، تارباغاتايدىن چىقىپ غەربىي شىمالغا قاراپ باقتى ئېغىزى ئارقىلىق رۇسىيە تەۋەسىگە ئۆتۈپ ، ئاندىن شەمەي ( ھازىر سىمپالاتىنسكىي دەپ ئاتىلىدۇ ) گە بارىدىغان يول .

ئۈچىنچى ، جىمنەيدىن غەربكە قاراپ رۇسىيە تەۋەسىدىكى زايسانغا بارىدىغان يول .

## §4 . چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى كارۋان يوللىرىنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرى

شىنجاڭدىكى كارۋان يوللىرىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ، ھازىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاساسلىق يوللار مىلادىيەدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى جاڭ چيەن غەربكە سا-ياھەت قىلغان چاغلاردىن نۇرغۇن ئەسىرلەر ئىلگىرىلا بار بولۇپ ، شۇ چاغلاردىلا ئەجدادلىرىمىز بۇ يوللارنى بويلاپ شەھەر ، بازار ، مەھەللە ، ئۆتەڭ ۋە كارۋان سارايلىرىنى بەرپا قىلغانىدى . چىڭ سۇلالىسى يىللىرىغا كەلگەندە ، ھەربىي ئېھتىياج سەۋەبىدىن يوللار ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىندى . كاڭشى ، يۇڭجېڭ ، چيەنلۇڭ خانلار شىنجاڭغا ھەربىي يۈرۈش قىلىش ۋاقتىدا ئوردا ۋە قوماندانلىق ئورگانلىرى بىلەن ھەربىي قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى ئالا-قىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ئەسلىدە بار بولغان ئۆتەڭلەردىن باشقا يەنە مەخسۇس ھەربىيلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەربىي پونكىتلار ( بارگاھ ، قارارگاھ ۋە گازارمىلار ) نى تەسىس قىلدى . ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ھۆكۈمەت خەۋەر ـ ئالاقىلىرىنى يەتكۈزىدىغان تۆت خىل ئاپپارات تەشكىل قىلدى . ئۇلار : (1) دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان جىددىي ۋە تېز يەتكۈزۈش پونكىتلىرى . (2) مەركەز ۋە يەرلىك مەمۇرىي ئورۇنلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئۆتەڭ-لەر . (3) ھەربىي ئەشيالارنى توشۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھارۋا ۋە تۆگە راباتلىرى . (4) چارلاش ، قوغداش ۋە خەۋەر يەتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل قاراۋۇلخانىلاردىن ئىبارەت .

ئۇ چاغدىكى يول لىنىيىسى بېيجىڭدىن چىقىپ خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ ، جيايۈيگۈەن ئارقىلىق قۇمۇلغا كېلىپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى . بىر يول غەربكە قاراپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ قەشقەرگە كېلەتتى ، يەنە بىر يول غەربىي شىمالغا قاراپ تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئىلىغا كېلەتتى . قەشقەرگە بارىدىغىنى جەنۇبىي يول ، ئىلىغا بارىدىغىنى شىمالىي يول دېيىلەتتى . ئۆتەڭ ، ھەربىي قارارگاھ ، بارگاھ ، قاراۋۇلخانىلار ئادەتتە يول لى-نىيىسىنى بويلاپ سۇ مەنبەلىرىگە يېقىن جايلارغا قۇرۇلاتتى ، شۇڭا ئۆتەڭ ۋە بېكەتلەر ئارىلىقى بىر خىل ئەمەس ئىدى . بەزىلىرىنىڭ ئارىلىقى 40 ～ 50 يول كېلەتتى ، بەزىلىرىنىڭ 100 يولدىن ئاشاتتى . ئادەتتە 60 ～ 70 يولدا بىردىن ئۆتەڭ ياكى بېكەت بولاتتى . بەزى جايلاردا قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىپ ياكى ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ ئاندىن ئۆتەڭ قۇراتتى . گ-ۇاڭشۈينىڭ 8 ـ يىلى ( 1882 ـ يىلى ) شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش

تەستىقلانغاندىن كېيىن، بېكەت باشقۇرۇش تۈزۈملىرى كۈچەيتىلدى. ھەر-
بىر بېكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتەڭگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنى يەرلىك مەمۇرىي
ئورۇنلار باشقۇرىدىغان بولدى. ئۆتەڭلەرنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، شۇ جايدىن
ئۆتكەن ئەمەلدارلارنى مۇھاپىزەت قىلىش، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنى بىر
ئۆتەڭدىن يەنە بىر ئۆتەڭگە يەتكۈزۈش، ھەربىي ۋە يولۇچىلارنى كۈتۈش قا-
تارلىقلار ئىدى. ئادەتتە ئۆتەڭلەردە مۇقىم ئۆتەڭچىسى، ئاتباقار، چاپارمەن ۋە
مەخسۇس ئاتلار بولاتتى. ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي
چاپارمەن ئارقىلىق بىر ئۆتەڭدىن يەنە بىر ئۆتەڭگە يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى.
ھەرقايسى ئۆتەڭ ئارىلىقىدىكى مۇساپە ۋە يول ئەھۋالىغا قاراپ شۇ بېكەت ئارى-
لىقىدىكى مۇساپىنى پىيادە ياكى ئاتلىق قانچىلىك ۋاقىتتا بېسىپ بولۇش
كېرەكلىكى بېكىتىلگەن. ئادەتتە پىيادە خادىم كۈنىگە 100 يول ئەتراپىدا مې-
ڭىشى، ئاتلىق خادىم كۈنىگە 240 يول مېڭىشى، جىددىي ئالاقە
يەتكۈزگۈچىلەر سوتكىسىغا 600 يول بېسىشى كېرەك. ئۈرۈمچى بىلەن بېي-
جىڭنىڭ ئارىلىقى 8639 يول بولۇپ، خەت ـ ئالاقىلەر يېرىم ئايدا يەتكۈزۈلۈشى
كېرەك. ئەگەر ھۆججەتلەر كەم چىقسا، نەملىشىپ قالسا، يىرتىلسا ياكى
يەتكۈزۈش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلسە، ئالاقە يەتكۈزگۈچىلەر بەلگىلىمە بويىچە
جازالىناتتى. ئۆتەڭ خادىملىرىنىڭ ئەمىلىگە قاراپ بەلگىلەنگەن ئىش ھەققى ۋە
ھەربىر ئۆتەڭنىڭ مەمۇرىي راسخوتى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن پۇل بار ئىدى.
1884 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا (گۇچۇڭدىن قوبدۇغىچە،
قۇمۇلدىن جىيايۈيگۈەنگىچە بولغان ئارىلىقتا، موڭغۇللار رايونىدىكى ئون ئۆ-
تەڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جەمئىي 269 ئۆتەڭ بار ئىدى. ئۆتەڭ باشلىقىنىڭ
ئايلىق ئىش ھەققى 4 سەر 8 مىسقال كۈمۈش ئىدى. بىر ئاتباقار ئىككى
ئاتنى باقاتتى. ئايلىق ئىش ھەققى 3 سەر كۈمۈش ئىدى. بىر ئاتنىڭ بىر ئاي-
لىق يەم ـ خەشەك راسخوتى ئۈچۈن 2 سەر 4 مىسقال كۈمۈش بېرىلەتتى.
چىراغ يېغى، سىياھ، قەلەم راسخوتى ئۈچۈن ھەر ئايدا 3 سەر كۈمۈش بېرى-
لەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۆتەڭنىڭ رېمونت ئىشلىرى ۋە ئۈچتىن بىر
قىسىم ئاتنى يەڭگۈشلەش ئۈچۈن ھەر بىر ئۆتەڭگە يىللىق ئايرىم راسخوت
بېرىلەتتى. شۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 1910 ـ يىلى) دىكى
ستاتىستىكىلىق مەلۇمات بويىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا جەمئىي 213 ئۆتەڭ، 213

www.uyghurkitap.com

نەپەر ئۆتەڭبېشى ، 1060 نەپەر ئاتباقار ، 2104 تۇياق ئات بار ئىكەن . بىر يىللىق ئىش ھەققى ، ئوت ـ چۆپ ، يەم ـ خەشەك ، چىراغ ، ماي ، قەغەز قاتارلىقلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئومۇمىي راسخوت 113مىڭ 472 سەر كۈمۈش ئىدى . ئۆتەڭلەرنىڭ يىللىق رېمونتى ۋە ئات يەڭگۈشلەش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئومۇمىي راسخوت 9938 سەر 6 مىسقال 5 فۇڭ كۈمۈش ئىدى . بۇ ئىككى تۈرنى قوشقاندا ، ھەر يىللىق راسخوت قىلىنىدىغان كۈمۈش 123 مىڭ 410 سەر 6 مىسقال 5 فۇڭ بولاتتى .

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمەت پوچتىلىرىدا ئات ، خېچىر ، تۆگىلەردىن باشقا يەنە بىرىشكا ( ھارۋا ) ئىشلىتىلگەن . 1903 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ بىرىشكىسىغا ئوخشاش قىلىپ ياسالغان تۆت ئات قوشقىلى بولىدىغان بىرىشكا ئىشلىتىلگەن . ئۈرۈمچى بىلەن جيۇچۇەن ئارىلىقىدىكى ئۆتەڭلەردە ئۆتەڭ ھارۋىلىرى تەسىس قىلىنىغان . ھەربىر چوڭ ئۆتەڭدە ئوندىن پوچتا بىرىشكىسى بار ئىدى .

## چىڭ سۇلالىسى يىللىرىدىكى ئۆتەڭلەر

| ئۈرۈمچى ـ باركۆل ۋىلايىتى تەۋەلىكى | | ئادەم ۋە ئات سانى | | | بېرىلىدىغان كۈمۈش | | يىللىق ئومۇمىي خىراجەت ( سەر ) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۆتەڭ بېشى | ئاتباقار ( نەپەر ) | ئات ( تۇياق ) | ئايلىق خىراجەت (سەر) | يىللىق قوشۇمچە خىراجەت | |
| ئۈرۈمچى ناھىيە تەۋەسى | ئۈرۈمچى | 1 | 10 | 20 | 85.6 | 58.5 | 1128.1 |
| | قاراڭغۇ غول | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | سەيۋۇپۇ | 1 | 4 | 8 | 39 | 39.4 | 507.4 |
| | داۋانچىڭ | 1 | 4 | 8 | 39 | 39.4 | 507.4 |
| فۇكاڭ تەۋەسى | فۇكاڭ | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| | تېرەك ساي | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| جىمسار تەۋەسى | جىمسار | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| | سەنتەي | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 921.2 | 78.8 | 70.2 | 16 | 8 | 1 | | گوچۇڭ تەۋەسى |
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | گۇچۇڭ | |
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | بىڭيلىڭ | |
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | مورى | |
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | ئۇچبۇلاق | |
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | ئاقتۆپە | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | ئۇلانئوسۇ | |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | بىداۋچۇ | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | ئاچچىقسۇ | |
| | | | | | | يۈەنخۇ | |
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | سانجى | سانجى تەۋەسى |
| 714.2 | 59.1 | 54.6 | 12 | 6 | 1 | قۇتۇبى | قۇتۇبى تەۋەسى |
| | | | | | | ماناس | ماناس ناھىيە تەۋەسى |
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | لوتويى① | |
| 714.3 | 59.1 | 54.6 | 12 | 6 | 1 | ئالاۋسۇن | |
| 714.3 | 59.1 | 54.6 | 12 | 6 | 1 | يەنسىخەي | |
| 714.3 | 59.1 | 54.6 | 12 | 6 | 1 | توڭتەن | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | شيامىن | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | يېڭىئۆستەڭ | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | شاۋگەي | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | ئاچال | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | تاڭچاۋچۈي | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | جەرەنبۇلاق | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | | |
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | يانقىر(ياڭخې) | تۇرپان ئازارىتى تەۋەسى |
| 662.575 | 54.175 | 50.7 | 11 | 5.5 | 1 | بوغانتور | |
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | توقسۇن | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | كىچىك ياغ | |
| 714.3 | 59.1 | 54.6 | 12 | 6 | 1 | سىڭگىم ئېغىزى | |
| 714.3 | 59.1 | 54.6 | 12 | 6 | 1 | سۇ بېشى | |
| 662.575 | 54.175 | 50.7 | 11 | 5.5 | 1 | ئايغىربۇلاق | |
| 714.3 | 59.1 | 54.6 | 12 | 6 | 1 | ئۈزمە دەڭ | |
| 714.3 | 59.1 | 54.6 | 12 | 6 | 1 | كۈمۈشئاقما | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پىچان ناھىيە تەۋەسى | پىچان | 1 | 5.5 | 11 | 50.7 | 54.175 | 662.575 |
| | لەمجىن | 1 | 5.5 | 11 | 50.7 | 54.175 | 662.575 |
| | چىقتىم | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | قىرىق | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | تۇركۆل | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| | خۇيجىگزى | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | توغراقلىق | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | يەتتىقدۇق | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | چاق | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| قۇمۇل نازارىتى تەۋەسى | قۇمۇل | 1 | 10 | 20 | 85.8 | 98.5 | 1128.1 |
| | سۇمقاغا | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | توغۇچى | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | تارانچى | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | لياۋدۇك | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | جامبۇلاق | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | چىگساۋگۇ | 1 | 3 | 6 | 31.2 | 29.55 | 403.95 |
| | ساۋۇلاق | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| | ئەلتۈمۇر | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| | يەندۇن | 1 | 9 | 18 | 78 | 88.65 | 1024.65 |
| | ئاچچىقسۇ | 1 | 9 | 18 | 78 | 88.65 | 1024.65 |
| | قۇمبۇلاق | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| | كۆشۈتى ئىغىزى | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | شىگشىگشيا | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| باركۆل نازارىتى تەۋەسى | باركۆل | 1 | 8 | 16 | 70.2 | 78.8 | 921.2 |
| | كۆيسۇ | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | سوجى | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | شاگلىباۋ چۈەن | 1 | 5 | 10 | 46.8 | 49.25 | 610.85 |
| | شيالىباۋ چۈەن | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | ۋۇتۇشۇي | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | چىغئۈتەك | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | شىخو | شىخو قاراسۇ قازارنى تەۋەسى |
| 814.3 | 59.1 | 54.6 | 12 | 6 | 1 | كۆبتۆن | |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | پىر تاجى | |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | تاللىق | |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | توغراقچازا | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | كۆلئۆتەڭ | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | كورخى | |
| كېيىنكى ئىككى ئۆتەڭ ئۈچۈن خىراجەت ئالمىغان | يوق | يوق | 8 | 4 | 1 | سالائوسو | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | ئۆزۈن بۇلاق | |
| 55828.7 | 4629.5 | 4266.6 | 948 | 474 | 78 | 78 ئۆتەڭ | جەمئىي |

| يىللىق ئومۇمى خىراجەت ( سەر ) | بېرىلىدىغان كۆمۈش | | ئادەم ۋە ئات سانى | | | ئاقسۇ ۋىلايىتىگە تەۋە ئۆتەڭلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يىللىق قوشۇمچە خىراجەت | ئايلىق خىراجەت (سەر) | ئات ( نوياق ) | ئاتباقار (نەپەر) | ئۆتەڭبېشى | | |
| 912.2 | 78.8 | 70.2 | 16 | 8 | 1 | ئاقسۇيېڭىشەھەر | ئاقسۇ يېڭىشەھەر تەۋەسى |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | قۇمباش | |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | سايئېرىق | |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | چۆلقۇدۇق | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | ئارشاڭ | ئاقسۇ كونىشەھەر تەۋەسى |
| 714.3 | 59.1 | 54.6 | 12 | 6 | 1 | جام | |
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | قارايۇلغۇن | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | سۇيالىق | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | تۇرئاۋات | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | قورغان | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | توبۇلاق | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | تۇغمەلجى | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | تامغىتاش | |

www.uyghurkitap.com

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ كەلپىن تەۋەسى | ئاقساقال | 1 | 4 | 8 | 39 | 39.4 | 507.4 |
| | چىلان | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | ئاچال | 1 | 2 | 2 | | | گۇاڭشۈيىنىڭ 29 ـ يىلى بۇ ئىككى ئۆتەڭ تاشقى تاپاۋەتتىن خىراجەت قىلغان |
| | كەلپىن | 1 | 2 | 2 | يوق | يوق | |
| باي ناھىيە تەۋەسى | باي | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | سايرام | 1 | 5 | 10 | 46.8 | 49.25 | 610.85 |
| | قەيسەر | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | ئۈيۈستەڭ | 1 | 5 | 10 | 46.8 | 49.25 | 610.85 |
| | سالچوق | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| قارا شەھەر مەھكىمىسى تەۋەسى | قاراشەھەر | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | قاراقىزىل | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | شىنچىڭزى | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | ئۇشاقتال | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | تېۋىلغا | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | قالقا(باش ئەگىم ) | 1 | 5.5 | 11 | 50.7 | 54.175 | 662.575 |
| | كورلا | 1 | 5.5 | 11 | 50.7 | 54.175 | 662.575 |
| | قوشباغ | 1 | 5.5 | 11 | 50.7 | 54.175 | 662.575 |
| | چەرچى | 1 | 5.5 | 11 | 50.7 | 54.175 | 662.575 |
| بۈگۈر ناھىيە تەۋەسى | بۈگۈر | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | يېڭىسار | 1 | 6 | 12 | 54.6 | 59.1 | 714.3 |
| | چىدىر | 1 | 5.5 | 11 | 50.7 | 54.175 | 662.575 |
| | ئەشمە | 1 | 5.5 | 11 | 50.7 | 54.175 | 662.575 |
| لوپنۇر تەۋەسى | قارىقۇم | 1 | 3 | 6 | 31.2 | 29.55 | 403.95 |
| | يېڭى چىلگەدەرياسى | 1 | 3 | 6 | 31.2 | 29.55 | 403.95 |
| | قاراتوغراق | 1 | 3 | 6 | 31.2 | 29.55 | 403.95 |
| لوپنۇر ناھىيە تەۋەسى | يېڭىئال | 1 | 3 | 6 | 31.2 | 29.55 | 403.95 |
| | ئۇلۇغ كۆل | 1 | 3 | 6 | 31.2 | 29.55 | 403.95 |
| | كۆزلەك | 1 | 3 | 6 | 31.2 | 29.55 | 403.95 |
| | قوشدۆڭ | 1 | 3 | 6 | 31.2 | 29.55 | 403.95 |
| | دولال | 1 | 3 | 6 | 31.2 | 29.55 | 403.95 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | چارقىلىق | چارقىلىق ناھىيە تەۋەسى |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | لوپ | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | قارىدەي | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | ئارغان | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | توقۇم | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | قوغان | |
| 817.75 | 68.95 | 62.4 | 14 | 7 | 1 | كۇچار | كۇچار ئايمىقى تەۋەسى |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | قوشئاۋات | |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | چۆل ئۆتەك | |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | ياقا ئېرىق | |
| 714.3 | 59.1 | 54.6 | 12 | 6 | 1 | توخولا | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | شايار | شايار تەۋەسى |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | لەڭگەر | |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | ئۇچتۇرپان | ئۇچتۇرپان تەۋەسى |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | يانقىر(ئاچتاغ) | |
| 32552.4 | 2600.4 | 2496 | 532 | 268 | 58 | 85 ئۆتەك | جەمئىي |

| يىللىق ئومۇمىي خىراجەت ( سەر ) | بېرىلىدىغان كۆمۈش | | ئادەم ۋە ئات سانى | | | قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە ئۆتەڭلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يىللىق قوشۇمچە خىراجەت | ئايلىق خىراجەت (سەر) | ئات ( تۇياق ) | ئاتباقار ( نەپەر ) | ئۆتەڭبېشى | | |
| 714.8<br>610.85<br>507.4 | 59.1<br>49.25<br>39.4 | 54.6<br>46.8<br>39 | 16<br>10<br>8 | 8<br>5<br>4 | 1<br>1<br>1 | قەشقەر<br>يېڭىشەھەر<br>يامانيار<br>ياپچان | يېڭىشەھەر مەھكىمىسى تەۋەسى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پەيزىۋات ناھىيە تەۋەسى | پەيزىۋات<br>يېڭىئاۋات<br>كۆرۈك<br>قۇم كەپە<br>ئۆردەكلىك | 1<br>1<br>1<br>1<br>1 | 5<br>5<br>5<br>5<br>5 | 10<br>10<br>10<br>10<br>10 | 46.8<br>46.8<br>46.8<br>46.8<br>46.8 | 49.25<br>49.25<br>49.25<br>49.25<br>49.25 | 610.85<br>610.85<br>610.85<br>610.85<br>610.85 |
| مارالبېشى ئايمىقى تەۋەسى | مارالبېشى<br>چاھارباغ<br>تۇمشۇق<br>چىدىر كۆل<br>ياقا قۇدۇق<br>يايدى<br>چۇشۇرگە<br>قاراقىرچىن<br>جىگدە شامالىلىق<br>ئاقساق مارال<br>ئالائايغىر<br>تۆۋەنئاۋات<br>لايلىق | 1<br>1<br>1<br>1<br>1<br>1<br>1<br>1<br>1<br>1<br>1<br>1<br>1 | 7<br>5<br>5<br>5<br>5<br>5<br>5<br>4<br>4<br>4<br>4<br>4<br>4 | 14<br>10<br>10<br>10<br>10<br>10<br>10<br>10<br>8<br>8<br>8<br>8<br>8 | 62.4<br>46.8<br>46.8<br>46.8<br>46.8<br>46.8<br>46.8<br>46.8<br>يەرلىكتىن چى - قىم قىلىنغان<br>يەرلىكتىن چىقىم قىلىنغان | 68.95<br>49.25<br>49.25<br>49.25<br>49.25<br>49.25<br>49.25<br>49.25<br>يەرلىكتىن چى - قىمقىلىنغان<br>يەرلىكتىن چە - قىمقىلىنغان | 817.75<br>610.85<br>610.85<br>610.85<br>610.85<br>610.85<br>610.85<br>610.85<br>تۆۋەندىكى ئالتە ئۆتەڭنى گۇاڭشۈي - نىڭ 28 - يىلى يەرلىك ھاكىمىيەت قايتا تەسىس قىلغان |
| يەركەن مەھكىمە تەۋەسى | ئېلىشقۇ<br>يەركەن<br>كۆكرابات<br>ھەسەلباغ<br>ياقائېرىق | 1<br>1<br>1<br>1<br>1 | 4<br>6<br>4<br>4<br>2 | 8<br>12<br>8<br>8<br>3 | يەرلىك چىقىم<br>54.6<br>39<br>39<br>21 | يەرلىك چىقىم<br>59.1<br>39.4<br>39.4<br>14.775 | يەرلىك مالىيە - دىن چىقىم قىلىنغان<br>714.3<br>507.4<br>507.4<br>266.775 |
| گوما ناھىيە تەۋەسى | قارغىلىق<br>پوسكام<br>قوشلەڭگەر<br>گوما<br>چولاق<br>موجى<br>زاڭگوي<br>پىيالما | 1<br>1<br>1<br>1<br>1<br>1<br>1<br>1 | 4<br>4<br>4<br>6<br>4<br>4<br>4<br>4 | 8<br>8<br>8<br>12<br>8<br>8<br>8<br>8 | 39<br>39<br>يەرلىك چىقىم<br>54.6<br>39<br>39<br>يەرلىك چىقىم<br>39 | 39.4<br>39.4<br>يەرلىك چىقىم<br>59.1<br>39.4<br>39.4<br>يەرلىك چىقىم<br>39.4 | 507.4<br>507.4<br>گۇاڭشۈينىڭ 13-14-يىللىرى يەرلىك مالىيىدىن چىقىم قىلىنغان<br>714.3<br>507.4<br>507.4<br>يەرلىك مالىيىدىن چىقىم قىلىنغان<br>507: 4 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 266.775 | 14.775 | 21 | 3 | 2 | 1 | باشقۇرغان | تاشقورغان بازارىنى |
| 266.775 | 14.775 | 21– | 3 | 2 | 1 | شىندى | |
| 266.775 | 14.775 | 21 | 3 | 2 | 1 | جىجاق | |
| 266.775 | 14.775 | 21 | 3 | 2 | 1 | تارباش | |
| 266.775 | 14.775 | 21 | 3 | 2 | 1 | تولۇبولۇن | |
| 266.775 | 14.777 | 21 | 3 | 2 | 1 | چىلگۈمبەز | |
| 266.775 | 14.775 | 21 | 3 | 2 | 1 | تاشدەڭ | تاشقورغان بازارىنى تەۋەسى |
| 266.775 | 14.775 | 21 | 3 | 2 | 1 | باقتى | |
| 266.775 | 14.775 | 21 | 3 | 2 | 1 | كەيزى | |
| 266.775 | 14.775 | 21 | 3 | 2 | 1 | ئاپىلىق | |
| 266.775 | 14.775 | 21 | 3 | 2 | 1 | توغراق | |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | يېڭسار | يېڭسار بازارىنى تەۋەسى |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | توپىلىق | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | قىزىل | |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | خوتەن | خوتەن بازارىنى تەۋەسى |
| 610.85 | 49.25 | 46.8 | 10 | 5 | 1 | زاۋا | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | دول | لوپ |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | ئاقتاش | |
| 403.95 | 29.55 | 31.2 | 6 | 3 | 1 | كېرىيە | كېرىيەناھىيە تەۋەسى |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | خەنلەن | |
| 507.4 | 39.4 | 39 | 8 | 4 | 1 | چىرىيە | |
| 23236.2 | 1773 | 1788.6 | 428 | 220 | 55 | 55 تۈنەك | جەمئىي |

| ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايىتى تەۋەسى | | ئادەم ۋە ئات سانى | | | بېرىلىدىغان كۈمۈش | | يىللىق ئومۇمىي خىراجەت ( سەر ) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۆتەڭبېشى | ئاتباقار ( نەپەر ) | ئات ( تۇياق ) | ئايلىق خىراجەت (سەر) | يىللىق قوشۇمچە خىراجەت | |
| قورغاس ئازارتى تەۋەسى | ئىلى | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | كۈرە | 1 | 4 | 8 | 39 | 39.4 | 507.4 |
| | سۈيدۈڭ | 1 | 4.5 | 9 | 42.9 | 44.325 | 559.125 |
| | ساربۇلاق | 1 | 4.5 | 9 | 42.9 | 44.325 | 559.125 |
| | كەڭساي | 1 | 4.5 | 9 | 42.9 | 44.325 | 559.125 |
| | سايرام | 1 | 4.5 | 9 | 42.9 | 44.325 | 559.125 |
| | قومۇشبۇلاق | 1 | 4.5 | 9 | 942.9 | 24.625 | 559.125 |
| | قورغاس | 1 | 2.5 | 5 | 27.3 | 44.325 | 352.225 |
| جىك ئازارتى تەۋەسى | جىك | 1 | 5 | 10 | 46.8 | 49.25 | 610.85 |
| | توغراق چازا | 1 | 7 | 14 | 62.4 | 68.95 | 817.75 |
| | تولى | 1 | 5 | 10 | 46.8 | 49.25 | 610.85 |
| | توقۇمچى | 1 | 6 | 10 | 46.8 | 49.25 | 610.85 |
| | قومبۇلاق | 1 | 3 | 6 | يوق | يوق | گۇاڭشۈيىنىڭ 30 ـ يىلى تاشقى راسخوتتىن چىـ قىمقىلىنغان |
| چۆچەك ناھىيە تەۋەسى | چۆچەك | 1 | 5 | 10 | 46.8 | 49.25 | 610.85 |
| | دىگيۈەن | 1 | 4 | 8 | 39 | 39.4 | 507.4 |
| | ئېرداۋ | 1 | 4 | 8 | 39 | 39.4 | 507.4 |
| | دۆربىلجىن | 1 | 4 | 8 | 39 | 39.4 | 507.4 |
| | تولى | 1 | 4 | 8 | 39 | 39.4 | 507.4 |
| | ياما | 1 | 4 | 8 | 39 | 39.4 | 507.4 |
| | قۇندۇ | 1 | 4 | 8 | 39 | 39.4 | 507.4 |
| | مىيور | 1 | 4 | 8 | 39 | 39.4 | 507.4 |
| | شىنا | 1 | 4 | 8 | 39 | | 507.4 |
| جەمئىي | 22 ئۆتەڭ | 22 | 98 | 196 | 904.8 | 935.75 | 11793.35 |

# §5 . ئاپتونوم رايونىمىزدا تارىختا قوللىنىلغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكلىرى

تارىختا يۇرتىمىزدا يول، چاقىرىم، تاش، فەرسەخ، پوتەي، ياغاچ، قىرى دېگەن ئۆلچەم بىرلىكلىرى قوللىنىلىپ كەلدى. گەرچە بۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ، تارىخىي كىتابلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. تارىختىكى كارۋان يوللىرىمۇ مۇشۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرى بىلەن ھېسابلىنىپ كەلگەن. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىشنى لايىق تاپتىم.

## يول

قەدىمكى ۋە ھازىرقى كىتابلاردا بىر يول 500 مېتىرغا تەڭ دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، «يول» خەنزۇلار قوللىنىپ كېلىۋاتقان «里» بىلەن ئوخشاش. «يول» تۇرپان ۋە قۇمۇللاردا كۆپرەك قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، يەرلىك پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە بىر يول 700 قەدەم بولىدىكەن. بۇنى مېتىرغا سۇندۇرساق يەنىلا 500 مېتىر بولىدۇ. پېشقەدەم تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ ئېيتىشىچە، «يول» خەنزۇچە «里» بىلەن ئوخشاش، چاقىرىم رۇسلار قوللىنىۋاتقان «ۋىرستا» بىلەن ئوخشاش ئىكەن. بورھان شەھىدى تۈزگەن ئۈچ تىللىق لۇغەتتە «چاقىرىم» «ۋىرستا» (俄里) بىلەن ئوخشاش دەپ كۆرسىتىلگەن①. رۇسچە ماتېرىياللاردا بىر ۋىرستا 1.068 كىلومېتىر بولىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن②. قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «قازاق ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە بىر چاقىرىم 1.07 كىلومېتىرغا تەڭ دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك

① بورھان شەھىدى تۈزگەن ئۈچ تىللىق لۇغەت، 242 ـ بەت.

② ئۆزبېكىستان «پەن ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىل 1 ـ سان، 29 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېنسىكلوپېدىيىسى » دە بىر چاقىرىم 1.06 كىلومېتىر دەپ ئېلىنغان .
ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى تۈزگەن « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » نىڭ 2 - تومىدا « چاقىرىم — مېتىر سىستېمىسى قوبۇل قىلىنغانغا قەدەر قوللىنىلغان يەرلىك ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى ، بىر چاقىرىم ئۇزۇنلۇق ئادەتتە 1.06 كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ » دېيىلگەن ①. دېمەك ، يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل سان يەنىلا شۇ بىر ساندىن ( 1.068 ) دىن ئېلىنغان بولۇپ ، بۇ ئىككى ئاتالغۇ مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى سۆز . چاقىرىم جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپرەك قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ ، يەرلىك پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ، سەھەردە بامدات نامىزىغا توۋلىغان ئەزان ئاۋازى يېتىدىغان ئارىلىق بىر چاقىرىم بولىدىكەن .
چاقىرىم گەرچە ئۇيغۇر ، قازاق ، ئۆزبېك ، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئۇزۇندىن بۇيان قوللىنىپ كەلگەن بىر خىل ئۆلچەم بىرلىكى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ خەلقئارا ئۆلچەم بىرلىكى بولغان مېتىر سىستېمىسىغا ماس كەلمىگەن-لىكى ئۈچۈن ، ھازىرقى دەۋردە قوللىنىش قولايسىز .

## تاش

چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى ، شىنجاڭدا يول مۇساپىسىنى ئۆلچەشتە يەنە « تاش » دېگەن ئۆلچەم بىرلىكمۇ قوللىنىلغان بولۇپ ، ھەر سەككىز چاقىرىم ئارىلىقتا بىردىن تاش بەلگە ئورنىتىلاتتى . بۇ تاش كونۇس شەكىللىك بولۇپ ، ئۈنىڭ ئۈستىگە مۇساپە سانى يېزىلاتتى . رۇس پولكوۋنىكى ، گېئوگراف ئا . ن . كروپاتكىن « قەشقەرىيە » دېگەن كىتابىدا قەشقەر بىلەن كورلا ئارىلىقىدا بۇنداق تاش بەلگىلەرنى كۆپ كۆرگەنلىكىنى بايان قىلغان .
ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغان « پەن ۋە تۇرمۇش » ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 1 - سانىدا بىر تاش 8.5 كىلومېتىرغا تەڭ دەپ كۆرسىتىلگەن . قەدىمكى كىتابلاردا ، بىر تاش سەككىز چاقىرىم ، يەنى 12 مىڭ قەدەم ، بىر

---

① « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 2 - توم ، 651 - بەت .

چاقىرىم 1500 قەدەم دەپ كۆرسىتىلگەن . يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، يەنە « فەرسەخ » ، « قېرى » دېگەن ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكلىرىمۇ ئۇچرايدۇ .

**فەرسەخ** ①

بىر پەرسەخ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ .

**قېرى**

ماتا رەختنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ ، بىر قېرى 26 ~ 28 ديۇيىم ياكى 64.04 ~ 71.12 سانتىمېتىرغا تەڭ بولىدۇ② .

**پوتەي**

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇساپە ئۆلچەشتە « پوتەي » ( تۇرا ) ئۆلچىمىمۇ قوللىنىلغان . تارىختىكى فېئودال ھاكىمىيەتلەر ھەربىي ئېھتىياج تۈپەيلى مۇھىم يوللارنى بويلاپ ، نۇرغۇن تۇرا ( پوتەي ) لارنى ياسىغان . ئەينى چاغدا مۇشۇ پوتەيلەرگە ئاساسەن مۇساپە ھېسابلايتتى . تاكى بۈگۈنگىچە يەرلىك خەلقلەر ئىچىدە مۇنچە پوتەي يول ماڭدىم دەپ سۆزلەيدىغان كىشىلەر بار .

قەشقەردىن ئاقسۇغىچە 453 چاقىرىم يول بولۇپ ، جەمئىي 166 پوتەي بار ئىدى . بۇ پوتەيلەرنىڭ ئارىلىقى ئوخشىمايدىغان بولۇپ ، 1 ~ 4 چاقىرىمغىچە كېلەتتى . ئوتتۇرىچە بىر پوتەي ئارىلىقى 2.73 چاقىرىم كېلەتتى . گەرچە پوتەي ئارىلىقلىرى بىر خىل بولمىسىمۇ ، ئۇلارنىڭ كونكرېت مۇساپىلىرى بەلگىلەنگەنىدى .

**ياغاچ**

بىر ياغاچ تەخمىنەن 16 چاقىرىم كېلىدۇ .

---

① « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » ، 1991 ـ يىل 25 ـ سېنتەبىر سانى .

② « تارىخىي رەشىدى » خەنزۇچە نەشرى ، 191 ـــ 192 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## پوتەيلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى

| ئارىلىق | پوتەي سانى | چاقىرىم | يول |
|---|---|---|---|
| قەشقەر ـ مارالبېشى | 60 | 240 | 512 |
| مارالبېشى ـ چارباغ | 8 | 24 | 51 |
| چارباغ ـ تۇمشۇق | 16 | 28 | 60 |
| تۇمشۇق ـ سېسىق قۇدۇق | 10 | 28 | 60 |
| سېسىق قۇدۇق ـ ياقائىرىق | 10 | 11 | 23 |
| يانتۇقۇدۇق ـ تۆۋەنكى يايدى | 10 | 20 | 43 |
| تۆۋەنكى يايدى ـ يېڭى چىلان | 10 | 18 | 39 |
| يېڭى چىلان ـ شوتاقۇدۇق | 10 | 25 | 54 |
| شوتاقۇدۇق ـ خاڭگوك | 10 | 12 | 26 |
| خاڭگوك ـ ئايكۆل | 10 | 17 | 37 |
| ئايكۆل ـ ئاقسۇ | 12 | 29 | 62 |
| قەشقەر ـ ئاقسۇ | 166 | 453 | 967 |

**پايدىلانغان ماتېرىياللار :**

1 . « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى .
2 . « فۇكاڭ تەزكىرىسى » .
3 . « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى .
4 . « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » .
5 . « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » ، 1991 ـ يىل 25 ـ سېنتەبىر سانى .
6 . ئۆزبېكىستان « پەن ۋە تۇرمۇش » ژورنىلى ، 1985 ـ يىل 1 ـ سان .

## ئۈچىنچى باب

# قەشقەردىن باشلىنىدىغان يوللار

## §1 . قەشقەر شەھىرى

### 1 . قەشقەر شەھىرىنىڭ تەبئىي شارائىتى

قەشقەر شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىغا ، قەشقەر دەرياسى ۋادىسىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75° 59′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 39° 28′ قا جايلاشقان . دېڭىز يۈزىدىن 1220 مېتىر ئېگىز . قەشقەر شىنجاڭ بويىچە ئەڭ قەدىمكى بوستانلىقلارنىڭ بىرى . ئومۇمىي يەر تۈزۈلۈشىدىن ئالغاندا شىمالىي تەرىپى ئېگىز ، جەنۇب تەرىپى پەس ، ئەسىرلەر داۋامىدا قىزىل دەرياسى ① ئۆز ئېقىنىنى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتكەنلىكتىن ، بۇ جايدا يارلارنى ھاسىل قىلىپ يەر شەكلىنى ناھايىتى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن .

قىزىل دەرياسى قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىنى بويلاپ غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ ئۆتىدۇ . تۈمەن دەرياسى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ .

قەشقەر شەھىرىنىڭ كىلىماتى ئىسسىق بەلۋاغ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا ياتىدۇ . تۆت پەسلى ئىسسىق ، ياز ئۇزۇن ، قىش قىسقا بولىدۇ ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7 ℃ ، 1 ــ ئاي ئەڭ سوغۇق بولۇپ ، ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 6.5 ℃ ، 7 ــ ئايدا ئەڭ ئىسسىق بولۇپ ، ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.9 . ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 24.4 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 40.1 ℃ بولىدۇ ، يىللىق قىروسىز مەزگىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 215

---

① قىزىل دەرياسى ـــ باشلىنىش مەنبەسىدىن قەشقەرغىچە قىزىلسۇ دەرياسى ، ئاياغ قىسمى قەشقەر دەرياسى دەپ ئاتالغان .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈن ، يىللىق ئومۇمىي كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2822 سائەت ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 62.7 مىللىمېتىر ، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 26.33 مىللىمېتىر ، كۆپ ھاللاردا غەربىي شىمال قۇرغاق شامىلى چىقىدۇ .

قەشقەر دەرياسى ۋادىسىنىڭ تۇپرىقى ئۇنۇملۇك ، مەنزىرىسى گۈزەل ، قىزىل دەرياسى ، تۈمەن دەرياسى قاتارلىق دەريالار بۇ ۋادىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ ياپيېشىل ئورمانزارلىقلارنى ، ئوتلاقلارنى بەرپا قىلغان . ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخى جەريانىدا ئېتىزلارنى ، سانسىز باغلارنى بەرپا قىلغان ۋە دۇنياغا مەشھۇر مېۋە سورتلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن . قەشقەر رايونىدا تېرەك ، سۆگەت ، ئۈجمە ، جىگدە ، ئاكاتسىيە ، چىنار ، قارىغاي ، شەمشاد ، ئارچا ، يۇلغۇن ، توغراق قاتارلىق دەرەخلەر ، شاپتۇل ، ئۆرۈك ، ئۈزۈم ، ئامۇت ، توغاچ ، بېھى ، ئالما ، بادام ، ئەنجۈر ، ئانار ، گىلاس ، پىستە ، بادام قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بار . دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي ، كۆممىقوناق ، كېۋەز ، شال ، ئارپا ، يالڭاچ ئارپا ، قىچا ، زىغىر ، خاسىڭ ، كۈنجۈت ، ئارپابەدىيان ، بېدە ، زىرە قاتارلىق زىرائەتلەر ۋە ھەرخىل كۆكتاتلار تېرىلىدۇ . چۈچۈكبۇيا ، قانتېپەر ، چاكاندا ، تاغ لەيلىسى قاتارلىق نەچچە ئون خىل دورا ئۈسۈملۈكلىرىمۇ چىقىدۇ . ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە ، ياۋا توڭگۇز ، كېيىك ، يىلپىز ، ئۈلار ، ياۋا توشقان قاتارلىقلار بار . ئۇچار قۇشلارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ .

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھىرى بولۇپ ، تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بىرى ، شۇنداقلا شىنجاڭ رايونىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان ، قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ گۈللەنگەن سودا ـ تىجارەتلىرى بىلەن نام چىقارغان ، خەلقى زىچ ، ئاۋات ئىدى . شۇڭا ، تارىختا « ئەزىزانە قەشقەر » دەپ نام ئالغان . خاتىرىلەرگە قارىغاندا ، بۇ يەر « قەلئەسى ، بازىرى بار ، غەربىي يۇرت بويىچە ھەممە دۆلەتلەردىن چوڭراق » ھەمدە « كوچىلىرى گىرەلەشكەن ، بازارلىرى تۇتاشقان » ، بازىرىدا « رەڭگارەڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ھەمىشە تېپىلىدىغان ، چارۋا ، مېۋە ـ چېۋىلەر ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ » ئاۋات جاي بولۇپ ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن سودا

كارۋانلىرى ئۆز ئارا ئۇچرىشىدىغان، سودىسى ئىنتايىن گۈللەنگەن قاتناش تۈگۈنى ئىدى.

مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى ئېچىلغان يىپەك يولى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن باشلىنىپ خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ، دۇنخۇاڭغا كەلگەندە غەربكە سوزۇلۇپ ئۈچ يولغا بۆلۈنەتتى. بىرىنچى يول دۇنخۇاڭدىن چىقىپ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ، چارقىلىق، چەرچەن، نىيە، كېرىيە، خوتەنلەر ئارقىلىق قارغىلىققا كېلىپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى، بىرى تاشقورغان ئارقىلىق پامىردىن ئۆتۈپ باكترىيە (هازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى) گە كىرىپ ئىرانغا باراتتى. يەنە بىرى قەشقەرگە كېلىپ ئاندىن پامىردىن ھالقىپ ئىرانغا باراتتى. بۇ جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلاتتى. ئىككىنچى يول دۇنخۇاڭدىن چىقىپ تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلۇپ، تۇرپان، كىنگىت، كۇسەن، ئەردۇېل (ئاقسۇ)، مارالبېشى ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، ئاندىن تەڭرىتاغنىڭ ئېگىز ئومۇرتقىلىرىدىن ۋە تېرەك داۋاندىن ھالقىپ پەرغانە ۋادىسى ئارقىلىق ئىرانغا باراتتى. بۇ ئوتتۇرا يول دەپ ئاتىلاتتى. ئۈچىنچى يول دۇنخۇاڭدىن چىقىپ قۇمۇل، يەتتىقۇدۇق ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ مورى ۋە بەشبالىق (جىمسار) ئارقىلىق يېڭىبالىق (سانجى ئەتراپى) غا كېلىپ، ھازىرقى ئۈرۈمچى ـ ئىلى يولىنى بويلاپ جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، تەڭرىتاغ ئېغىزى (تەلكە ئېغىزى) ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىدىكى ئالمالىققا كېلىپ، ئاندىن غەربكە مېڭىپ كاسپىي دېڭىزى بويى ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە باراتتى. بۇ شىمالىي يول دەپ ئاتىلاتتى. قەشقەردىن شەرقىي جەنۇبقا ماڭسا يەركەن، قارغىلىق ئارقىلىق خوتەنگە، ئاندىن نىيە، چەرچەن، چارقىلىقلار ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە، قەشقەردىن قارغىلىق ئارقىلىق تىبەت ۋە ھىندىستانلارغا باراتتى. غەربىي جەنۇبقا ماڭسا تاشقورغان ئارقىلىق كەشمىرگە، ئۇ يەردىن غەرب ئەللىرىگە ۋە ھىندىستانغا باراتتى. شەرقىي شىمالغا ماڭسا ئۈرۈمچىگە ۋە مۇزئارت ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىغا، غەربكە ماڭسا ئەركەشتام ئارقىلىق ئەنجان، بۇخارالارغا، غەربىي شىمالغا ماڭسا تورغات ئارقىلىق پەرغانە ۋادىسىغا بارغىلى بولاتتى. قەشقەر شەھىرى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، بۇ يەردىن ئۈرۈمچى ـ خوتەن تاشيولى ئارقىلىق خوتەنگە، قەشقەر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قونجىراپ خەلقئارا يولى ئارقىلىق پاكىستانغا، تورغات ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئۈرۈمچى ــ قەشقەر تاشيولى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پەيزىۋات، يوپۇرغا ۋە ئۇلۇغچات قاتارلىق ناھىيىلەرگە بارىدىغان تارماق تاشيوللارمۇ كۆپ.

## 2. قەشقەر شەھىرى مەمۇرىي رايونىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگىچە غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان سۇلى ① دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ، «سۇلى» دېگەن نام ئاستا ـ ئاستا «قەشقەر» دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، مىلادىيە 648 ـ ۋە 658 ـ يىللىرى تاڭ سۇلالىسى قەشقەردە ئىككى قېتىم ئەمىر مەھكىمىسى قۇرغان. مىلادىيە 850 ـ يىلى قۇرۇلۇپ 1218 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. 1218 ـ يىلى چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن، قەشقەر دەسلەپتە چىڭگىزخاننىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، كېيىن ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ سويۇرغاللىقىغا ئايرىلغان. 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قەشقەرنىڭ شەرقىي قىسمى چاغاتاي خانلىقىغا (موغۇلىستان دەپ ئاتالغان) تەۋە بولدى، كېيىن توغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان ھاكىمىيەت ئىلكىدە بولدى. 1488 ـ يىلى قەشقەر مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەر سۇلتانلىقىنىڭ پايتەختى بولدى. 1513 ـ يىلى سەئىدخان قەشقەر سۇلتانىنى ئاغدۇرۇپ قەشقەر ـ سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ، دەسلەپتە قەشقەرنى پايتەخت قىلغان، كېيىن پايتەخت يەركەنگە كۆچۈرۈلگەچكە، يەركەن ـ سەئىدىيە خانلىقى دەپ ئاتالغان. يەركەن ـ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، قەشقەر يەركەن خانلىقىغا تەۋە بولغان. 1678 ـ يىلىدىن كېيىن قەشقەر ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. 17 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، قەشقەر يەنە جۇڭغارلارنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالدى. مىلادىيە 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەرنى ئىگىلىدى. 1760 ـ يىلى ئىلى جياڭجۈن مەھ-

---

① سۇلى ــ ئەسلى ئۇيغۇرچە «سۇلۇغ» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. ئاۋات ئۆستەڭ ياقىسىدا ھېلىمۇ «سۇلۇغ» دەيدىغان بىر كەنت بار.

كېمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، قەشقەردە ئامبال مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى ، شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ئىلىغا قارايدىغان بولدى . 1766 ـ يىلى قەشقەر ئامبال مەھكىمىسى ئۇچتۇرپانغا كۆچتى . شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ئۇچتۇرپانغا قارايدىغان بولدى . 1788 ـ يىلى ئامبال مەھكىمىسى قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز چوڭ شەھەر ( قەشقەر ، يېڭىسار ، يەركەن ، خوتەن ، ئاقسۇ ، ئۇچتۇرپان ، كۇچار ، قاراشەھەر ) نى ئىدارە قىلىدىغان بولدى . 1826 ـ يىلى قەشقەر ئامبال مەھكىمىسى « خۇيىۋۇ » ( قەشقەر يېڭىشەھەر ) غا كۆچتى . 1865 ـ يىلى مۇھەممەت ياقۇپبەگ رۇسىيىدىن كېلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ « يەتتە شەھەر دۆلىتى » نى قۇرۇپ ، قەشقەرنى پايتەخت قىلدى . 1877 ـ يىل 5 ـ ئايدا ، ياقۇپبەگ كورلىدا نىياز ھېكىمبەگ تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى . شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ، ليۇ جىنتاڭ قوشۇنلىرى قەشقەرگە كىردى . گۇاڭشۈينىڭ 7 ـ يىلى ( 1881 ـ يىلى ) 3 ـ ئايدا ، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى قەشقەردە كونسۇل تەسىس قىلدى . كونسۇلخانىنىڭ ئىككى باشلىقى ، بىر تەرجىمانى ، بىر دوختۇرى ، 47 ئاتلىق مۇھاپىزەتچىسى بار ئىدى .

مىلادىيە 1884 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ، قەشقەر ۋىلايەت بولۇپ ئۆزگەردى . بۇ چاغدا قەشقەرنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 990 يول ، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 564 يول كېلەتتى . بۇ دائىرىدە توققۇز چوڭ يۇرت ، 560 كىچىك يۇرت بار ئىدى ①. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، قەشقەر شەھىرىدە كونىشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىندى . 1902 ـ يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 28 ـ يىلى ) كونىشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتى سۇلى مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى ( مەھكىمە ئورگىنى يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئىچىدە ) . 1909 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قەشقەردە كونسۇل تەسىس قىلدى . 1912 ـ يىلدىن كېيىن ، كونىشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى . 1952 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى قۇرۇلۇپ ، ئۆلكىگە بىۋاسىتە قارايدىغان قەشقەر ۋىلايىتى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان بولدى .

---

① ئا . ستەيىن : « شىنجاڭغا ساياھەت » ، خەنزۇچە . 1994 ـ يىلى نەشرى . 138 ـ بەت .

1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ، قەشقەر ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى . ئۇنىڭ ئورنى قەشقەر شەھرىدە بولدى . قەشقەر شەھرى يەنىلا ئۆلكىگە بىۋاستە قارايدىغان ، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ۋاكالىتەن رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى . 1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، يېڭىۋاشتىن قەشقەر ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى . قەشقەر شەھرى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى . ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورنى يەنىلا مۇشۇ شەھەردە بولدى . 1990 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 853 مىڭ 634 ئىدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 2 مىليون 606 مىڭ 382 بولۇپ ، 91.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى . ھازىر قەشقەر شەھرىگە شەھەر رايونىدىكى تۆت كوچا باشقارمىسى ، 38 ئاھالە كومىتېتى ، شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى ئۈچ يېزا ، 37 كەنت ۋە دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەيدانى قارايدۇ ، ئۇنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 96.3 كۋادرات كىلومېتىر . 1982 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، ئومۇمىي نوپۇسى ( شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى يېزىلار بىلەن ئىككى مەيدانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) 173 مىڭ 356 ، 1986 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، قەشقەر شەھرىنىڭ نوپۇسى 201 مىڭ 800 ئىدى .

## 3 . قەدىمكى قەشقەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى

قەدىمكى قەشقەر شەھرىنىڭ ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەسكىسار كەنتىنىڭ شىمالىدا ئىدى . ھازىرقى قەشقەرنىڭ شەھەر مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 2.6 كىلومېتىر كېلىدۇ . ئەسكىسار ئەسلى « ئەسكى ھىسسار » دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ ، « ئەسكى » دېگەن سۆز « كونا » دېگەن مەنىنى ، « ھىسسار » دېگەن سۆز « قەلئە » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ تارىخى 2000 يىلدىن ئوشۇق بولۇپ ، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئاسار ئەتىقە ئورۇنلىرىنىڭ بىرى . 1905 ـ يىلى فرانسىيىلىك ئارخېئولوگ پول پېللىئوت قەشقەرگە كېلىپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ كەتكەن . بۇ كىشىنىڭ سىزغان خەرىتىسىدە كۆرسىتىلىشىچە ، ئۇ چاغدا ساقلانغان كونىشەھەر ئىزىنىڭ ئوتت-

تۇرىسىدا شىمال ۋە غەرب تەرەپتە ئىككى سېپىل، بۇرجىكىدە كونىشەھەر ئىزى بار ئىكەن. شىمال تەرەپتىكى سېپىلنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 287 مېتىر، غەرب تەرەپتىكى سېپىلنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 205 مېتىر بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 58 مىڭ 835 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ (88 موغا تەڭ). بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، بۇلار قەدىمىي شەھەر كۆلىمىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمىدىن كۆپرەككىلا تەڭ كېلىدىكەن.

بۇ قەدىمىي شەھەرنى يەرلىك كىشىلەر «نوقتى رىشت شەھىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەن ۋاقىتتا (مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى) بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قەشقەر ھۆكۈمرانى نوقتى رىشت شەھەردىكى ئەسكەر ۋە خەلقلەرنى باشلاپ ئىسلام قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىپ، جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ خوتەنگە قېچىپ كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي نوقتى رىشت قايتا ئىسلام قوشۇنى بىلەن ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ هاراپ دېگەن يېرىدە قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئىسلام قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئارسلانخاننى ئەسىر ئېلىپ، ئۇنىڭ تېنىنى هاراپتا قالدۇرۇپ بېشىنى كېسىپ كېلىپ، نوقتى رىشت شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويغان (كېيىن بۇ كاللا ئەسكىسار شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ئارسلانخان قەبرىسىگە دەپنە قىلىنىپ، ئىسلامىيەتچىلەرنىڭ «غازات» قىلغان خاتىرە جايى بولۇپ قالغان) ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام قوشۇنى يەنە بىر قېتىم قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بۇ شەھەرنى ئۈچ ئايغا يېقىن قورشاپ تۇرغان. نوقتى رىشت يەنە شەھەرنى تاشلاپ قاچقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغانىكەن.

«شىنجاڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. تۇزۇلمە قۇرۇلۇشى» دا، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى دۆلىتىنىڭ ۋۇجى شەھىرى كونىشەھەر (بۇگۇنكى قەشقەر شەھىرى) نىڭ جەنۇبىدىن يەتتە چاقىرىم يىراقتىكى ئەسكىھساردا بولغان، ئىزى ھازىرمۇ بار دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن بۇ شەھەرنىڭ تارىخى 2000 يىلدىن ئوشۇق ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەسكىھسار قەلئەسى توغرىسىدا «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە مۇنداق يازىدۇ: «قەدىمكى قەشقەر شەھىرى بۇگۈنكى شەھەرگە قارىغاندا كەڭ جاينى

ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە كەڭلىكى 6 مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر بىر سېپىل بىلەن ئورالغانىدى. بۇ يەردە يات ـ يات بولۇپ تۇرىدىغان يەر تەۋرەشلەردە زەخمە يېگەن قەدىمىي شەھەر سۇلتان سەئىدخان بىلەن ئابا بەكرى ئۇرۇشقان مەزگىلدە (ھىجرىيە 919 ـ يىلى يەنى مىلادىيە 1514ـ يىلى) پۈتۈنلەي خاراب بولغان. بۈگۈنكى قەشقەر ئابابەكرى تەرىپىدىن تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ بىرلەشكەن جايىدىكى تىلغا ئوخشاش يەرگە قۇرۇلغانىدى، قىرغاقنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي شىمال تەرىپى (ئىچكى شەھىرى) بۈگۈنكى شەھەرنىڭ ئەڭ قەدىمىي مەھەللىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»

«تارىخى رەشىدى» دە بايان قىلىنىشىچە، سەئىدخان ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا، يەنى 3 ـ ئايدا (مىلادىيە 1514 ـ يىلى 3 ـ ئاي) سەمەرقەندتىن قەشقەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغ مىرزا ئابابەكرى ناھايىتى چوڭ بىر قۇرۇلۇشنى ياستىۋاتقان چاغ ئىدى. ئۇ قەشقەرنىڭ كونا قەلئەسىنى ۋە يېقىن ئەتراپلىرىنى ئالىمبۇرۇن ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. ئاھالىلەرنى يەكەنگە كۆچۈرۈپ بەزى ئاھالە رايونلىرىنى تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. سەئىدخاننىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىغا يېڭى قەلئە سېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇنىڭ كۆلىمى 50 جارىب ① (42 مىڭ 950 كۋادرات مېتىر كېلەتتى)، سېپىلنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 گەز كېلەتتى، قەلئەنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىردىن راۋاق بولۇپ، راۋاقنىڭ ئايلانمىسى 30 نەچچە گەز كېلەتتى. سېپىل ئۈستىدە تۆت قاتار ئاتلىق ئەسكەر يانداش ماڭالايتتى، بۇ چوڭ قۇرۇلۇشنى يەتتە كۈندە تاماملىدى. بۇ ئەلۋەتتە قالتىس ئىش ئىدى ②.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چيەنلوڭنىڭ 27 ـ يىلى (1762 ـ يىلى) گۈلباغ (سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەركەردىسى مىرزا ھەيدەر كوراگان قەشقەردە تۇرغاندا ياساتقان تۆت چوڭ باغنىڭ بىرى) نىڭ ئورنىغا بىر قەلئە سالدۇردى ۋە ئۇنى «لەينىڭ قەلئەسى» دەپ ئاتىدى. بۇ قەلئەنى ئۇيغۇرلار «يۇمىلاق شەھەر» دەپ ئاتاپ كەلدى. بۇ قەلئەنىڭ چۆرىسىنى 6 يول ئۇزۇنلۇقتىكى

---

① جارىب ــ بىر جارىب 2531 كۋادرات مېتىر.

② «تارىخىي رەشىدى»، خەنزۇچە نەشرى، 193 ـ بەت

سېپىل ئوراپ تۇراتتى . بۇ قەلئە 1827 ـ يىلى بۇرھاندىن خوجىنىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان . داۋگۇاڭنىڭ 8 ـ يىلى ( مىلادىيە 1829 ـ يىلى ) سانغۇن چاڭلىڭ بۇزغىن ( ھازىرقى يېڭىشەھەر ) غا بىر قەلئە ياسىتىپ ، ئۇنىڭغا « خۇيىۋۇئەن » ( قورال كۈچى بىلەن تىنچىتىلغان قەلئە ) دەپ نام بەرگەن ، بۇ قەلئەنى ئۇيغۇرلار « يېڭىشەھەر » دەپ ئاتىدى . بۇ قەلئە پۈتكەندىن كېيىن ، « لەينىڭ قەلئەسى » دە تۇرۇشلۇق ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلار ، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ، چېرىكلەر ھەمدە خەنزۇ سودىگەرلەر ئۇ يەرگە كۆچكەن .

يۇمىلاق شەھەر قەلئەسىنى داۋگۇاڭنىڭ 18 ـ يىلى ( 1839 ـ يىلى ) زوھورىدىن ھاكىمبەگ غەربىي جەنۇب تەرەپكە كېڭەيتىپ قايتىدىن ياساتتى . كېڭەش مەھكىمىسى قەلئە سىرتىدا قالغاچقا ، گۇاڭشۈينىڭ 24 ـ يىلى ( 1899 ـ يىلى ) قەلئەنىڭ غەرب تەرىپىگە بىر دەرۋازا ئاچقۇزۇپ ۋە سېپىل سوقتۇرۇپ ، كېڭەش مەھكىمىسىنى يۇمىلاق شەھەر قەلئەسى بىلەن تۇتاشتۇرغان . قەلئەنىڭ بۇ چاغدىكى ئايلانمىسى 12.7 يول بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى قەلئەسىدىن چوڭ ئىدى . قەلئەنىڭ غەربىي تەرىپى ياسىن سەتەڭ قورۇسى ( ھازىرقى ئۇيغۇر تىبابەتخانىسى ) ئالدىدىكى كوچىغىچە ، شىمال تەرىپى يارباغ كىنوخانىسىغىچە ، شەرقىي تەرىپى تۆشۈك دەرۋازا ۋە قومۇش بازار جامەسىگىچە ، جەنۇب تەرىپى ھازىرقى « 1 ـ ماي » تىياتىرخانىسىغىچە ئىدى . قەلئە شەكلى خۇددى يۈرەككە ئوخشايتتى . ئۇنىڭ شەرق تەرىپى كەڭ ، غەرب تەرىپى تار ئىدى . يەر كۆلىمى تەخمىنەن 4 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى . ھېيتگاھ مەيدانى مەركەز قىلىنغان ھازىرقى ئۆستەڭ بويى ۋە ئەنجان رەستىسى شۇ چاغدىكى سودا ـ تىجارەتلەر توپلاشقان رايون ئىدى . 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ، شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 9.45 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى . ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى قىزىل دەرياسىغا ، شىمال تەرىپى نەزەرباغ يېزىسىغا ، شەرق تەرىپى دۆلەتباغ يېزىسىغا ، غەرب تەرىپى شامالباغ يېزىسىغا تۇتىشاتتى . بۇ شەھەر رايونى ئىچىدە تۆت كوچا باشقارمىسى ، 38 ئاھالىلەر كومىتېتى ، ۋىلايەت ۋە شەھەرگە قاراشلىق 300 دىن ئارتۇق زاۋۇت ، كان ، مەمۇرىي ، كەسپىي ئورۇن ، 40 تىن ئارتۇق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ بار . 1982 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، شەھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاھالىسى 28.507 ئائىلە ، 130.970 نوپۇستىن تەركىب تاپقان . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 85.037 بولۇپ ، 65 پىرسەنتىنى ، خەنزۇلار 43.638 بولۇپ ، 33.3 پىرسەنتىنى ، ئۆزبېك ، قىرغىز ، خۇيزۇ قاتارلىق 20 مىللەتنىڭ نوپۇسى 2.295 بولۇپ ، 1.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ . پاختا توقۇمىچىلىق ، بوياقچىلىق ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش ، خىمىيە سانائىتى ، سېمونت ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ، يىپەكچىلىك ، يۇڭ ، تىۋىت ۋە ئۈچەي پىششىقلاپ ئىشلەش ، گىلەمچىلىك ، كۆن - خۇرۇم ، كەشتىچىلىك قاتارلىق سانائەتلەر خېلى راۋاجلانغان . شەھەر ئىچىدە 35 يول ، 64 كوچا بار . تۈمەن دەرياسى غەربىي شىمال تەرەپتىن ئېقىپ كىرىپ شەھەرنى كېسىپ ئۆتۈپ ، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن چىقىپ كېتىدۇ . قىزىل دەرياسى جەنۇبىي تەرەپنى بويلاپ غەربتىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ ئۆتىدۇ .

قەشقەر شەھرىدە بەزى تارىخىي ئاسارەتىقە ئورۇنلىرىدىن 10 نەچچىسى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت دەرىجىلىك ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىدىن 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر ۋە پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى ؛ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئەت تۈسى قويۇق بولغان « ئاق تاغلىقلار مەزھىپى » نىڭ پىرى ئاپاق خوجا مازىرى ؛ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ مەسچىت — ھېيتگاھ جامەسى ۋە قەدىمىي شەھەر ئەسكىھىسسارنىڭ كونا ئىزى قاتارلىقلار بار . قەشقەر شەھىرى بۇرۇندىن تارتىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ، ھەربىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن ، ھازىر يەنە دۆلەتنىڭ « B » دەرىجىلىك ئېچىۋېتىلگەن ساياھەت شەھىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى .

## 4 . قەشقەرنىڭ تارىختىكى نامى

قەشقەر تارىختا « سۇلۇغ ، سۇلى ، سۇباش ، قاشقىرى ، ئوردۇكەنت » دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردە ، جاڭ چيەن بۇ يەردىن ئۆتكەندە ھازىرقى قەشقەرنى « سۇلى » دەپ خاتىرىلىگەن . بۇ نام 8 - ئەسىرگىچە قوللىنىلغان . 8 - ئەسىرگە كەلگەندە ، تارىخىي ھۆججەتلەردە « سۇلى » دېگەن نام بىلەن بىرگە يەنە « قاشقىرى » دېگەن ناممۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان . « سۇلى » ئەسلى « سۇلۇغ » دىن

ئۆزگەرگەن. قەشقەر شەھىرى تۈمەن دەرياسى، قىزىل دەرياسى، گەز دەرياسى، تەلۋىچۇك دەريالىرى ياندىشىپ ئاقىدىغانلىقى، سۈيى ئىنتايىن مول بولغانلىقى، بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، «سۇلى»، «سۇلۇق» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ جۇغراپىيىسىگە تازا باب كېلىدۇ. قەشقەر ئاۋات ئۆستەڭ ياقىسىدا ھازىرغىچە «سۇلۇغ» دەپ ئاتىلىۋاتقان بىر كەنت بار. «قەشقەر» دېگەن نامغا كەلسەك، مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە ئۆتكەن چاۋشيەنلىك راھىب خۇيچاۋنىڭ «ھىندىستاندىكى بەش دۆلەت خاتىرىسى» دە «پامىردىن بىر ئاي پىيادە يول يۈرۈپ سۇلىغا يېتىپ كەلدۇق، چەت ئەللىكلەر بۇ جاينى 〈جياشىجىلىگو〉 (伽师祇离国) دەپ ئاتايدىكەن» دېيىلگەن. خۇيچاۋ بىلەن زاماندash بولغان قەشقەرلىك ئالىم قۇيلان «بارچە نوملارنىڭ ئىزاھى» ناملىق ئەسىرىدە، قەشقەرنى «جياشىجىلى» (迦师佶黎) دەپ تىلغا ئالغان ①، دېمەك، بۇ يەردىكى ئاھاڭ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان «伽师祇离» دېگەن نام بىلەن «迦师佶黎» دېگەن نام «قاشقىرى» دېگەن نامنىڭ ترانسكرىپسىيە قىلىنىشىدۇر. قاراخانىيلار دەۋرىدە «كاشغەر»، «ئوردۇ كەنت» دېگەنناملار بىلەن ئاتالدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا[1] «哈实哈儿» (قاشقار) دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى يىللىرىدا[1] «喀什噶尔» دەپ يېزىلغان، بۇ «قاشقىرى نىڭ ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى. دېمەك، ھازىرقى «قەشقەر» دېگەن نام ئىلگىرى «قاشقىرى»، «كاشغەر»، «قاشقار»، «قاشقىر» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. بىزگە مەلۇمكى، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى بىلەن خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىل سىستېمىسىدا «ق» ھەرپى يوق. شۇڭا، ئۇلار «قا» ھەرپىنى «كا» ياكى «خا» بىلەن، «ق» ھەرپىنى «جى» «گ» ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى؛ «كاشغەر، قاشقار، قاشقىرى» دېگەن سۆزلەر «قاشقىر» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. بۇ يەردىكى «قاش» سۆزى قانداقتۇ قاشتېشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەي، ئەكسىچە دەريانىڭ قېشى ياكى دەريا ياقىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «قىر» سۆزى بولسا، تىرىلغۇ يەر دېگەن سۆزدۇر. تۇرپاندا[1] «قاشقىر

---

[1] «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1988 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ سانلار، 52 ـ بەت.

ئۈزۈم » دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۈزۈم سورتى بار . مەشھۇر ئۆلىما ئابدۇللا مەخسۇم ① نىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ ئۈزۈم ئەسلى قەدىمكى زامانىدا قەشقەردىن تۇرپانغا تارقالغاچقا ، « قاشقىر ئۈزۈم » دەپ ئاتالغانىكەن . ھازىرقى قەشقەر ئىلگىرى « قاشقىر » دەپ ئاتىلىدىكەن . « قاشقىر » دېگەن سۆز قەشقەرنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا ئۇيغۇن ، شۇنداقلا « سۇلى » ( سۇلۇق ) دېگەن نامغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ . ھېلىمۇ قەشقەردە قاراقىر ( قارا تۇپراق يەر ) ، ئاققاش ( دەريانىڭ قېشىدىكى ئاپئاق شورتاڭ يەر بولغاچقا ، شۇنداق ئاتالغان ) قا ئوخشاش قاش ۋە قىر نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جايلار بار . »

## 5 . قەشقەر شەھىرىدىكى مەشھۇر جاي ۋە ئاسارئەتىقىلەر

### ( 1 ) قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى

ھېيتگاھ جامەسى مىلادىيە 1442 ـ يىلى ( ھىجرىيە 846 ـ يىلى ) ياسالغان . بۇ جامە ھازىر شىنجاڭ ، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ مەسچىت بولۇپ ، قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 16 مىڭ 820 كۋادرات مېتىر .

ھېيتگاھ جامەسى قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە ، ئىسلام دىنىنىڭ قەدىمىي بىناكارلىق قۇرۇلمىلىرى ئۇسلۇبىدا ياسالغان ئىنتايىن كۆركەم قۇرۇلۇش ، ئۇ قەدىمىي شەھەر ــ قەشقەرنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر . جامەدە ئادەتتىكى كۈنلەردە 2000 ~ 3000 كىشى ناماز ئوقۇيدۇ . جۈمە كۈنلىرى 5000 ~ 6000 يېتىدۇ . ھېيت كۈنلىرى 20 ~ 30 مىڭغا يېتىدۇ . ھېيت كۈنلىرى پەشتاق ئۈستىدە ناغرا ـ سۇناي چېلىنىدۇ . ئالدىدىكى مەيداندا بىر قانچە مىڭ كىشى « ساما » ئۇسسۇلى ئويناپ ، قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ .

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ ، جامە سېلىنىشتىن بۇرۇن ، بۇ جاي قومۇشلۇق ، سازلىق بويىدىكى زاراتگاھلىق ئىدى . قەشقەردە ئۆتكەن پادىشاھ ۋە مەشھۇر كىشىلەر بۇ جايغا دەپنە قىلىنغان

---

① ئابدۇللا مەخسۇم نۇرغۇن شەھەرلەرنى كېزىپ ، مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان كاتتا ئۆلىما .

بولغاچقا ، « مۇقەددەس جاي » بولغان . مىلادىيە 1442 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ساقىسى مىرزا ھازىرقى جامەنىڭ خانىقاسى ئورنىغا بىر كىچىك مەسچىت ياساتقان . ئۇ ھازىرقى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسى بولۇپ قالغان . مىلادىيە 1538 ـ يىلى ( ھىجرىيە 944 ـ يىلى ) قەشقەر بېگى ئوبۇل قادىر بەگ بۇ مەسچىتنى كېڭەيتىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان « جامە » قىلىپ ئۆزگەرتكەن . مىلادىيە 1787 ـ يىلى ( ھىجرىيە 1201 ـ يىلى ) ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىن زۇلپىيە خېنىم ھەجگە بېرىش ئۈچۈن توپلىغان پۇلنى سەرپ قىلىپ ، ھېيتگاھ جامەسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ يېڭىۋاشتىن ئىسلاھ قىلىپ ياساتقان . 1798 ـ يىلى گۈل ئامىنە دېگەن ئايال ھەج سەپىرىدە كېتىۋېتىپ قەشقەردە ۋاپات بولغان . جامائەت ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ، قېپقالغان مال ـ مۈلۈكلىرىنى سەرپ قىلىپ مەسچىت بىلەن ئىشىك ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى كېڭەيتىپ ياسىغان . شۇنىڭدىن كېيىن ، جامەگە « ھېيتگاھ » دېگەن نام بېرىلگەن . 1809 ـ يىلى ( ھىجرىيە 1224 ـ يىلى ) قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۇرپانلىق ئىسكەندەر ۋاڭ ھېيتگاھ جامەسىنى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىپ چىققان ۋە كۆل كولىتىپ ، ئېرىق چاپتۇرۇپ ، دەرەخ تىككۈزۈپ گۈزەللەشتۈرگەن . 1839 ـ يىلى ( ھىجرىيە 1255 ـ يىلى ) قەشقەر ھۆكۈمرانى تۇرپانلىق زوھورىدىن ھاكىمبەگ شەھەر دەرۋازىسىنى كېڭەيتىپ ، شەھەر سىرتىدا قالغان ھېيتگاھ جامەسىنى شەھەر سېپىلى ئىچىگە ئالغان ھەمدە قومۇشلۇقنى ئۆزگەرتىپ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرگەن . جامە ئىچىدىكى بىر قىسىم قۇرۇلۇشلارنى زىننەتلەپ ، خانىقانى ئاساسەن ھازىرقى كۆلەمگە يەتكۈزگەن . 1872 ـ يىلى ( ھىجرىيە 1290 ـ يىلى ) ياقۇپبەگ جامەگە رەسمىي دەرۋازا ، پەشتاق ھەم مۇنار ياساتقان ھەمدە ھويلىنىڭ شەرق ، جەنۇب ، شىمال ئۈچ تەرىپىدە 24 ئېغىزدىن ئۈچ رەت ، جەمئىي 72 ئېغىزلىق 400 تالىپ سىغىدىغان مەدرىس ھۇجرىسى ، ھويلىنىڭ شەرقىي شىمالى بۇرجىكىدە 100 ئادەم بىرلا ۋاقىتتا غۇسلى ـ تاھارەت قىلالايدىغان ھامام ياساتقان . مۇشۇ ۋاقىتتا ، پۈتكۈل جامەنىڭ كۆلىمى تولۇق شەكىللەنگەن ، « ھېيتگاھ » دېگەن نامۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇمۇملاشقان . ①

1905 ـ يىلى قەشقەردىكى كىرەم باي قاتارلىقلار پۇل چىقىرىپ رېمونت قىلدۇرغان . 1934 ـ يىلى ئابدۇكېرىم خان باشچىلىق قىلىپ تۆت ئەتراپىنى سالاسۇنغا ئالغۇزغان . 1936 ـ يىلى جامەنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرىپىگە ئىككى يان دەرۋازا ياساتقان . 1937 ـ يىلى جامەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 24 ئېغىز مەدرىس ھوجرىسى ، ھامام چېقىپ تاشلىنىپ يولغا قوشۇۋېتىلگەن . 1955 ـ يىلى ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ ئۇمۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان . 1962 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ②.

**( 2 ) ئاپاق خوجا مازىرى**

ئاپاق خوجا مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزى بولغان ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 5 كىلومېتىر جايغا ــ نەزەرباغ يېزىسىنىڭ ھەزرەت كەنتىگە جايلاشقان .

بۇ مازار 1640 ـ يىلى ئەتراپىدا ياسالغان بولۇپ ، ئىچىگە سوپىلارنىڭ پىرى ، ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ باشچىسى ئاپاق خوجا دەپنە

---

① ئەنەيتۇللا دامولامنىڭ ئېيتىشىچە ، 1878 ـ يىلى زو زۇڭتاڭ قوشۇنى قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن ، ھېيتگاھ جامەسىنى قۇلۇپ سېلىپ پېچەتلىۋەتكەنىكەن . بىر جۈمە كۈنى ھېيتگاھ ئالدىغا يىغىلغان جامائەت مەسچىتكە كىرەلمەي تۇرغاندا ، ئابدۇلھەمت قازى كالان پالتا بىلەن قۇلۇپنى چېقىپ ، مەسچىت ئىشىكىنى ئېچىۋەتكەنىكەن ، شۇنىڭ بىلەن جامائەت مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇغانىكەن . بۇ خەۋەر ئامبالغا يەتكەندىن كېيىن ، ئامبال ئەسكەر ئەۋەتىپ ھېيتگاھنى قورشاپ ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن ئونەدەك كىشىنى يامۇلغا يالاپ ئاپىرىپ :

ــ سىلەر خاننىڭ ئەمرىگە نېمىدەپ خىلاپلىق قىلىسىلەر ، بۇ ياقۇپبەگ ياساتقان پادىشاھلىق قورۇلۇش تۇرسا ، ــ دەپ سوراقا تارتىپتۇ .

ــ بۇ ھېيتگاھنى ياقۇپبەگ ياساتقان ئەمەس ، ئەسلىدە بار ئىدى . ياقۇپبەگ پەقەت رېمونتلا قىلدۇرغان ، ــ دەپتۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرى .

ــ نامىزىڭلارنى ئوقۇۋېرىڭلار ، ــ دەپ رۇخسەت قىپتۇ جامائەتنىڭ پەيلىدىن قورققان ئامبال ئاخىرى .

② « شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى » . 15 ـ قىسمى ۋە « قەشقەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى » . 213 ـ ، 216 ـ بەتلەر .

قىلىنغاچقا، «ئاپاق خوجا مازىرى» دەپ ئاتالغان. مازارنىڭ ئىگىلىگەن مەيدانى 20 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئۇ دەرۋازا راۋىقى، كىچىك مەسچىت، خانىقا، گۈمبەزدىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان. مازار گۈمبىزىنىڭ ئېگىزلىكى 26 مېتىردىن ئارتۇق، دىئامېتىرى 17 مېتىر كېلىدۇ. گۈمبەزنىڭ تام يۈزىگە سىرلىق كۆك يېشىل كاھىش يېپىشتۇرۇلغان. كاھىش يۈزىگە نەقىشلەر سىزىلغان. تۆت مۇنار، بىر ئەگمە ۋە يېرىم ئاي شەكىللىك بەلگىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەقىشلەنگەن گۈمبەز بىناكارلىق قۇرۇلۇش جەھەتتىكى گۈزەللىكى، مەزمۇتلىقى بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ گۈمبەز ئىچىگە ئاپاق خوجا جەمەتىنىڭ ئەۋلادىدىن 72 كىشىنىڭ جەستى قويۇلغان. بۇ گۈمبەز ئىچىگە بىرىنچى قېتىم دەپنە قىلىنغان كىشى ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى (مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى) دەرۋىش ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىدۇر. ئاپاق خوجىنىڭ ئەسلى ئىسمى ھىدايىتۇللا بولۇپ، ئۇ 12 يېشىدا (مىلادىيە 1633 ـ يىلى) دادىسىنىڭ قەشقەردىكى ئىشانلىق ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئاپاق خوجا مىلادىيە 1679 ـ يىلى ئىلىدىكى موڭغۇللار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ئۆزى قورچاق پادىشاھ بولۇپ، ئوغلى يەھيانى قەشقەرنىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ بېكىتكەن. ئىشانلىق يولىدىكى ئورنى ۋە شۇ چاغدا ھوقۇق تۇتۇپ پەيدا قىلغان زور تەسىرى تۈپەيلىدىن بۇ مازارمۇ ئاپاق خوجىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1640 ـ يىلى، ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا ئۆلگەندە، ئاپاق خوجا ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن جەستىنى مۇشۇ مازارغا قويغان. بۇ مازار دەسلەپتە ئاددىي ياسالغان، كېيىنكى چاغلاردا بىرقانچە قېتىملىق ئۆزگەرتىش، يېڭىۋاشتىن ياساش، رېمونت قىلىش ئارقىلىق كېڭەيگەن. 1795 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى خانى چيەنلۇڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ بۇ مازارنى رېمونت قىلدۇرغان ۋە كېڭەيتكەن، چيەنلۇڭ خەت تاختىسى تەقدىم قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن، ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ رېمونت قىلغان. ھازىر بۇ مازار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇرۇلۇشلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ( 3 ) يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنى يەرلىك كىشىلەر يۈسۈپ قادىرخان دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇ 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇرى ۋە ئاتاقلىق شائىرى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىنتايىن ئۇستۇن ئابروي ۋە شۆھرەتكە ئىگە زات.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن 1019 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىنىڭ ھازىرقى دۆلەتباغ يېزىسى ئارسلانخان كەنت كومىتېتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىدىكى بارگاھ باغزارلىقىغا قويۇلغان، كېيىن تۈمەن دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيى تۈپەيلىدىن، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ( 500 يىلدىن كېيىن ) سۇلتان ئابدۇرېشىتخان تەرىپىدىن ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ كېلىنگەن. ھازىرقى جايىنى كىشىلەر « ئالتۇنلۇق » دەپمۇ ئاتايدۇ.

ساقلانغان سۈرەت، خەرىتە ۋە ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ دەرۋازىسى جەنۇب تەرەپكە قارالغان. تۆت ئەتراپى 3.8 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پىششىق خىشلىق تام بىلەن ياسالغان چاسا شەكىللىك مازار، ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 965 كۋادرات مېتىر، جەنۇب تەرىپىدىكى چوڭ دەرۋازىنىڭ كەڭلىكى 4.2 مېتىر، ئېگىزلىكى 8 مېتىرغا يېقىن كېلىدۇ. ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە 8.7 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كىچىك راۋاق، خىش بىلەن ياسالغان يۇملاق مۇنار مەزمۇت كۆرۈنىدۇ. مازار قورۇسى ئىچىدە 160.6 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەسچىت، شەيخلەر ياتىدىغان ھۇجرا ۋە توققۇز قەبرە بار ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىسى چوڭ گۈمبەز ئىچىگە جايلاشقان. گۈمبەزنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىردىن كېلىدۇ. گۈمبەز ئۈستى پىششىق خىشتىن ئەگمە قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مۇنارنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 11 مېتىر كېلىدۇ. گۈمبەزنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تامنىڭ ئىككى ئۇچىدىمۇ 7.7 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككى مۇنار بولۇپ، ئۇنىڭغا سىرلىق كاھىش يېپىشتۇرۇلغان. مازارنىڭ چۆرىسىدىكى ئۇلىنىڭ سىرتىغا يېشىل كاھىش، گۈمبەز ئۈستىگە سۆسۈن رەڭلىك كاھىش يېپىشتۇرۇلغان. بۇ مازار 1956 ـ يىلى

دۆلىتىمىزنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئەسلىدە مازارنىڭ تۆت ئەتراپى تېرىلغۇ يەر ئىدى. بۇ مازار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، قۇرۇلۇشلىرى بۇزۇۋېتىلىپ، تۇپتۇز يەر قىلىۋېتىلگەن، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا تەنتەربىيە يولى باشلانغۇچ مەكتىپى، شەھەرلىك رادىئو ئۇزېلى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار سېلىنىپ، مازارنىڭ ئىزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېزدىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھەر ساھە كىشىلىرى قەبرىگاھنى قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئىئانە توپلاش ھەيئىتى تەشكىل قىلدى. خەلقنىڭ ھەققانىي پائالىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1986 ـ يىلى 107 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت تارقىتىپ، قەبرىنى قايتا ياسىتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىشنى قارار قىلدى. قۇرۇلۇش 1986 ـ يىلى 8 ـ ئايدا باشلىنىپ، 1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاياغلاشتى. قۇرۇلۇش لايىھىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىنژېنېر ھەسەن ئابدۇرېھىم ئىشلىدى. ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى ياسىدى. قەبرىگاھنىڭ پۈتۈن قۇرۇلۇش كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ قەبرىگاھ، مەسچىت، چوڭ دەرۋازىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرق تەرىپىگە قەبرىگاھ، غەرب تەرىپىگە مەسچىت ياسالغان، شىمال تەرىپىگە قارىتىپ چوڭ دەرۋازا ئېچىلغان. قەبرىگاھ پۈتۈن قۇرۇلمىلىق گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 21 مېتىر، دىئامېتىرى 9 مېتىر كېلىدۇ. قەبرىگاھنىڭ سىرتقى تەرىپى ئاستى ئاق، ئۈستى كۆك گۈللۈك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن، تۆت بۇرجىكىگە مۇنار ياسالغان.

ئۇ نەقىش ـ بېزەكلىرى كۆركەم، پۇختا ياسالغان قەبرىگاھ ئىدى.

**(4) قىزىل دەرياسى (قەشقەر دەرياسى)**

قىزىل دەرياسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەشھۇر دەريالارنىڭ بىرى، ئۇ قىرغىزىستاندىكى ئالاي تېغى (تەڭرىتاغنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئۇچى) دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشلىنىدۇ . مەملىكىتىمىز تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن ، غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ ئۇلۇغچات ، قەشقەر كونىشەھەر ، قەشقەر شەھىرى ، قەشقەر يېڭىشەھەر ، پەيزىۋات قاتارلىق ناھىيە ۋە شەھەرلەردىن ئۆتۈپ ، ئاۋات ناھىيىسىدىكى ماتانغا بارغاندا ، يەكەن دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 778 كىلومېتىر ، دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى قىسمى 600 كىلومېتىر ، سۇ يىغىش مەيدانى 13 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر .

قىزىل دەرياسىنىڭ باش قىسمىغا ( قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى قىسمىغا ) تەڭرىتاغنىڭ ئېگىز ئۆتكەللىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر تېرەك داۋان ( دېڭىز يۈزىدىن 3962 مېتىر ئېگىز ) دىكى قار ــ مۇزلاردىن ھاسىل بولغان شەرقىي تېرەكسۇ ئېقىنى ، سۆگەت ئېقىنى ، كولداما ئېقىنى ، كۆكسۇ دەرياسى ، نورا دەرياسى ۋە بىر مۇنچىلىغان ئۇششاق ئېقىنلار قوشۇلىدۇ . مەملىكىتىمىز تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن ، تېرەك دەرياسى ، قىياس دەرياسى ، بورنتوقاي دەرياسى ۋە توغۇچۇر ، مەرگەنسۇ ، شورلۇقسۇ ئېقىنى قاتارلىق ئېقىنلار قوشۇلىدۇ . ئىلگىرى تۈمەن دەرياسى ، گەز دەرياسىمۇ قىزىل دەرياسىغا قۇيۇلاتتى . قىزىل دەرياسى تەڭرىتاغنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىن باشلىنىدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ سۇ مىقدارى پەسىلگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . قىزىل دەرياسىنىڭ قارا بەل گىدرومېتىرىيە پونكىتى تەرىپىدىن 22 يىل ئۆلچەپ چىقىرىلغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $63.9m^3/s$ ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 20 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ ، ئەڭ كۆپ بولغان يىلى ، يەنى 1978 ــ يىلى 2 مىليارد 600 مىليونغا ، ئەڭ ئاز بولغان يىلى ، يەنى 1974 ــ يىلى 1 مىليارد 440 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكەن .

**قىزىل دەرياسىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى** ( $m^3/s$ )

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئېقىن مىقدارى | 19.4 | 24.0 | 24.1 | 49.5 | 70.8 | 144 | 150 | 128 | 70.1 | 38.7 | 28.1 | 20.7 |

5 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىل دەريانىڭ كەلكۈن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ . بۇ مەزگىلدىكى سۇ مىقدارى پۈتۈن يىللىق سۇ مىقدارىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . سۇ ئاز مەزگىلى 11 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلنىڭ 3 ـ ئايلىرىغىچە بولۇپ ، بۇ مەزگىلدىكى سۇ پۈتۈن يىللىق سۇ مىقدارىنىڭ 15 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . كەلكۈن ئەڭ كۆپ كەلگەندە $1400m^3/s$ قا يېتىدۇ ، سۇ مىقدارى ئەڭ ئاز بولغاندا $9.6m^3/s$ قا چۈشۈپ قالىدۇ ، دەريانىڭ ئوتتۇرىچە ئېقىش تېزلىكى $3.7\ m/s$ بولىدۇ . دەريا سۈيى ئادەتتە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەتراپىدا مۇز تۇتىدۇ ، ئىككىنچى يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئېرىيدۇ . قىزىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى قىزىل تۇپراق قاتلىمىنى يالاپ ئېقىتىپ كەلگەچكە ، ئۇنىڭ تەركىبىدە قۇم مىقدارى كۆپ ، قۇم ، لاي دانچىلىرى ناھايىتى ئۇششاق بولۇپ ، دەريا سۈيى لېيىپ جىگەررەڭ كەلگەچكە « قىزىل دەريا » دەپ ئاتالغان . دەريا سۈيى تەركىبىدە بىر قەدەر مول بولغان كالتسىي ( Ca ) ۋە گۈڭگۈرت ( SO ) ئىئونلىرى بار . شۇڭا ، شورلۇق تۇپراقنى ئۆزگەرتىشتە ئالماشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ . سۇ تەركىبىنىڭ PH لىق قىممىتى 7.7 ~ 7.9 ئارىلىقىدا بولۇپ ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە بىر قەدەر ماس كېلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتۇن ماددىسىمۇ بار . دەريانىڭ سۇغىرىش مەيدانى 2 مىليون 200 مىڭ مودىن ئاشىدۇ . دەريادا سۇ جانلىقلىرىدىن ياۋا تاپانبېلىق ، يىلانبېلىق ، چىمبېلىق ، پاقىبېلىق قاتارلىقلار بار . سۇ قۇشلىرىدىن ياۋا ئۆردەك ، قىزىل تۇمشۇق غاز قاتارلىقلار بار .

دەريانىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا 32 مىڭ كىلوۋات توك بېرەلەيدىغان تۆت سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ ، دەريا ۋادىسىدىكى قەشقەر شەھىرى ، قەشقەر كونىشەھەر ، قەشقەر يېڭىشەھەر ۋە پەيزىۋات ناھىيىلىرىنى ، شۇنداقلا قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستىنى توك بىلەن تەمىنلىمەكتە .

### ( 5 ) تۈمەن دەرياسى

تۈمەن دەرياسى بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان دائىملىق دەريا ئېقىنى بولۇپ ، ئۇ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى لەنگەر يېزىسىدىكى ئاقتامدىن باشلىنىپ ، قەشقەر شەھەر رايونىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى شامالباغ يېزىسىنىڭ سىرىكچى كەنتى ئارقىلىق شەھەر رايونىغا كىرىپ ، ئاندىن تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ ، يارباغ كۆۋرۈكى ۋە تۆشۈك دەرۋازا كۆۋرۈكلىرىدىن

ئۆتۈپ، ۋىلايەتلىك دوخۇر خانىنىڭ قېشىغا بارغاندا. جەنۇبقا بۇرۇلۇپ تۇ-
مەنكۆل باغچىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ
پايناپ دېگەن يېرىدىن يەنە شەرققە بۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك سىغىن كالا
فېرمىسىغا بارغاندىن كېيىن شەھەر تەۋەسىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ پايناپقىچە
بولغان قىسمى 38 كىلومېتىر، شەھەر رايونى ئىچىدىكى ئېقىش ئۇزۇنلۇقى 15
كىلومېتىر، دەريا ئېقىنىنىڭ كۆلىمى 576 كۋادرات كىلومېتىر، دەريانىڭ ئوت-
تۇرىچە كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ. تۈمەن دەرياسى بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل
بولغاچقا، ئۇنىڭ سۇ مىقدارى نىسبەتەن مۇقىم، ئېقىن مىقدارى $5 \sim 3m^3/s$،
يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 205 مىليون كۇب مېتىر، ئوتتۇرىچە
ئېقىش تېزلىكى 3.5 m/s، دەريا ئېقىنىنىڭ ئوكيلونى
(يانتۇلۇقى) 1000/2.45. دەريانىڭ مۇز تۇتۇش مەزگىلى باشقا
دەريالارغا قارىغاندا كېيىنرەك بولۇپ، ئادەتتە ھەر يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرى-
دىن كېيىنكى يىلىنىڭ 1 - ئېيىغىچە بولىدۇ. دەريا سۈيى تەركىبىدە ئادەتتە قۇم
مىقدارى ناھايىتى ئاز، سۈيى سۈزۈك، لېكىن سۇنىڭ ئومۇمىي قېتىش
دەرىجىسى ھەم خىلورلۇق ماددىلارنىڭ سالمىقى خېلىلا ئۈستۈن. يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان، شەھەردە سانائەت راۋاجلانغاچقا ۋە ئادەم كۆپەيگەچكە،
دەريا سۈيىنىڭ بۇلغىنىشى نىسبەتەن ئېغىر. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، تازى-
لىقى بىر تەرەپ قىلىنمىسا بىۋاستە ئىچىشكە بولمايدۇ. دەريا سۈيىنىڭ
پەسىللىك تەخسىملىنىشى تەكشى ئەمەس، بولۇپمۇ ياز، كۈز پەسىللىرىدىكى
سۇ خېلىلا كەم، لېكىن باھار پەسلىدە سۇ مول، تېمپېراتۇرىسىمۇ نىسبەتەن
يۇقىرى بولغاچقا، دېھقانچىلىقتا سۇغىرىشقا ئىشلىتىشكە بىر قەدەر مۇۋاپىق ھې-
سابلىنىدۇ. تارىختا بۇ دەريانىڭ سۈيى پايناپ دېگەن جايدىن جەنۇبقا قاراپ
ئېقىپ قىزىل دەرياغا قۇيۇلاتتى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ھازىرقى قەشقەر كونا-
شەھەر ناھىيىسىنىڭ يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى دېھقانلار
پايناپ دېگەن جايدا ئاددىيغىنا بىر توغان ياساپ سۇ باشلىغان. 1964 - يىلى
بۇ توغان پولات چىۋىقلىق، بېتون قۇرۇلمىلىق توسما قىلىپ قايتىدىن
ياسالدى. بۇ توغاننىڭ كەلكۈن قايتۇرۇش ئىقتىدارى $40m^3/s$ بولدى، شۇ-
نىڭدىن تارتىپ كەلكۈن سۈيى ۋە تەڭشەلگەن سۇلاردىن باشقا داۋاملىق
كېلىۋاتقان سۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك كونىشەھەر ناھىيىسى يېڭى ئۆستەڭ سۇ-

ئېرىش رايونى ۋە ئېرىش [illegible] سۇ ئامبىرى [illegible] قۇرۇلىدىغان بولدى.

تۈمەن دەرياسىدىكى يارباغ كۆۋرۈكى ئۈرۈمچى – قەشقەر تاشيولى شەھەر رايونىغا كىرىشتە ئۆتىدىغان مۇھىم كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 58 مېتىر، كەڭلىكى 13.5 مېتىر كېلىدىغان، ئۈچ ئارىلىقلىق پۈتۈن قۇرۇلمىلىق T شەكىللىك تۈز كۆۋرۈك، ئۇنىڭدىن ھەرخىل تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىللىرى بىمالال ئۆتەلەيدۇ.

**تۈمەن دەرياسى دېگەن نام توغرىسىدا** تۈمەن دەرياسىنىڭ نامى توغرىسىدا ھەرخىل كۆزقاراشلار بار. بەزىلەر تۈمەن دەرياسى دېسە، بەزىلەر تامان دەرياسى دەيدۇ. يەنە بەزىلەر تىمەن دەرياسى دەيدۇ. بۇ ناملارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. جۇغراپىيىلىك ئەھۋالغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس.

مېنىڭچە، تۈمەن دەرياسى ئەسلى «تومن دەرياسى» (مەنىسى «دېھقان دەرياسى» دېگەنلىك بولىدۇ) دىن ئۆزگەرگەن. «تارىخىي رەشىدى» دە كۆرسىتىلىشىچە، خوتەن، قەشقەر، يەكەن رايونلىرىدىكى ئاھالە تۆت تەبىقىگە بۆلۈنەتتى. ئۇنىڭ بىرى «تومن» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ «دېھقان» دېگەنلىك بولاتتى①.

## ( 6 ) قەشقەر خانلىق مەدرىسى

«قەشقەر خانلىق مەدرىسى» سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 1639 – يىلدىن 1652 – يىلغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن سەككىزىنچى سۇلتانى ئابدۇللاخان تەرىپىدىن 1641 – يىلى بىنا قىلدۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ شىنجاڭ بويىچە ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار كېلىپلا قالماستىن، بەلكى كەشمىر ۋە پاكىستان، ئافغانىستان، سەمەرقەند، قوقان، پەرغانە، نەمەنگان قاتارلىق جايلاردىن تالىپلار كېلىپ ئوقۇيتتى، بۇ تارىخىي قۇرۇلۇش ھازىرغىچە تۆت قېتىم رېمونت قىلىنغان. بىرىنچى قېتىم مىلادىيە 1804 –، 1805 – يىللىرى (ھىجرىيە 1220 – يىلى) قەشقەرنىڭ چوڭ ئاقساقىلى ئابدۇۋارىس بەگ؛ ئىككىنچى قېتىم مىلادىيە 1884 – يىلى (ھىجرىيە 1260 – يىلى) قەشقەرلىك مۇھەممەت سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم؛ ئۈچىنچى قېتىم مىلادىيە 1905 –، 1906 – يىللىرى (ھىجرىيە

---

① «يەركەن – سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 4 – بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

1323 ـ يىلى ) قەشقەرلىك چوڭ باي ؛ تۆتىنچى قېتىم مىلادىيە 1936 ـ ، 1937 ـ يىللىرى ( ھىجرىيە 1355 ـ يىلى ) مەخمۇت مۇھىتى قاتارلىق كىشىلەر رېمونت قىلدۇرغان .

بۇ مەدرىسنىڭ تارىخىدا جەمئىي 18 ئۆلىما مۇدەررىسلىك قىلغان . ئۇلار ئەلنەزەر ئاخۇنۇم ، ئابدۇغوپۇر داموللام ، مۇھەممەت سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم ، موللا شېرىپ ئاخۇن خەلپىتىم ، ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم ، موللا مۇھەممەت ئاخۇنۇم ، موللا ئابدۇقادىر داموللام ، موللا ئىسلام داموللام ، ساۋۇت داموللام ، ھاشىم ئاخۇن داموللام ، مىرئەخمەت غوجام ، ھامۇت داموللام ، ئەپەندى مەخسۇم ، ئىمىن مەۋلىۋى داموللام ، توقسۇن ھاجىم داموللام ، سەلەي داموللا ھاجىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

بۇ مەدرىس 1959 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى بولغان ، 1963 ـ يىلدىن بۇيان ، ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى قارىمىقىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك سىياسىي مەكتەپ بولۇپ ، بىرلىكسەپ كادىرلىرىنى ، دىنىي ساھەدىكىلەرنى ، سودا ـ سانائەتچىلەرنى تەربىيىلەش ئورنى بولۇپ كەلمەكتە ① .

## §2 . قەشقەر ـ ئىلى يولى

قەشقەر ـ ئىلى يولى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، مىلادىيىدىن نۇرغۇن ئەسىرلەر ئىلگىرى ئېچىلغان قەدىمىي يوللارنىڭ بىرىدۇر . قەشقەردە ئادەم زىچ ، يەرفىس ئىلىدا ئادەم شالاڭ ، يەر كۆپ بولغاچقا ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەشقەردىن ئىلىغا چىقىشى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە . قەشقەردىن ئىلىغا چىققىدىغان كىشىلەر ئاساسەن يوقسۇللار ، دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولغانلار ، يېتىم ـ يېسىرلار ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئورۇنسىز رەنجىگەن ، ئاتا ـ ئانا ۋەسىيىتىنى ئاڭلىمىغان بەزى نادان ياشلار ئىدى . بۇلار يېتىمچى دەپ ئاتىلاتتى . يول لىنىيىسى گۈزەل شەھەرلەردىن ، سۇسىز دەشتلەردىن ، ئېگىز تاغلاردىن ۋە خەتەرلىك ھاڭلاردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا ، يېتىمچىلەر يالغۇز ماڭمايتتى .

---

① « شىنجاڭ ياشلىرى » . 1989 ـ يىل 6 ـ سان ، 47 ـ بەت .

ئۇلار بىر خۇرجۇننىڭ بىر بېشىغا نان ياكى تالقان ، يەنە بىر بېشىغا بىر قاپاق سۇ ئالاتتى . سوغۇقتىن پاناھلىنىش ۋە قونالغۇدا يېپىنچا قىلىش ئۈچۈن بىر چەكمەن پەرىجە ئالاتتى . نەدە قورساق ئاچسا ، شۇ يەردە سوغۇق سۇ بىلەن نان يەپ سەپەرنى داۋاملاشتۇراتتى . قونالغۇغا بارغاندا پەرىجىگە يۆگىنىپ ياتاتتى . يول ئوزۇقى يېتەرسىزلەر شەھەرمۇ شەھەر ئىشلەپ ، پۇل ۋە نان ـ ئوزۇق تېپىپ ئاندىن يولنى داۋاملاشتۇراتتى . قەشقەردىن ئىلىغا ئۇلاغلىق ياكى پىيادە 30 ~ 40 كۈندە باراتتى .

ئەجدادلىرىمىز ئەينى يىللاردىكى يول ئازابىنى قوشاقلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ۋە قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ، ناخشا قىلىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئېيتىپ كەلگەن . بۇ قوشاقلار يول لىنىيىسى ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ جۇغراپىيىسى ، يەر تۈزۈلۈشى ، خەلقى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنى ئىخچام ۋە ئۆتكۈر مىسرالار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە بۇ قوشاقلارنى توپلاش شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

قول ئىلكىمدە يوقىدىن ،
تاغ ئارقىسىغا كەتتىم ① .
بېشىمنى ئېلىپ كېتىپ ،
قۇتۇلاي دېدىم دەردتىن .

كىرمەي تۇرۇپ ئوتتۇزغا ،
قىرو قونغان بېشىمغا .
تولۇپ تاشقان نى كۆللەر ،
كۆزدىن ئاققان يېشىمغا .

بايان قىلاي ئاز ـ تولا ،
قەلب كىتابى ئاختۇرۇپ .
ئوقۇپ كۆرسۇن ئەۋلادلار ،
چىن دىلدىن ياقتۇرۇپ .

---

① شىمالىي شىنجاڭنى « تاغ ئارقىسى » دەپ ئاتايتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالا قاردا ئۆتمۈشتە ،
ماكانىمدىن ئايرىلدىم .
جورام قالدى ، يۇرت قالدى ،
قاناتىمدىن ئايرىلدىم .

ئايال قالدى هامىلدار ،
يان ياغاچقا يۆلىنىپ .
ئانام بولسا تۇمەنىمىلىك ،
دەرد ــ ئەلەمگە كۆمۈلۈپ .

ئاسماندىكى ئۆكەرنى ،
ئالدىم گۇرەن دۇلامغا .
دۇئا قىلدى ئانا يۇرت ،
ئاق يول تىلەپ يولۇمغا .

قىلدى ئايال ئىلتىجا :
« تېزدىن يېتىپ كېلىلىڭ » دەپ .
« باش پاناهسىز بىزلەرنى ،
قوينىڭىزغا ئېلىلىڭ » دەپ .

ماقۇل دېدىم ئاتلاندىم ،
« ئاه خۇدا » دەپ سەپەرگە .
يولۇقۇشنى بىلسەمۇ ،
سەپىرىمدە خەتەرگە .

قولتۇقۇمدا راۋابىم ،
ئالا خۇرجۇن مۆرەمدە .
سالدىم ئۈنىڭ ئىچىگە ،
دەرەش ، يىگنە ، بۆرەندە .

كىرىپ قەشقەر شەهرىگە ،

ئۆتۈك ، مەسە يامىدىم .
تاپقىنىمنى بوغۇشلاپ ،
چۆنتىكىمگە قامىدىم .

تۇرمۇش يولى ئاختۇرۇپ ،
بارماق بولدۇم ئىلىغا .
ئۆيۈمدىكى ئۈچ جانىنىڭ ،
نان تاپاي دەپ گېلىغا .

يۇقىرىدىكى مىسرالار ئەل ـ يۇرتتىن ئايرىلىپ ، ئىلىغا چىقىشقا سەۋەب بولغان ئامىللارنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ .

## قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى

### يېڭىشەھەر توغرىسىدا

يېڭىشەھەر ناھىيىسى بازىرى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ″ 10′ 03 ° 70 ۋە شىمالىي كەڭلىك ″ 24′ 24 ° 39 قا جايلاشقان ، دېڭىز يۈزىدىن 1205 مېتىر ئېگىز . 1883 ـ يىلى يېڭىشەھەردە « سۇلى ئايمىقى » تەسىس قىلىندى . قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى سۇلى ئايمىقىغا ( يېڭىشەھەرگە ) قارايدىغان بولدى . گۇاڭشۈينىڭ 28 ـ يىلى ( 1902 ـ يىلى ) سۇلى ۋىلايىتى بولۇپ ئۆزگەردى . مارالبېشى ئايمىقى ، پەيزىۋات ، كونىشەھەر ناھىيىلىرى ، يېڭىشەھەر مەھكىمىسى ( هازىرقى يېڭىشەھەر ، يوپۇرغا ناھىيىلىرى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئۇ چاغدا يېڭىشەھەر مەھكىمىسىگە بىۋاستە قارايتتى ) سۇلى ۋىلايىتىگە قارايتتى . مىنگونىڭ 2 ـ يىلى ( 1913 ـ يىلى ) سۇلى ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى . 1986 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە ئۈچ بازار ، 12 يېزا قارايدۇ . نوپۇسى 218 مىڭ 800 . يېڭىشەھەر بازىرىدا 6479 نوپۇس بار .

**يېڭىشەھەر قەلئەسى** 1876 ـ ، 1877 ـ يىللىرى ياقۇپبەگ هۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەرىيىگە رۇسىيىدىن ئەلچى بولۇپ كەلگەن پولكوۋ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ ئا . ن . كروپاتكىن يېڭىشەھەر قەلئەسى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

« قەشقەر يېڭىشەھەر قورغىنى پۈتۈن قەشقەرىيە بويىچە ئەڭ مۇستەھكەم قەلئە ۋە ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق قورغاندۇر . يېڭىشەھەر خەنزۇلار تەرىپىدىن ياسالغاچقا ، كىشىلەر بۇ شەھەرنى خەنزۇلار قەلئەسى ① دەپ ئاتىشىدىكەن . بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى چاسا تۆتبۇلۇڭلۇق قىلىپ سوقۇلغان بولۇپ ، سېپىلنىڭ ھەر تەرىپى تەخمىنەن ئىككى چاقىرىم كېلىدىكەن . سېپىل ئۈستىگە ياسالغان قوغدا قووۇقلار ۋە سېپىل سىرتىدىكى خەندەك بۇ شەھەرنىڭ مۇداپىئە سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدىكەن .

سېغىز توپىدىن خاڭداپ ياسالغان سېپىلنىڭ قېلىنلىقى 5 ساژىن ( 10.68 مېتىر ) كېلىدىغان بولۇپ ، سېپىل ئۈستىدە بىر ئات ھارۋىسى بىمالال ماڭالايدىكەن . سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى سېپىل ئاستى كەڭلىكىنىڭ 2 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىكەن .

سېپىل سىرتىدىكى خەندەكنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 4 ساژىن ( 8.54 مېتىر ) كېلىدىكەن . خەندەك ئىچىدە 5 فۇت ( 1.5 مېتىر ) چوڭقۇرلۇقتا سۇ بار ئىكەن . خەندەكنىڭ ئىككى قېشى يانتۇ بولغاچقا ، خەندەك ئارقىلىق سېپىلغا چىقىشقا ناھايىتى ئەپلىك ئىكەن . سۇ ئېگىز ئېرىقتىن كېلىپلا سېپىلنىڭ غەربىي تەرىپىدىن قورغانغا كىرىپ كۆلگە قۇيۇلىدىكەن . . . سېپىلنىڭ سىرتىدىكى خەندەك سېپىلدىن سىرتقا سوزۇلۇپ چىققان قوختىلار ئارقىلىق قوغدىلىدىكەن . ئەمما ، بۇ قوختىلارنىڭ ئۆلۈك بولۇكى بەك چوڭ بولغاچقا ، ئۇلار ئۆز رولىنى تازا جارى قىلدۇرالمايدۇ . سېپىل خەندىكىنىڭ سېپىل تەرەپتىكى قىرغىقىغا ئوقتا ھەرگىزمۇ دالدا بولالمايدىغان 7 فۇت ( 2.1 مېتىر ) ئېگىزلىكتە تام سېلىنغان . بۇ تامنىڭ ئوق ئېتىلىدىغان كۆنگۈرىلىرى بار ئىكەن . بۇ تامدىن بۆسۈپ ئۆتمىگەندە سېپىلغا ھۇجۇم قىلىش ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ .

بۇ تامنىڭ كەينىگە ئوق ئېتىشتا دەسسەپ تۇرۇش ئۈچۈن 7 فۇت ( 2.1 مېتىر ) كەڭلىكتە بىر سۇپا سېلىنغان . سېپىلنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر دەرۋازا بار ئىكەن ② .

---

① خەنزۇلار قەلئەسى ـــ ئىلگىرى « خىتاي شەھىرى » دەپ ئاتايتتى .

② « قەشقەرىيە » ، نەشرى ئۇيغۇرچە ، 380 ـ بەت .

خەنزۇچە تارىخي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە ، يېڭىشەھەر قەلئەسى سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 4.3 كىلومېتىر كېلىدىكەن . »

## قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق47′ 75° ~ 47 76° ۋە شىمالىي كەڭلىك′ 50 38° ~ 27 39° ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 270.7 كۋادرات كىلومېتىر . ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 1484 كىلومېتىر . يېرى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ ، لېكىن يەر يۈزى تۈز ، يانتۇلۇقى تەخمىنەن 1:1000 . دېڭىز يۈزىدىن 1215 ~ 1310 مېتىر ئېگىز . ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىدە قۇملۇق 55 مىڭ 467 گېكتار بولۇپ ، 25.3 پىرسەنتنى ، دېھقانچىلىققا باب كېلىدىغان يەر 56 مىڭ 467 گېكتار بولۇپ ، 25.8 پىرسەنتنى ، ھازىرقى تېرىلغۇ يەر 38 مىڭ 720 گېكتار بولۇپ ، 17.66 پىرسەنتنى ، چارۋىچىلىققا باب كېلىدىغان يەر 79 مىڭ گېكتار بولۇپ ، 36 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ . قىزىل ، گەز ، كۆسەن دەريالىرى ناھىيە تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ . يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 540 مىليون كۇب مېتىر ، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 321 مىليون كۇب مېتىر . ئۇ يەردە توققۇز سۇ ئامبىرى بار . ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 51 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر ، بۇغداي ، كۆممىقوناق ، كېۋەز ، ياغلىق زىرائەتلەرنى ئاساس قىلىدۇ . پەيزىۋات قوغۇنى داڭلىق . يېڭىشەھەر ئەينى ۋاقىتتا مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ ، قەلئە ئەتراپىدا ئون ئورۇندا قاراۋۇل بازىسى بار ئىدى . ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر قاتتىق تەكشۈرۈلەتتى .

يېڭىشەھەردىن نارچۇققىچە 10 يول ، ئەينى يىللاردا بۇ جايدا بىر مۇنچە ئاھالە ۋە بىر قاراۋۇل چازىسى بار ئىكەن . ھازىر 790 نوپۇس بار . ياندۇرمىغىچە 30 يول ، بۇ جايدا ئۆتەڭ ۋە مەھەللە بار . ئۆيدىن ئايرىلغان يېتىمچىلارمۇ شۇ جايغا كەلگەندە بالا ـ چاقا ۋە ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئەسلەيدۇ . شۇڭا ، پېشقەدەملەر « ياندۇرما ، ئاتا ـ ئاناڭنى تاندۇرما » دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قالدۇرۇپ كەتكەن .

ياندۇرمىدا بىر كۆنلا
نەپەس ئالدىم ، ئاتلاندىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈنكى چىقتى بىر ھەمراھ ،
بۇنى كۆرۈپ شادلاندىم .

ماگدۇق بىللە ئىككىمىز ،
سىردىشىپ ھەم مۇگدىشىپ .
ئۆتتۇق دەريا ، چۆللەردىن ،
يېتىلىشىپ قولدىشىپ .

ياندۇرما ھازىر يېزا بولۇپ ، ئۇ يەردە 16 كەنت بار ، ئومۇمىي نوپۇسى 12 مىڭ 434 .

ياندۇرمىدىن لەڭگەرگىچە 14 يول ، پەيزىۋات ئۆستىڭگىچە ( سۆگەت توغ ) 22 يول ، « چوكان ئاقتى ئۆستىڭى » گىچە 33 يول① يامانيارغىچە 40 يول . يامانيار مەھەللە بولۇپ ، ئۆتەڭ ۋە 30 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . ھازىر يامانيار يېزا ، 16 كەنتى بار . 1986 ـ يىلدىكى نوپۇسى 10 مىڭ 992 .

بىر كۈن مېڭىپ جاپالىق ،
« يامانيار » غا يەتتۇق بىز .
بەللەر ئاغرىپ ، باش قېيىپ ،
ھالىمىزدىن كەتتۇق بىز .

شۇ ھالەتتە تۇرغاندا ،
قارا بالا يۇپۇشتى ،
تۆت تەرەپتىن تۆت غالچا ،
مۇشت كۆتۈرۈپ قوپۇشتى .

يامانياردىن پەيزىۋات ناھىيىسى چېگرىسىغا 15 يول ، قازانسكۆلگىچە 26 يول كېلىدۇ ، ھازىر ئۇ يەردە 985 نوپۇس بار . شاپتۇل ـ چوڭ كەنت بولۇپ ، ئۇ يەردە ئۆتەڭ ۋە چارىلار بار ئىدى . ھازىر شاپتۇل يېزا ، 22 كەنتى بار .

---

① قەدىمكى زاماندا بۇ ئۆستەڭ بىر چوكاننى ئېقىتىپ كەتكەنىكەن ، شۇڭا « چوكان ئاقتى ئۆستىڭى » دەپ ئاتالغانىكەن .

1986 ـ يىلىدىكى نوپۇسى 18 مىڭ 653 . يامانياردىن شاپتۇلغا 53 يول كېلىدۇ .

بىرىپ قاپتۇق قارساق ،
« چوكانيار » غا يېقىنلاپ .
ھۇۋلىسمۇ شۇۋرغان ،
جان ئاغرىتىپ بېقىنلاپ .

باردۇق كېيىن « شاپتۇل »غا ،
مېڭىپ كەچتە ئۆز يولغا .
ئىشقا چىقتۇق بۇ يەردە .
جاننى سېتىپ ئون پۇلغا .

شاپتۇلدىن تۇگمەنبېشىغىچە 12 يول ، چاناق ئېرىققىچە 15 يول ، پەيزىۋاتقا 30 يول ، يېڭىشەھەردىن پەيزىۋاتقا 153 يول ، قەشقەردىن 175 يول كېلىدۇ . .

بىر كۈن مېڭىپ ئەتىسى ،
قۇچاق ئاچتى پەيزىۋات .
چاڭقىغاچقا تۇيۇلدى ،
قوغۇنلىرى قەنت ـ ناۋات .

## پەيزىۋات ناھىيىسى

پەيزىۋات ① يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى . قاراخانىيلار دەۋرىدە بۇ يەرگە بەگ قويۇلغان . سەئىدىيە خانلىقى ( مىلادىيە 1514 ـ 1678 ـ يىللىرى ) دەۋرىدە ھاكىم قويۇلغان . چىڭ سۇلالىسى يىللىرى ئۆچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگ قويۇلغان . 1902 ـ يىلى ناھىيە تەسىس

① پەيزىۋات ـــ يەنى پەيزئاباد . ئەڭ دەسلەپ « قاش » دەپ ئاتالغان . خەنزۇچە مەنبەلەردە « 伽师 » دەپ ساقلىنىپ قالغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىنغان. شەرقتىن غەربكە 340 يول، جەنۇبتىن شىمالغا 700 يول بولۇپ، تۆت يۇرت، 120 كەنت بار ئىدى. پەيزىۋات بازىرىدا 400 دىن ئارتۇق ئائىلە بار ئىدى، ھازىر 11 يېزا، 2 بازار بار. 1986 ـ يىلىدىكى نوپۇسى 234 مىڭ 200. پەيزىۋات دېگەن نام توغرىسىدا «زىكرى پەيزۇللا بەگ» («پەيزۇللانىڭ تەرجىمىھالى») دا قەيت قىلىنىشىچە، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانلىرىدىن تابغاچ ئىبراھىم ئىبنى ئەخمەت بۇغرا قاراخان زامانىسىدا (مىلادىيە 1105 ـــ 1128 ـ يىللىرى)، ئوردا مىرزىلىرىنىڭ باشلىقى ھارۇن بەگنىڭ پەيزۇللا ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغانىكەن. بۇ بەگزادە ئېلى ئىسىملىك يەنە بىر شاھزادە بىلەن شىكارغا چىقىپ، ھازىرقى پەيزىۋات ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىزىلسۇ، قوشئاۋات، غولتوغراق قاتارلىق يېزىلار ئورۇنلاشقان كەڭ ۋادىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ‹ يېڭى مەھەللە › دېگەن يەردە كۆسەنباي ئىسىملىك بىر مەھەللە ئاقساقىلى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ ئۇزۇن ھېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ. پەيزۇللا بەگزادە كېيىن ئوردىغا قايتىپ دادىسىدىن مۇشۇ ‹ يېڭى مەھەللە › ئەتراپىنى ‹ قوغۇنزارلىق › قىلىپ چىقىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. شاھزادە ئېلىمۇ بۇ ئەتراپتىكى ئوتلاقلار، ئورمانلىقلار، مەھەللىلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ. كېيىن مىرزا ھارۇن بەگنىڭ تىلىكى ئارقىسىدا، خان يارلىق چۈشۈرۈپ ‹ يېڭى مەھەللە › ئەتراپىنى بىر بەگلىك يەر قىپتۇ. پەيزۇللا بەگ تۇنجى قېتىم شۇ يەرگە بەگ بوپتۇ. يېپەك يولى بويىغا سېلىنغان ‹ كارۋان ساراي › دېگەن ئۆتەڭ پەيزۇللا بەگنىڭ بەگلىك ھويلىسى بار يەرگە جايلاشقان بولغاچقا، ئۇ يەردە بارا ـ بارا چوڭ سودا بازىرى پەيدا بوپتۇ. مانا شۇ بازارنى سودىگەرلەر ‹ پەيزۇللانىڭ ئاۋاتى › دەپ ئاتاپتۇ. كېيىن بۇ نام قىسقىراپ ‹ پەيزۇلئاباد › دېيىلىدىغان بوپتۇ.» ①

## پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

پەيزىۋات ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76°20′ ~ 78°00′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 39°16′ ~ 40°00′ قا توغرا كېلىدۇ. ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 1435 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 6316.2 كۋادرات

① «شىنجاڭ تەزكىرىسى». 1990 ـ يىل 4 ـ سان. 35 ـ، 36 ـ بەتلەر.

كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي قىسمى ئېگىز، شەرقىي قىسمى پەس، شىمالىي قىسمى ئېگىز، جەنۇبىي قىسمى پەس. قىزىل دەرياسى، تەلۋىچۇك دەريالىرى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى ئومۇمىي سۇ مىقدارى 700 مىليون كۇب مېتىردىن 1 مىليارد كۇب مېتىرغىچە. تۇپراقنىڭ شورلىشىشى ئېغىر. 4200 گېكتار تېرىلغۇ يەرنىڭ 87 پىرسەنتى زەيلىك يەر. پەقەت 3 پىرسەنتلا زەيلەشمىگەن، ئورمان 31 مىڭ 600 گېكتار. ئوتلاق 240 مىڭ 667 گېكتار.

پەيزىۋاتتىن قۇمدۆڭگىچە 16 يول، لەڭگەرگىچە 30 يول، يېڭىئاۋاتقىچە 50 يول كېلىدۇ. يېڭىئاۋات مەھەللە. بۇ جايدا ئۆتەڭ ۋە بىر قانچە ئون ئۆيلۈك ئاھالە بار بولۇپ، يېقىن ئەتراپىدا يەنە 300 نەچچە ئائىلىلىك دېھقان بار. 1986 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە، نوپۇسى 1230 ئىدى. يېڭىئاۋاتتىن كۆۋرۈككە 60 يول كېلەتتى. يول لىنىيىسى ئۇششاق ـ ئۇششاق دۆڭلۈك ۋە توغراقلىق جايلارنى بېسىپ، مۇشۇ جايغا كەلگەندە قىزىل دەرياسىنىڭ غەربىگە ئۆتىدۇ. كۆۋرۈك مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، بۇ ئۆتەڭدە كىچىك قورغان بار ئىدى. قورغان تۆت چاسا بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر تەرىپى 20 ساژىن ( 43 مېتىر ) كېلىدۇ. يەنە بەش ئۆيلۈك ئادەم، يېقىن ئەتراپتا 18 ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى. بۇ جاي ھازىر « لوگكو » دېيىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ 936 نوپۇسى بار. ئەينى ۋاقىتتا دەريانىڭ كەڭلىكى 11 سازىن ( 24 مېتىر ) كېلىدىغان بولۇپ، دەريادا بىر نەچچە ئارىلىقلىق مەزمۇت يېغى كۆۋرۈك بار ئىدى. سۇ چوڭقۇرلۇقى 4 مېتىر، ئېقىش تېزلىكى سېكۇنتىغا 1 مېتىر ئىدى.

ماڭدۇق يەنە توختىماي،
« داش » قا ئۇدۇل يول ئېلىپ.
باشلار قاتتى چويۇندەك،
يانچۇقلارغا قول سېلىپ.
« داش » تىن ئۆتۈپ « كۆۋرۈك » كە،
كەلدۇق ئادەم ياتقاندا.
نالە قىلدۇق خۇداغا،
قارلار قېلىن ياغقاندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆۋرۈكتىن قارا يۇلغۇنغا 20 يول كېلەتتى ، بۇ جايدا ئەينى چاغدا يەتتە ــ سەككىز ئائىلە بار ، 1986 ــ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، نوپۇسى 864 ئىدى .

« كېلىك » دېدى « غولتوغراق » ،
كەڭرى ئېچىپ باغرىنى .
بىر كۈن ئىشلەپ بۇ يەردە ،
كۆردۈق بىردىن زاغرىنى .

« غولتوغراق » تىن ئۆتكەندە ،
« قارا قىرچىن » بار ئىكەن .
ئاسمان تېگى يېتىمغا ،
قەپەزدەكلا تار ئىكەن .

قۇم كەپىگە 46 يول كېلىدۇ ، ئەينى چاغدا ئۇ يەردە ئۈچ ئائىلىلىك ئادەم ۋە ئۆتەڭ بار ئىدى .
ئۆردەكلىككە 86 يول ، مەھەللە ۋە ئۆتەڭ ، 30 نەچچە ئائىلىلىك ئادەم ، يېقىن ئەتراپتا يەنە 220 نەچچە ئائىلىلىك دېھقان بار ئىدى . ئۆتەڭنىڭ جەنۇبى چەكسىز كەتكەن سازلىق بولۇپ ، كۆۋرۈكتىن ئۆردەكلىككە كەلگۈچە ھارۋا يولى ئىدى . يولدا ئۆلۈك توپا كۆپ بولۇپ ، مېڭىش قىيىن ، چاڭ ــ توزان كۆپ ، يەم ــ خەشەك يوق ئىدى . ئوتۇن كۆپ ، ئۆستەڭنىڭ سۈيى ياخشى ئىدى .

سەھەر چىقىپ پېشىندا ،
بارغان يېرىم ئۆردەكلىك .
ئىش باشقا ، ھەۋەس باشقا ،
قىلما زادى گۆدەكلىك .

ئۆردەكلىكتىن جايىۇلغۇنغا 9 يول كېلەتتى . تۇڭگان مازارغا 29 يول كېلىدۇ ، ياقۇپبەگ زامانىسدا بۇ جايدا تۇڭگان ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ، « تۇڭگان مازار » دەپ ئاتالغان . ئون نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى .

سەھەر تۇرۇپ ئەتىسى ،

باردىم توڭگان مازارغا .
كۆڭلۈم چۈشتى بىر كۆرۈپ ،
قىزنىق كالتا بازارغا .

قارا قىرچىنغا 54 يول كېلىدۇ ، ئارىلىقتىكى يول ياخشى ، يېقىلغۇ ۋە توغراقلارمۇ كۆپ ئىدى . ئۇ يەردە ئۆتەڭ ۋە بىر قورغان بار ئىدى . چوڭلۇقى كۆۋرۈكتىكى قورغانغا ئوخشاش ، يەنە بىر مەسچىتمۇ بار ئىدى .

قارا قىلچىندىن چىقىپ قويۇق توغراقلىقلار ئارقىلىق ماڭىدۇ . دەرەخنىڭ قېلىنلىقىدىن 50 قەدەمنىڭ نېرىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ . 15 يول يۈرسە ، يول ياقىسىدا يولۇچىلار قونىدىغان بىر كەپە بار . ئەينى چاغلاردا بۇ جايدا يازلىقى يولۋاس ناھايىتى كۆپ بولىدىكەن ، يولۇچىلار ئاشۇ كەپىدە يولۋاسنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىدىكەن . 26 يول يۈرسە بىر جىلغا ئۇچرايدۇ . جىلغىدا سۇ بار . بۇ جىلغا سۈيى يول بويلاپ ئېقىپ چۈشۈرگىگە كېلىپ ، قىزىل دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئېقىنىغا قوشۇلىدۇ . چۈشۈرگىگە يېقىنلاشقاندا ، يوغان - يوغان قۇم بارخانلىرى ئۇچراشقا باشلايدۇ . يول بىر كۆۋرۈك ئارقىلىق ئېقىندىن ئۆتۈپ چۈشۈرگە ئۆتەڭگە كېلىدۇ .

قارا قىلچىندىن چۈشۈرگىگە 40 يول . ئۆتەڭدە 20 نەچچە ئۆيلۈك ئائىلە ۋە بىر قورغان بار ئىدى . 1986 - يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، نوپۇسى 680 ئىدى . قەشقەر دەرياسى بۇ قورغاننىڭ 18 يول جەنۇبىدا بولۇپ ، دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا 9 يول كەڭلىكتە قۇمۇشلۇق بار .

ئۆيدىن چىقىپ كەچقۇرۇن ،
بارغان يېرىم چۈشۈرگە .
ئەقلىڭ بولسا ئامرىقىم .
ئىشق ئوتۇڭنى ئۆچۈرمە .

چۈشۈرگىدىن مارالبېشى ( بارچۇق ) قا 58 يول ، قەشقەردىن مارالبېشىغا 512 يول كېلىدۇ ، چۈشۈرگىدىن چىقىپ 16 يول يۈرسە يول ياقىسىدا چوڭ بىر قۇمۇشلۇق كۆل بار . بۇ كۆل قەشقەر دەرياسىغىچە سوزۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

43 يول يۇرسە بىر كۆۋرۈككە كېلىدۇ. يول مۇشۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق قەشقەر دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتىدۇ. بۇ جايدا بىر مۇنچە قومۇشلۇق ئۇششاق كۆللەر بار. 58 يول يۇرسە مارالبېشى قەلئەسىگە كېلىدۇ. يول قەلئەنىڭ جەنۇبىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ مارالبېشى بازىرىغا كېلىدۇ. بازاردا 40 — 50 دۇكان بار. مارالبېشى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، ئۇ يەردىن جەنۇبقا ماڭسا يەركەنگە، شىمالغا ماڭسا ئاقسۇغا، غەربكە ماڭسا قەشقەرگە بارغىلى بولىدۇ.

## مارالبېشى ناھىيىسى

مارالبېشى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، بۇ جاي توغرىسىدا مۇنداق قوشاق توقۇلغان:

مارالبېشى دىيارى،
قۇچاق ئاچتى «كېلىڭ» دەپ.
يارغۇنچاقنى چۆرۈيسىز،
«بۇ قىسمەتنى بىلىڭ» دەپ.

ئىچىپ يارما چۆچەكتە،
تەمى «قەن» كەن دېيىشتۇق.
يول راسخوتى قىلىشقا،
ھەر تەرەپتىن كىرىشتۇق.

مارالبېشى دېگەن شەدە،
تۆت ـ بەش كۈن تۇرۇپ قالدىم.
ئانامنى ئېلىپ يادىمغا،
بۆلەكچە بولۇپ قالدىم.

### مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

مارالبېشى ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 70° 22′ ~ 79° 56′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 38° 47′ ~ 40° 17′ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ كۆلىمى 21

مىلىڭ 741.3 كۋادرات كىلومېتىر . ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 1255 كىلومېتىر . يېرىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى ئېگىز ، شەرقىي جەنۇب قىسمى پەس بولۇپ ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى ، ئوتتۇرا قىسمى ، غەربىي جەنۇب قىسمى ۋە شەرقىي شىمال قىسمىنىڭ كۆپىنچە يېرى بوستانلىق ، شەرقىي جەنۇب قىسمى پۈتۈنلەي قۇملۇق . بوستانلىق 38.8 پىرسەنتىنى ، تاغلىق رايون 10.7 پىرسەنتىنى ، قۇملۇق 50.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ . بوستانلىق يەكەن دەرياسى بىلەن قەشقەر دەرياسى قىرغىقىدىكى تىنىما تۈزلەڭلىككە مەركەزلەشكەن . كۆلىمى 796 مىڭ 667 گېكتار . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃ 11.7 ، 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ℃ 7.4 ، 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃ 26 . ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى ℃ 24.2 ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى ℃ 42.7 بولۇپ ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 45.1 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2083.5 مىللىمېتىر . كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2900 ~ 3100 سائەت ، قىروسىز مەزگىلى 220 ~ 230 كۈن . يەكەن دەرياسىدىن يىلىغا باشلىنىدىغان سۇ 820 مىليون كۇب مېتىر . ناھىيە بويىچە 86 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان ئۈچ سۇ ئامبىرى بار . يېزا ئىگىلىك 3 ـ دېۋىزىيىسىگە قاراشلىق شوركۆل سۇ ئامبىرىغا 500 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلىنىدۇ . ئۇ دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى ، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 200 مىليون كۇب مېتىر . مارالبېشىنىڭ مېۋە ـ چېۋىلىرى داڭلىق ، قوغۇنىنىڭ قەنت تەركىبى %16 ئۆپچۆرىسىگە يېتىدۇ . مارالبېشى بازىرى خېلى ئاۋات جاي بولۇپ ، يولۇچىلار ئۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ كۈن توختاپ ، يول ئوزۇقى راسلاپ ، ئاندىن سەپەرنى داۋاملاشتۇراتتى .

قەدىمىي شەھەر « بارچۇق » ( ھازىرقى مارالبېشى ) « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا خاتىرىلەنگەندەك ، ئەفراسىياپ قورغان قەدىمىي شەھەر . تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، بارچۇقنىڭ بىنا قىلىنغىنىغا 2544 يىل بولدى . بارچۇق دائىرىسىدە قەدىمكى يىپەك يولىدىكى « توققۇز ساراي » قەلئە خارابىسى ، « چوڭ تىم » ، « كىچىك تىم » ، « يۇمىلاق تىم » ، « زەي تىم » . . . قاتارلىق بىر قانچە قەدىمىي قەلئە خارابىلىرى بار . قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە بارچۇق 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە

ھەرخىل ناملاردا ئاتالغان . 3 ـ ، 4 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق تارىخىي رىۋايەتتە ، زۇمرەت ئاتەش ئىسىملىك بىر ئايال ھازىرقى چارباغ يېزىسىنىڭ تۆت كىلو- مېتىر شىمالى تەرىپىدىكى « كونا جاي قۇمى » دېگەن يەردە ئوردا ـ سارايلارنى سالدۇرۇپ ، ئاتەش دىنىنى تەرغىب قىلغان . شۇ مەزگىلدە بۇ جاينى « ئاتەش » شەھىرى دەپ ئاتىغان . 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇددا دىنى بىلەن ئاتەش دىنى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ ، بۇددا دىنىنىڭ چاپارمىنى مۇقاتىل زۇمرەت ئاتەشنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇ تۇرغان ئوردا ـ سارايىنى ۋەيران قىلىپ ، مارالبېشىنىڭ 60 كىلومېتىر شەرق تەرىپىدىكى جايلاشقان توققۇز سارايدا ئوردا ـ سارايلارنى قايتىدىن قۇرۇپ ، بۇ يەرنى « شەھىرى بەر ـ بەر » دەپ ئاتىغان . « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا يېزىلىشىچە ، 9 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ، قاراخانىيلار بۇ جايدا بارچۇق قەلئەسىنى ياسىغان ، « شەھىرى بەر ـ بەر » نىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ ، « بارچۇق » ( ھەممە نەرسە چىقىدىغان ) دەپ نام قويغان . ئۇنىڭ ئورنى يەنىلا توققۇز سارايدا بولغان . 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ، ھەرخىل ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ئۇ يەر ۋەيران قىلىنغان . 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە سەكسەن ، ئاقساقمارال قاتارلىق جايلارنىڭ مەلۇم يېرىدە شەھەرلەر قايتىدىن قۇرۇلغان . 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى بىر رىۋايەتتە ، ئۈچ ئوغۇل ئۇلاش جەريانىدا قاپقان قۇرۇپ مارالنى تۇتۇۋېلىپ ، ئۇنىڭ گۆشلىرىنى يەپ ، بېشىنى بولسا ئىككى ئاچا قاداپ ، ئاچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويغانىكەن . شۇنىڭ بىلەن مارالبېشى ( ئەسلىدىكى بارچۇق ) دەپ ئاتىلىدىغان بولغانىكەن ①.

يەركەن خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇلكېرىمخان مىلادىيە 1593 ـ يىلى خوجا ئىسھاقنىڭ قول چوماقچىلىرى ، يەنى سوپى ئىشان ئوبۇل ، مۇھەممەتلەر تەرىپىدىن بارچۇقتا شىكار ئۈستىدە پىچاقلاپ قەتلى قىلىنغان .

3 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارچۇقنىڭ قەدىمكى ئورنى « كونا جاي قۇمى » دىكى « ئاتەش شەھىرى » ، توققۇز سارايدىكى « شەھىرى بەر ـ بەر » قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلەر گۇۋۇيۇەن

① « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » . 1989 ـ يىل 25 ـ ئاپرېل سانى .

تەرىپىدىن 1957 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇن دەپ ئېلان قىلىندى . 1983 - يىلقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە چوڭ تىم ، زەي تىم ، قوش تىم ، يۇملاق تىم قاتارلىق قەدىمكى خارابىنىڭ ئىزلىرى تېپىپ چىقىلدى . بۇ جايدا قەدىمكى قەلئەلەر ، سېپىللار ، ئۆي - ئىمارەت ئىزلىرى ، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىشلەنگەن ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، يارماق ، ھالقا ، ئۈزۈك ، ئاياللارنىڭ چېچىغا ئاسىدىغان زىننەت بۇيۇملىرى ، مارجان ، جەڭ قوراللىرى ، كۆپ - كوزىلارغا چەككەن نەقىش ، ئاي - كۈننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ياسالغان بۇيۇملار ، لاي بۇت قاتارلىقلار تېپىلدى . يەنە بارچۇقنىڭ 160 كىلومېتىر شەرق تەرىپىدە مىرزا ئابابەكرى ۋە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن غازىبەگ ( 1402 — 1472 - يىللىرى ) ، تارىخچى سائادەت بەگ ( 1491 — 1570 - يىللىرى ) ، سائادەت بەگنىڭ ئوغلى دەۋرانبەگ ( 1516 — 1567 - يىللىرى ) ، شائىر ، قەلەمدار بەگ ( 1499 — 1569 - يىللىرى ) لەرنىڭ گۈمبەزلىرى ۋە سائادەت بەگ ئۆزى ئىشلەتكەن كۆك سىرلىق ياغاچ راۋاقلارمۇ تېپىلدى .

1832 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھازىرقى مارالبېشىغا بىر قورغان سېلىپ مارالبېشى قورغىنى دەپ ئاتىغان . مارالبېشى قورغىنىنىڭ سېپىلى بەش بۇرجەكلىك بولۇپ ، ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 ساژىن ( 256 مېتىر ) ، سېپىلنىڭ قېلىنلىقى ۋە ئېگىزلىكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 21 فوت ( 6.40 مېتىر ) كېلىدۇ . سېپىلنىڭ ھەربىر بۇرجىكىدە بىردىن قوختا ( راۋاق ) ، سېپىلنىڭ ھەر تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن كىچىك بۆكتۈرمە ( يوشۇرۇنۇش گەمىسى ) بار ئىدى .

سېپىلنىڭ سىرتقى يانتۇ تەرىپىنىڭ ئاستىغا ئىھاتە تېمى سېلىنغان . 14 فۇت ( 4.3 مېتىر ) كەڭلىكتىكى سېپىل خەندىكىگە سۇ تولدۇرۇلغان . خەندەك ئاستىغا قوزۇق قېقىۋېتىلگەن . ھەربىر قوختىسىنىڭ بۇرجەكلىرىدىن ئېتىش ئۈچۈن كۆنگۈرە ئېچىلغان . قورغان دەرۋازىسى شەرققە قارىتىپ ئېچىلغان بولۇپ ، قورغان سىرتىدا — سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر كارۋان سارىيى ، ئۇنىڭ يېنىدا مەسچىت بار ئىدى .

1883 - يىلى مارالبېشىدا ئۆلكىگە بىۋاستە قارايدىغان نازارەت تەسىس قىلىنغان . 1903 - يىلى ئۇ بارچۇق ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلىپ ، يەكەنگە قارايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بولغان . 1913 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلىپ قەشقەرگە قارايدىغان بولغان . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ 276 مىڭ نوپۇسى ، مارالبېشى بازىرىنىڭ 18 مىڭ 731 نوپۇسى بار ئىكەن .

مارالبېشىدىن چاھارباغقا ① 51 يول بولۇپ ، ئۇ يەردە قونالغۇ ـ ئۆتەڭ ، 40 ~ 50 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . چاھارباغ ھازىر مارالبېشىنىڭ بىر يېزىسى ، بۇ يېزىنىڭ ھازىر 19 كەنتى بار . 1986 ـ يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 13 مىڭ 687 ، چاھارباغ كەنتىنىڭ نوپۇسى 843 ئىكەن .

چاھارباغدىن ئۆيقوتانغا 10 يول ، يېڭىمەھەللىگە 56 يول ، تۇمشۇققا 60 يول بولۇپ ، ئۇ يەردە قونالغۇ ـ ئۆتەڭ ۋە 40 ~ 50 ئۆيلۈك ئاھالە بار . چاھارباغدىن تۇمشۇققا كەلگۈچە يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس ، يۇلغۇنلۇق ، چاتقال دۆۋىلىرى كۆپ .

ئانار كۆلدە ياتمىدىم ،
يېتىۋالدىم تۇمشۇققا .
ئىزدەپ ـ سوراپ دەڭجانى ،
ئۇچراپ قالدىم ئوشۇققا .

مېڭىپ كەتتۇق تۈن بىلەن ،
« تۇمشۇق » دېگەن ماكانغا .
ئاغرىپ ياتتۇق بۇ يەردە ،
يولۇققاچ بىز زۇكامغا .

تۇمشۇقتىن كەڭتوغراققا 25 يول ، ئەتراپىدا يۈز نەچچە ئائىلىلىك دېھقان بار . تۇمشۇقتىن چىبدىر كۆلگە 43 يول ، ئۇ يەردە ئۆتەڭ ۋە ئون نەچچە ئائىلىلىك ئاھالە بار . تۇمشۇقتىن چىقىپ ،

① چاھارباغ — 8 ـ ئەسىردە مەرغوپ شاھ بۇ يەردە كاتتا باغ بىنا قىلىپ . چاھارباغ دەپ ئاتىغان ( « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » . 1992 ـ يىل 26 ـ ماي سانى ) .

پىچاق سۇندى ① ئارقىلىق سىپسىقۇدۇقىقا كېلىدىغان يولمۇ بار . بۇ يول تەڭتوغراق بىلەن ماڭىدىغان يولدىن 13 يول ئۇزۇن .

پىچاق سۇندى دېگەن يەردىن ،
ئۆتۈپ كەتتۇق كېچىسى .
بەك يوغان ئىكەن كۆرسەك ،
نانغا سالغان نوكچىسى .

چېدىر كۆلدىن سىپسىقۇدۇقىقا 17 يول ، ياقىقۇدۇقىقا 40 يول بولۇپ ، ئۇ يەردە ئۆتەڭ ، دەڭ ۋە توققۇز ئائىلىلىك ئاھالە بار . يول ياقىقۇدۇقىقا كەلگەندە ئۇچكە بۆلۈنىدۇ . سولغا ماڭغاندا ئاچال ئارقىلىق كەلپىنگە بارىدۇ .

بىز ئاچالغا بارغاندا ،
سەلەپ كەلدى شارقىراپ .
سۇغا كىرسەم كەلپىنلىك ،
توختا دېدى ۋارقىراپ .

ئوڭ تەرەپتىكى يول ئاۋات ، قۇمباش ئارقىلىق ئاقسۇغا كېلىدۇ . ئوتتۇرا يول چىلان ، شوتىقۇدۇق ، سايئېرىق ، ئايكۆللەر ئارقىلىق ئاقسۇغا بارىدۇ . ياقىقۇدۇقتىن قىزىلتام 12 يول ، ياقىقۇدۇقتىن يايدى 43 يول . ئۇ يەردە قونالغۇ — ئۆتەڭلەر ۋە ئۆتەڭ خارابىلىرى ھېلىمۇ بار .

ساقايغاندا ئۈچ كۈندە ،
يېتىپ كەلدۇق يايدىغا .
تام تۈۋىدە ئولتۇرساق ،
كۆرۈپ قالدى باي — دورغا .

---

① پىچاق سۇندى — 1864 ـ يىلى كۇچار خانى راشىددىن خوجا قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە ، بۇ يەرگە چۈشۈپ زىياپەت ئۈستىدە بىر سۆڭەكنى چاقماقچى بولغاندا ، پىچاق ئوتتۇرىدىن سۇنۇپ كەتكەن . شۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە بۇ يۇرتقا « پىچاق سۇندى » دەپ نام بەرگەن ( « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » . 1992 ـ يىلى 26 ـ ماي سانى ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلماق بولدى ئۆزگە ،
ئۆمۈر بويى يىللىقچى .
گەز كەلگەندە پۇقراغا ،
ئالۋاڭ چاچار سىلىقچى .

ئىشەنمىدۇق نەيرەڭگە ،
« ماقۇل » دېدۇق ــ گوللىدۇق .
قۇتۇلۇشقا پەم بىلەن ،
يالغان جاۋاب يوللىدۇق .

قاچتۇق دەرھال يول ئېلىپ ،
قۇرۇق ئۆزۈم يۇرتىغا .
بارغان كۈنى يارانلار ،
ئېلىۋالدى ئوتتۇرىغا .

بىر گە بولدى بىز بىلەن ،
كۈندۈزلىرى تاماقتا .
كېتەر چاغدا يەل ــ يېمىش ،
يوللۇق تۇتتى تاۋاقتا .

يايدىدىن يېڭىچىلانغا 39 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردە ئۆتەڭ ، دەڭ ۋە 30 نەچچە ئائىلە بار . يېڭىچىلاندىن كونىچىلانغا 14 يول بولۇپ ، ئۇ يەردىمۇ ئۆتەڭ ، ئۆتەڭ خارابىلىرى ھېلىمۇ بار .

كونىچىلان ، يېڭىچىلان ،
ئىككىلىسى بىر چىلان .
كىلىۋاتساق بىز چۆلدە ،
ئۇچراپ قالدى ئوقيىلان .

سانجىپ قويغان يۇلغۇننىڭ ،
تايىقىمۇ دىيىشتۇق .

چىقىلغانغا بىكاردىن ،
مىڭبىر پۇشايمان يېيىشتۇق .

يېڭىچىلاندىن شورقۇدۇققا 54 يول بولۇپ ، ئۇ يەردە قورغان ۋە ئۆتەڭ ھەم قورغان يېنىدا بىر مەسچىت بار ، قورغان ئەتراپى چاتقاللىق .

شورقۇدۇقتىن سايئېرىققا 47 يول بولۇپ ، سايئېرىقتا ئۆتەڭ ۋە دۆڭ ، ئەتراپىدا 200 نەچچە تۈتۈن دېھقان بار ( ئۇرنى ھازىرقى ئاقسۇ ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ ) .

سايئېرىقتىن ئايكۆلگە 16 يول كېلىدۇ . ئايكۆل 1870 - يىللىرى بىر مەھەللە بولۇپ ، ئۇنىڭ بىر نەچچە كوچىسى بار ئىدى . مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەۋلانە جالالىدىننىڭ خانىقاسى بار ئىدى .

**ئايكۆل مەۋلانەم مازىرى**

ئايكۆل مەۋلانەم مازىرى — ئاقسۇ يېڭى شەھىرى ئايكۆل يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي تەرىپىگە 1 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق ″ 08/01 °80 ، شىمالىي كەڭلىك ″ 54/55 °40 قا جايلاشقان . ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 1065 مېتىر ئېگىز بولۇپ ، بۇ مازار جالالىدىن كېتىكىنىڭ قەبرىگاھىدۇر . جالالىدىن كېتىكى ئىشانلار مەزھىپىنى بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقاتقان كىشى . ئۇ مەشھۇر ئالىم ئەبۇ ھابىس كىبىرنىڭ ئوغلى ① بولۇپ ، كۇچاردىكى مەۋلانە ئەرشىدىن خوجىنىڭ ئاتىسى ئىدى . جالالىدىن كېتىكى 1322 - يىلى ئاقسۇ ئايكۆلدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىمان ئېيتىشىغا رىياسەتچىلىك قىلغان . ئەينى ۋاقىتتا ، بۇ جايغا ھەشەمەتلىك مازار ئىمارەتلىرى ۋە مەدرىسلەر ياسالغانىدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » يىللىرى ۋەيران قىلىنغان . ھازىرقى مازارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، پەقەت بىرلا گۈمبەز ساقلىنىپ قالغان . ئۇنىڭ ئۇل قىسمى تەخمىنەن 1 مېتىر ئېگىزلىكتە خىش بىلەن ، قالغان قىسمى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان . ئىچى - تېشى سامانلىق لايدا سۇۋالغان . گۈمبەزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئىشىك ، غەربىي قىسمىدا چىرايلىق نەقىشلەنگەن دېرىزە بار . گۈمبەز-

① ليۇ زىشياۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 - يىلى نەشرى ، 800 - بەت .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىر ، كەڭلىكى 4 مېتىر ، ئېگىزلىكى 5 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، مازار ياقۇپبەگ دەۋرىدە قايتا رېمونت قىلىنغان . بۇ مازار ئەتراپىدا نۇرغۇن قەبرىلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان ھەشەمەتلىك قەبرىلەر بار . گۈمبەزنىڭ 10 مېتىر شەرقىدە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر قەدىمىي قەبرە بار ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ ئايكۆلگە جالالىدىن كېتىكى بىلەن بىللە كەلگەن بەلخ دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى شەيق شاۋۇدۇن بەلخىنىڭ قەبرىسى ئىكەن ①. مازار يېنىدا بىر قورغان بولۇپ ، 200 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ، يېقىن ئەتراپتا 500 ــ 600 ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى . 1986 ــ يىلدىكى نوپۇسى 1035 .

سايئېرىقتىن 23 يول يۈرسە بىر دەرياغا كېلىدۇ . ئۇ زاماندا بۇ دەريا « توشقان دەرياسى » دەپ ئاتىلاتتى ( بەلكىم ئاقسۇنىڭ باش تەرىپىدىكى توشقان دەرياسىدىن باشلاپ كېلىنگەن ئېقىن بولۇشى مۇمكىن ) . بۇ دەريانىڭ كەلكۈنى دائىم ئايكۆلگە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى . توشقان دەرياسىدا كۆۋرۈك بولمىغاچقا ، كىشىلەر كېچىپ ئۆتەتتى . باش ئېرىق 48 يول ، باش ئېرىق بىلەن يولنىڭ كېسىشكەن جايىدا بىر نەچچە ئائىلىلىك كىچىك يېزا بولۇپ ، بۇ جاي توپىلىق دەپ ئاتىلاتتى . توپىلىقنىڭ 1986 ــ يىلدىكى نوپۇسى 1291 .

سايئېرىقتىن چوغتال قورغىنىغا 54 يول كېلەتتى . بۇ قورغان ئايرىم ــ ئايرىم ئۈچ قورودىن تەشكىل تاپقان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىككىسى يولنىڭ سول قاسنىقىدا ، بىرى ئوڭ قاسنىقىدا ئىدى . بۇ قورغان ئىچىدە يەم ــ خەشەك ۋە يېقىلغۇ ئىسكىلاتى ، قورغان يېنىدا بىر باغ ۋە بىر كۆل بار ئىدى . بۇ قورغان چوغتال كەنتى بىلەن چەتلەش . چوغتال كەنتىدە 19 ــ ئەسىردە بىر قانچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى .

سايئېرىقتىن چوغتالغىچە يول ياخشى ، يەم ــ خەشەكلەرنى دېھقانلاردىن سېتىۋالغىلى بولىدۇ . سۇدىن قىينالمايدۇ ، ئەمما يېقىلغۇ يوق . چوغتالدىن 6 يول ماڭسا ئاقسۇ دەرياسىغا كېلىدۇ .

### ئاقسۇ دەرياسى

ئاقسۇ دەرياسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مەشھۇر دەريالارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلغۇچى ئاساسلىق دەريادۇر . توشقان

---

① « شىنجاڭ گېزىتى » ، 1994 ــ يىل 29 ــ نويابىر سانى .

دەرياسى بىلەن قۇمئېرىق دەرياسى قوشۇلۇپ ئاقسۇ دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**توشقان دەرياسى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىسىنىڭ قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى ئاقساي دەرياسىدىن باشلىنىپ، چاتىرتاشتىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، ئاقئۆڭكۈر، سىڭارجار، سار بۇلاق، قوتۇنجار، قارا-بۇلاق، ئاقبۇلۇڭ، مەركەچ، قىزىلاڭ، قايرىما، قىزىل گۈمبەز، ئاقتالا، سۇمتاش، ئاقچى، قارىچى، ساپارباي، باش ئاقما، ئارال، كۆككىجگدە، قارايۇلغۇن، ئۇچتۇرپان، جىران، سۇرگۈن، ئاقيار، شاختۇرلارنى بېسىپ ئۆتۈپ پاختىلىققا كېلىپ، قۇمئېرىق دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئاقسۇ دەريا-سىنى ھاسىل قىلىدۇ. قۇمئېرىق دەرياسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىسىنىڭ قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى سارجاس دەرياسىدىن باشلىنىپ، مەملىكىتىمىز تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، شېخىلا، ئۆيتايتىر، جىگدىلەردىن ئۆتۈپ، پاختىلىققا كېلىپ توشقان دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ.

**ئاقسۇ دەرياسى** پاختىلىقتىن باشلىنىپ، يىرما، گۈلباغ، چوغتال، كۆكباش، بەشتۈگمەن، دۆڭقىشلاق، بەشئېرىق، يېڭىمەھەللە، ئاۋاتلاردىن ئۆتۈپ شورچاققا بېرىپ، يەركەن، خوتەن دەريالىرى بىلەن قوشۇلۇپ تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئاقسۇ دەرياسىنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 43 مىڭ 123 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 224 كىلومېتىر، 19 يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $182m^3/s$، يىللىق ئومۇمىي نورمال ئېقىن مىقدارى 5 مىليارد 760 مىليون كۇب مېتىر. سۇ ئەڭ كۆپ يىلى (1978 ـ يىلى) 7 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىر، ئەڭ ئاز يىلى (1957 ـ يىلى) 4 مىليارد 920 مىليون كۇب مېتىر بولغان.

**ئاقسۇ دەرياسى كۆۋرۈكى** ئاقسۇ دەرياسى سۈيى مول دەريا بولۇپ، سۇ ئەڭ كۆپ كەلگەندە $m^3/s$ 2000 غا يېتىدىغان چوڭ دەريا بولغاچقا، كۆۋرۈك سېلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئىل-گىرى ئاقسۇ دەرياسىدا كۆۋرۈك يوق بولۇپ، يولۇچىلار دەريادىن كېمە ئارقىلىق ئۆتەتتى. «قەشقەرىيە» دە بايان قىلىنىشىچە، ياقۇپبەگ ۋاق-تىدا (1870 ـ يىللىرى) بۇ دەريادا ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى. بۇ كۆۋرۈك ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ياسالغان. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئورنى

www.uyghurkitap.com

هازىرقى تاشيول كۆۋرۈكىدىن 6 كىلومېتىر تۆۋەن تەرەپتە ئىدى . چۈنكى قەدىمكى كارۋان يولى شۇ جاي بىلەن ( توپىلىق ۋە چوغتال بىلەن ) ماڭاتتى . بۇ جايدا دەريا ئۇششاق ـ ئۇششاق ئېقىنلارغا بۆلۈنۈپ يېيىلىپ ئاقاتتى . دەريا ئېقىنىنىڭ كەڭلىكى 7 يول كېلەتتى . دەريانىڭ قىشى ئېگىز قىرغاق بولۇپ ، ئۇششاق ئېقىنلاردا كۆۋرۈك يوق ، ئوتتۇرىسىدىكى چوڭراق ئۈچ ئېقىندا كۆۋرۈك بار ئىدى . كۆۋرۈك دىڭگەكلىرى ياغاچ بۇقا ۋە تورمەللەردىن ياسالغان ، ئۇنىڭ شەكلى خۇددى كېمىگە ئوخشايتتى . كۆۋرۈك لىملىرى مۇشۇ دىڭگەكلەرگە ئارتىلغانىدى . ئىككى ياقتىكى ئىككى كۆۋرۈك كىچىكرەك ، يەنى ئۈچ ئاراشلىق كۆۋرۈكلەر ئىدى . ئوتتۇرىدىكى كۆۋرۈك ئون ئاراشلىق بولۇپ ، ئاساسلىق كۆۋرۈك ھېسابلىناتتى ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 45 مېتىر كېلەتتى . بۇ كۆۋرۈك ئانچە مۇكەممەل بولمىغاچقا ، تەخمىنەن 1920 ـ يىللىرى ۋەيران بولغان . كېيىن كېمە ئارقىلىق قاتنايدىغان بولغان . ئۇنىڭدىن كېيىن ، دەريا سۈيىنى بۆلۈپ يەر سۈغىرىش ئۈچۈن كۆۋرۈكنىڭ تەخمىنەن 2 كىلومېتىر يۇقىرىسىغا سۇ ئايرىش دامبىسى ياساپ ، دەريانى ئىككى ئېقىنغا ئايرىۋەتكەن . ئۇنىڭ غەربتىكىسىنى كونا دەريا ، شەرقتىكىسىنى يېڭى دەريا دەپ ئاتىغان . 1938 ـ يىلى كونا دەرياغا كۆۋرۈك سېلىنغان ، ئۇ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر ، 16 ئاراشلىق ياغاچ لىملىق ئاددىي كۆۋرۈك ئىدى . كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى 5 مېتىر بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ھارۋا ۋە ئات ـ ئۇلاغلار ئۆتەلەيتتى . كۆۋرۈك لىملىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11 مېتىر ، دىئامېتىرى 32 ~ 40 سانتىمېتىر ئىدى . كۆۋرۈك دىڭگەكلىرى چىۋىر شەكىللىك قىلىپ ياسالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى تاش ۋە شاخ بىلەن تولدۇرۇلغانىدى . كۆۋرۈكنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئۇلى كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا سۇ ئاستىدا قالاتتى . كۆۋرۈك ئېگىز سېلىنمىغاچقا ، سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . يولۇچىلار ئادەتتە دەريادىن كۆۋرۈك ئارقىلىق ئۆتەتتى . كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا كېمە ئارقىلىق ئۆتەتتى .

ئۇرۇمچى ـ قەشقەر تاشيولى ياسالغاندىن كېيىن ، 1941 ـ يىلى بۇ كۆۋرۈكتىن 400 مېتىر يۇقىرى جايغا تاشيول كۆۋرۈكى ، يەنى « كونا دەريا كۆۋرۈكى » ياسالدى . كۆۋرۈكنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنژېنېرى لايىھىلىگەن بولۇپ ، تاشيول ئىدارىسى تېخنىك خادىملارنى ئەۋەتىپ قۇرۇلۇش

قىلىغان . بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 124 مېتىر بولۇپ ، 14 ئاراش ئىدى . بۇ كۆۋرۈكنى ياساشقا 4000 دىن ئارتۇق ئاما ۋە 100 دىن ئوشۇق هارۋا سەپەرۋەر قىلىنغان . كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى 1942 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تاماملانغان .

كونا دەريا كۆۋرۈكى پۈتۈنلەي ئاز قالغاندا ، « يېڭى دەريا كۆۋرۈكى » نىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى . 1941 ـ يىلى قىش ۋە 1942 ـ يىلى ئەتىيازدا 2000 دىن ئارتۇق ئاما ، 400 ～ 500 هارۋا ماتېرىيال توپلاش ۋە قۇرۇلۇش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىندى . كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 397 مېتىر بولۇپ ، 34 ئاراشلىق ( ئوتتۇرىدىكى 32 ئاراش 12 مېتىردىن ، ئىككى چەتتىكى ئىككى ئاراش 5.5 مېتىردىن ) ئىدى . كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى 6 مېتىر ، يەنە كۆۋرۈك ئۈستىدە ماشىنا ئۆتىشىدىغان جايلىرى بار ئىدى . هەربىر ئاراشنىڭ ئاستىدىكى دىڭگەكلىرى ئىككى قاتار تۈۋرۈكتىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، بۇ تۈۋرۈكلەر يەر ئاستىغا چوڭقۇر قېقىپ كىرگۈزۈلگەن . تۈۋرۈكلەرنى كەل-كۈننىڭ كولاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەريا تېگىنىگە تاش بىلەن شاخ ـ شۇمبىلار ياتقۇزۇلغان . ئەمەلىيەتتە ، بۇنداق چوڭ دەريا تېگىنىنى تاش ۋە شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن كەلكۈندىن ئۈنۈملۈك ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، شۇڭا هەر يىلى بىرنەچچە جايىنى كەلكۈن ئېقىتىپ كېتەتتى . كەلكۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتا ياسىلاتتى . بۇ خىل هەقسىز هاشار يەرلىك ئاهالىگە ناهايىتى ئېغىر يۈك ئىدى . قۇرۇلۇش كۆلىمى چوڭ بولغاچقا ، كۆۋرۈك 1945 ـ يىلى ئاران تاماملانغان . 1960 ـ يىللىرى ئاقسۇ دەرياسىغا تۆ-مۈر بېتونلۇق كۆۋرۈك ياسالدى . يېڭى ياسالغان غەربىي كۆۋرۈك 18 ئاراش بولۇپ ، كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 304.84 مېتىر .

چوغتالدىن ئىگەرچىگە 20 يول كېلىدۇ . ئىگەرچى هازىر ئاقسۇ يې-ڭىشەهىرىنىڭ بىر يېزىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ 14 كەنتى بار . 1986 ـ يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 12 مىڭ 929 . ئىگەرچى كەنتىنىڭ نوپۇسى 2858 .

ئىگەرچىدىن 4 يول ( چوغتالدىن 24 يول ) ماڭسا ئاسۇق كەنتىگە كېلەتتى ، هازىرقى ئاقسۇ شەهىرىنىڭ ئورنى ئىلگىرى « ئاسۇق » دەپ ئا-تىلاتتى . ئۇ كىچىككىنە بازىرى بار بىر كەنت بولۇپ ، مەمۇرىي جەهەتتىن ئاقسۇغا ( بۇگۈنكى ئاقسۇ كونىشەهەرگە ) قارايتتى . 1883 ـ يىلى بۇ جايغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېڭىشەھەر قەلئەسى ياسىلىپ، ئۇ يەرگە باش مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي تەسىس قىلىنغانىدى. ئاقسۇ ئامبال مەھكىمىسى بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، خەنزۇلار بۇ جاينى «ئاقسۇ» دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۇيغۇرلار «يېڭىشەھەر» دەپ ئاتىدى. ئەسلىدىكى ئاقسۇنى خەنزۇلار «ۋېنسۇ» (ئونسۇ) دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۇيغۇرلار «ئاقسۇ كونىشەھەر» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ.

## ئاقسۇ يېڭىشەھەر

گۇاڭشۈينىڭ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) ئاقسۇ يېڭىشەھەر قەلئەسى ياسىلىپ، بۇ جاي باش مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي بولدى. بۇ جايغا (يېڭىشەھەرگە) «ئونسۇ» ئايمىقى تەسىس قىلىندى، شۇ يىلى بۇ جايغا ئاقسۇ ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاقسۇ كونىشەھەر، قاراشەھەر مەھكىمىلىرىنى ۋە ئۇچتۇرپان، كۇچار ئايماقلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. گۇاڭشۈينىڭ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) ئونسۇ ئايمىقى ئونسۇ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ئونسۇ مەھكىمىسى ئاقسۇ كونىشەھەر (ئونسۇ)، باي ۋە كەلپىن ناھىيىلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. ئونسۇ مەھكىمىسىنىڭ ئۆزى بۈگۈنكى ئاقسۇ يېڭىشەھىرى ۋە ئاۋات ناھىيىلىرىنىڭ تەۋەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەينى چاغدا، ئۇ يەردە 12 مىڭ 52 تۈتۈن، 55 مىڭ 202 نوپۇس بار ئىدى. جۇڭخۇا مىنگو يىللىرى (1913 ـ يىلى) ئونسۇ مەھكىمىسى ئاقسۇ ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ چاغدا ئاقسۇ ناھىيىسى يەنىلا ئاقسۇ يېڭىشەھىرى ۋە ئاۋات ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1928 ـ يىلى ئاۋات ئۆز ئالدىغا ئايرىم ناھىيە بولدى. ئاقسۇ ناھىيىسى يەنىلا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە تەۋە بولدى. 1983 ـ يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسى بىلەن ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ «خۇڭچىيۇ» ① دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە تەجرىبە ئورمان مەيدانىنىڭ 5 ـ، 6 ـ دۈيلىرى قوشۇلۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئاقسۇ شەھىرى قۇرۇلدى. ئاقسۇ ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدى. ھازىر ئاقسۇ شەھىرىگە ئىگەرچى، بەشتۇگمەن، قاراتال، توپىلىق، قۇمباش، ئايكۆل، توقاي قاتار-

① «خۇڭچىيۇ» (قىزىل بايراق شەجەرىسى) دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەسلى يەر نامى «موللا قوغۇنچى» ئىدى.

لىق يەتتە يېزا قارايدۇ. 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ئومۇمىي نوپۇسى 81
مىڭ 634، شەھەر رايونى نوپۇسى 19 مىڭ 114.

## ئاقسۇ ۋىلايەتنىڭ تەبىئىي شارائىتى

ئاقسۇ ۋىلايىتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79° 39′ ~ 82° 01′ ۋە شىمالىي
كەڭلىك 39° 31′ ~ 41° 27′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى
18 مىڭ 264.5 كۋادرات كىلومېتىر. شەھەر رايونى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى
1080 كىلومېتىر. يېرى تىنىما تۈزلەڭلىك بولۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي
جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 940 ~ 1410 مېتىر ئېگىز. ئاقسۇ
دەرياسى ۋە دولان ئۆستىڭى شەھەر ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ يىللىق
ئېقىن مىقدارى 7 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر، ئۇنىڭدىن ئېتىز ـ ئېرىقلارغا
باشلىنىدىغىنى 1 مىليارد 240 مىليون كۇب مېتىر. تارىم دەرياسىنىڭ جە-
نۇبىدا «يۇقىرى ئېقىن» سۇ ئامبىرى، شىمالىدا دولان سۇ ئامبىرى بار.
ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سۇ سىغىمچانلىقى 148 مىليون كۇب مېتىر. يىللىق ئوتتۇ-
رىچە تېمپېراتۇرىسى 9.8 ~ 11.4°C، 7 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى 23.7 ~
26.2°C، 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 8.5 ~
9.5°C، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 40.7°C، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى
نۆلدىن تۆۋەن 27.6°C بولىدۇ. كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2862 ~ 2996
سائەت. قىروسىز مەزگىلى 205 ~ 228 كۈن. ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 43 ~
65 مىللىمېتىر. پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1890 مىللىمېتىر.

***ئاقسۇ يېڭىشەھەر قەلئەسى*** ئىلگىرى بۇ جايدا بىر كونا قورغان بار بولۇپ،
ئۇنىڭ سېپىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 140 جاڭ① ( 467 مېتىر )، شەرق،
غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە بىردىن جەمئىي ئۈچ دەرۋازىسى بار ئىدى.
گۇاڭشۈينىڭ 9 ـ يىلى ( 1883 ـ يىلى ) يېڭى قەلئە ياسالدى. بۇ قەلئە سېپىلى-
نىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 959 جاڭ ( 3197 مېتىر ) كېلەتتى. ئۇنىڭ تۆت
دەرۋازىسى بار ئىدى. سېپىلنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى 18.50 مېتىر، ئاستى
كەڭلىكى 10 مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى 8 مېتىر بولۇپ، ئۈستىدە ھارۋا
ماڭالايتتى. سېپىل تېمىنىڭ سىرتقى قەۋىتى 17 مېتىر، ئۈستىگە يەنە 1.5 مېتىر

---

① جاڭ ـــ 1 جاڭ 3.33 مېتىرغا تەڭ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئېگىزلىكتە قوختا ياسالغان ھەمدە ھەربىر دەرۋازىنى ساقلايدىغان قاراۋۇلخانا ياسالغانىدى. دەرۋازىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى 4 مېتىر بولۇپ، ياغاچتىن ياسىلىپ تۆمۈر بىلەن قاپلانغان. سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە قاراۋۇلخانىدىن سىرت، يەنە سەككىز پوتەي ياسالغان. سېپىلدىكى تۆت دەرۋازىنىڭ شىمالدىكىسى ئاقسۇ كونىشەھەر دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى شىنخۇا كىتابخانىسى بىلەن ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىكىسى كۇچار دەرۋازىسى بولۇپ، ئورنى ھازىرقى ۋىلايەتلىك 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ. جەنۇبتىكىسى ئىگەرچى دەرۋازىسى بولۇپ، ئورنى ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيە غالىبىيەت كىنوخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ. غەربتىكىسى قەشقەر دەرۋازىسى بولۇپ، ئورنى ھازىرقى ۋىلايەتلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ بىناسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ يۈز قەدەم سىرتىدا بىر قەۋەت پاكار مۇھاپىزەت تېمى، ئۇنىڭ تۈۋىدە خەندەك بار ئىدى. ① ئاقسۇ يېڭىشەھەردىن 1 يول ماڭسا «ياتالماس» قا، 25 يول ماڭسا ئاقسۇ كونىشەھەرگە كېلىدۇ.

## ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى

ئا. ن. كروپاتكىننىڭ مەلۇماتى بويىچە، ئاقسۇ كونىشەھەر دېڭىز يۈزىدىن 3500 فوت ( 1068 مېتىر ) ئېگىز ئىكەن. قەشقەردىن ئاقسۇ كونىشەھەرگە 1016 يول كېلىدۇ.

ئاقسۇ ـــ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سۈيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، ئىقلىمى مۆتىدىل، نۇرغۇنلىغان يوللار تۇتىشىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاي. بۇ يەردىن جەنۇبقا قاراپ يۈرگەندە قەشقەر ۋە يەركەنلەرگە كىرمەيلا، خوتەن دەرياسىنى بويلاپ بىۋاستە خوتەنگە بارغىلى بولىدۇ. غەربىي جەنۇبقا ماڭسا قەشقەرگە بىۋاستە كىرگىلى بولىدۇ ياكى مارالبېشى ئارقىلىق يەركەنگە بىۋاستە بارغىلى بولىدۇ. ئاقسۇدىن غەربكە ماڭسا بەدەل داۋىنى ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ھالقىپ، ماۋارائۇننەھرگە بارغىلى بولىدۇ. شەرقىي شىمالغا

---

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى». 1989 ـ يىل 28 ـ نويابىر سانى.

ماڭسا ئۈرۈمچىگە بارغىلى بولىدۇ . شىمالغا ماڭسا مۇزئارت ئارقىلىق تەڭرىتاغ-
لىرىدىن ئۆتۈپ ئىلىغا بارغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، بۇ جاي ئەزەلدىن سەركەردە -
قوماندانلار تالىشىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاي بولۇپ كەلدى . تارىختا
بۇ جايدا نۇرغۇن قېتىم قانلىق جەڭلەر بولغان ، شۇڭا « غازىيانە ئاقسۇ »
دەپ ئاتالغان .

ئاقسۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمىي يۇرت . خەن سۇلالىسى يىللىرى
ئاقسۇ رايونىنىڭ مەركىزى ھازىرقى ئاقسۇ كونىشەھەردە ئىدى . بۈگۈنكى ئاقسۇ
كونىشەھەر غەربىي خەن سۇلالىسى يىللىرى غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ
بىرى بولغان « قۇم دۆلىتى » جايلاشقان ئورۇن ئىدى . ئەينى چاغدا 3500
تۈتۈن ، 24 مىڭ 500 ئادەم بار ئىدى . ئىككى خەن سۇلالىسى يىللىرى ئۇ جاي
كۇچارغا قارايتتى . كېيىنكى دەۋرلەردە « قۇم » دېگەن نام ئاستا - ئاستا
يوقىلىپ ئاقسۇغا ئۆزگەردى . قارا خانىيلار ۋە يەركەن - سەئىدىيە خانلىقى
ئەينى چاغدا ئاقسۇدا بىرىنچى دەرىجىلىك بەگلىك تەسىس قىلغان .
چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى ( 1779 - يىلى ) ئۇچتۇرپاندىكى ئاغلاقچى ئامبال
ئاقسۇغا كۆچۈرۈلدى . داۋگۇاڭنىڭ 19 - يىلى ( 1839 - يىلى ) ئاقسۇ
كونىشەھەر قەلئەسى ياسالدى . گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى ( 1902 - يىلى )
ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى ( خەنزۇچە « ۋېنسۇ ناھىيىسى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ )
تەسىس قىلىندى . ئۇ چاغدا 11 مىڭ 374 تۈتۈن ، 51 مىڭ 287 نوپۇس بار
ئىدى . ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى ئۇنسۇ مەھكىمىسىگە قارايتتى . جۇڭخۇا
مىنگو يىللىرىدىن باشلاپ ، ئاقسۇ مەمۇرىي رايونىغا ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قا-
رىدى . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، يەنى 1958 - يىلى
ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ئۇ ئاقسۇ يېڭىشەھەر ناھى-
يىسىگە قوشۇۋېتىلگەن . 1962 - يىلى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى يەنە ئەسلىگە
كەلتۈرۈلدى . ھازىر ئاقسۇ كونىشەھەردە بىر بازار ، توققۇز يېزا بار . 1986 -
يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 165 مىڭ
300 ،ناھىيە بازىرىنىڭ نوپۇسى 18 مىڭ 928 .

**ئاقسۇ كونىشەھەر قەلئەسى** ئاقسۇ كونىشەھەر قەلئەسى گۇاڭشۈينىڭ
19 - يىلى ( 1839 - يىلى ) ياسالغان بولۇپ ، سېپىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى
تەخمىنەن 3 يول ، ئېگىزلىكى 2 سازىن ( 4.5 مېتىر ) . سېپىل ئۈستىدە قوختا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە كۆنگۈرىلىرى بار . سېپىلنىڭ غەرب تەرىپىدە سېپىل خەندىكى بولۇپ ، خەندەك ئىچىدىن بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ . سېپىل ئەتراپىدا ئوچۇقچىلىق يوق ، قەلئەنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ جەنۇبتىكىسى « قۇشقۇۋۇق » ، شىمالدىكىسى « سۇچىقۇۋۇق » ، غەربتىكىسى « سامانقۇۋۇق » ، غەربىي شىمالدىكىسى « ئاقتاشقۇۋۇق » دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ يەنە شىمالىي دەرۋازىدىن جەنۇبىي دەرۋازىغا بارىدىغان ئاساسلىق بىر كوچىسى بار . بۇ كوچىدا قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە دۇكانلار بار . ئاقسۇ دەرياسى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن 32 يول يىراقلىقتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ . شەھەر قەلئەسى سىرتىدا يەنە ئىككى قورغان بولۇپ ، بۇنىڭ كونىراقى چىڭ سۇلالىسى زامانىدا ، يېڭىسى ياقۇپبەگ زامانىدا ياسالغان . كونا قورغان شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى دۆڭگە سېلىنغان بولۇپ ، ئاقسۇ شەھىرى بۇ دۆڭنىڭ ئاستىغا جايلاشقان . كونا قورغان ئارقىلىق ھەم ئاقسۇ شەھىرىنى ، ھەم يېڭى قورغاننى كونترول قىلىپ تۇرغىلى بولىدۇ . شەھەرنىڭ غەربىدە يېڭى قورغان بولۇپ ، شەھەرنىڭ چوڭ دەرۋازىسى مۇشۇ قورغانغا ئۇدۇل تۇرىدۇ . قورغان ئىچىدە ھاكىمبەگنىڭ ئولتۇراق ئۆيى ، ئىسكىلات ، قورال ـ ياراغ زاۋۇتى بار بولۇپ ، قىسمەن يەرلىك قوشۇنمۇ شۇ يەردە تۇراتتى . قورغاننىڭ سىرتىدا ئىككى گازارما بولۇپ ، گازارمىدىن ئۆتسىلا مانېۋىر ئۆتكۈزۈلىدىغان كەڭ مەشىق مەيدانىغا چىققىلى بولىدۇ . ياقۇپبەگ دەۋرىدە ئاقسۇ شەھىرىنى 200 دىن 400 گىچە سەرۋاز ، ئىككى زەمبىرەك ۋە بىرەر مىڭدەك يېڭى ئەسكەر قوغداپ تۇراتتى .

### ئاقسۇنىڭ تارىختىكى نامى

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاقسۇ « قۇم » دەپ ئاتالغان . چۈنكى ، ئاقسۇ تەكلىماكان ئويمانلىقىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقاچقا ، ئىلگىرى بۇ جايدا قۇم بارخانلىرى خېلى كۆپ ئىدى . بۇگۈنكى قۇمباش دەپ ئاتىلىۋاتقان جاي ئەسلى قۇم بارخانلىرىنىڭ باش تەرىپى ( يەنى قۇملۇق يەرنىڭ پاسىلى دېگەن سۆز ) ئىدى . شۇ سەۋەبتىن بۇ جاي « قۇم » دەپ ئاتىلىپ قالغان . « قۇم » دېگەن نام تاڭ سۇلالىسى يىللىرىغىچە داۋاملاشقان . كېيىنچە يەنە « بارقۇتان ، ئەردىۋىل ، ئاقسۇ » دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان .

ئاقسۇ دېگەن ئىسىم توغرىسىدا بەزىلەر ئاقسۇ دەرياسىنىڭ سۈيى ئاق بولغاچقا، سۇنىڭ رەڭگىگە قاراپ «ئاقسۇ» دەپ ئاتالغان، دەپ ئىزاھلىشىدۇ. بۇ ھەقتە «جالالىدىن كېتىكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: «ئوبۇلپەتتاھ خوجا (ئەرشىدىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى) كۇچارلىقلار بىلەن خوشلىشىپ، 500 ئادەمنى ھاشارغا ئېلىپ ئەردەۋىل (ئاقسۇ) گە كەلدى. قارىسا يارنىڭ تۈۋى جاڭگال ئىدى. بۇ ئەھۋال يامان بولدى دەپ ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بىر بوغىزىنى توستى. ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقى سۇغا تولدى. توغاننى ئېچىپ قويۇپ بەردى. سۇ بۇلدۇقلاپ ئاقتى. شۇ سەۋەبلىك بۇ يەر شۇنىڭدىن باشلاپ 〈ئاقسۇ〉 دەپ ئاتالدى.» ①

يۇقىرىدىكى تارىخىي ۋەسىقىدىن قارىغاندا، «ئاقسۇ» دېگەن نام سۇنىڭ رەڭگىگە قاراپ قويۇلغان نام بولماستىن، بەلكى سۇ توختىماي ئاقسۇن دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى، بۇ نامنىڭ 15 ــ ئەسىردە تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدە پەيدا بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئەمدى ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ «ۋېنسۇ» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىغا كەلسەك، «ۋېنسۇ» ئەسلى ئۇيغۇرچە «ئونسۇ» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى بولۇپ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، غەربىي خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا ھازىرقى ئۇچتۇرپان غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى ئىدى، ئۇ «ئونسۇ» دەپ ئاتىلاتتى. چىڭ سۇلالىسى يىللىرىدا كونكرېت ئىش بېجىرگۈچىلەر جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن خاتا چۈشىنىپ ئاقسۇ كونىشەھەرنى «ۋېنسۇ» دەپ ئاتىۋالغان.

## ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79°27′ ~ 81°29′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 40°51′ ~ 42°15′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 14 مىڭ 359.3 كۋادرات كىلومېتىر، ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 1001 كىلومېتىر كېلىدۇ. يېرىنىڭ شىمالىي قىسمى ئېگىز، جەنۇبىي قىسمى پەس بولۇپ، يەر شەكلىنى تاغلىق رايون، تۈزلەڭ رايون دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايون تەڭرىتاغ-

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ــ يىلى نەشرى. 843 ــ بەت.

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئەڭ ئېگىز رايونى بولۇپ، مۇزلۇق ۋە قارلىق چوققىلار كۆپ. مەشھۇر تۆمۈرچوققا رايونى مۇشۇ جايغا جايلاشقان. ناھىيە بويىچە 43 مىڭ 333.3 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 533 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق، يەنە ئۈچ دەريا، توققۇز پەسىللىك ئېقىن بار. ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىۋاتقان يىللىق دەريا سۈيى 950 مىليون كۇب مېتىر. بۇلاردىن قارا يۇلغۇن دەرياسىنىڭ سۈيى 241 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر، تەرەن دەرياسىنىڭ سۈيى 714 مىليون كۇب مېتىر، كۆكيار دەرياسىنىڭ سۈيى 91 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر، قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ سۈيى 4 مىليارد 480 مىليون كۇب مېتىر. سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى 137 مىڭ 400 كىلوۋات، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 65.4 ~ 78.7 مىللىمېتىر. تاغلىق رايوننىڭ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى تۈزلەڭلىكتىكى ھۆل ـ يېغىننىڭ 4 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، پارغا ئايلىنىشى 1883.6 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 37.6℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 27.4℃، قىروسىز مەزگىلى 184 كۈن.

ئاقسۇ كونىشەھەردىن ئىشلەمچىگە 39 يول كېلىدۇ. يول ئاقسۇ قەلئەسى جايلاشقان ئويمان يەردىن چوڭقۇر جىلغا بويلاپ، يۇقىرىسىغا قاراپ ئۆرلەپ، ياتالماس ئېگىزلىككە چىقىدۇ. 15 يول ماڭسا كونۇس شەكىللىك يول بەلگىسى كۆمۈلگەن جايغا كېلىدۇ، بۇ يول بەلگىسى «تاش» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ چاغلاردا بۇ خىل «تاش» بەلگە 8.5 كىلومېتىردا بىردىن كۆمۈلەتتى، يەنى 8.5 كىلومېتىر ئارىلىق بىر تاش دەپ ئاتىلاتتى. تازلەڭگەرگە 17 يول كېلىدۇ، سۆگەتكە 30 يول كېلىدۇ.

ئىشلەمچىگە 39 يول كېلىدۇ، ئۇ يەردە چوڭ ئۆتەڭ ۋە مەھەللىلەر بار، 1916 ـ يىلى 40 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى. ھازىر ئۇ جاي ئاقسۇ شەھىرىنىڭ بىر يېزىسى. ئۇنىڭ 1986 ـ يىلدىكى نوپۇسى 8700. تازلەڭگەردىن ئىشلەمچىگە كەلگۈچە سۆگەت، قۇمتام، بوچو، ئابدال قاتارلىق كەنتلەرنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ كەنتلەر 1870 ـ يىللاردا ياربېشى يېزىسىغا قارايتتى، ياربېشى يېزىسىدا ئەينى چاغدا 500 ئائىلىلىك ئاھالە بار ئىدى.

ئىشلەمچىدىن جامغا 34 يول، قازان ئاسما دېگەن جايغا 10 يول، ئاق لەڭگەرگە 13 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا 1916 ـ يىلى ئۆتەڭ ۋە 30 نەچچە ئائىلە-

لىك ئاھالە بار ئىدى . تۇمەنگە 21 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردە كىچىك بازار بولۇپ ، پەيشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ . يەركەن ــ سەئىدىيە خانلىقى ۋاقتىدا ، ئۇ جاي پەيشەنبە كۈنى بازار بولىدىغان جاي قىلىپ بەلگىلەنگەچكە ، « پەيشەنبە بازار » دېيىلىدۇ . ھازىر تۇمەن بازار كەنتىدە 1144 نوپۇس بار ( 1986 ــ يىلدىكى مەلۇمات ) . قارىمۇقچىغا 27 يول ، توغراق ئۆستەڭ دەرياسىغا 32 يول ، جامغا 34 يول كېلىدۇ ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 1220 مېتىر ئېگىز . 1870 ــ يىلى جامدا 150 ئۆيلۈك ئاھالە ، بىر چوڭ كوچا ۋە بىرنەچچە كىچىك كوچا ، ساراي ۋە دۇكانلار بار ئىدى . « جام » ئۇيغۇرچە « قاچا » دېگەن مەنىدە .

جام مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ، دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىر ئېگىز بولۇپ ، مۇزئارت يولى مۇشۇ ئۆتەڭدىن ئايرىلىدۇ . ھازىر جام ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ بىر يېزىسى بولۇپ ، ئۇنىڭدا 12 كەنت بار . 1986 ــ يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 11 مىڭ 43 ، جام بازار كەنتىنىڭ نوپۇسى 1802 . ئەينى چاغدا بۇ جايدىن ئۆتكەن يېتىمچىلەر مۇنداق قوشاق توقۇغان :

ئاقسۇدىن چىقىپ كەچتە ،
يېتىپ باردۇق جامغا بىز .
كۆزىمىزنى ئاچالماي ،
مېڭىپ توپا ــ چاڭدا بىز .

ئاقسۇ جامنىڭ ئۆزىدە ،
بولدۇق بىر ئاي مەدىكار .
كېتەر چاغدا ئون جىڭدەك ،
گۈرۈچ بولدى يادىكار .

ئاقسۇدىن چىققان يېتىمچىلەر بۇ يەردە ئىشلەپ يول ئوزۇقىنى تەييارلاپ ، ياخشى ھەمراھ تېپىپ ئاندىن مۇزئارت ۋادىسىغا قاراپ ماڭىدۇ . جامدىن تۇزئاۋاتقا 61 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردە قونالغۇ ــ ئۆتەڭلەر بار . تۇزئاۋاتتىن چاشقانلىققا 37 يول كېلىدۇ . چاشقانلىق دېڭىز يۈزىدىن 1770 مېتىر ئېگىز . تۇزئاۋاتتىن قىزىلبۇلاققا 63 يول كېلىدۇ . تۇزئاۋات ئۆتەڭ بولۇپ ،

دېڭىز يۈزىدىن 1950 مېتىر ئېگىز ، تۆمۈرچوققا رايونىغا كىرىدىغان مۇزئارت ① ۋادىسى مۇشۇ جايدىن باشلىنىدۇ .

**مەشھۇر تۆمۈرچوققا رايونى**

تۆمۈرچوققا رايونى تەڭرىتاغنىڭ مەنزىرىسى ئەڭ گۈزەل ، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى ئەڭ مول جايلىرىدىن بىرى ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن بولغان تۆمۈرچوققا بىلەن خانتەڭرى چوققىسى مۇشۇ رايونغا جايلاشقان .

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تاغقا چىقىش ئەترىتىنىڭ گېئودېزىيە شۆبە ئەترىتى 1977 ـ يىلى ئۆلچەپ چىققان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا ، تۆمۈرچوققا دېڭىز يۈزىدىن 7435.29 مېتىر ، خانتەڭرى چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 6995 مېتىر ئېگىز ئىكەن .

تۆمۈرچوققا رايونى ئاساسەن شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۈچ تاغ تىزمىسى بىلەن جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىر تاغ تىزمىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئېگىز تاغ رايونى بولۇپ ، بۇ جايدىكى تاغلار ناھايىتى ئېگىز ۋە ئىنتايىن تىك . 3000 كۋادرات كىلومېتىردىن ئوشۇق تاغ رايونىدا 4000 مېتىردىن ئېگىز جايلار 60 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ ، ئېگىزلىكى 6000 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىدىن 40 ى بار . تاغ رايونىنىڭ كۆپ قىسمى قار سىزىقىدىن يۇقىرى ، قار سىزىقىنىڭ يۇقىرى تەرپىدە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى كۆپ بولۇپ ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 750 ~ 1000 مىللىمېتىر ، قار سىزىقى ئەتراپىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.5 ℃ ~ 11 ℃ بولىدۇ . بۇ رايوننىڭ مەلىكىتىمىز تەۋەسىدىكى قىسمىدا 509 مۇزلۇق ( مۇنكە ) بار . ئۇنىڭ كۆلىمى 2746.32 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، تەڭرىتاغلىرىدىكى ئومۇمىي مۇز كۆلىمىنىڭ 27 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . بۇ چىلىيەنشەن تېغىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ( چىلىيەنشەن تېغىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 1979 . 8 كۋادرات كىلومېتىر ) دىن 1.3 ھەسسە كۆپ . بۇ رايوندىكى مۇز زاپىسى تەخمىنەن 350 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ ، چىلىيەنشەن تېغىدىكى بارلىق مۇزلۇقلار بىلەن جۇمۇلاڭما چوققىسى رايونىدىكى

---

① مۇزئارت ـــ « ئارت » قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « داۋان » ، « مۇز ئارت » « مۇزداۋان » دېگەن مەنىدە .



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بارلىق مۇزلۇقلارنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ ، نەچچە مىليون يىل جەريانىدا تارىخ بىزگە يارىتىپ بەرگەن بۇ غايەت زور « قاتما سۇ ئامبىرى » بىباھا بايـ لىقتۇر . تۆمۈرچوققا رايونىدىكى مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن مۇز سۇلىرى بۇ رايوندىكى چوڭ ـ كىچىك ئېقىنلارنىڭ مەنبەسىدۇر . بۇ مۇزلۇقلاردىن ھەر يىلى ئوتتۇرىچە 3 مىليارد 544 مىليون كۇب مېتىر مۇز ئېرىپ ، دەريا ۋە چوڭ ـ كىچىك ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىدۇ . جەنۇبىي ۋە شىمالىي مۇزئارت دەرياسى ، تەرەن دەرياسى ، ئاقنىياز دەرياسى ، ئاقيايلاق دەرياسى ، قاپچىلاڭ دەرياسى قاتارلىق دەريالار ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك ئېـ قىنلار مۇشۇ مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرىدىن ھاسىل بولىدۇ . تۆمۈرچوققا رايونى شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايرىپ تۇرغۇچى نۇقتا ، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىگە ، شىمال تەرىپى موڭغۇلكۈرەگە تەۋە . بۇ رايوننىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن شىمال تەرىپىنىڭ كىلىماتى ، تۇپرىقى ۋە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈرى ۋە كۆلىمى جەھەتتىكى پەرقى زور .

تۆمۈرچوققا رايونىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېرتىكال جايلىشىشى

تۆمۈرچوققىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېرتىكال جايلىشىشى :

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1900 مېتىردىن تۆۋەن جايلار چۆللۈك بو- لۇپ ھېسابلىنىدۇ .

1900 ~ 2200 مېتىر بولغان جايلار چۆل ئوتلاق .

2200 ~ 2600 مېتىر بولغان جايلار قۇرغاق ئوتلاق .

2600 ~ 2900 مېتىر بولغان جايلار ئوتلاق .

2900 ~ 3600 ( 3700 ) مېتىر بولغان جايلار لىشايىنىك ( موخ ) ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلانغان .

3600 ( 3700 ) ~ 4256 مېتىر جايلار بىر قەۋەت يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىـ لەن قاپلانغان .

4250 مېتىردىن ئېگىز جايلار قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلانغان .

شىمال تەرىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېرتىكال جايلىشىشى :

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1700 ~ 1900 مېتىر بولغان جايلار ئوتلاق ھېساپلىنىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1900 ~ 2100 مېتىر بولغان جايلار مۆتىدىل بەلۋاغ ئۆسۈملۈكى بىلەن قاپلانغان .

2100 ~ 2900 مېتىر بولغان جايلار يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان بىلەن قاپلانغان .

2900 ~ 3100 مېتىر بولغان جايلار سوغۇقراق بەلۋاغ موخ ئۆسۈملۈكى بىلەن قاپلانغان .

3100 ~ 3400 مېتىر بولغان جايلار سوغۇق بەلۋاغ موخ ئۆسۈملۈكى بىلەن قاپلانغان .

3400 ( 3500 ) ~ 3700 مېتىر بولغان جايلار سوغۇق بەلۋاغ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلانغان .

3700 مېتىردىن يۇقىرى قىسمى قار ـ مۇزلار بىلەن قاپلانغان .

تۆمۈرچوقا رايونىدا تاغ ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى ، سوغىگۈل ، قانتىپەر ، يېشىل يوپۇرماق ، مەرزەنجوش ، رەۋەن ، چاكاندا ، شىنجاڭ ئەگىلىك ئوتى ، يەرمەدىكى ، توشقان زەردىكى ، قوچاققول ، چاچراتقۇ ، ئىزمۇق ، سانا ، كۆچۈلا ، چىتەن ، قارىقات ، بۆلجۈرگەن ، ئازغان ، يالپۇز قاتارلىق قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەرخىل رەڭدىكى كېپىنەكلەر ، ھەر خىل ھەسەل ھەرىلىرى ، رەڭگارەڭ گۈللەر ، قارىغاي ، شەمشاد ، ئارچا ، ئېرەن ، تاغ تېرىكى ، ياۋا ئالما ، قىرچىن ، تاغ سۆگىتى ، قېيىن قاتارلىق دەرەخلەر قېلىن ئۆسكەن .

تۆمۈرچوقا رايونىدا ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز ، تاغ ئۆچكىسى ، سېرىق چاشقان ، توشقان ، سۆلەيسۇن ، چوڭ قولاق بۇغا ، بۇغا ، جۇر ( ئېلىك ) ، قوڭۇر ئېيىق ، ياۋا توڭگۇز ، سۇغۇر ، تىيىن ، بۇلغۇن ، تۈلكە ، تاغ ئاغمىخنى ، بۆرە قاتارلىق ھايۋانلار بار .

ياۋايى قۇشلاردىن بۈركۈت ، ئۇلار ، مۇشۇكيايپىلاق ، ھوقۇش ، كەكلىك ، قىرغاۋۇل ، چىل ، ياۋا ئۆردەك ، لاچىن ، تاغ كەپتىرى ، قاغا ، قارچىغا ، سار ، بۆدۈنە ، سېغىزخان قاتارلىق ھەرخىل قۇشلار بار .

قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مەشھۇر ئۆتكەللىرىدىن بىرى بولغان مۇزئارت ۋادىسى مۇشۇ تۆمۈرچوقا رايونىغا جايلاشقان . مۇزئارت ۋادىسى تۆمۈرچوقا رايونىدىكى مەنزىرىسى ئەڭ گۈزەل ، ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر زىچ ئۆسكەن

بۇك ـ باراقسان جاي بولۇپ ، ئۇ خۇددى يېشىل مەخمەلدەك كۆرۈنىدۇ . بۇ جاي يەنە سانسىزلىغان چارۋا ـ ماللار ئوتلايدىغان ياخشى يايلاق ، بۇ ۋادىدىكى مۇزلۇقلار خۇددى مەرۋايىتتەك سۇپسۈزۈك بولۇپ ، ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرە هاسىل قىلغان . خادا مۇز دەپ ئاتالغان جايلاردىكى خۇددى تۈۋرۈككە ئوخشاش چوخچىيىپ تۇرىدىغان 10 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇز تۈۋرۈك ئۈستىدە توختاپ قالغان 30 ~ 40 توننا ئېغىرلىقتىكى مۇزلار گوياكى ناۋاينىڭ بېشىدىكى تەۋەڭدەك كۆرۈنىدۇ .

تارىختا مۇزئارت ۋادىسى ئىلى ۋادىسىدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ ، ئۇ يەردىن ئاقسۇ ، قەشقەر ، خوتەن ۋە هىندىستانلارغا بارىدىغان ، يەنە باي ، قىزىل مىڭئۆي ، كۇسەن ، بۈگۈر ، كىروران ۋە دۇنخۇاڭلار ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان مۇهىم ئۆتكەل ئىدى ، تارىختىن بۇيان بۇ يولدىن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇن ئالىم ۋە سەيياھلىرى ، ھەربىي سەركەردىلەر ، قوماندانلار ۋە دۆلەت ئەربابلىرى ئۆتكەن . تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ، يەركەن خانى ئىسمايىل ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسيانكار پەرزەنتلىرىدىن نۇزۇگۇم ، سېيىت نوچى ، ئېلاخۇن كۆككۆز قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتكەن .

مۇزئارت ۋادىسى يەنە قوماندانلار ، سەركەردىلەر ئىگىلەشكە تىرىشىدىغان مۇهىم ئۆتكەل . تارىختىن بۇيانقى ھەرقايسى خانلىقلار بۇ جايدا قورغان ، ئىستىھكاملارنى قۇرغان . بۇ قورغان ، ئىستىھكاملارنىڭ خارابىسى تارىخنىڭ شاهىدى سۈپىتىدە هېلىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا .

18 ــ 19 ـ ئەسىرلەردە چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى بۇ يولنى يەنە بىر قېتىم ياساتقان ۋە مۇز داۋاندا مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزغان . 1864 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىگە قارشى ئىنقىلابقا ئاتلانغان كۇچار قوزغىلاڭچىلىرى كۇچاردىن چىقىپ ئاقسۇغا ئاتلىنىپ ، باي ناهىيىسىدىكى ئاراشورغا كەلگەندە ، ئىلىدىن كېلىدىغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ئادەم ماڭغۇزغان . 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تارىخشۇناس ، ئەدىب موللا شاكىر بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىدۇ :

خوجام ئاتلىنىپ قوش تامدىن يۈرۈپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىلىپ مار ئاقچى لەبگە تۇشۇپ.

ئاقىپ ئابى دەرياۋۇ ئابى مۇزئارت ،
تىكىڭلار دېدى بارگاھ بىر لەكات .

دېدى مۇز داۋانغا كىشى ماڭغۇزۇك ،
بۇ ئۆتەك قاراۋۇلنى قويماي بۇزۇك .

ئىلىدىن ئەگەر كەلسە نۇرغۇن چېرىك .
ئاراغا ئالىپ بىزنى قويماس تىرىك .

كى يول توسقالى قويدى بەش يۈز كىشى .
قەيەرگە يېتەردۇر پەلەك گەردىشى .

بېرىپ لەشكەر يىغىلدى ئارا شورغا ،
قۇرۇپ بارگاھنى مۇزئارت بويىغا .

ئاق ئۆي چادىرو تىكتۇرۇپ بارگاھ ،
كى بورھانە غازى خوجام پادىشاھ .

1945 ـ يىلى مىللىي ئارمىيە تېكەس ئاتلىق پولكى مۇزئارت ۋادىسىنى ئىگىلەپ ئىستىھكام ۋە قورغانلارنى قۇرغان . شۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە موڭغۇلكۈرەنىڭ شوتا دېگەن يېرىدىن توغ بەلچىگىچە بولغان يولنى ياساپ راۋانلاشتۇرغان .

قىزىلبۇلاقتىن قورغانغا 18 يول كېلىدۇ . قورغان مۇزئارت ۋادىسىغا كىرىدىغان تاغ ئېغىزى بولۇپ ، يول مۇشۇ جايغا كەلگەندە مۇزئارت دەرياسىغا تۇتىشىدۇ . بۇ جايدا قاراۋۇلخانا بار بولۇپ ، بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلار تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈلىدۇ . بۇ ھەقتە خەلق ئىچىدە : « قورغان ، ئىلىغا بارىدىغانلارنى نەگە بارىسەن دەپ سورىغان » دېگەن ماقال بار ، بۇ بايدىن چىققان يول بىلەن ئاقسۇدىن چىققان يول تۇتىشىدىغان ئۆتەڭدۇر . بايدىن چىققان يول ئۆتەك ( 46 يول ) ، ئاراشور ( 95 يول ) ، شاقتۇر ( 109

يول ) ، ئۆستەڭ بويى ( 144 يول ) ، كەپتەرخانا ( 163 يول ) لاردىن ئۆتۈپ ، قورغان ( 195 يول ) غا كېلىپ ، ئاندىن ئاقسۇدىن چىققان يول بىلەن قوشۇلىدۇ .

يېتىمچىلەر قوشىقى :

داۋام قىلدۇق سەپەرنى ،
سۆگەتلىككە قورغانغا .
كۆپ پۇشايمان قىلىشتۇق ،
مۇساپىرمۇ بولغانغا .

« قىزىل قورغان » دەيدىكەن ،
قورغان ئوخشاش بۇ يەرنى .
ئىش ـ ئوقىتى بەك قاتتىق ،
سىناپدىكەن كۆپ ئەرنى .

قورغاندىن توغ بەلچىگە 80 يول ، چوڭ ئارپا دېگەن يەرگە 13 يول كېلىدۇ . چوڭ ئارپا كىچىك مەھەللە ، بۇ يەرگە كەلگۈچە ئېدىرلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2050 مېتىر . تاللىق قوتان 53 يول ، ئۇ توغ بەلچى مۇز دەرياسى بىلەن مۇزئارت دەرياسى قوشۇلىدىغان ، سۇ يىغىلىپ ئاقىدىغان جاي ، بۇ جايدا دەريا ۋادىسىنى توغرىسىغا توسۇپ تۇرىدىغان ، خۇددى توپا تاغقا ئوخشايدىغان 300 مېتىر كەڭلىكتە دۆڭ بەل بار . بۇ بەلنىڭ كۆرۈنۈشى توغانغا ئوخشايدىغان بولغاچقا ، ئۇ توغ بەلچى دەپ ئاتالغان . بۇ جاي مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن . 1945 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1949 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە مىللىي ئارمىيە تېكەس 1 ـ پولك 1 ـ روتىسى مۇشۇ جاينى ساقلىغان . روتا كوماندىرى بابايىق ئىدى .

توغ بەلچىدىن تامغا تاشقا 31 يول كېلىدۇ . تامغا تاشتا تاش بىلەن قوپۇرۇلغان كىچىك قورغان بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەم پاتىدىغان بىر نەچچە ئېغىز تاش ئۆي بار . بۇ جايدىن مۇزئارت داۋىنىغا قاراپ ماڭىدىغان ئېگىز تاغ يولى باشلىنىدۇ . بۇ جايدا مۇزئارت خوجامنىڭ شەيخلىرى بار . يولۇچىلار ئۇلارغا سەدىقە بېرىپ دۇئا ئېلىپ ، ئاندىن يولنى داۋاملاشتۇراتتى .

قارىغۇر مۇز دەرياسى بىلەن مۇزئارت دەرياسى مۇشۇ جايدا قوشۇلىدۇ . بەزى پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ جايدا تاشقا ئويۇلغان « بۇ يولدىن بىر قېتىم ئۆتكەن كىشى بىلمىگەنلىكتىن ئۆتۈپ قالىدۇ ، ئىككىنچى قېتىم ئۆتكەن كىشى ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن بىتەلەي ئادەم ، ئۈچىنچى قېتىم ئۆتكەن كىشىنىڭ خوتۇنى تالاق ، ئۆزى كاپىر » دېگەن خەت بار ئىكەن . شۇڭا ، بۇ يەر « تامغا تاش » دەپ ئاتالغانىكەن . يېتىمچىلەر قوشىقى :

بەش كۈن تۇرۇپ يول سالدۇق ،
« تامغا تاش » قا ئۇدۇللاپ .
كۈن نۇرىنى كۆرمىگەچ ،
توڭدۇق راسا جۇغۇلداپ .

ئۈچ كۈن يۈرۈپ كېچىلەپ ،
« تامغا تاش » قا باردۇق بىز .
رازى قىلىپ دەڭجانى ،
بىر كۈن ئارام ئالدۇق بىز .

ئېچىتۇق قېنىپ ئۇچۇملاپ ،
« تامغا تاش » نىڭ سۈيىنى .
كۆردۇق بۇندا خېلى كۆپ ،
مۇساپىرنىڭ ئۆيىنى .

توغ بەلچىدىن ئۆتۈپ ،
كەلدۇق « تامغا تاش » قا .
باشلار قېيىپ پىرقىراپ ،
كۆزلەر تولدى ياشقا .

تامغا تاشتىن مۇزئارت داۋىنى بېشىغا 10 يول كېلىدۇ . بۇ جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3155.1 مېتىر ، بۇ جاي مۇزئارت خوجام دەپ ئاتىلىدۇ . داۋان بېشىدا بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇزئارت خوجامنىڭ شەيخلىرى تۇرىدۇ . بۇ يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلار شەيخلەرگە سەدىقە بېرىپ

ئۆتىدۇ . ھاۋا تۇتۇلغان چاغلاردا يولۇچىلارمۇ بۇ ئۆيدە قونۇپ قالىدۇ . بۇ شەيخلەرنىڭ ۋەزىپىسى داۋان يولىنى ياساش ئىدى . بۇ جاي مۇزئارت يولىدىكى ئەڭ خەتەرلىك جاي بولۇپ ، 280 دىن ئارتۇق پەلەمپەيدىن ئۆتكەندىن كېيىن داۋان بېشىغا چىققىلى بولاتتى . مۇزنىڭ يېرىلغان يورۇقلىرى كۆپ ، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىرەر يۈز غۇلاچ كېلىدۇ . ئەگەر مۇزدىن تېيىلىپلا كەتسە بىرەر يۈز غۇلاچ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ . يولۇچىلار ئۇلاغلارغا مەخسۇس مۇز تاقىسى تاقىلايدۇ . يۈكى ئېغىر ئاجىز ئۇلاغلارنى ئالدىدا بىر ئادەم يېتىلەپ ماڭىدۇ . تارىختىن بۇيان بۇ يەردە ھەر كۈنى مۇز چېقىپ پەلەمپەي چىقىرىپ تۇرىدىغان مەخسۇس ئادەملەر بار ئىدى ، بۇلار داۋانچى دەپ ئاتىلاتتى . بۈگۈنى ياسىغان پەلەمپەي ئەتىسى يوقاپ ، تۈپتۈز بولۇپ كېتەتتى . شۇڭا ، ھەر كۈنى مۇزنى چوقۇپ پەلەمپەي ياساپ تۇرمىسا بولمايتتى .

چىلىڭ سۇلالىسى يىللىرى ئىلى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي مەركىزى ئىدى . ئىلىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈشتە مۇزئارت ، نارات ، نارىن داۋانلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆتكەل بار ئىدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ مۇھىمى مۇزئارت ئىدى . چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى ( 1760 ـ يىلى ) دىن باشلاپ ھەريىلى 120 ئۆيلۈك ئادەمنى تامغا تاشتا يېتىپ يولغا ئىشلەشكە بەلگىلىگەن . ھەر كۈنى 20 دەك ئادەم نۆۋەت بىلەن مۇز چاناپ پەلەمپەي ياساپ تۇرغان . تارىختا بۇ يولدىن ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر بۇ داۋان ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەرنى يازغان . ئەجدادلىرىمىز بۇ يولدا تارتقان ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى قوشاقلارغا قوشۇپ ، ئۇنى ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئېيتىپ كەلمەكتە .

1826 ـ يىلى چىرىك مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم مۇز داۋان توغرىسىدا تۆۋەندىكى قوشاقلارنى ئېيتقان :

مۇز داۋاننىڭ يولىدىن ،
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ ؟
ئىلىخوغا بارغۇچە ،
جېنىمىز ئامان بارمۇ ؟

www.uyghurkitap.com

مۇز داۋاندا قار ياغدى ،
تۈزلەڭدە يالاڭ يامغۇر .
دەردمەنلەرگە كۈن بەرمەس ،
دوۋاڭ چېرىكى قانخور .

ئاينى بۇلۇت توسۇپتۇ ،
يۇلتۇزلارمۇ ئۆچۈپتۇ .
گۆر ئازابى ئۆلۈكتىن ،
تىرىكلەرگە كۆچۈپتۇ .

يوللارنى تولا مېڭىپ ،
ھالسىزلىنىپ تېلىقتىم .
مەن بۇياققا كېلىپلا ،
يامان كۆزگە چېلىقتىم .

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار ،
ماڭسام ھېچ تۈگىمەيدۇ .
كۆزۈم ئارقىدا قالدى ،
يارىم چۈشمۇ كۆرگەندۇ .

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار ،
غېرىب يولنى باغلار .
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار ،
غېرىبقا غېرىب يىغلار .

مۇز داۋان توغرىسىدىكى تارىخىي قوشاقلار :

ئۆلمىگەندە ئۈمىد بار ،
كۆردۇق مانا مۇز داۋان .
تاغ چوققىسى كۆرۈنمەس ،
يوللىرى تىك مۇز قىيا .

باشمۇ قايدى پىررىدە ،
پۇتمۇ بولدى دىررىدە .
چۈنكى ھالاك بولاتتۇق ،
سىيرىلساقلا غىررىدە .

تاڭ ئاتقاندا كۆن بىلەن ،
قەدەم قويدۇق داۋانغا .
بۇندا سوغۇق دەستىدىن ،
تىل كەلمىدى زۇۋانغا .

مۇز داۋاننى مۇز دەيدۇ ،
مەن بارغۇچە مۇزلايدۇ .
قېيىپ قالغان بېشىمنى ،
قادىر ئىگەم ئوڭلايدۇ .

ئون ئالتىنچى پەلەمپەيگە ،
كۆن كىرگەندە چىقتۇق بىز .
قولاق ئاغرىپ بولمىغاندا ،
مازنى يۆگەپ تىقتۇق بىز .

يول بىلەرمەن داۋانچى ،
باشلاپ ماڭدى بىزلەرنى .
ئۆمىلىدۇق كەينىدىن ،
يىغىر قىلىپ تىزلارنى .

تۇتتۇق بەلۋاغ ئۇچىنى ،
سىيرىلغاندا تۆۋەنگە .
كۆز چاڭقايدى چىدىماي ،
قار ئۇستىدە يۈرگەنگە .

مۇز داۋاندىن ئۆتكۈچە ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باللىرىمنى ئويلايمەن .
بىردىن بىرى قارا شۇنچە ،
تەقدىرىمگە يىغلايمەن .

بارسا كەلمەس دەيدىكەن ،
مۇز داۋاندا بىر يولنى .
چوڭقۇر ھاڭ ، تىك مۇزلۇق يول ،
سىنايدىكەن ئوغۇلنى .

مۇز داۋاندىن ئاشقۇچە ،
يۈرتنى ئەسلەپ يىغلىدىم .
جاندىن نەچچە جاق تويۇپ ،
ھېچ كىشىگە تىنمىدىم .

خادا مۇز 27 يول بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 3509.8 مېتىر ئېگىز . خادا مۇز دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى ، بۇ جايدا خۇددى خادىغا ئوخشاش ئىنچىكە ، ئېگىز مۇز تۈۋرۈكلەر كۆپ بولۇپ ، بۇ مۇز تۈۋرۈكلەر ئۆيدىن يوغان تاشلارنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ، شۇڭا ئۇ « خادا مۇز » دەپ ئاتالغان . مۇز داۋاندىن خادا مۇزغا كەلگۈچە يۇقىرىسىغا ئۆرلەپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ ، چۈنكى خادا مۇز چوققىسى مۇز داۋان چوققىسىدىن 354.7 مېتىر ئېگىز .

**شىپالىق** شىپالىق دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ جاي تارىخىي كىتابلاردا « مۇزئارت ئۆتكىلى » دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ جاي تامغا تاشقا 35 يول كېلىدۇ ، دېڭىز يۈزىدىن 3582 مېتىر ئېگىز ، جامدىن 2362 مېتىر ئېگىز ، خادا مۇزدىن 72.2 مېتىر ئېگىز بولۇپ ، ئۇ مۇزئارت يولىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا . ئۇ شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پاسىلى بولۇپ ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي مۇزئارت دەريالىرى مۇشۇ چوققىدىن باشلىنىدۇ . شىمالىي مۇزئارت دەرياسى ( شاد دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) مۇشۇ مۇزئارت چوققىسىدىن باشلىنىپ توغرا سۇ ، خان يايلاق ، ئايدىڭگەر [1] ، شاد ، مۇزئارت ۋە سولجورلاردىن ئۆتۈپ ، ئىلى دەرياسىنىڭ بىر

[1] ئايدىڭگەر ـــ « ئايدىڭدا قونغان » دېگەن سۆز .

قىسمى بولغان تېكەس دەرياسىغا قويۇلىدۇ . شىمالىي مۇزئارت دەرياسىنىڭ تېكەس دەرياسىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 90 كىلومېتىر كېلىدۇ ، دەريانىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $m^3/s$ 19 ، يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 599 مىليون 184 مىڭ كۇب مېتىر ، ئېقىن ۋادىسىنىڭ كۆلىمى 1048 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ .

**جەنۇبىي مۇزئارت دەرياسى** مۇزئارتتىن باشلىنىپ تامغا تاش ، توغ بەلچى ، يېڭىمەھەللە ، چوڭ ئارپا ، قورغان ، كەپتەرخانا ، ئۆستەڭبويى ، شاختۇر ، ئاراشور ، قۇم مەھەللە ، يامانسۇ ، گۈلباغ ، چوموكا ، ئات ئويناق ، سۆگەت بۇلاقلاردىن ئۆتۈپ قىزىل دەريا بىلەن قوشۇلۇپ ئۆگەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىپ ، ئۇ يەردىن شەرققە قاراپ ئېقىپ ، قىزىل مىڭئۆي ، ئۇچئۆستەڭ ، يېڭىئېرىقلار ئارقىلىق شاياردىن ئۆتۈپ تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئۆگەن دەرياسىغا قوشۇلىدىغان جايغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 230 كىلومېتىر كېلىدۇ . جەنۇبىي مۇزئارت دەرياسى قارىگۆر مۇز دەرياسى ، توغ بەلچى مۇز دەرياسى ۋە بىر مۇنچە تاغ سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ .

19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تارىخشۇناس ، ئەدىب موللا شاكىر مۇزئارت دەرياسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :

ئاقادۇر بۇ دەريايى ئابى مۇزئارت ،
ئېرۇر تەشناگە ئابى مەۋجى ھايات .

بۇ دەريا سۈيىكى ئېرۇر سۈتتىن ئاق ،
تۇمۇز كۈنى ئەردى مۇزدىن سوغۇق .

ئورۇر ئابى دىنار ياكىم بۇزۇر ① .
تاپۇر بىرغىنە ئىچسە چەينەك ھۇزۇر ،

شەكەردىن تاتلىق ھەسەلدىن لەزىز .
ئاقۇر يا ئوقتەك رەستاخىز .

---

① ئابى دىنار ، ئابى بۇزۇر — داۋا ( دورا ) ئۈچۈن ئىچىدىغان شەربەتلەر نامى .

www.uyghurkitap.com

قورامنى ئاققۇزۇر تاراققا ـ تۇرۇق ،
ئاققۇزۇر ئاتلىق بولسا ، ئاقساق ـ ئورۇق .

كى يالغۇز يېرىم كىرمەگىن بۇ سۇغا ،
سېنى لېيقە ئالىپ بارۇر سۇ قوغا .

تولا ئالدىراپ كىرمەگىن ئاقىزور ،
بولۇبدا بېلىق گۆشگە تويغۇزۇر .

مۇزئارت دەرياسىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان ئۆگەن دەرياسى كۇچار ، توقسۇ ، شايار ناھىيىلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ . ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 16 مىڭ 784 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 294 كىلومېتىر ، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $m^3/s$ 69.1 ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 180 مىليون كۇب مېتىر . ئۆگەن دەرياسىنى ھاسىل قىلغۇچى دەريالار ئېگىز قارلىق تاغلاردىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ سۇ مىقدارى مۇقىم ئەمەس ، بەلكى پەسىلگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ .

ئۆگەن دەرياسىنىڭ 26 يىل جەريانىدا ئۆلچەپ خۇلاسىلەنگەن ھەر قايسى ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭ .

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئېقىن مىقدارى $m^3/s$ | 38. 5 | 41. 9 | 46. 4 | 35. 4 | 37. 1 | 76. 4 | 153 | 166 | 85. 6 | 52. 9 | 47. 6 | 45. 9 |

ئۆگەن دەرياسىنىڭ 1987 ـ يىلدىكى نەق سۇغىرىش مەيدانى كۇچار ناھىيىسى 740 مىڭ مو ، شايار 550 مىڭ مو ، توقسۇ 420 مىڭ مو بولۇپ ، جەمئىي 1 مىليون 710 مىڭ مو يەر سۇغۇرۇلىدۇ .

ئۇنىڭ شىپالىق دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى ، بۇ جاينىڭ

هاۋاسى ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان ، ھەرىكەتچان بولۇپ ، بۇلۇت توپلىرى توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدۇ . بىردەم ھاۋا ئوچۇق بولسا ، بىردەم ھاۋا تۇتۇلىدۇ . ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتكەندە بەزىدە ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ . بۇنداق چاغلاردا يولباشلىغۇچىلار ئوت يېقىپ بەلگە بېرىدۇ . ھازىر ماڭغان يولنى بىر سائەتتىن كېيىن بىلگىلى بولمايدۇ . سەللا بىپەرۋالىق قىلىپ ، يولدىن ئادىشىپ قالسا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ . شۇ سەۋەبتىن تۇتەكتە قالغان ئادەملەر مۇشۇ جايدا پانالىنىدۇ ، يولدىن ئادىشىپ بۇ جايىنى تاپالمىغانلار ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ . شۇڭا ، بۇ جايىنى « بارسا كەلمەس » دەپمۇ ئاتايدۇ . ئىلگىرى بۇ جايدا يولۇچىلار پاناھلىنىدىغان ئۆي يوق ، ئەمما ئۆيگە ئوخشاش بىر دالدا جاي بار ئىدى . بۇ جايغا 1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى 30 ئادەم سىغىدىغان بىر ياغاچ ئۆي ياسىغان .

بۇ جايدا قالايدىغان ئوتۇن يوق ، ئوتۇننى يولۇچىلار ئۆزلىرى ئېلىپ كېلىدۇ ، مەخسۇس ئۆتەڭ باققۇچىمۇ يوق . بۇ جاي پۈتۈنلەي مۇز .

شىپالىق دېگەن يەردە ،
ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدۇق .
مال ـ ۋاراندىن ئەنسىرەپ ،
يېنىمىزدا ياتقۇزدۇق .

دالدا بولدى بورانغا ،
شۇۋىرغانغا شىپالىق .
مۇز داۋانغا بىر قاراپ ،
باشقا چۈشتى دىشۋارلىق .

**ئايغىر ئالدى** بۇ پۈتۈنلەي مۇز بىلەن قاپلانغان جاي بولۇپ ، يول بىر غۇلاچ كەڭلىكتە . ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى چوڭقۇر ھاڭ ، ئىنتايىن خەتەرلىك بولغاچقا ، ئايغىر ئات ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدۇ ، قالغان ئاتلار ئايغىرغا ئەگىشىپ ئارقىدىن ماڭىدۇ ، شۇڭا بۇ جاي « ئايغىر ئالدى » دەپ ئاتالغان .

قوشاق :

تۈن ئالمىشىپ يولۇقتۇق ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

« ئايغىر ئالدى » دېگەنگە .
تىلسىماتكەن بۇ بەرمۇ ،
تارىخنى بىلمىگەنگە .

پېچاق بىسى يول دېمەك ،
ئىككى يېنى غار ئىكەن .
چۇشۇپ كەتكەن مەخلۇقلار ،
ئۆلۈك ئىكەن ، خار ئىكەن .

توغراسۇ 46 يول . بۇ مۇزلۇقنىڭ تۈگىگەن جايى بولۇپ ، ئۇ يەردە بىرنەچچە ئىغىز ئۆي ، ئۆتەڭچى بار . بۇ يەردىن ئۆتسە ئاچىلات ( ئاچال ئارت ) قا كېلىدۇ .

خانيايلاق 56 يول . ئۇ يەر قارىغايلىق ، مەنزىرىسى گۈزەل جاي . ئۇ جايدا چوڭ قونالغۇ ـ ئۆتەڭلەر ، چارۋىچى ، ئۆتەڭچى بولۇپ ئون نەچچە ئۆيلۈك كىشى بار . بۇ جاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يىللىرىدا مۇز داۋاننى ساقلايدىغان مىللىي ئارمىيە باتالىئونىنىڭ ئارقا سەپ شتابى جايلاشقان ئورۇن بولغانىدى . خانيايلاق ـــ پادىشاھلىق يايلاق دېگەن سۆز بولۇپ ، يەركەن ـ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە بۇ جاي ھەربىي ئات يېتىشتۈرۈش ئورنى قىلىنغانىكەن . خانيايلاقتىن ئارىشاڭغا 29 يول ، ئايدىڭگەرگە 45 يول كېلىدۇ . ئۇ جاي قارىغايلىق ، مەنزىرىلىك جاي بولۇپ ، ئۇ جايدا چوڭ قونالغۇ ـ ئۆتەڭ ۋە بىر نەچچە ئىغىز ئۆي بار . ئۇ يەردىن ئۆتسە پالاز قارىغايغا ① كېلىدۇ ، ئايدىڭگەردىن كالا پاگزىغا 24 يول ، شوتىغا 37 يول كېلىدۇ ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر ئېگىز ، شوتا جامدىن 780 مېتىر ئېگىز . يول مۇشۇ جايغا كەلگەندە ، تاغ تۈگەپ تۈپتۈز كەتكەن ياپيېشىل دالاغا چىقىدۇ . شوتا بىر يېزا بولۇپ ، ئەينى چاغدا بازار ئىچىگە ئاساسەن ئۇيغۇرلار جايلاشقان .

1945 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلغىچە مىللىي ئارمىيە تىكەس 1 ـ پولكىنىڭ بىر ئىسكادرونى مۇشۇ جايدا تۇرغان . پولك كوماندىرى سوپاخۇن ، سىياسىي كومىسسارى قۇربانوف ئىدى .

---

① پالاز قارىغاي ـــ پالازغا ئوخشاش تۇتاش كەتكەن قېلىن يېشىل قارىغايلىق بولغاچقا ، پالاز قارىغاي دەپ ئاتالغان .

پېشقەدەم ئىنقىلابچى قۇربانوفنىڭ ئېيتىشىچە ، شۇ يىللاردا 400 جەڭچى 25 كۈن جاپالىق ئىشلەپ ، شوتىدىن توغ بەلچىگىچە بولغان يولنى بىر قۇر ياساپ راۋانلاشتۇرغان . شىپالىققا 30 ئادەم سىغىدىغان ياغاچ ئۆي ياسىغان ، ئاقسۇ ئې- قىنىغا مۇستەھكەم كۆۋرۈك سالغان . 1945 ـ يىلى مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن شوتىغا ئورنىتىلغان « خاتىرە تاش » تارىخنىڭ شاھىدى سۈپە- تىدە ھېلىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا .

**« شوتا » دېگەن ئىسىم توغرىسىدا** بۇ جاي مۇز داۋاندىن ھالقىيدىغان بىرىنچى ئۆتەك بولۇپ ، مۇز داۋاننىڭ پەلەمپەيلىرىنى ياساپ تۇرىدىغان داۋان- چىلارنىڭ ئارقا سەپ ماكانى بولغاچقا ، « شوتا » دەپ ئاتالغان .

قوشاق :

تاڭ ئاتقاندا ئەتىسى ،
« شوتىغا » دەپ يول سالدۇق .
ئۇلىشالماي بۇ يەرگە ،
تۈگەشكىلى تاس قالدۇق .

قەلبىمىزدە ئىز قالدى ،
داۋاندىكى سەپەردىن .
كەلدۇق بېسىپ قۇملۇقنى ،
« قىزىلسۇ » نىڭ قوينىغا .

شوتىدىن ئاقسۇغا 40 يول كېلىدۇ ، ئاقسۇ دېڭىز يۈزىدىن 1850 مېتىر ئېگىز . ئاقسۇدىن قارىسۇغا 16 يول كېلىدۇ ، ياز پەسلىدە يايلاقتا كىگىز ئۆيلەر تىكىلىپ چارۋىلار بېقىلىدۇ . ئاقبېيىتقا 48 يول كېلىدۇ ، ئۇمۇ يايلاق . بۇ يەردە يول ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ، ئۇدۇل ماڭسا موڭغۇلكۈرەگە ، شەرقىي شىمالغا ماڭسا ، تېكەس دەرياسىنى بويلاپ تېكەس ئارقىلىق ئىلىغا بارىدۇ . موڭغۇلكۈرە ئارقىلىق ماڭىدىغان يول تۆۋەندىكى ئۆتەكلەردىن ئۆتىدۇ :

ئاقسۇدىن قاراكۆلگە 70 يول كېلىدۇ ، قاراكۆلدىن قالماقكۈرە ( ھازىرقى موڭغۇلكۈرە ) گە 54 يول كېلىدۇ ، موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرى ئىلگىرى تې- كەس ناھىيىسىگە قارايتتى . 1937 ـ يىلى تېكەستىن ئايرىلىپ چىقىپ ئايرىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناھىيە بولدى .

## موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى

تارىختا بۇگۇنكى موڭغۇلكۈرە ۋە تېكەسلەردە تۈركلەر بىلەن ئۇسۇنلار ياشايتتى . ئەينى چاغدا موڭغۇلكۈرە بىلەن تېكەس قوشۇلۇپ « تەكىس » دەپ ئاتىلاتتى . « تەكىس » تۈركچە سۆز بولۇپ ، تەكشى ياكى تۈزلەڭ دېگەن مەنىدە ئىدى . كېيىنچە ئۆزگىرىپ « تېكەس » بولۇپ قالغان . تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن ئىلى ۋادىسىغا چىققان كىشىلەر خەتەرلىك مۇز- ئارت تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ، شوتىغا كەلگەندىن كېيىن ، تەپتەكشى كەتكەن ياپيېشىل پايانسىز يايلاققا چىقىدۇ . شۇڭا بۇ جاينى « تەكىس » دەپ ئاتىغان .

18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ جايغا لاما ئىبادەتخانىسى سالغاندىن كېيىن ، « قالماقكۈرە » ، « قىزىلكۈرە » ( ھازىرقى تېكەس ) دېگەن ناملار پەيدا بولغان . « كۈرە » « بۇت » دېگەنلىك بولىدۇ . قالماقكۈرە دېگەن سۆز قالماقلارنىڭ بۇتى ، قىزىلكۈرە دېگەن سۆز قىزىل بۇت دېگەن مەنىدە . شۇنداق قىلىپ ئەسلىدە « تەكىس » دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي ئىككىگە بۆلۈندى . قالماقكۈرە دېگەن ئىسىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يىللىرى موڭغۇلكۈرەگە ، قىزىلكۈرە دېگەن ئىسىم كېيىنچە تېكەسكە ئۆزگەر- تىلدى .

موڭغۇلكۈرەدە يول ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . بىرى خۇنخاي ئارقىلىق ئىلىغا كىرىدۇ . يەنە بىرى تېكەس ، ياماتۇلار ئارقىلىق ئىلىغا كىرىدۇ . يېتىمچىلەر قوشىقى :

« قىزىلسۇ » دىن ئۆتكەندە ،
قالماقكۈرە بار ئىكەن .
بۇ يەردىمۇ كەمبەغەل ،
بوردا نانغا زار ئىكەن .

شۇڭا تاشلاپ بۇ يەرنى ،
بارماق بولدۇق ئىلىغا ،

ئون داچەنگە گەپلىشىپ .
مىنىپ كەلدۇق يىلقىغا .

يېپىنچىمىز كۆك ئاسمان ،
تاپالمىدۇق كاتەكنى .
سېلىنچىمىز كەڭ زېمىن ،
باشقا قويدۇق كېسەكنى .

## موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 〃 07/10 °81 ۋە شىمالىي كەڭلىك 〃 09/31 °43 قا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ غەربىي قىسمى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ . چېگرا لىنىيىسى تەخمىنەن 200 كىلومېتىر . ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 870 كىلومېتىر كېلىدۇ . موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تەڭرىتاغنىڭ بىر قىسمى بولغان خالىق تېغى جايلاشقان ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 6769 مېتىر ئېگىز . شىمالىي قىسمىغا بولسا تەڭرىتاغنىڭ بىر قىسمى بولغان ئالاقار تېغى جايلاشقان ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىز . شەرقىي قىسمىغا ئاقىنتاۋ تېغى جايلاشقان بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 2100 ~ 2400 مېتىر ئېگىز . غەربىي قىسمىغا تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمىدىن شەكىللەنگەن تار ئېغىز جايلاشقان . ئۇنىڭ غەربىي جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرى ئېگىز ، شەرقىي قىسمى پەسرەك ئويمانلىق . بۇ ئويمانلىق دېڭىز يۈزىدىن 1600 ~ 1800 مېتىر ئېگىز بولۇپ ، ئۇ كۆكتۆپە تېغى بىلەن قوتۇرتاغنى پاسىل قىلغان ھالدا شەرقىي ئويمانلىق ۋە غەربىي ئويمانلىق دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ . تېكەس دەرياسى غەربتىن شەرققە قاراپ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ ، شۇنىڭدەك ئويمانلىقنى جەنۇبىي قىسىم ۋە شىمالىي قىسىم دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ . ناھىيە تەۋەسىدە دەريا ــ ئېقىنلار گىرەلىشىپ كەتكەن ، ئېدىرلىق كۆپ . تېكەس دەرياسىنىڭ ناھىيىنىڭ شەرقىدىن ئۆتىدىغان قىسمى 97 كىلومېتىر كېلىدۇ ، ئۇنىڭ يىللىق سۇ مىقدارى 530 مىليون كۇب مېتىر . ناھىيە بويىچە 23 دەريا ــ ئېقىن بار ، سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى 136 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىـ

دۇ . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 2.9 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 33.5 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 32 ℃ ، قىروسىز مەزگىلى 98 كۈن . كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2699 سائەت ، ھۆل ـ يېغىنلار كۆپ ، ئوت ـ چۆپلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ ، تۆت پەسىللىك ئوتلاق تەخمىنەن 367 مىڭ 407 گېكتار كېلىدۇ . چارۋا نەسلى ياخشى بولۇپ ، ئۇ ئىلى ئېتى ، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى چىقىدىغان مۇھىم رايون . ئۇ جايدا يەر ئاستى بايلىقى ، ياۋايى ھايۋانلار ، ياغاچ ماتېرىياللىرى ، دورا ئۆسۈملۈكلىرى ناھايىتى مول .

## موڭغۇلكۈرە بۇتخانىسى ( لاما ئىبادەتخانىسى )

موڭغۇلكۈرە بۇتخانىسى موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان . بۇتخانا سەيناسىدا ئېگىز ئۆسكەن ياپيېشىل قارىغاي ۋە ئارچىلار بار . بۇ قورۇلۇش 1764 ـ يىلى سېلىنغان . ئۇنىڭ كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئايرىم ـ ئايرىم سەككىز ئىمارەت ، 24 ئېغىز ئۆي بار . 1962 ـ يىلى بۇ بۇتخانا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئاسار ئەتىقىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى .

گې فېڭئي ملادىيە 1775 ـ يىلى يازغان « ئىلى دەرياسى راپورتلىرى » ناملىق ئەسەردە : « ئىلى رايونىدا يەتتە ئىبادەتخانا ياسالدى . شۇتا ( موڭغۇلكۈرە تەۋەسىدە ) رايونى بۇلارنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇتخانىدىكى لامالار 270 تىن كۆپ ئىدى » دەپ كۆرسىتىلگەن ① .

خونخاي ئارقىلىق ئىلىغا بارىدىغان يول تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئىلىغا كېلىدۇ :

موڭغۇلكۈرەدىن خونخاي تاغ ئېغىزىغىچە 49 يول كېلىدۇ . خونخاي تاغ ئېغىزىدىن خونخاي مازىرىغا 60 يول كېلىدۇ ، ئۇ تاغ ئارىسىدىكى قونالغۇ ـ ئۆتەڭ بولۇپ ، سارت قالماق ( مۇسۇلمان بولغان قالماق ) لار جايلاشقان جاي . خونخاي مازىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى يۇسۇپ سەككاكىنىڭ مازىرىدۇر .

---

① « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » ، 1982 ـ يىل 1 ـ سان .

بۇ زات مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان ، ئۇنىڭ مەقبەرىسى ھېلىمۇ بار .

خونخايدىن خوجىرتايغا 23 يول كېلىدۇ . سوپۇن بۇلاقتا 41 يول بولۇپ ، ئۇ يەردە مەھەللە بار . سوپۇن بۇلاقتىن ئوقۇرچىغا 23 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردىمۇ مەھەللە بار . تۆۋەنكى جاغىستايغا 56 يول كېلىدۇ . جاغىستايدىن قاينۇققا 29 يول كېلىدۇ . ئۇ چوڭ يېزا بولۇپ ، ئۇنىڭ 1986 ـ يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 7200 .

قاينۇقتىن ئىلى دەرياسى ئۆتكىلىگە 40 يول كېلىدۇ . دەريادىن كېمە ئارقىلىق ئۆتىدۇ ، غۇلجا شەھىرىگە 50 يول كېلىدۇ .

ئاقسۇدىن ئىلىغىچە 881 يول كېلىدۇ . قەشقەردىن ئىلىغىچە 1897 يول كېلىدۇ . « ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت » دېگەندەك ، ئەينى چاغدا جان بېقىش يولىنى ئىزدەپ ئۆز يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ ئىلىغا كەلگەن يېتىمچىلەر يەنىلا ئېغىر كۈلپەتلەردىن قۇتۇلالمايتتى . تۆۋەندىكى قوشاقلار يېتىمچىلەرنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ :

ئىلىخونىڭ بازىرى ،
يېتىمچىگە تار ئىكەن .
يوقسۇللارغا دەرد ـ ئەلەم ،
ھەممە يەردە بار ئىكەن .

گۈڭتو كېلىپ سورايدۇ ،
سەن ئىشلەمسەن خاڭدا دەپ .
تېگىشەمسەن بىر يولى ،
ئەزىز جاننى نانغا دەپ .

ئىلىخونىڭ تاغلىرى ،
تەگدىن تولا خاڭلىرى .
خاڭلىرىدا ئىشلەيدۇ ،
يوقسۇللارنىڭ باللىرى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زوخاكدىن ① چۈشۈپ بېرىپ ،
يۇسۇ چاپقان ئوخشايمەن .
بېرىشى مىسقال يارماق ،
جاننى ساتقان ئوخشايمەن .

كەتكۈم بارۇ ، كەتكۈم بار ،
ئۆز يۇرتۇمغا كەتكۈم بار .
بىللە بولۇپ سەن بىلەن ،
مۇرادىمغا يەتكۈم بار .

ياش باللار نادان باللار ،
يۇرتۇڭلارغا كېتىڭلار .
كېتىپ ئارزۇ ـ مەقسەتكە ،
بىر يولىلا يېتىڭلار .

ئانام سورىسا مېنى ،
يۇرىدۇ ئامان دەڭلار .
ئۆز يۇرتىنىڭ ئىشقىدا ،
يۈز ـ كۆزى سامان دەڭلار .

بىر كۆزى ياش ، بىر كۆزى
زەرداپ بىلەن قان دەڭلار .
ياقا يۇرتتا ساقلىماق ،
بەك تەس ئىكەن جان دەڭلار .

① زوخاك ــــ خاكغا چۈشۈپ ـ چىقىشتا پايدىلىنىدىغان ۋە هاۋا كىرىپ تۇرىدىغان يانتۇ خاك يولى .

## §3 . قەشقەر – ئۈرۈمچى يولى

قەشقەر – ئۈرۈمچى يولى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىم يوللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ 2000 يىلدىن ئوشۇق تارىخقا ئىگە. قەشقەردىن چىقىپ، قەشقەر – ئىلى يولى ئارقىلىق ئاقسۇدىن ئۆتۈپ جامغا كېلىپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. بۇ يول جامدىن چىقىپ تۆۋەندىكى جايلاردىن ئۆتەتتى:

قەشقەردىن جامغا 1065 يول، جامدىن قارايۇلغۇنغا 43 يول، جامدىن ياقىتىكەن جىلغىسىغا 15 يول، جامدىن ئۇلۇغيار ئېقىنىغا 17 يول كېلىدۇ. ياقۇپبەگ دەۋرىدە، بۇ يەردە بىر نەچچە ئۆيلۈك خاڭ ئىشچىلىرى تۇراتتى. جامدىن سوقساق جىلغىسىغا 41 يول كېلىدۇ، جىلغىدىن ئۆتسە ياقۇپبەگ ياساتقان ساراي بار جايغا كېلەتتى. جامدىن قارا يۇلغۇنغا 43 يول كېلىدۇ. بۇ كەنتتە 60 ئۆيلۈك ئاھالە بار بولۇپ، مەھەللە قارا يۇلغۇن تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان. جامدىن قارا يۇلغۇنغا كەلگۈچە يول ياخشى، يېقىلغۇ مول، ئۆتەڭدە سۈپسۈزۈك كۆل سۈيى بار.

قارا يۇلغۇندىن جىكتاغ ئېغىزىغا 6 يول كېلىدۇ. يەنە 20 يول يۈرسە كەڭ بىر جىلغىغا كېلىدۇ. ئۇ يەردىن يەنە 13 يول ماڭسا بىر قۇرۇق جىلغىغا كېلىدۇ. ئۇ جىلغىنىڭ كەڭلىكى 70 ~ 75 قەدەم كېلىدۇ. جىلغىنىڭ ئىككى يېنى تىك قىرغاق بولۇپ، قىرغاق ئېگىزلىكى 107 مېتىرچە كېلىدۇ. جىلغا بويلاپ بىر نەچچە ئەگمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن چوڭيادەڭ ئۆتىڭىگە كېلىدۇ. بۇ يەردە قونالغۇ ۋە ئۆتەڭچى بار. ئۇ يەردىن 16 يول ماڭسا جىلغىدىن چىقىدۇ، كېيىن كىچىك بىر تاغدىن ئۆتۈپ تۈزلەڭگە چىقىدۇ. كېيىن بىر نەچچە ئېقىندىن ئۆتۈپ، جورغا قورغىنىغا كېلىدۇ. ئېقىنلاردا كۆۋرۈك بار.

قارا يۇلغۇندىن جورغا قورغىنىغا 77 يول كېلىدۇ. ياقۇپبەگ دەۋرىدە بۇ جايدا ئۈچ ساراي ۋە بىر نەچچە ئۆيلۈك ئۆتەڭچى بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قورغاندىن جەنۇبقا كەتكەن بىر يول بولۇپ ، ئۇ يول مىس كېنىگە ئېلىپ باراتتى . قارا يۇلغۇندىن جورغا قورغىنىغىچە يول ياخشى ، بىراق يېقىلغۇ ۋە يەم ـ خەشەكلەر كەمچىل ئىدى .

جورغا قورغىنىدىن چىقىپ 7 يول كېلىدىغان يەرگىچە ئېگىز ـ پەس تاغلار بىلەن مېڭىپ ، بىر نەچچە جىلغىدىن ئۆتىدۇ . ئۇ يەردىن يەنە 17 يول ماڭسا تاغ تۈگەپ مۇزئارت دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ كېلىدۇ . ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەگرى ـ توقاي ئاقىدىغان مۇزئارت دەرياسى بار .

جورغىدىن ياقىئېرىققا 26 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا بىر نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . جورغىدىن شاخدارغا 29 يول ، مۇزئارت دەرياسى ئۆتكەلگىچە 47 يول كېلىدۇ . دەريا ئېقىنى بىر نەچچە تارماققا بۆلۈنۈپ ئاقاتتى . غول ئېقىنىنىڭ كەڭلىكى 5 ~ 8 سازىن ( 10 ~ 20 مېتىر ) كېلىدۇ .

جورغىدىن قوشتامغا 52 يول كېلىدۇ . قوشتامدا ئۆتەڭ ۋە تارقاق جايلاشقان 60 قا يېقىن ئائىلە بار . جورغا قورغىنىدىن قوشتامغىچە يول ياخشى ، بىراق جىلغىغا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ ، يەم ـ خەشەك ، يېقىلغۇلار يوق . دەريا ۋادىسىغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن سۇ ، يېقىلغۇ ۋە ئوت ـ چۆپ ، يەم ـ خەشەكلەردىن قىينالمايدۇ .

قوشتامدىن مىرزاتام ئۆستىڭىگە 24 يول كېلىدۇ ، ئۆستەڭدە كۆۋرۈك بار . قوشتامدىن مىجىغقا 49 يول كېلىدۇ ، بۇ كەنتتە 400 ئائىلە ئادەم بار ئىدى . قوشتامدىن بايغا 64 يول كېلىدۇ . ياقۇپبەگ دەۋرىدە بۇ يەردە چوڭ سارايي بار ئىدى ، يەنە بىر نەچچە كوچىسمۇ بار ئىدى . كوچا ئېغىزىدىن 640 مېتىر ئارىلىقتا كىچىك بىر قورغان بار ، ئۇنىڭ ئىككى دەرۋازىسى بار بولۇپ ، غەربىي جەنۇبتىكىسى « ئاقسۇ قوۋۇقى » ، شەرقىي شىمالدىكىسى « كۇچار قوۋۇقى » دەپ ئاتىلاتتى . قورغاننىڭ شەرقىي تەرەپتىكى سېپىلىنىڭ ئۇچى يارنىڭ لېۋىگە جايلاشقانىدى . قوشتامدىن بايغا كەلگۈچە يول ياخشى ، دەريا ۋە ئۆستەڭلەردە مۇستەھكەم كۆۋرۈكلەر بار ئىدى . سۇ كۆپ پەسىللەردە مۇزئارت دەرياسىدىن كېمە ئارقىلىق ئۆتەتتى . باي ئىلگىرى كۇچارغا قارايتتى . 1758 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سايرام ۋە بايلارغا ئىككى بەگلىك تەسىس قىلغان . ئۇ چاغدا بۇ ئىككى يۇرت ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى بەگلىك بولۇپ ، ئاقسۇغا قارايتتى . 1882 ـ يىلى سايرام بىلەن باي ناھىيىسىنى

بىرلەشتۇرۇپ باي ناھىيىسىنى تەسىس قىلدى . ناھىيە مەركىزى بايدا بولدى . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، باي ناھىيىسىدە 11 يېزا ، ئىككى بازار بولۇپ ، جەمئىي 157 مىڭ نوپۇس بار ، باي بازىرىدىلا 20 مىڭ 474 نوپۇس بار .

# باي ناھىيىسى

## باي ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

باي ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە ، چۆلتاغنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئويمانلىققا ، ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ 33.6 كۋادرات كىلومېتىر . ناھىيە بازىرىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 860 كىلومېتىر كېلىدۇ . باي ناھىيىسىنىڭ تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى ئېگىز ، شەرقىي جەنۇب تەرىپى پەس . ئۇ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تار بەلباغسىمان ئويمانلىقنى شەكىللەندۈرگەن . ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تىزمىسى بولۇپ ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 6640 مېتىر . ئوتتۇرا قىسمى بوستانلىق ، جەنۇبىي قىسمى پەس تاغلىق رايون . تاغلىق رايون 56.4 پىرسەنتنى ، ئېدىرلىق 5.8 پىرسەنتنى ، تۈزلەڭلىك 37.8 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىققا باب كېلىدىغان يەر 14.1 پىرسەنتنى ، چارۋىچىلىققا باب كېلىدىغان يەر 43.8 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ . دېھقانچىلىق رايونى دېڭىز يۈزىدىن 1173 ~ 2000 مېتىر ئېگىز . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.6 ℃ ، يىللىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 37.4 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 32.2 ℃ ئەتراپىدا . يىللىق هۆل ـ يېغىن مىقدارى 96.2 مىللىمېتىر . سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1539 مىللىمېتىر . قۇياشنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 2780 سائەت . قىروسىز مەزگىل 133 ~ 163 كۈن . ناھىيە دائىرىسىدە مۇزئارت ، قاپسىلاڭ ، تەلۋىچۇك ، قاراسۇ ، قىزىل قاتارلىق بەش ئىچكى دەريا بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 790 مىليون كۇب مېتىر . چىقىرىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيى 1 مىليارد كۇب مېتىر .

بايدىن قاراسۇ دەرياسىغىچە 20 يول كېلىدۇ . باي بىلەن قاراسۇ دەرياسى ئارىلىقىدا يولنىڭ سول تەرىپىدە ئوتباش ، ئازغان ، ئىشتاچى ، كەنجى ،

www.uyghurkitap.com

پېگى لەڭگەر كەنتلىرى ؛ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئاق هويلا ، چۈجە ، بالىقىز ۋە ئارال قاتارلىق كەنتلەر بار. بايدىن ئانىقىزغا 28 يول كېلىدۇ . بايدىن قاراسۇ ئېقىنىغا 44 يول كېلىدۇ . بايدىن سايرامغا 60 يول كېلىدۇ . سايرام كەنتىدە ئىككى چوڭ كوچا بولۇپ ، كوچىنىڭ ھەممىسى ئۈستى يېپىق دۇكان . سايرام بىر ئاۋات بازار بولۇپ ، دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى بازار بولاتتى . بۇ جايدا ئۆتەڭ بار ئىدى . بايدىن سايرامغا كەلگۈچە يول ناھايىتى ياخشى ، يول بويى سۇدىن قىسىلمايدۇ . ئەتراپتىكى يېزىلاردىن يەم ـ خەشەك ۋە يېقىلغۇلارنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ .

سايرامدىن قىزىل لەڭگەرگە 14 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا ئىككى قۇدۇق بار ، قۇدۇق سۈيى تاتلىق . سايرامدىن قىزىل دەرياسىغا 28 يول كېلىدۇ . دەريا ئېقىنىغا چۈشىدىغان جايغا كەلگەندە يول ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . سولغا ماڭسا ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان خاڭ ۋە مىس كانلىرىغا بارغىلى بولىدۇ . بۇ جايدا قىزىل دەرياسى ئېقىنى ئۈچكە بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ . قىش كۈنلىرى بىرلا ئېقىن بولىدۇ ، ئوتتۇرىدىكى ئېقىندا كۆۋرۈك بار . قىزىل دەريا مۇزئارت دەرياسىدىن قالسا ئىككىنچى چوڭ دەريا . دەريادىن ئۆتسە يولنىڭ سول قاسنىقىدا ياقۇپبەگ ئۆتكەن ـ كەچكەندە چۈشكۈن قىلىدىغان مەخسۇس ساراي بار ئىدى .

سايرامدىن قىزىل كەنتىگە 32 يول كېلىدۇ . بۇ كەنتتە 200 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار . سايرامدىن قىزىلغا كەلگۈچە يول ياخشى ، يېقىلغۇ تېپىلىدۇ ، قۇدۇق ۋە بۇلاق سۇلىرى بار ئىدى .

قىزىلدىن لودەنزە قورغىنىغا 34 يول كېلىدۇ . بۇ قورغاندا بىر ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . سۇنى ئېشەك بىلەن قىزىل دەريادىن توشۇپ كېلەتتى . لودەنزىدىن باشلاپ يۇقىرىسىغا ئۆرلەپ 2 يول ماڭسا ، يول بەلگىسى « تاش » بار جايغا كەلگىلى بولىدۇ . بۇ جاينىڭ ئېگىزلىكى 4000 فوتتىن ( 1220 مېتىردىن ) ئوشۇق . داۋان يولى نەچچە چوڭ سايدىن ۋە بىرنەچچە چوڭ جىلغىدىن ئۆتەتتى .

قىزىلدىن داۋان قورغىنىغا 54 يول كېلىدۇ . قورغان ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئويمان جايغا جايلاشقان . بۇ جاي قىزىلدىن 1000 فوت ( 305 مېتىر ) ئېگىز . داۋان قورغىنى تۆت بۇرجەكلىك كىچىك قورغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئېغىز ئۆي ۋە بىر مەسچىت بار ، بۇ قورغاندا سۇ يوق .

سۇنى قىزىل دەريادىن ئېشەك بىلەن توشۇپ كېلەتتى .

داۋان قورغىنىدىن باشلاپ يول تار ۋە تىك قىساڭغا چۈشىدۇ . سايىنىڭ ئىككى قىرغىقى قاتتىق سېغىز توپىلىق ، جىلغىغا چۈشىدىغان بۇ يانتۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 400 فۇت ( 122 مېتىر ) كېلىدۇ . دەسلىپىدە يول ناھايىتى تىك ، قىساڭ بولۇپ ، كېيىن بارا ـ بارا يانتۇلۇقى كىچىكلەپ بارىدۇ . لېكىن ، قىساڭ يەنىلا تار ، ئۇنىڭغا ئارانلا بىر هارۋا پاتىدۇ . بۇ جاي خۇددى كارىدورغىلا ئوخشايدۇ . داۋان قورغىنىدىن قۇرغاق قورغانغا 13 يول كېلىدۇ . بۇ يەردە بىر قۇدۇق بار ، سۈيى شورلۇق . قۇرغاق قورغاندىن ئۆتكەندىن كېيىن ، قىساڭ تەدرىجىي كېڭىيىپ بارىدۇ . ساي ئىچىدە بەزى توغراقلارمۇ ئۇچرايدۇ . 20 يول يەرگىچە بارغاندا يول تاغ ئاستىغا چۈشىدۇ ، ئاندىن شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ ناھايىتى چوڭقۇر قىساڭغا كىرىدۇ ، ساي ئىچىدە كىچىك بىر ئېقىن بار . بۇ ئېقىننىڭ سۈيى شورلۇق ، شۇڭا بۇ ئېقىن « شور بۇلاق » دەپ ئاتىلىدۇ . قىساڭنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تاغلار ئىنتايىن تىك ، تاغنىڭ چوققىسى جىلغىغا تاپىنىدىن 400 ~ 500 فۇت ( 122 ~ 150 مېتىر ) ئېگىز . بۇ قىساڭ ئەگرى ـ توقاي بولۇپ ، تەدرىجىي كېڭىيىپ بارىدۇ .

داۋان قورغىنىدىن شالدىراڭ قورۇلغا 30 يول كېلىدۇ . بۇ يەرگە كەلگەندە قىساڭ يەنىمۇ تارىيىپ ، كەڭلىكى 25 قەدەم بولۇپ قالىدۇ . ياقۇپبەگ دەۋرىدە ، شالدىراڭ قورۇلىدا بەش سەرۋاز ۋە بىر قورولبېشى بولۇپ ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى تەكشۈرەتتى ۋە زاكات ئالاتتى . قورۇلدىن ئۆتكەندىن كېيىن قىساڭ يەنە كېڭىيىدۇ . داۋان قورغىنىدىن 39 يول ماڭسا قىساڭ تۈگەپ كىچىك ۋە تەكشى بىر ئېگىزلىككە چىقىدۇ . بۇ يەردىن 3 يول ماڭسا كۇچار ۋادىسىغا چۈشىدۇ . بۇ يەردە يول ياقىسىدا بىر تۇرا بار .

داۋان قورغىنىدىن شامالباغقا 48 يول ، كۇچار كونىشەھىرىگە 60 يول كېلىدۇ .

## كۇچار ناھىيىسى

كۇچار ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمىي يۇرت بولۇپ ، ئىلگىرى « كۇسەن » دەپ ئاتىلاتتى . 1883 ـ يىلى چىڭ هۆكۈمىتى كۇچار نازارىتى تەسىس قىلغان ۋە كۇچار ئاقسۇغا قارايدىغان بولغان . 1902 ـ يىلى ئۇ يەنە

كۇچار ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلدى ۋە شايار ناھىيىسىنىمۇ باشقۇرىدىغان بولدى . 1913 ــ يىلى يەنە كۇچار ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى ۋە يەنىلا ئاقسۇغا قارىدى . 1986 ــ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، كۇچار ناھىيىسىدە 13 يېزا ، بىر بازار بار ، ئومۇمىي نوپۇسى 324 مىڭ 300 ، كۇچار بازىرىنىڭ نوپۇسى 31 مىڭ 704 . تارىختا كۇچار بۇددا دىنى مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى . مەشھۇر بۇددا دىنى ئالىمى ، مۇتەپەككۇر ۋە شائىر كوماراجىۋا ميلادىيە 344 ــ يىلى قەدىمكى كۇسەندە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ كۇچار سانسكرىت تىلى ۋە خەنزۇ تىل ــ يېزىقى پۇختا ئىگىلىگەن مۇتەۋەر ئالىم سۈپىتىدە 32 پارچە 300 جىلدلىق بۇددا نوم ــ سۇترىسىنى تەرجىمە قىلغان . 2 جىلدلىق « ئالەم ھەققەتلىرى » ناملىق ئەسەر يازغان ①. بۇ جايدا بۇددا يادىكارلىقلىرىدىن قىزىل مىڭئۆي ( خەن دەۋرىدە ) ، تېمىر مىڭئۆيى ( تاڭ دەۋرىدە ) ، ئونباش مىڭئۆيى ( تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ) ، قۇمتۇرا مىڭئۆيى ( تاڭ ــ سوڭ دەۋرىدە ) ، مازار باغ مىڭئۆيى ( سۈي ــ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ) ، سىم ــ سىم مىڭئۆيى ( سۈي ــ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ) ، قىزىل قاغا مىڭئۆيى ( تاڭ دەۋرىدە ) ، توغراق ئېقىن مىڭئۆيى ( تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ) قاتارلىق سەككىز مىڭئۆي ۋە بۇددا دىنى ئاسارئەتىقىلىرى بار.

كۇچار يەنە مەشھۇر ناخشا ــ ئۇسسۇل ماكانى ، قىزىل مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر قەدىمكى كۇسەن ئۇسسۇلىنىڭ نەقەدەر نەپىس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . 6 ــ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى ، ئاتاقلىق ناخشىچى ، مۇزىكانت سۇجاۋا كۇچارلىق ئىدى . تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە ، ئۇ « بەش تارانە ، يەتتە ئاۋاز » قانۇنىنى يېزىپ چىققان . ھەربىر تارانە بىر خىل ئاھاڭ شەكلى بولۇپ ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن يەنە 35 ئاۋاز بۆلەكلىرىگە ئايرىلغان . 6 ~ 7 ــ ئەسىرلەردە ياشىغان بەگ مانتور ــــ ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى .

كۇچاردا يەنە ئىسلام ئاسارئەتىقىلىرىدىن مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرى ( ئورنى يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەر ئارىسىدا ) ۋە كۇچار خانىقاسى بار.

مەۋلانە ئەرشىدىن ــــ ئىشانلار مەزھىپىنى بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئېلىپ كەلگەن ، 1322 ــ يىلى توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىمان ئېيتىشىغا

① « دېڭىز ئۈنچىلىرى » ، 1 ــ ، 2 ــ بەتلەر .



www.uyghurkitap.com

رىياسەتچىلىك قىلغان كىشى ، ئۇ جالالىدىن كىتتىكىنىڭ ئوغلى ، جەسىتى كۇچارغا قويۇلغان .

**كۇچار خانىقاسى**

كۇچار ناھىيىسى كونىشەھەر رەستە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 700 ~ 800 مېتىر نېرىسىدىكى ئۇزۇمچى ـ قەشقەر تاشيولى ياقىسىدىكى قىغدۆك مەھەللىسىگە جايلاشقان ، خانىقانىڭ ئۇزۇنلۇقى شەرقتىن غەربكە 126.30 مېتىر ، كەڭلىكى شىمالدىن جەنۇبقا 114 مېتىر ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 14 مىڭ 386 كۋادرات مېتىر بولۇپ ، ئۇنىڭغا 5000 دىن ئوشۇق ئادەم سىغىدۇ . خانىقانىڭ ئىچى ـ تېشى پۈتۈنلەي پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇپ ياسالغان . ئۇنىڭ پەشتاقلىرى كۆركەم ، يېشىل سىرلاقلىق ئىككى چوڭ دەرۋازىسى بار . بۇنىڭ بىرى غەربكە ، بىرى جەنۇبقا قارايدۇ . دەرۋازىسىنىڭ ئۇستى تەرىپى نەقىشلىك گەج ئويما قىلىنىپ قۇرئان ئايەتلىرى ، ھەدىسلەر بىلەن بېزەلگەن . پەشتاقنىڭ ئۈچ مۇنارى بار . مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 18.30 مېتىر ، مۇنار ئارىلىقلىرى 10 مېتىر كېلىدۇ ، پەشتاقنىڭ ئېگىزلىكى 4.30 مېتىر ، كەڭلىكى 3.90 مېتىر . يەنە پەشتاق گۈمبىزىگە چۆرۈلدۈرۈپ سەككىز دانە مېھراب شەكىللىك پەنجىرە بېكىتىلگەن .

خانىقا ـــ تاشقىرىقى ۋە ئىچكىرىكى مەسچىت ، خوجا ئىشان ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ قەدەم جايى ، قازىخانا ( مەھكىمە شەرئى ) قاتارلىق تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ . بۇ جامە ئىلگىرى كىچىك بىلەن ياسالغان كىچىك بىر مەسچىت ئىدى . دىنىي ئۆلىما خوجا ئىشان ئىسھاق ۋەلىيۇللا كۇچارغا كەلگەندە تەخمىنەن 1603 ـ يىلى بۇ مەسچىتنى كېڭەيتىپ خانىقا قىلىپ ياساتقۇزغان . ئۇنىڭدىن كېيىن كۇچاردا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۆلىما ناسىر دوبېگى ھاجىمنىڭ باشچىلىقىدا خانىقانىڭ قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كېڭەيتىپ ياسالغانىكەن . بۇ خانىقانىڭ مەخسۇس ھېيت نامىزى ، جۈمە نامىزى ۋە ئادەتتىكى بەش ۋاق نامازنى ئوقۇيدىغان ئايرىم ـ ئايرىم چوڭ ـ كىچىك بۆلۈمچىلىرى ، مەدرىس ، تالىپلار ھۇجرىسى ، دەرسخانا ، يىلدا بىر قېتىم نەزىر بېرىدىغان چوڭ ئاشخانىسى ، خاتىپ ئاخۇنۇم ئولتۇرىدىغان بىر يۈرۈش ھويلا ـ ئاراملىرى بار . مەسچىت سەيناسىغا خوجا ئىشان ئىسھاق ۋەلىيۇللانى ياد ئېتىش يۈزىسىدىن مەخسۇس قەبرە قاتۇرۇلۇپ ، قەبرىنى ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئالغان . ھىجرىيە 1346 ـ يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

( مىلادىيە 1928 ــ يىلى ) ئۆجمە پىششىقىدا ، دۈشەنبە يانغان ، پەيشەنبە كىر-
گەن بىر كېچىسى تۈن يېرىمىدا ئوت كېتىپ خانىقا كۆيۈپ كەتكەن .
ھىجرىيە 1347 ــ يىلى ( مىلادىيە 1929 ــ يىلى ) ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى
باشلىنىپ ئۇل سېلىنغان . خانىقا قۇرۇلۇشى 1932 ــ يىلى تاماملانغان ① .

## كۇچار ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

كۇچار ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 35′ 82° ~ 17′ 84° ۋە شىمالىي كەڭلىك 46′ 40° ~ 35′ 42° ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15 مىڭ 7.5 كۋادرات كىلومېتىر . ناھىيە بازىرىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 772 كىلومېتىر كېلىدۇ . يېرىنىڭ شىمالىي قىسمى ئېگىز ، جەنۇبىي قىسمى پەس بولۇپ ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ . تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى قىسمىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايى بولغان مۇز تاغ چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4550 مېتىر . كۇچار تەۋەسىدە ئاساسلىقى تاغۋاش ، ئۆگەن دەريالىرى ۋە لايسۇ ئېقىنى بار بولۇپ ، سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 64 مىڭ گېكتار .

### كۇچار دەرياسى

كۇچار دەرياسى تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ كۇچار ، باي ، خوتونسۇمۇل ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 4553 مېتىر ئېگىز بولغان مۇزتا- ماس ۋە 4442 مېتىر ئېگىز بولغان تەلەمەت ② چوققىسىدىكى مۇزلۇقلىرىدىن باشلىنىپ چوڭكۆل ، شاخبۇلاق ، كۆكسۇ ، تىكمەت ، قوزغۇن ، ئېغىز ئاغزى ، كانلاردىن ئۆتۈپ ، ئېرىق ئارىسىغا كېلىپ بەش چوڭ ئېقىنغا ئايرىلىپ ، كۇچارنىڭ سۇغىرىش رايونلىرىغا تارقىلىدۇ . شەرقتىن ھېسابلىغاندا بىرىنچى تارمىقى مازارباغ ئارقىلىق ياقىئېرىق ( ھازىر ياقا دەپ ئاتىلىدۇ ) قا ، ئىككىنچى تارمىقى ئۆچئۆجمە ۋە توقماقلارغا ، ئۈچىنچى تارمىقى سۆرۈنلۈك ، سېغىن سۆگەت ۋە قاراڭغۇلارغا ، تۆتىنچى تارمىقى بىجاق ، يېڭىتۇر ، يار بېشى ۋە

---

① « شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى » ، 1990 يىل 1 ــ سان ، 50 ــ ، 54 ــ بەتلەر .
② تەلەمەت داۋنى ئېنتايىن خەتەرلىك داۋان بولغاچقا ، يولۇچىلار تەڭرىدىن ئامانلىق تىلەپ ، ئۇ يەردىن سەدىقە بېرىپ ، دۇئا قىلىپ ئۆتەتتى . « تەلەمەت » « تەلەپ ئەت » ( خۇدادىن ئامانلىق تىلە ) دېگەن سۆز .

ئۇزۇنلارغا ، بەشىنچى تارمىقى ئىشخىلا ، كونىشەھەر، كۆكچى مەھەللىسى ، ئېگىز قۇملار ئارقىلىق تۇزلۇق دۆڭگە بارىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 126 كىلومېتىر . سۇ يىغىش مەيدانى 3118 كۋادرات كىلومېتىر بولغان لەڭگەر سۇ پونكىتى 22 يىل ئۆلچەپ خۇلاسىلىگەن يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 326 مىليون كۇب مېتىر ، ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 10.3 $m^3/s$ ئىكەن ، سۇ ئەڭ كۆپ كەلگەن يىلى ( 1959 ـ يىلى ) يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 485 مىليون كۇب مېتىر بولغان . ئەڭ ئاز بولغان يىلى ( 1957 ـ يىلى )217 مىليون كۇب مېتىر بولغان . سۇنىڭ ئەڭ ئاز ۋاقتى 1 ـ ئاي بولۇپ ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 1.93$m^3/s$ ، ئەڭ كۆپ ۋاقتى 7 ـ ئاي بولۇپ ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 26.8$m^3/s$ . كەلكۈن مەزگىلىدە قىسقا مۇددەت بىر نەچچە يۈز كۇب مېتىر سېكونتقا يېتىدۇ .

## كۇچار دەرياسى كۆۋرۈكى

چيەنلۇڭ يىللىرى ، كۇچار دەرياسىدا ئاددىي تېرەك لىملىق ئالتە ئاراشىلىق بىر ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى . ھەربىر ئاراشىنىڭ كەڭلىكى 5 مېتىر بولۇپ ، كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر ئىدى . 1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يولداش لىن جىلۇنىڭ پىلانلىشى ۋە باشلامچىلىقى بىلەن كۇچار شەھەر ئىچىگە ئارتىلىش ئارىلىقى 30 مېتىر بولغان بىر ئاراشلىق ياغاچ چېدىرلىق كۆۋرۈك ياسالدى . كۆۋرۈكنىڭ ماشىنا ماڭىدىغان قىسمى 5 مېتىر كەڭ-لىكتە بولۇپ ، ئىككى ياقتا يەنە 2 مېتىردىن پىيادىلەر يولى بار ئىدى . بۇ كۆۋرۈك 1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى پۈتكەن . بۇ كۆۋرۈككە « قەدىمىي كۇسەن كېچىكىدىكى يېڭى ئىتتىپاق كۆۋرۈكى » دەپ نام بېرىلگەن . شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ، كۆۋرۈك ياساشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن يەرلىك پېشقەدەم ئۇيغۇر ياغاچچىلاردىن غازى قاتارلىق ئالتە يا-غاچچىنى يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىپ تەقدىرلىگەن ① .

## كۇچار قەلئەسى

كۇچار قەشقەرىيە بويىچە بەشىنچى مۇھىم قورغان بولۇپ ، ياقۇپبەگ زامانىدا ( 1877 ـ يىلى ) قەدىمكى قەلئەنى چۆرىدىگەن ئاساستا سېپىل سو-

---

① « شىنجاڭ تەزكىرىسى » ، 1995 ـ يىل ، 3 ـ سان ، 79 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

قۇپ ، ئىماھتە قىلىنغان . بۇ سېپىلنىڭ يان قوغدىلىرى ۋە ئوق ئېتىش كۆنگۈرىلىرى بولسىمۇ ، لېكىن سېپىل ئانچە قېلىن ئەمەس ئىدى . سېپىل خەندەكلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 28 فۇت ( 8.54 مېتىر ) ، كەڭلىكى 21 فۇت ( 6.41 مېتىر ) . خەندەكنىڭ ئىچكى قىرغىقىدا بىر ئىماھتە تېمى بار بولۇپ ، بۇ تامنىڭ كەينىگە ئوق ئېتىش سۇپىسى ياسالغان . قەلئەنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە بىردىن دەرۋازىسى ، ئىچىدە يەنە يېڭى سېپىلدىن 120 ~ 150 قەدەم ئارىلىقتا كونا سېپىل بار بولۇپ ، ئۇنىڭ بىر قىسمى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان .

كۇچار يېڭىشەھەر قەلئەسى ياقۇپبەگ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ياسالغان . قەلئە سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 4.6 يول . قەلئە ئۈچ تەرەپلىك دۈگلەك شەكلىدە بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەربىر تەرىپىدە بىردىن جەمئىي ئۈچ دەرۋازىسى بار ، غەرب تەرىپىدە دەرۋازا يوق ئىدى .

كۇچاردىن ئۈچاغا 15 يول كېلىدۇ . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، ئۈچا كەنتىنىڭ نوپۇسى 4289 ئىدى . ئۈچقارا لەڭگەرگە 27 يول كېلىدۇ . ياقۇپبەگ دەۋرىدە بۇ يەردە چوڭ زاراتگاھلىق بار ئىدى . ئىككىنچى لەڭگەر ( سېغىن سۇگەت ) گە 34 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا بىر ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . قاراڭغۇ لەڭگەرگە 43 يول ، ياسباش ئېقىنىغا 53 يول كېلىدۇ . ئېقىندا كۆۋرۈك بار ئىدى . ياقىئېرىققا 62 يول كېلىدۇ . كەنتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مازار بار ، مازاردىن ئۆتسە تۇركاپا كەنتىگە كەلگىلى بولىدۇ . ياقىئېرىق بىلەن تۇركاپا كەنتىدە جەمئىي 200 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . ياقىئېرىق ھازىر بىر يېزا بولۇپ ، ئۇنىڭ 1986 ـ يىلدىكى نوپۇسى 24 مىڭ 994 . ياقا كەنتىنىڭ نوپۇسى 791 .

ياقىئېرىقتىن چۆلئاۋات قورغىنىغا 43 يول ، يېڭىئاۋات ( ھازىر قوشئاۋات دېيىلىدۇ ) قا 96 يول كېلىدۇ . يېڭىئاۋات كەنتىدە 30 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . بۇ يەردە قوشئاۋات دەرياسى بار . يېڭىئاۋاتتىن چىققاندىن كېيىن يول ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ، شىمالىي يول تاغ ئالدىدىكى چۆل بىلەن ماڭىدۇ ، جەنۇبىي يول شىمالىي يولدىن 6 يول يىراقلىقتا ماڭىدۇ . شىمالىي يول يىراقراق ، لېكىن ئۇنىڭدىن تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ماڭغىلى بولىدۇ . جەنۇبىي يول يېقىن ، بىراق ئۇ توپا يول بولۇپ ، بەزىدە شورتاڭلىقلاردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا ، ئە-

تېيازدا پاتقاق ئۆرلەپ مېڭىش قىيىنلىشىدۇ. يېڭىئاۋاتتىن چىقىپ جەنۇبىي يول بىلەن 28 يول ماڭسا بىر ئۆستەڭگە كېلىدۇ. بۇ ئۆستەڭ تاشئېرىق دېيىلىدۇ. يېڭىئاۋاتتىن لايسۇغا 35 يول كېلىدۇ، بۇ يەردە ئەتىيازدا سۇ كۆپ بولىدۇ. سايدا نەچچە ئورۇندا بۇلاق بار. بۇ جايدا خەن ـ تاڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان تۇرالار ۋە كىچىك مۇھاپىزەت قەلئەلىرىنىڭ خارابىلىرى ساقلىنىپ قالغان.

**خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرا** ساقلىنىپ قالغان تۇرا خاڭدىلىپ ياسالغان. ئۇنىڭ هازىرقى تەكشى يۈزى سەل چاسا شەكىلدە بولۇپ، قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 8 مېتىر، يان تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 6 ~ 7 مېتىر، خاڭدىلىش قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 2 ـ 3 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تۇرانىڭ جەنۇب تەرىپى ئەتراپىدا ئۆي ـ ئىمارەت خارابىلىرى ساقلىنىپ قالغان.

**تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرا** بۇ تۇرانىڭ تەكشى يۈزى شوتىسىمان بولۇپ، ئۇنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن 14 مېتىر، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 7 مېتىر كېلىدۇ. بۇ تۇرا كېسەكتە ياسالغان بولۇپ، كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 11 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي تېمى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان، قۇرۇلۇش شەكلى بىر قەدەر ئۆزگىچە ئالاهىدىلىككە ئىگە، يەنى كېسەك قېتىغا ئەن ياغاچ قىستۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تارتىش كۈچى ئاشۇرۇلغان، هەربىر قەۋەت ياغاچنىڭ ئارىلىقى 1.4 مېتىر بولۇپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە جەمئىي 11 قەۋەت ياغاچ قىستۇرۇلغان، تۇرانىڭ ئۈچى بىلەن تۇرا يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياغاچلارنىڭ قالدۇقلىرى بار. ياغاچنى كاربون X Ⅳ بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مۇتلەق يىلى بۈگۈندىن 70 ±1155 يىل ئىلگىرى بولغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇرۇلۇش ئىكەنلىكى بېكىتىلدى.

**مۇھاپىزەت قەلئەسى خارابىسى** مۇھاپىزەت قەلئەسى خارابىسى ئىككى تۇرا ئارىلىقىنىڭ شىمالىغىراق جايلاشقان. ئۇنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس، تەكشى يۈزى ئۇزۇنچاق تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 70 مېتىر، كەڭلىكى 50 مېتىر كېلىدۇ. قالدۇق سېپىل خاڭدىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 3 ـ 4 مېتىر، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 4 مېتىر كېلىدۇ. سې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدا شورا بار ، بۇ قەلئە دەرۋازىسى بولۇشى مۇمكىن . بۇ جايدىن ساپان چىشى ، ئورغاق ، يارغۇنچاق ، قىلىچ ۋە قەدىمىي يارماق قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى ①.

يېڭىئاۋاتتىن 39 يول ، لايسۇدىن 4 يول يەرگە بارغاندا ئىككى يول يەنە قوشۇلىدۇ . يېڭىئاۋاتتىن دىنار دەرياسىنىڭ غەربىي تارمىقى 57 يول كېلىدۇ . يېڭىئاۋاتتىن قارىباغقا 64 يول كېلىدۇ . ئۇ يەردىن 5 يول ماڭسا بۈگۈرگە كېلىدۇ . بۈگۈرنىڭ بىر چوڭ كوچىسى ، بىرنەچچە كىچىك كوچىسى ۋە بىر قانچە ئورۇندا دۇكانلىرى بار ئىدى . ياقۇپبەگ زامانىسىدا 60 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . 1759 ــ يىلى بۈگۈردە ھاكىمبەگ تەسىس قىلىنغان . بۈگۈر قاراشەھەرگە قارايتتى . گۇاڭشۈينىڭ 28 ــ يىلى ( 1902 ــ يىلى ) ، بۈگۈردە ناھىيە تەسىس قىلىنغان . ئەينى چاغدا 16 مىڭ 349 نوپۇس بار ئىدى ، ھازىر يەتتە يېزا ، بىر بازار بار . 1986 ــ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ نوپۇسى 74 مىڭ 900 .

# بۈگۈر ناھىيىسى

## بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

بۈگۈر ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 83° 38′ ~ 85° 25′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 40° 05′ بىلەن 42° 32′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ . يەر كۆلىمى 13 مىڭ 128.3 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۇرۇمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 648 كىلومېتىر . غەربىي شىمال قىسمى ئېگىز ، شەرقىي جەنۇب قىسمى پەس ، شىمال تەرىپى تاغلىق رايون ، جەنۇب تەرىپى تۈزلەڭلىك . تاغ رايونى دېڭىز يۈزىدىن 2700 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز . ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 4727 مېتىر ئېگىز . تارىم دەرياسىنىڭ ناھىيە دائىرىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 85 كىلومېتىر . يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر . ناھىيە تەۋەسىدە چوڭ ــ كىچىك دەريا ــ ئېقىنلاردىن 10 ى بار . ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 700 مىليون كۇب مېتىر . تۈزلەڭلىكلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10 ، 1 ℃ ــ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن

---

① « شىنجاڭ تەزكىرىسى » ، 1993 ــ يىل 3 ــ سان ، 26 ــ بەت .

تـۆۋەن ℃ 8.8 ، 7 ـ ئايـدىـكى تېمپېراتۇرىسى ℃ 24.8 ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇ-
رىـسى ℃ 25.5 ، ئەڭ يۇقـىرى تـېمپېراتۇرىسى ℃ 40.1 بولىدۇ . يىللىق ھۆل ـ
يېغىـن مىقدارى 47.5 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1085 مىللىمېتىر ،
كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2780 سائەت ، قىروسىز مەزگىلى 188 كۈن .

## دىنار دەرياسى

دىـنـار دەرياسى تەڭرىتاغنىڭ ئېگىز ئومۇرتقىلىرىدىن بولغان كۆكتېكە داۋىـنـىـدىن باشلىنىپ ، تاغ ۋە ئېدىرلاردىن ئۆتۈپ چوقفا ۋە ئارلاق كەنتلىرى-نىـڭ يۇقـىرىـسىغا كېلىپ بىرقانچە تارماققا بۆلۈنىدۇ . دىنار دەرياسىنىڭ سۇ يىـغىش مەيدانى 1615 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 95 كىلومېتىر . دىنار دەر-ياسى گىدرومېتىرىيە پونكىتى 18 يىل ئۆلچەپ خۇلاسىلىگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $m^3/s$ 10.1 ، يىللىق نورمال ئـېقـىـن مـىقـدارى 319 مـىلـيـون كـۇب مـېـتـىر ، سـۇ ئـەڭ كـۆپ كەلـگەن يىلى ( 1959 ـ يىلى ) 538 مىليون كـۇب مـېتـىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1977 ـ يىلى ) 210 مىليون كۇب مېتىر بولغان . يـېـڭـىـئاۋاتـتـىـن بۇگۇرگە كەلگۈچە هارۋا يولى بولۇپ ، يول ياخشى ، يېقىلغۇ كۆپ ، سۈيى ئەلۋەك .

بۇگـۇردىـن دىـنـار دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىغا ( قىزىل ئېقىنغا ) 7 يول كـېـلـىـدۇ ، ئېقىندا كۆۋرۈك بار . قورغانغا 54 يول كېلىدۇ . بۇ قورغاننى ياقـ-ـۇپـبەگ ياساتقان . قارغىلىق ئېقىنى ( يېڭىسار ئېقىنى ) نىڭ غەربىي تارمىقىغا 62 يـول كـېـلـىدۇ . بۇگۇردىن يېڭىسارغا 64 يول كېلىدۇ . بۇ جاي ئاۋات بازار بولۇپ ، ئۇ يەردە تەخمىنەن 200 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . ھازىر بۇگۇرنىڭ بىر يـېـزىـسـى ، 12 كـەنـتـى بـار . ئۇنـىـڭ 1986 ـ يىلدىكى نوپۇسى 15 مىڭ 362 . بۇگۇردىن يېڭىسارغا كەلگۈچە يول ياخشى . يولنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇن ناھايىتى كۆپ ، ئۆتەڭنىڭ سۈيىمۇ ئەلۋەك .

يـېـڭىساردىن چېدىرغىچە بولغان ئارىلىق 47 يول كېلىدۇ . يېڭىساردىن 13 يـول مـاڭـسـا يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدا قورغان بار بىر جايغا كېلىدۇ ، قورغان ئىچىدە « ھەزرىتى سۇلتان قارىغاچ بۇزرۇك » نىڭ قەبرىسى بار .

سـايـلـىـق ئېقىنى ( خـىـتـاي ئـېـقىن ) غا 47 يـول كېلىدۇ . ئېقىندىن ئۆتـىـسـىلا چـېـدىـرغـا كېلىدۇ . ياقۇپبەگ ۋاقتىدا بۇ جايدا 90 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . چېدىردىن ئەشمىگىچە 32 يول كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىبدىردىن ئەشمىگە كەلگۈچە يول ياخشى . ئەشمىگىچە يول ياقىسىد
ئوت ـ چۆپلەر بار ، ئۆتەڭدە قۇدۇق سۈيى ئىچىدۇ ، ئۇلاغلارنى يېقىن ئەتراپـ
تىكى ئەشمە ئېقىنىدا سۇغىرىپ كېلىدۇ . ئەشمىدىن چاچىغا 60 يول ، قۇرۇق
ئەشمىگە 24 يول كېلىدۇ . بۇ جاي بىر كەنت بولۇپ ، قۇدۇق سۈيى ئىچىدۇ .
ياقۇپبەگ ۋاقتىدا بىر قورغان بار ئىدى .ئەشمىدىن 34 يول ماڭسا بىر قورغان
خارابىسى ئۇچرايدۇ . چاچىغا 60 يول بولۇپ ، چاچى كەنتىدە ئەينى چاغدا 22
ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . ھازىرقى چاچى كورلا شەھىرىنىڭ تىكىچى كەنتىگە
قارايدىغان جاي بولۇپ ، ئۇ ئۈچ كەنتكە بۆلۈنىدۇ . ئۇنىڭ 1986 ـ يىلدىكى
ئومۇمي نوپۇسى 3217 .

چاچىدىن يانتاققۇدۇق قورغىنىغا 20 يول كېلىدۇ . بۇ قورغان بىر قورو
بولۇپ ، قورغان ئەتراپىدا قۇم بارخانلىرى كۆپ ، قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە
يۇلغۇن ، يانتاقلار قويۇق ئۆسكەن . ئۇۋا قورغىنىغا 41 يول كېلىدۇ . بۇ
قورغاندا يانتاققۇدۇق قورغىنىغا ئوخشاش بىر قۇدۇق بار . تىمغا ( ھازىر ئۇنى
دادوگزى دەيدۇ ) 58 يول كېلىدۇ . ئۇ ياقۇپبەگ دەۋرىدە خەۋەر يەتكۈزىدىغان
جاي بولۇپ ، ئۇ يەردە بىر تۇرا بار ئىدى . دوربىلگە 86 يول كېلىدۇ . ئۇ يەردە
ئاھالىلەر يول ياقىسىدىكى ئۆستەڭنى بويلاپ تارقاق جايلاشقان . بۇ ئارىلىق-
تىكى يول ياخشى بولۇپ ، ئۇ يەردە ئوتۇنلار كۆپ . دوربىل كەنتىدىكىلەر
ئۆستەڭ سۈيى ئىچىدۇ .

دوربىلدىن باشلام سۆگەتكە ( ھازىر قوشباغ دېيىلىدۇ ) 15 يول ،
سايدەڭگە 23 يول كېلىدۇ . بۇ يەردىن شەرقىي شىمالغا ماڭسا كورلىغا
كىرمەيلا باشئەگمىگە بارىدۇ ، شەرقىي جەنۇبقا ماڭسا كورلىغا بارىدۇ . ئەينى
چاغدا يولۇچىلار كۆپىنچە كورلىغا كىرىپ ، يول ئوزۇقى راسلاپ ، ئاندىن
يولنى داۋاملاشتۇراتتى .

سايدەڭدىن چىقىپ 7 يول ماڭغاندىن كېيىن ، يول جەنۇبقا ياندىش
ئېگىزلىكى ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ ، بىرئاز ماڭسا بىر قورغانغا كېلىدۇ .
قورغاننىڭ سېپىلى ئېگىز قەۋەت ، شەكلى تۆت چاسا بولۇپ ، ھەربىر تەرىپى
تەخمىنەن 150 ~ 170 سازىن (320 ~ 360 مېتىر ) كېلىدۇ . بۇ قورغان بىلەن
كورلا قەلئەسىنىڭ ئارىلىقى 3 يول كېلىدۇ . قورغاندىن چىقىپ 3 يول ماڭسا
كۆنچى دەرياسىغا كېلىدۇ . دەريادا مۇستەھكەم كۆۋرۈك بار . كۆۋرۈكتىن

ئۆتسلا كورلا قەلئەسگە كېلىدۇ .

# كورلا شەھىرى

كورلا شەھىرى قەدىمىي ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، سۇيى مول ، يېرى مۇنبەت ، مېۋىسى تاتلىق ، « نەشپۈت ماكانى » دەپ ئاتالغان يۇرت . مىنگونىڭ 32 ـ يىلى ( 1943 ـ يىلى ) كورلا ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ ، كورلا ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان . 1954 ـ يىلى كورلا ۋىلايىتى تەسىس قىلىنىپ ، ۋالىي مەھكىمىسى كورلىدا قۇرۇلغان . كورلا ناھىيىسى كورلا ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان . 1960 ـ يىلى كورلا ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، بايىنغۇلىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى . ئوبلاست مەركىزى يەنىلا كورلىدا بولدى . كورلا ناھىيىسى ئوبلاستقا قارىدى . 1983 ـ يىلى كورلا ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كورلا شەھىرىگە قوشۇۋېتىلدى . ھازىر بايىنغۇلىن ئوبلاستىغا بىر شەھەر ، سەككىز ناھىيە قارايدۇ . 1990 ـ يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 779 مىڭ 748 . كورلا شەھىرىنىڭ 1986 ـ يىلدىكى نوپۇسى 230 مىڭ 500 .

## كورلا شەھىرىنىڭ تەبئىي شارائىتى

كورلا شەھىرى شەرقىي ئۇزۇنلۇق، 12° 85 ~ 27′ 86° ۋە شىمالىي كەڭلىك، 41 41° ~ 74′ 42° ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ . ئومۇمىي يەر مەيدانى 7449.7 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۇزۇمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 471 كىلومېتىر كېلىدۇ . شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قورا تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتىر ئېگىز . باغراش كۆلىدىن باشلىنىدىغان كۆنچى دەرياسى شەھەر تەۋەسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ . ئۇنىڭ شەھەر تەۋەسىدىكى قىسمى 271 كىلومېتىر . باغراش كۆلى دەريا ئېقىنىنى تەڭشەپ تۇرغاچقا دەريا سۈيى مۇقىم . تارىم دەرياسى شەھەر تەۋەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ . دەريانىڭ 74 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ قىسمىدا سەككىز ئۆستەڭدىن يىلىغا تەخمىنەن 4 مىليون 660 مىڭ كۇب مېتىر سۇ ئاقىدۇ . چەرچى دەرياسى ئېقىنىدىن داۋاملىق $m^3/s$ 0.2 سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ . كەلكۈن كۆپ كەلگەندە $m^3/s$ 2.66 قا يېتىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىللىق تېمپېراتۇرىسى 10.5 ℃ ~ 11.5 ℃ قىچە ، 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇراسى 26.1 ℃ ، 1 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 7.9 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 40 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 28 ℃ بولىدۇ . قىروسىز مەزگىلى 228 كۈن ، يىللىق كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2976.5 سائەت . هۆل ـ يېغىن مىقدارى 51.5 ملليمېتىر . پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1200 ~ 1400 ملليمېتىر . هازىر كورلا مۇهىم نېفىت بازىسى بولۇپ قالدى ، شۇنداقلا نەشپۈتى مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا داڭلىق .

## كورلا قەلئەسى

كورلا قەلئەسى تۆت چاسا قەلئە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىككى قوۋۇقى بار ئىدى . قوۋۇقنىڭ بىرى شىمالدا ، يەنە بىرى جەنۇبتا ئىدى . شىمالىي قوۋۇق بىلەن جەنۇبىي قوۋۇق ئارىسىدا تۈز بىر كوچا بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 ساژىن ( 854 مېتىر ) كېلەتتى . شەھەر ئىچىدە دۇكانلار بار ئىدى ، قورغان ناهايىتى ياخشى سېپىل بىلەن ئىهاتە قىلىنغان بولسىمۇ ، ئەمما سېپىلى ناهايىتى نېپىز بولغانلىقى ئۈستىگە يان تەرەپتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئەسلىهەلىرى يوق ئىدى . سېپىلنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4 يول كېلەتتى . شەھەر قەلئەسىگە 3 يول كېلىدىغان شەرق تەرەپتە بىر قورغان بولۇپ ، ئۇنىڭ شەكلى تۆت چاسا ئىدى ، هەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 70 ساژىن ( 150 مېتىر ) كېلەتتى ، قورغاننىڭ ئەتراپىمۇ سېپىل بىلەن ئىهاتە قىلىنغان بولۇپ ، سېپىلنىڭ تۆت بۇرجىكىدە قوختىلىرى بار ئىدى . سېپىلنىڭ ئېگىز-لىكى 4.3 مېتىر ، لېكىن ناهايىتى نېپىز . قورغاننىڭ بىر قوۋۇقى بولۇپ ، ئۇ شەھەر تەرەپكە قارايدۇ . 1877 ـ يىلى بۇ قورغاندا 600 ئەسكەر ، ئۈچ زەمبىرەك بار ئىدى .

## كورلا دېگەن نام توغرىسىدا

كورلا ئەسلى كويلادىن ئۆزگەرگەن بولۇپ ، كۆلچەك دېگەن مەنىدە . بۇ هەقتە كورلىدىكى پېشقەدەملەر ئارىسىدا مۇنداق بىر خىل چۈشەنچە ئەۋلاد-تىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋېتىپتۇ : كورلا ئىلگىرى شەهەر ئەمەس ئىدى . ئۇ چاغلاردا كۆنچى دەرياسى باشئەگىم ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن ئاق تاغنى ياقىلاپ شەرققە ئېقىپ ئاق شەهەرگە بارىدىكەن ( ئاق شەهەر

تاھىر ـ زۆھرە داستانىدىكى ئاق پادىشاھنىڭ يۇرتى بولۇپ ، ئۇ ھازىرقى لوپ-نۇر ناھىيىسىنىڭ قارا قۇرۇم كەنتىنىڭ شەرقىدىكى تاغ ئېتىكىدە ، ئۇ يەر بىلەن كورلىنىڭ ئارىلىقى 50 كىلومېتىر كېلىدۇ ) . كېيىنچە دەريا ئېقىنى ئۆزگىرىپ رەسمىي ئېقىن تاپقۇچە ھازىرقى دەريا سۈيى يامراپ ئېقىپ ، ھازىرقى كورلا شەھىرى ئەتراپىدا ئۇششاق كۆلچەكلەرنى ھاسىل قىلغان ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي كويلا ( كۆلچەك ) دەپ ئاتالغان . كېيىنچە دەريا يول تېپىپ ئېقىن ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ، كۆلچەكلەر قۇرۇپ تۈپتۈز بوستانلىققا ئايلانغان . شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر دەريا ياقىلاپ ئورۇنلىشىپ يۇرت قۇر-غان . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن « كويلا » ئۆزگىرىپ « كورلا » بولۇپ قالغان .

بۇ چۈشەنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى نام قويۇش ئادىتىگە ۋە شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ . لېكىن ، بۇ ھەقتە يازما ھۆججەت تا ھازىرغىچە تېپىلمىغاچقا ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ .

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » 3 ـ توم 599 ـ بەتتە بۇ ھەقتە « كويلا ـــ دەريا ئېغىزى » دەپ ئوچۇق كۆرسەتكەن . بۇنىڭ-دىن قارىغاندا ، « كويلا » دېگەن سۆز « كۆلچەك » دېگەن سۆزدىن كەلگەن ئەمەس ، بەلكى « دەريا ئېغىزى » دېگەن سۆزدىن كەلگەن . چۈنكى ، كورلا شەھىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ باشئەگىم تېغىدىن چىققان بۆلىكىگىلا جايلاشقان بولغاچقا ، « كويلا ـــ دەريا ئېغىزى » دەپ ئاتىلىشى كورلىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ .

كورلىدىن قۇرۇت قورغىنىغا 12 يول كېلىدۇ . ھازىر بۇ جاي توپتېرەك دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ ئورنى مايمۇن كۆۋرۈكنىڭ شىمالىدىكى كورلا شۆبە ھەربىي رايونى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ . قۇرۇت قورغىنىنىڭ ئىككى دەرۋازىسى بولۇپ ، بۇ ئىككى دەرۋازىنىڭ ئارىلىقى 100 قەدەم كېلىدۇ . قورغاننىڭ ئايلان-مىسى تەخمىنەن 400 قەدەم . قورغان ئىچىدە بىر نەچچە ئېغىز ئۆي ۋە دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا ئۆتىدىغان بىر كۆۋرۈك بار . كۆۋرۈك ئۇزۇنلۇقى 30 قەدەم كېلىدۇ . ياقۇپبەگ ۋاقتىدا بۇ قورغان باشئەگىمنى قوغدايدىغان ئەسكەرلەر تۇرىدىغان جاي بولۇپ ، ئەسكەر باشلىقى شىرمۇھەممەت ئىسىملىك سەركەردە ئىدى . كورلىدىن باشئەگىمگە 19 يول كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قەدىمىي يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ــ باشئەگىم

باشئەگىم قاراشەھەر بىلەن كورلا ئوتتۇرىسىدىكى ئاقتاغ ئىغىزىغا، كورلا شەھىرىدىن 9 كىلومېتىر يىراقلىقىقا، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86° 10′54″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 41° 48′54″ قا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 1000 مېتىر ئېگىز.

باشئەگىم ئىككى تەرىپى ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك تىك تاغ بىلەن ئورالغان، تاغ باغرىدا ياپيېشىل دەرەخلەر ۋە گۈل ـ گىياھلار قويۇق ئۆسكەن، سۈپسۈزۈك كۆنچى دەرياسى قىش ـ ياز توختىماي ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدىغان گۈزەل جاي ۋە ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ھەربىي ئۆتكەل. تارىختا باشئەگىم كىنگىت (قارا شەھەر) ئويمانلىقىدىن تارىم ئويمانلىقىغا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن ئالتىشەھەرگە ئۆتىدىغان قەدىمىي يولنىڭ ۋە دۇنخۇاڭدىن چىقىپ تورپان، قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇ، مارالبېشى قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىپ ئاندىن پەرغانە، سەمەرقەند، ئىران ئارقىلىق رىم ئىمپېرىيىسىگە بارىدىغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى مەشھۇر ئۆتەڭ بولغان، شۇنداقلا قوماندانلار، سەركەردىلەر ئىگىلەشكە ئىنتىلىدىغان ھەربىي تۈگۈن ئىدى. قاراشەھەر دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى بولغان كۆنچى دەرياسى باش ئەگىمدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، بۇ جايدا ياپيېشىل بوستانلىقلارنى، باغلارنى، قېلىن ئورمانلارنى ھاسىل قىلغان.

كۆنچى دەرياسىنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 44 مىڭ 575 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 730 كىلومېتىر، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە نورمال ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 210 مىليون كۇب مېتىر.

كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا «كۆنچى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇرت بولۇپ، كۆنچى دەرياسى شۇ يۇرتتىن ئېقىپ ئۆتكەچكە، كۆنچى دەرياسى (كۆنچىگە بارىدىغان دەريا) دەپ ئاتالغان. كۆنچى دەرياسى ئىلگىرى باشئەگىم، لوپنۇرلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلاتتى. ھازىر يۇقىرى ئېقىنىدىلا تىزگىنلىنىپ كەتكەچكە، بۇ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنى قۇرۇق ئېقىنغا ئايلىنىپ قالدى. تارىختا ئۆتكەن خانلىقلار بۇ جايدا قوۋۇق راۋىقى ياساپ مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزغان. تارىخىي كىتابلاردا يېزىلىشىچە، چىن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 265 ــ 420 ـ يىللىرى) بۇ جايدا قورۇل

سىلىنغان ①.

« ئوكيانوس » تا « باشئەگىم قوۋۇقى قاراشەھەر بىلەن كورلا ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ، كۆنچى دەرياسى ئىككى تاغنىڭ ئارىسى بىلەن ئېقىپ ئۆتۈپ ، 14 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تىك جىلغا ھاسىل قىلغان . شۇڭا ، 〈 تۆمۈر قوۋۇق 〉 ( 铁门关 ) دەپ ئاتالغان . ھازىر 〈 قالقا جىلغىسى 〉 دەپ ئاتىلىدۇ » دەپ كۆرسىتىلگەن ②.

يەركەن ــ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەينى يىللاردا بۇ جايدا رەسەتخانا ۋە رابات سالدۇرغان . ياقۇپبەگ دەۋرىدە بۇ جايدا تىك يارغا يۆلەپ سېلىنغان قۇرۇل بولۇپ ، ئۇنىڭ كەڭلىكى 60 قەدەم كېلەتتى . قۇرۇلنى چۆرىدەپ ئىككى سازىن ( 4.5 مېتىر ) كەڭلىكتە خەندەك قېزىلغان . قورۇل ئىچىدە ئۆتەڭچىلەر بار ، ئەمما مۇداپىئە قوشۇنى يوق ئىدى . باشئەگىمنى ساقلىغۇچى مەخسۇس قوشۇن 6 يول يىراقلىقتىكى قۇرۇت قورغىنى ( توپتېرەك ) دا تۇراتتى . باشئەگىم قورۇلنىڭ ئۈستىدىكى تىك يارداڭنىڭ ئۈستىدە قاراۋۇللۇق قىلىدىغان ئىككى قاراۋۇلخانا بار ئىدى .

جۇڭخۇا مىنگو يىللىرى ، بۇ جايدا مەخسۇس بىر روتا ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان بولۇپ ، يولۇچىلار قاتتىق تەكشۈرۈلەتتى . بۇ جاي ئۇرغۇن تارىخي ۋەقەلەرگە چېتىلغاچقا ، خەلقىمىز تارىختىن بۇيان بۇ جاينى ئۇلۇغلاپ كەلگەن . بۇ جايدا يەنە « قالقا مازىرى » دەپ ئاتالغان مازار بولۇپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك داستانى « تاھىر ــ زۆھرە » نىڭ باش قەھرىمانى تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ قەبرىسى مۇشۇ مازاردا دېگەن رىۋايەت بار . رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، زۆھرە قاراشەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى ، تاھىر قاراشەھەر پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئوغلى بولۇپ ، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ پاك مۇھەببىتى يولىدا كۈرەش قىلىپ مەقسىتىگە يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەن . بۇ جايدىكى باغ تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ خاس بېغى ئىكەن . « مەلىكە چوققىسى » دەپ ئاتىلىدىغان خادا تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ قەبرىسى ئىكەن . شۇڭا ، بۇ جاي ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقا ئۇلۇغلىنىپ ، تاۋاپ ۋە سەيلە ــ زىيارەت

---

① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ( 88 ) 24 ــ نومۇرلۇق ھۆججىتىگە قارالسۇن .

② « ئوكيانوس » ، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى ، 1979 ــ يىل نەشرى ، 1707 ــ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىدىغان مەشھۇر جاي بولۇپ كەلمەكتە . ئىلگىرى بۇ جايدا بىر قەبرە ، گۇمبەز ۋە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مۇشۇ مازارنى بېقىپ كەلگەن شەيخلەر بار ئىدى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بۇ جايغا ئىككى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلدى ، شۇنداقلا بۇ جاي كورلا شەھىرىنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ قالدى .

1966 ـ يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت باشئەگىم ساياھەت نۇقتىسى قۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى ، ئوبلاست تارقاتقان ( 88 ) 24 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە : « باشئەگىم تاغ ئارىسىدىكى سۇ بويىغا جايلاشقان ، مۆھتىى گۈزەل ھەممە قەدىمىي قوۋۇق راۋىقى خارابىسى ۋە رىۋايەتلەردىكى تاھىر ـ زۆھرە قەبرىسى قاتارلىق قەدىمىي يادىكارلىقلار بار نابايىتى ئېسىل ساياھەت نۇقتىسى . باشئەگىم ساياھەت نۇقتىسىنى قۇرۇش ئاپتونوم ئوبلاستىمىزنىڭ سەيلە ـ ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ ، تاشقى پىرېۋوتنى كۆپەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ، شۇڭا ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ ، چىڭ تۇتۇپ قۇرۇش كېرەك » دەپ كۆرسىتىلگەن . بۇ جاي بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياخشى سەيلىگاھلاردىن بولۇپ قالغۇسى .

كورلىدىن كونا تاشدەڭگە ( تاش رابات ) 31 يول ، دەنزىلگە 80 يول ، دەنزىلدىن « سۇلتان بۇرغۇت تاۋار ئاتا » مازىرىغا 9 يول كېلىدۇ . قارا شەھەر قورغىنى دەريانىڭ شىمالىي قاسنىقىدا بولۇپ ، دەريادىن ياز كۈنلىرى كېمە بىلەن ئۆتەتتى . قىش كۈنلىرى مۇز قاتقاندا مۇز ئۈستىدىن ئۆتەتتى . دەنزىلدىن قاراشەھەرگە 30 يول كېلىدۇ .

قارا شەھەر ئەينى چاغدا بىر كىچىك يۇرت بولۇپ ، ئۇنىڭ پەقەت شىمالىدىن شەرققە سوزۇلغان بىرلا كوچىسى بار ئىدى ، كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 نەچچە ساژىن ( 430 مېتىر ) كېلەتتى . ئۇ يەردە دۇكانلارمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى . شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدا 250 ~ 260 ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى ، نوپۇسى 1500 ~ 1600 دىن ئاشمايتتى . ئىككى مەسچىت ، بىر ساراي ۋە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى . كوچىنىڭ شىمالىي ئۇچىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا 1758 ـ يىلى سېلىنغان بىر

قورغان بار ئىدى . قورغان سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 1.5 يول كېلەتتى ، قورغاننىڭ تۆت قوۋۇقى بار ئىدى . مىلادىيە 1871 ـ يىلى ياقۇپبەگ قاراشەھەر دەرياسى ياقىسىغا يەنە بىر قورغان سالدۇرغان .

**قاراشەھەر دەرياسى**

قاراشەھەر دەرياسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا تىزمىسىدىكى سارمىن تېغى ( ئېرەن قابىرغا تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرى ) ۋە كۆنەس بىلەن خوتۇنسۇمۇلنىڭ چېگرىسىدىكى نارات تېغىدىن باشلىنىدۇ . ئۇنىڭ يۇقىرى ئېقىنى چوڭ ـ كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقلىرىدىن ، ئوتتۇرا ئېقىنى تارتاغ جىلغىلىرىدىن ئۆتۈپ كىنگىت ( قاراشەھەر ) ئويمانلىقىغا ئېقىپ كىرىدۇ . قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بوران سومۇل ( بورتماي ) غا كەلگەندە شەرقىي غول ۋە غەربىي غولدىن ئىبارەت ئىككى غولغا بۆلۈنۈپ ، ئۇنىڭ شەرقىي غولى باغراش كۆلگە ، غەربىي غولى كىچىك كۆللەردىن پەيدا بولغان كۆللۈك رايونىغا قۇيۇلىدۇ .

**قاراشەھەر دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى**

قاراشەھەر دەرياسىنىڭ كەڭلىكى 400 مېتىردىن ئوشۇق ، دەريا تېگى ئۇششاق قۇملۇق توپا بولۇپ ، ئىلگىرى كۆۋرۈك بولمىغاچقا ، دەريادىن كېمە ئارقىلىق ئۆتەتتى . 1937 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ، مالىيە نازارىتىدىن پۇل ئاجرىتىپ تۆت كېمە ۋە بەش ئورۇنغا كېمە توختاش ئورنى ياسالغانىدى . 1941 ـ يىلى كېمىلەر چىرىپ بۇزۇلغاچقا ، يېڭىدىن بەش چوڭ كېمە ياسالغان . ئىككى كېمىنى جۈپلىگەن قوش كېمىگە بىر ماشىنا سىغاتتى . يالغۇز كېمىگە 20 ئادەم سىغاتتى . كېمىلەر 7 ـ ئايدا پۈتۈپ دەرياغا سېلىنغان .

1943 ـ يىلى دەرياغا ئاددىي لىملىق ياغاچ كۆۋرۈك ياسالدى . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 408 مېتىر بولۇپ ، جەمئىي 102 ئاراشلىق ئىدى ، ھەربىر ئاراشنىڭ كەڭلىكى 4 مېتىر ، كۆۋرۈكنىڭ كەڭلىكىمۇ 4 مېتىر ، كۆتۈرۈشچانلىقى 5 تونна ، كۆۋرۈكنىڭ تۈۋرۈكلىرى دەريا تېگىنىغا قېقىپ چوڭقۇر كىرگۈزۈلگەن . كۆۋرۈككە ئىشلىتىلىدىغان ياغاچنى قارا شەھەردىن يىغقان ، كەم قىسمىنى لوپنۇر ناھىيىسىدىن ئەكەلگەن . ئەمگەك كۈچى قاراشەھەر ، بۈگۈر ، كورلا ، خوتۇنسۇمۇل ، تېۋىلغا ( خوشۇت ) ، چارقىلىق ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چەرچەن ، لوپنۇر قاتارلىق سەككىز ناھىيەدىن سەپەرۋەر قىلىنغان . 1943 ـ يىلى ئىش باشلاپ ، 1944 ـ يىلى تاماملىغان . بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئورنى ھازىرقى تاشيول كۆۋرۈكىدىن تەخمىنەن 700 مېتىر غەربتە ئىدى .

بۇ كۆۋرۈكنىڭ ياسىلىشى ئاددىي ، ئىشلىتىلگەن ياغاچلارنىڭ سۈپىتى ناچار ، تۇۋرۈكلەرنىڭ قېقىلىشى تېيىز بولغاچقا ، مىنگونىڭ 29 ـ يىلى چوڭ كەلكۈندە تۇۋرۈكنىڭ بىر قىسمى ئۈلتۈرۈشۈپ ، بىر قىسمى قىيسىيىپ قالغان . 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ، بۇ كۆۋرۈكنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ، 7 مىلىيون 906 مىڭ 285 سوم شىنجاڭ پۇلى ئاجرىتىلغان. 1946 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىش باشلىنىپ ، 1947 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تاماملانغان . مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن ، كۆۋرۈكنىڭ كۆتۈرۈشچانلىقى 10 تونna ، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى 5.5 مېتىرغا يەتكەن ۋە ماشىنا چاقى دەسسەيدىغان قىسمىغا قېلىن تاختاي مىخلانغان .

ئازادلىقتىن كېيىن ، ھازىرقى كۆۋرۈك ئورنىغا يېڭى ياغاچ كۆۋرۈك سېلىندى ، يېقىنقى يىللاردا زامانىۋى تۆمۈر بېتون كۆۋرۈك ياسالدى .

### باغراش كۆلى

باغراش كۆلى ـــ مەملىكىتىمىز بويىچە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆللەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ كىنگىت ئويمانلىقىدىكى يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ يىغىلىش جايى ، شۇنداقلا كۆنچى دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى . ئۇنىڭغا قاراشەھەر ، ئۇلاستاي ، تېۋىلغا ۋە ئۇششاقتال دەريالىرى قۇيۇلىدۇ . بۇ كۆل تارىختىن بۇيان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن جۇغراپىيە ئالىملىرى ۋە سەيياھلارنى جەلپ قىلغان . ئۇلار بۇ ھەقتە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ ، قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بۇ كۆل ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سىستېمىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ، كۆلنىڭ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 58 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كەڭلىكى 30 كىلومېتىر ، كۆلنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1715 كۋادرات كىلومېتىر ، سۇ يۈزى 1067 كۋادرات كىلومېتىر ، سۇ سىغىمى 9 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىر ، كۆلنىڭ سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 1048 مېتىر ئېگىز ، كۆلنىڭ شەكلى

ئىگەرسىمان، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 8.1 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 16.7 مېتىر. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ″26′01 °87 بىلەن ′28 °85 ۋە شىمالىي كەڭلىك ″60′32 °42 ~ ″39′05 °41 ئارىلىقىغا جايلاشقان.

باغراش كۆلى چوڭ كۆل ۋە كىچىك كۆلدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىچىك كۆل چوڭ كۆلنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى نۇرغۇن كۆلچەكلەردىن تەشكىل تاپقان تېيىز كۆلدۇر. ئۇ مەملىكىتىمىز بويىچە قومۇش چىقىدىغان ئەڭ چوڭ رايونلارنىڭ بىرى. باغراش ئەتراپىدىكى تەخمىنەن 400 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان سازلىق قومۇشنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇ يەردىن چىقىدىغان قومۇشنىڭ سۈپىتى ياخشى. 1981 ـ يىلى باغراش كۆلىدىن 251 مىڭ 949 توننا قومۇش يىغىۋېلىنغان. كۆل سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1881.2 مىللىمېتىر، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 65.6 مىللىمېتىر بولۇپ، يىللىق تېمپېراتۇرا پەرقى بىر قەدەر چوڭ، سۇ تېمپېراتۇرىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولماقتا، يەنى 4 ـ ئايدا 7.3 سىلسىيە گرادۇستىن 13.1 سىلسىيە گرادۇسقىچە، 9 ـ ئايدا 12.9 سىلسىيە گرادۇستىن 14.8 سىلسىيە گرادۇسقىچە بولىدۇ. 19 ـ ئۆكتەبىردىن 6 ـ نويابىرغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆلنىڭ قىرغىقىدا مۇز توڭلايدۇ. 1 ـ دېكابىردىن 27 ـ دېكابىرغىچە كۆل پۈتۈنلەي توڭلاپ، مۇزنىڭ قېلىنلىقى 60 سانتىمېتىردىن 1 مېتىرغا يېتىدۇ. ئىككىنچى يىلى 18 ـ مارتتىن 29 ـ مارتقىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە مۇز ئېرىيدۇ.

ھازىر باغراش كۆلىدە 25 خىلدىن كۆپرەك بېلىق بار. ئۇنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 2000 توننىدىن ئاشىدۇ. باغراش كۆلى ئەتراپىدىكى 400 كۋادرات كىلومېتىر قومۇشلۇق سازلىق مال ـ چارۋىلارنى باقىدىغان ياخشى يايلاق.

ئۇلاردىن باشقا، باغراش كۆلىدە ياۋا ئۆردەك، ياۋا غاز، قىرغاۋۇل، ئاققۇ قاتارلىق تۈرلۈك قۇشلار كۆپ. باغراش كۆلىنىڭ ئادەتتە كەلكۈن تەڭشەش رولىمۇ بار. ئۇ قاراشەھەر دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسى تۇتىشىدىغان جايدىكى تەبىئىي سۇ تەڭشەش ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ يەنە ھاۋانىڭ نەملىكىنى ساقلاپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش جەھەتتىلەردىمۇ مۇھىم ئەھمى-

www.uyghurkitap.com

يەتــــكە ئىگە .

قــارا شــەھــەردىــن تــوغراقلىقــــقا 46 يول ، تېۋىلغىغا 81 يول ( ھازىرقى خوشۇت ناھىيىسى بازىرى ) كېلىـــدۇ .

# خوشۇت ناھىيىسى

## خوشۇت ( تېۋىلغا) ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

خوشۇت ( تېۋىلغا ) ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86° 40′ ~ 88° 22′، شىمالىي كەڭلىك 40° 25′ ~ 42° 47′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 12 مىڭ 867.3 كۋادرات كىلومېتىر . ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 380 كىلومېتىر كېلىدۇ . خوشۇت قەبىلىسى 1771 ـ يىلى ۋولگا دەرياسى بويلىرىدىن تۇرغۇت قەبىلىسى بىلەن بىللە كېلىپ مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشقان . خوشۇت دېگەن نام شۇ قەبىلىنىڭ نامىدۇر . خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ئەسلى ئىسمى « تېۋىلغا » ئىدى . 1938 ـ يىلى خوشۇت ناھىيىسى تەسىس قىلىندى .

خوشۇت ناھىيىسى قاراشەھەر ئويمانلىقىغا جايلاشقان . ئۇنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىن باشقا ئۈچ تەرىپى تاغ ، شىمالىي قىسمى قايدۇ تېغى بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىز . ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى — كىرتەي دېڭىز يۈزىدىن 4199 مېتىر ئېگىز . شەرقىي شىمالى قىسمىدىكى بورتوئولا تېغى دېڭىز يۈزىدىن 1800 ~ 3500 مېتىر ئېگىز . شەرقىي قىسمىدا قاراقىزىل ، ئىگەرچى تاغلىرى بار . تاغ رايونلىرى تەبىئىي ئوتلاق . ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇستى ، چوقۇ ، ئۇششاقتال قاتارلىق 12 دەريا ـ ئېقىننىڭ ئومۇمىي سۇ مىقدارى 739 مىليون 970 مىڭ كۇب مېتىر . ناھىيە تەۋەسىدە يەنە باغراش كۆلى بار . ئۇستى دەرياسى ھازىر « چىڭشۈيخې » دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ . ئۇستى دەرياسى قايدۇ تېغىدىن باشلىنىدۇ . ئۇنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 1016 كۋادرات كىلومېتىر . يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 107 مىليون كۇب مېتىر .

تېۋىلغىدىن تاغارچىغا 20 يول كېلىدۇ . ئەينى ۋاقىتتا ، بۇ جاي بەش ـ ئالتە ئۆيلۈك ئادەم بار مەھەللە ئىدى . چوقۇرغا 42 يول كېلىدۇ . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ يەردە 17 ~ 18 ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . چوقۇردىن شىمالغا قاراپ قوشۇن داۋان ۋە تەڭگىر داۋانلار ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ئۇلاغ

يولى بار ئىدى .

تېۋىلغىدىن ئۇششاقتالغا 68 يول كېلىدۇ ①. ئۇششاقتال قەدىمي يۇرت بولۇپ ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، بۇ يەردە بازار ، 60 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ھەمدە ئۆتەڭ ۋە ئۈچ شەخسي دەڭ بار ئىدى . ئەتراپىدىكى يېزىلاردا 50 ~ 60 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . ئۇششاقتالدىن يېڭىقۇدۇققا 49 يول كېلىدۇ . بۇ يەردە ئۆتەڭ ۋە بىرنەچچە ئېغىز ياتاق ئۆي بار . قارا قىزىلغا 99 يول كېلىدۇ . ئۇ بىر ئۆتەڭ بولۇپ ، بۇ ئۆتەڭنى كىشىلەر كاللا مۇنار دەپمۇ ئاتايتتى . چۈنكى ، ئۇششاقتال ۋە قارا قىزىللار 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۆچار قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولغان جاي بولۇپ ، ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلار غەلىبە قىلىپ ، ئۆلگەنلەرنىڭ بېشىنى بىر جايغا توپلىغانىكەن ، خۇددى مۇنارغا ئوخشاش چوققا ھاسىل بوپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي « كاللا مۇنار » دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ .

قارا قىزىلدىن 15 يول ماڭسا يول تاغ ئېغىزىدىن چىقىدۇ . كۆمۈشكە 56 يول كېلىدۇ . ئۇ چوڭ ئۆتەڭ بولۇپ ، ئۇ يەردە 20 نەچچە ئائىلىلىك ئاھالە بار ئىدى . بۇ جايدا شەخسلەر ئاچقان چوڭ قونالغۇدىن ئىككىسى ، كىچىك قونالغۇدىن بەشى ، ھۆكۈمەت ئاچقان قۇنالغۇدىن بىرى بار ئىدى . كۆمۈشنىڭ ئەسلىدىكى نامى كۆمۈش ئاقما . چۈنكى ، بۇ يەردىكى بۇلاق سۈيى خۇددى كۆمۈشتەك يالتىراق ئىدى .

كۆمۈشتىن ئۈجمەدەڭگە 65 يول كېلىدۇ . ئىلگىرى بۇ جايدا قونالغۇ ۋە قۇدۇق بار ئىدى . قونالغۇ ئالدىدا ئۈجمە دەرىخى بولغاچقا ، ئۇ « ئۈجمە دەڭ » دەپ ئاتالغان . كۆمۈشتىن ئۈجمەدەڭگە كەلگۈچە يۇقىرىسىغا قاراپ سۇ ۋە ئوت ـ چۆپسىز قۇرۇق تاغنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئۈجمە دەڭدىن داۋان بېشىغا 6 يول ، ئۈجمە سۇلۇق ئېغىزغا 23 يول كېلىدۇ . بۇ جاي ئايغىربۇلاق سېيىغا كىرىدىغان ئېغىز بولۇپ ، ئىلگىرى بۇ جايدا قورۇل ۋە قونالغۇ بار ئىدى . ئۇنىڭ خارابىسى ھېلىمۇ بار . ئۈجمە دەڭدىن ئايغىربۇلاققا 29 يول كېلىدۇ . بۇ يەردە ھارۋا چۈشىدىغان چوڭ قونالغۇدىن بىرى ، كىچىك قونالغۇدىن ئىككىسى بار ئىدى .

---

① كورلىدىن باغراش كۆلىنىڭ ئايىغى بىلەن ئۇششاقتالغا كېلىدىغان يەنە بىر يول 9 كۆنلۈك مۇساپە . « تارىخي ئەمنىيە » ، 119 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**ئايغىربۇلاق**

ئايغىربۇلاق توقسۇن ناھىيە بازىرىدىن 40 كىلومېتىر جەنۇبقا، شەرقىي ئۇزۇنلۇق ″ 31′30 °88 ۋە شىمالىي كەڭلىك ″ 29′22 °42 قا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىر ئېگىز.

ئايغىربۇلاق تۇرپان ئويمانلىقىدىكى چۆلتاغنىڭ بىر بۆلىكى بولغان ئايغىربۇلاق تېغىدىكى ئايغىربۇلاق غولىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ سۈيى تىك قىيا تاشلىق يارنىڭ قاپىقىدىن (تېرەك بويى ئېگىزلىكتىن) خۇددى چۆگۈننىڭ جومىكىدىن قۇيۇلغان سۇدەك بىر نەچچە غۇلاچ يىراققا ئېتىلىپ چۇشۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز بۇ بۇلاقنى مەدھىيىلەپ «ئايغىربۇلاق» دەپ ئاتىغان.

ئەينى چاغدىكى ئات، تۆگە، خېچىر، ئېشەك ھارۋىلىرى بىلەن ۋە پىيادە قاتنايدىغان قەدىمكى زاماندا، ئايغىربۇلاق ئۆتەڭگى تۇرپان ئويمانلىقىدىن كىنگىت تۇزلەڭلىكىگە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغا ئۆتىدىغان ئاساسلىق يولدىكى مەشھۇر ئۆتەڭ ئىدى، شۇنداقلا دۇنخۇاڭدىن چىقىپ تۇرپان، كۇچار، ئاقسۇ، بارچۇق (مارالبېشى) قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىپ، ئاندىن پامىردىن ھالقىپ پەرغانە، سەمەرقەند، ئىران ئارقىلىق رىم ئىمپېرىيىسىگە بارىدىغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەردىن بىرى ئىدى. ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ھەربىي سەركەردىلەر، قوماندانلار ئىگىلەشكە ئىنتىلىدىغان مۇھىم ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ، ئۇ يەردە مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزۇلاتتى، بۇ جايدىكى قورغان خارابىلىرى ھېلىمۇ ساقلانماقتا. تارىختا بۇ يەردىن ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر ۋە سەيياھلار ئايغىربۇلاقنى مەدھىيىلەپ نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇغان ۋە قىيا تاشلارغا خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. قىيا تاشلاردا بۇقولىيازمىلار ھېلىمۇ ساقلانماقتا. ئەجدادلىرىمىز ئايغىربۇلاقنى مەدھىيىلەيدىغان قوشاقلارنى توقۇپ، ئۇنى ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئەسىرلەر داۋامىدا ئېيتىپ كەلگەن. مەسىلەن:

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،
ئايغىر بۇلاقنىڭ تاغلىرى.

ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ ،
ئاستىدا گۈلباغلىرى .

دېگەن مىسرالار ئەنە شۇلارنىڭ بىرى .

ئاپتوموبىل قاتنىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، بۇ مەشھۇر بۇلاق ئارقىلىق ماڭىدىغان يوللار 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەمەلدىن قالدى . ئۆتەڭ باققۇچىلار كۆچۈپ ، ئۆتەڭلەر خارابىلىققا ئايلاندى .

ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن ، « ئايغىر بۇلاق » دەپ نام ئالغان ، سۈيى ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇ مەشھۇر بۇلاق 1970 ـ يىللارغا كەلگەندە سۈيى ئازىيىپ ، سۇ بېسىمى تۆۋەنلەپ ،ئېتىلىپ چىقالمايدىغان ، قىيا تاش بويلاپ ئاقىدىغان كىچىككىنە سۇغا ئايلىنىپ قالدى .

ئايغىربۇلاقتىن يۇقىرى سۇ بېشىغا 28 يول كېلىدۇ . بۇ يەردە ئەينى چاغدا قونالغۇ ۋە قاراۋۇلخانا بار ئىدى . ئاياغسۇ بېشىغا 40 يول كېلىدۇ . ئۇ يەردىمۇ قورۇل ۋە دەڭلەر ، بىر ئائىلىلىك دېھقان بارئىدى . بۇ جاي ئايغىربۇلاق سېيىغا كىرىدىغان ئېغىز ، بۇ يەردىن ئۆتسە تۈزلەڭگە چىقىدۇ . ئاياغ سۇ بېشىدىن سېرىق دۆڭگە 26 يول ، توقسۇنغا 40 يول كېلىدۇ .

# توقسۇن ناھىيىسى

## توقسۇن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

ئېلىمىز بويىچە ، تەبىئىي شارائىتى ئۆزگىچە بولغان توقسۇن ناھىيىسى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا ، يەنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 87° 14′ 05″ ~ 39° 14′ 08″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 41° 21′ 14″ ~ 43° 18′ 11″ ئارىلىقىغا جايلاشقان . ئۇنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 17مىڭ 342 كۋادرات كىلومېتىر . بۇنىڭ ئىچىدە تاغ يېرى 3602 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، 20.77 پىرسەنتنى ؛ قۇملۇق چۆل 13مىڭ 24 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، 75.1 پىرسەنتنى ؛ تۈزلەڭلىك 716 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، 4.13 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ .

توقسۇن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۈچ ناھىيە ئىچىدە ئەڭ ئويمان جايغا ، يەنى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولغان ئايدىڭكۆل ياقىسىغا جايلاشقان .

www.uyghurkitap.com

ئايدىڭكۆل ئەڭ پەس جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەنلىكى جەھەتتە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئۆلۈك دېڭىزدىن قالسا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا، مەملىكىتىمىز بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. توقسۇن ناھىيەبازىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن، توقسۇن ناھىيىلىك يولۇچىلار بېكىتىنىڭ ئالدىدىكى تاشيول يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ±0، يەنى خۇاڭخەي دېڭىز يۈزى بىلەن ئوخشاش ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۇ ئېلىمىز بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئەڭ تۆۋەن ناھىيە بازىرى ھېسابلىنىدۇ.

توقسۇننىڭ جەنۇبىنى ئايغىربۇلاق تاغلىرى، غەربىنى ئالغۇي تېغى، شىمالىنى كۆكجاي تېغى بىلەن بۇغدا تېغى، شەرقىنى ئىدىقۇت تېغى بىلەن چۆلتاغ ئوراپ تۇرغاچقا، ئىسسىقلىق تارقىلالمايدۇ، شۇنداقلا نەم ھاۋا ئېقىمىمۇ ئاسان ئېقىپ كىرەلمەيدۇ. ئۇ يەرنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاران 63 مىللىمېتىر. يىللىق قار مىقدارى 2.0 مىللىمېتىر. 1968 - يىلى ئاران 0.5 مىللىمېتىر بولغان. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 14.2°C، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 44.8°C، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 18.2°C، ئەڭ ئىسسىق مەزگىلى 7 - ئاي بولۇپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 40.6°C، ئەڭ سوغۇق مەزگىلى 12 - ئاي بولۇپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4°C بولىدۇ. 8 بالدىن يۇقىرى بوران 86 كۈن، 10 بالدىن يۇقىرى بوران بىر كۈن چىقىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 227 كۈن (10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە) بولىدۇ. 40°C تىن يۇقىرى ئىسسىق 33 كۈن بولىدۇ. يىللىق يىغىندى تېمپېراتۇرا 5740.8°C، يىللىق كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2789.4 سائەت بولىدۇ. توقسۇننىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى ئېگىز تاغلىق رايوننىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 180 مىللىمېتىر. سۇ يىغىش مەيدانى 6865 كۋادرات كىلومېتىر. تاغ ئېغىزلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان ئالغۇي، زورمۇتا، ئۈستىنغول، بايتوقاي، كۆكجاي، ئۆرىغول قاتارلىق ئېقىنلارنىڭ يەر ئۈستى سۈيى 364 مىليون كۇب مېتىر. تاغ ئېغىزلىرىدىن سىرغىپ كېلىدىغان يەر ئاستى سۈيى 62 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر. يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۇلىرىنى قوشقاندا تاغدىن كېلىدىغان ئومۇمىي سۇ مىقدارى 426 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر.

توقسۇن قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتەڭلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن. توقسۇن ئىلگىرى تۇرپانغا قارايدىغان بەگلىك جاي ئىدى.

1936 ـ يىلى توقسۇن ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ ئۈرۈمچىگە قارايدىغان بولدى. 1958 ـ، 1969 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى. 1970 ـ، 1974 ـ يىللىرى ئۈرۈمچى شەھىرىگە قارىدى. 1975 ـ يىلىدىن باشلاپ تۇرپان ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى. ئۇنىڭ 1986 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 91 مىڭ 700. توقسۇن بازىرىنىڭ نوپۇسى 7849. توقسۇن قەدىمكى ئۇيغۇرچە «توققۇز ئون» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «توقسان» دېگەنلىك بولىدۇ. قەدىمكى زامانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن رىۋايەتلەردە بايان قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندا تۇرپاندىن 90 ئۆيلۈك ئادەم بۇگۈنكى توقسۇنغا كېلىپ بوز يەر ئېچىپ ماكانلاشقانىكەن. شۇڭا، «توققۇز ئون» (توقسان) دەپ ئاتالغان. يىللار ۋە ئەسىرلەر داۋامىدا بۇ سۆز ئۆزگىرىپ توقسۇن بولۇپ قالغان. توقسۇن توغرىسىدا تۈركىي تىللار دىۋانىدا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «توقسۇن ــ بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى توققۇز ئون، توققۇز كەرە ئون بولۇپ، كېيىن بۇ ئىككى سۆز بىرلىشىپ كەتكەن.» ①

## توقسۇن قەلئەسى

توقسۇندا ئىككى قەلئە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى كونا قەلئە، يەنە بىرى يېڭى قەلئە ئىدى. كونا قەلئە «داتقان شەھىرى» (خەلقنىڭ داد ئەھۋالىنى سورايدىغان شەھەر) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ قەلئە قەدىمكى قەلئە بولۇپ، شەرقىي سېپىلى ھازىرقى تاشيول ئىدارىسىگە كېتىدىغان يول بىلەن، غەربىي سېپىلى ھازىرقى ناخول ئېرىقى بىلەن چېگرىلىنىدىغان كۋادرات شەكىللىك ئىدى. ئايلانمىسى تەخمىنەن 1200 مېتىر، ئېگىزلىكى 5 ~ 6 مېتىر، لېكىن سەل نېپىز ئىدى. بۇ قەلئە ئىچىدە بىر جامە ۋە مەدرىس بار ئىدى.

كونا قەلئە ياقۇپبەگ دەۋرىدە خەلققە ئېغىر ئالۋاڭ سېلىش ئارقىلىق ياسالغان. پىشقەدەم يازغۇچى خېۋىر تۆمۈرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قەلئە چوڭ ـ

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 516 ـ بەت.

كىچىك، قىبرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال ھەممە كىشى ۋە بارلىق ھارۋا، ئۇلاغلار سەپەرۋەر قىلىنىپ ياسالغانىكەن. ئەتراپتا ئالدىغان توپا قالمىغاندا بىرنەچچە يۈز مېتىر يىراق يەرلەردىن توپىنى ھارۋا، زەمبىللەر بىلەن توشۇغاننىڭ سىرتىدا، ھەتتائايالللار ئېتەكلىرىگە ئۇسۇپ توشۇغانىكەن. بۇ قەلئەنىڭ ھەر بىر تەرىپى تەخمىنەن 500 مېتىر، ئومۇمىي ئايلانمىسى 4 يول كېلىدىكەن. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىردىن ئوشۇق بولۇپ، سېپىل ئۈستىدە ھارۋا ماڭالايدىكەن. سېپىلنىڭ ھەربىر دوقمۇشىدا قوختىسى بار ئىكەن.

كونا قەلئەنىڭ ئورنى ھازىرقى توقسۇن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئالدىدىكى تۆت كوچا ئېغىزى كونا قەلئەنىڭ مەركىزىگە توغرا كېلىدىكەن. ھازىرقى ناھىيىلىك مېھمانخانىنىڭ ئىچىدە سېپىلنىڭ قالدۇقى ھېلىمۇ بار. توقسۇندىن تۆگە سىيگەنگە 48 يول كېلىدۇ. بۇ كىچىك ئۆتەڭ بولۇپ، ئۇ يەردە بىر ئېغىز ئۆي بار. سۇنى ئۇلاغ ئارقىلىق ئون نەچچە يول يىراق يەردىن توشۇپ كېلىدۇ.

توقسۇندىن پاچساغالغا 76 يول بولۇپ، ئۇ چوڭ ئۆتەڭ ئىدى. تۆگە سىيگەن ۋە پاچساغال ئۆتەڭلىرى بوران ئىنتايىن قاتتىق چىقىدىغان جاي بولغاچقا، ئىلگىرى ھەر 10 يول ئارىلىقتا بىردىن بوراندىن پاناھلىنىش ئۆرەكلىرى ياسالغان.

پاچساغالدىن چىقىپ غەربىي شىمالغا قاراپ 12 يول ماڭغاندىن كېيىن سولغا بۇرۇلۇپ قىرچىنغولغا چۈشىدۇ. قىرچىنغول تەگرىتاغدىكى مۇھىم ئۆتكەللەردىن بىرى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 50 يول كېلىدۇ. غولنىڭ ئىككى قاسىنىقى ئېگىز تاش تاغلار بىلەن ئورالغان. بايتوقاي دەرياسى (توقسۇن دەرياسى) مۇشۇ غولدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، بۇك ـ باراقسان قىرچىنغول ئورمانلىقىنى بەرپا قىلغاچقا، ئۇ قىرچىنغول دەپ ئاتالغان. يول ئېقىن بويلاپ نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ، بەزىدە سۇ كېچىدۇ، بەزىدە تىك قىيالارنى ياقىلاپ ماڭىدۇ. 1930 ـ يىللاردا ئۈرۈمچى ـ قەشقەر، ئۈرۈمچى ـ قۇمۇل يوللىرى ياسالغاندا، تۇرپاندىن ھاشارغا ئادەم ئېلىپ ماشىنا يولىنىڭ قىرچىنغول ئىچىدىكى قىسمىنى ياسىغان.

داۋانچىڭنىڭ غولىدا،
شېغىل بىلەن تاش ئاقۇر.

ياش باللار بۇ يەردىكەن ،
قىرىلارنى كىم باقۇر .

هاشارغا تۇتۇلغان تۇرپان خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى جاپالىق كەچۈرمىشلىرىنى مۇشۇ قوشاق ئارقىلىق ئىزھار قىلغان .

پاچىساغالدىن قىرچىنغول ( خوگۇل ) ئۆتىڭىگە 37 يول كېلىدۇ . قىرچىنغولدىن داۋانچىڭ كۆۋرۈكىگە 22 يول كېلىدۇ .

داۋانچىڭ كۆۋرۈكى 30 ـ يىللاردا خوجىنىياز هاجى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان مەزگىلدە ياسالغاچقا ، كىشىلەر ئۇنى خوجىنىياز هاجىنىڭ كۆۋرۈكى دەپ ئاتىشىدۇ . بۇ كۆۋرۈك ياغاچ ئەگمە كۆۋرۈك بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى 28.6 مېتىر ، ئەگمە لىمنىڭ چات ئارىلىقى ( ئارتىلىش ئارىلىقى ) 18.5 مېتىر ، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى 7 مېتىر ، كۆتۈرۈشچانلىقى 10 توننا ئىدى . كۆۋرۈكنىڭ تەگلىكى ئۇيۇل تاش ئۈستىگە دەسسىتىلىپ ، كاللەك تاش بىلەن سېمونت لايدا قوپۇرۇلغان . كۆۋرۈكنىڭ ئەگمە لىملىرىغا ئىشلىتىلگەن تاختايلار سۇ مايغا تويۇندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىنغان بولغاچقا ، بۇ كۆۋرۈك تاكى بۈگۈنگىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا . يېقىنقى يىللاردا بۇ كۆۋرۈكتىن 30 مېتىر يۇقىرىغا يېڭىدىن بېتون كۆۋرۈك سېلىندى . هازىر ماشىنىلار يېڭى كۆۋرۈك بىلەن ماڭىدۇ . داۋانچىڭ 33 يول بولۇپ ، ئۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن . بۇ يەردە ئۆتەڭ ۋە ئولتۇراق ئاھالىلەر بار . ئەتراپتىكى يېزىلاردا 500 ئۆيلۈكتىن كۆپرەك ئاھالە بار ئىدى .

داۋانچىڭ ئەسلى داۋانچى دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن ① . داۋانچىڭ تەڭرىتاغ ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ ، بۇ يولدىكى مۇھىم ئۆتكەللەرنىڭ بىرى ئىدى . قەدىمكى كارۋان يولى داۋانچىڭدىن چىقىپ تاغ ئېغىزىغا كەلگەندىن كېيىن قىرچىنغول ئېقىنىنى كېچىپ ئۆتۈپ ( ئۇ چاغدا ئېقىندا كۆۋرۈك يوق ئىدى ) تاغ ئىچىگە كىرەتتى . ئۇ چاغلاردا يول ناھايىتى تار بولۇپ ، يول لىنىيىسى تىك جىلغىلاردىكى خەتەرلىك هاڭلاردىن ئۆتەتتى ، بولۇپمۇ ئۇلاغلار تاشنى ئويۇپ پەلەمپەي قىلغان تار يوللار ئارقىلىق داۋان ئاشاتتى . 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى زوزۇڭتاڭ قوشۇنى هارۋا ۋە زەمبىرەكلەرنى بۇ جايدىن ئۆتكۈزۈشتە يولنىڭ خەتەرلىك يەرلىرىنى مىتىن بىلەن يونۇپ ۋە پارتلىتىپ

---

① « تارىخىي جەرىدەئى جەدىدە » ، 18 ـ بەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن . ئۇ چاغلاردا ھازىرقى داۋانچىلىك توقسۇن ماللىرى ئۇتلايدىغان ئۇتلاق بولۇپ ، ئۇ يەردە تىرىلغۇ يەر يوق ئىدى . ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال ھاكىمىيەت داۋان يولىنى ياساپ رېمونت قىلىپ تۇرىدىغان ، كەلكۈن ۋاقىتلىرىدا كىشىلەرنى دەريادىن ئېرى - بېرى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان مەخسۇس ئادەم تۇرغۇزغانىدى . بۇ ئادەملەر داۋانچىلار دەپ ئاتىلاتتى . ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايى بولسا داۋانچى ئۆتىڭى دەپ ئاتىلاتتى . داۋانچى ئۆتىڭى دېگەن بۇ ئىسىم كېيىنچە داۋانچىڭ بولۇپ قالغان . داۋانچىڭ دېگەن سۆز « داۋانچى » نىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشىدىن ئىبارەت . داۋانچىڭ ھازىر ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ بىر بازىرى بولۇپ ( 1986 - يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 2829 ) ، داۋانچىڭ كەنتىدە 902 نوپۇس بار ئىكەن .

داۋانچىڭدىن تۇزكۆلگە ( يوچىڭزا ) 26 يول كېلىدۇ ، ئۇ كىچىك ئۆتەڭ . ئۇ يەردە ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاق سۈيى ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بار . ھازىر بۇ جايدا تۇز زاۋۇتى قۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق تۇز كانى بولۇپ قالدى .

داۋانچىڭدىن تۇدۇڭغا 38 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا بىر قونالغۇ ۋە مەخسۇس پولۇ ئېتىدىغان ئاشخانا بار ئىدى . داۋانچىڭدىن سەيۋوپوغا 79 يول كېلىدۇ . ئۇ مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ ، ئۇ يەردە بىر قانچە قونالغۇ ، تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر بار . ئۇ يەردە يەنە ئايدىڭكۆل بار ، كۆل ئەتراپى چىرايلىق ياپيېشىل ئوتلاق بولۇپ ، ھازىر بۇ جاي ياخشى ساياھەت رايونى قىلىندى .

سەيۋوپودىن چىغدەڭگە 50 يول كېلىدۇ . ئۇ يەردە بىر ئېغىز ئۆي بار . ئۇ يەرنىڭ سۈيى ۋە مال باقىدىغان ئوت - چۆپلىرى مول . سەيۋوپودىن چوڭ كۆلگە ( ھازىر خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى دېيىلىدۇ ) 57 يول كېلىدۇ . يول كۆلنىڭ شەرقى بىلەن ئۆتۈپ ، ھازىرقى خۇڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئورنى بىلەن ماڭاتتى . سەيۋوپودىن شامالباغقا 67 يول كېلىدۇ . ئۇ جاي ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ مەنزىرىلىك دەرەخزارلىق كەنتى ئىدى . سەيۋوپودىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دۆڭكۆۋرۈككە 81 يول كېلىدۇ .

جام بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 1887 يول كېلىدۇ . قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 2952 يول كېلىدۇ .

# §4 . قەدىمكى قەشقەر ـ چارقىلىق كارۋان يولى

## قەدىمكى قەشقەر ـ چارقىلىق يولىدىكى ئۆتەڭلەر ۋە جايلار

قەشقەردىن يېڭىشەھەرگە 22 يول كېلىدۇ . يېڭىشەھەر قاتناش تۈگۈنى بولۇپ ، ئىلگىرى قەشقەر ـ ئۈرۈمچى ، قەشقەر ـ خوتەن يوللىرى مۇشۇ جايدىن ئايرىلاتتى . قەشقەر يېڭىشەھەردىن پەيزىۋات دەرياسىغا ①10 يول كېلىدۇ ، دەريادا بەش ئاراشلىق كۆۋرۈك بار ئىدى . تازغۇنغا 34 يول كېلىدۇ ، ئۇ ئەينى چاغدا يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر كەنتى ئىدى . ياپچانغا 55 يول كېلىدۇ ، ئەينى چاغدا ئۇ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئۈچ چوڭ بازارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئاۋات يۇرت ئىدى . بۇ يەردە قورۇل ، ئۆتەڭ ۋە ئىككى دەڭ بار ئىدى . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، ئۇ يەردە 60 ~ 70 ئائىلىلىك كىشى بار ئىدى . ھازىر ئۇ يېڭىشەھەرنىڭ بىر يېزىسى بولۇپ قالدى . ئۇ يەردە 22 كەنت بولۇپ ، 1986 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 17 مىڭ 857 .

ياپچاندىن سوغۇلۇققا 28 يول كېلىدۇ . سوغۇلۇق ھازىر بىر كەنت . سېيتلاغا 47 يول كېلىدۇ . ئۇمۇ ھازىر بىر كەنت . موملۇققا 53 يول كېلىدۇ ، كەنتكە بارغۇچە ئارىلىقتا بىر ئېقىندىن ئۆتىدۇ ، ئېقىندا كۆۋرۈك بار . ماڭشىنغا 65 يول كېلىدۇ . ماڭشىندىن ئۆتۈپ غەربكە بۇرۇلۇپ ، شەرقىي دەرۋازا ئارقىلىق يېڭىسارغا كىرىدۇ . يېڭىسارغا 76 يول كېلىدۇ . يېڭىسار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى ، ئۇ قەشقەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىم يۇرت . موللا موسا سايرامىنىڭ « تارىخىي ھەمىدى » دە بايان قىلىنىشىچە ، ياقۇپبەگ دەۋرىدە يېڭىساردىن قەشقەرگە ھەر ھەپتىدە 10 مىڭ ئۇلاغ ئاشلىق توشۇلۇپ تۇرغانىكەن .

---

① قىزىل دەرياسى قەشقەر شەھىرىنىڭ 15 كىلومېتىر غەربىدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، ئۇنىڭ بىر تارمىقى قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ شىمالى بىلەن ، يەنە بىر تارمىقى جەنۇبى بىلەن ئۆتۈپ ، غاز كۆلگە كەلگەندە يەنە قوشۇلىدۇ . شىمالىي تارمىقى قەشقەر دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ . جەنۇبىي تارمىقى پەيزىۋات دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يېڭىسار ناھىيىسى

يېڭىسار ئىلگىرى بەگلىك يۇرت ئىدى . 1766 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئۇ يەردە ئاغلاقچى ئامبال تۇرغۇزغان .

1913 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ ، ئۇ قەشقەر مەمۇرىي رايونىغا قارايدىغان بولدى . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، يېڭىسار ناھىيىسىدە 12 يېزا ، بىر بازار بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسى 164 مىڭ 300 . يېڭىسار بازىرىدا 13 مىڭ 606 نوپۇس بار ئىدى .

## يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

يېڭىسار ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 45′ 75° ~ 00′ 77° ۋە شىمالىي كەڭلىك 25′ 38° ~ 03′ 39° ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4306.5 كۋادرات كىلومېتىر . ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1542 كىلومېتىر . غەربىي جەنۇبى ئېگىز ، شەرقى پەس ، غەربىي جەنۇبى قىسمىدا قوڭۇرتاغلىق رايون بار ، شەرقىي قىسمى قۇم ئېدىرلىق ۋە چۆل جاڭگال ، ئۇنىڭ غەربىي شىمال قىسمى كۆسەن دەرياسى بىلەن ئېگىز يار دەرياسىنىڭ لاتقىسىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 1246 ~ 2256 مېتىر ئېگىز . ناھىيە بويىچە تاغ رايونى تەخمىنەن 32 پىرسەنتىنى ، تۈزلەڭلىك 28 پىرسەنتىنى ، جاڭگال ۋە قۇملۇق 39.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ . ئاساسلىق دەريالاردىن كۆسەن دەرياسى ① بىلەن ئېگىز يار دەرياسى بار . بۇ دەريالاردىن يېڭىسارغا باشلىنىدىغان سۇ 380 مىليون كۇب مېتىر ، بۇلاق سۈيى 106 مىليون كۇب مېتىر . ئۇ يەردە يەنە ناھىيە بويىچە 39 مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان سۇ ئامبىرىدىن بەشى بار . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 37.6 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 17.6 ℃ بولۇپ ، قىروسىز مەزگىلى 223 كۈن ، كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2630.8 سائەت . هۆل ـ يېغىن مىقدارى 63 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش

---

① كۆسەن دەرياسى ــ ئاقتۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ ، سۈيىدىن يېڭىسار ناھىيىسىمۇ پايدىلىنىدۇ .

مىقدارى 2150 مىللىمېتىر .

ئېگىز يار دەرياسى پامىر تاغ تىزمىسىدىكى قوڭغۇر تاغدىكى بېدەسالدىن باشلىنىپ ، قارىگىن ، سېسىق تېكە ، ئاقدالا ، قىزىلتاغ ، چىمەن ، ئېگىز يار ، قارىباش ، سۇلتان مازارلاردىن ئۆتۈپ ، بايغانتارا كۆلگە قۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 70 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر .

## يېڭىسار ناھىيىسىدىكى مازارلار

1 . ***ئوردا خان پادىشاھىم مازىرى*** بۇ مازار يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 125 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇملۇقتا ، يەنى ئوردام چۆلىدىكى « قۇم شېھىدان » غا جايلاشقان . بۇ مازار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ( ھەسەن بوغراخاننىڭ ئوغلى ) ھەسەن بىننى سېيت ئېلى ئارسلانخاننىڭ مازىرىدۇر . ئۇ مىلادىيە 998 ـ يىلى خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن غازات قىلىپ شېھىت بولغان .

2 . ***چوڭجە پادىشاھىم مازىرى*** بۇ مازار ناھىيە بازىرىنىڭ 5 كىلومېتىر غەربىدىكى لەڭگەر كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭغا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ھۈسەين بۇغراخان دەپنە قىلىنغان . ھەسەن بۇغراخان مىلادىيە 991 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ ھازىرقى ئاقساق سۇ ئامبىرى ئەتراپىدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا شېھىت بولغان . ئۇنىڭ جەسىتى شۇ چاغدىكى ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ تۇرار جايى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەھەر يېزىسىغا قاراشلىق لەڭگەر كەنتىگە قويۇلغان . ھۈسەين بۇغراخان ( تەخەللۇسى ھارۇن ) 997 ـ يىلى سەمەرقەند سەپىرىدىن قايتىشىدا ۋاپات بولغان ، ئۇنىڭ جەستىمۇ مۇشۇ جايغا قويۇلغان .

3 . ***تىۋىز مازىرى*** بۇ مازار يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىدىكى ئۇچار يېزىسىنىڭ تىۋىز كەنتىگە جايلاشقان . ئۇنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 16 كىلومېتىر . « تىۋىز » ئەسلى تەبرىزدىن ئۆزگەرگەن . تەبرىز ھازىرقى ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىگە قاراشلىق بىر شەھەر .

***خوجا ئەبۇل مۇزەففەر تەبرىزى بىلەن ئەبۇل مەنسۇر تەبرىزىنىڭ مازىرى*** بۇ ئىككى زات ئىسلام قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىراق ، يەمەن ، خورا-

سان ، ئافغانىستان ، ماۋارائۇننەھر قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئالىم ۋە ئۆلىمالار قاتارىدا قوشۇن باشلاپ كەلگەن تەبرىزلىك زاتلار ئىدى . ئۇلار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋاپاتىدىن 10 يىل كېيىن ھازىرقى ئۈچار يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى دۆڭئېرىقتا خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە شېھىت بولغان ۋە شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان . خوجا ئەبۇل مۇزەففەر ۋە ئەبۇل مەنسۇرلار ئەزەربەيجاننىڭ تەبرىز شەھىرىدىن بولغاچقا ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ جايىنى تەبرىز دەپ ئاتاشقان .

4 . *ھەزرىتى بەگ مازىرى* بۇ مازار يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە ، يەنى قىزىل يېزىسىنىڭ قاراساي كەنتىگە يېقىن قۇملۇق ئىچىگە جايلاشقان . ئۇنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىر . ھەزرىتى بەگ ئەينى چاغدا سېيىت ئارسلانخاننىڭ ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى بولغان . ئۇ مۇشۇ جايدا خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان جەڭدە شېھىت بولغان .

5 . *سۇلتان دەرىجە خېنىم مازىرى* بۇ مازار يېڭىسار ناھىيە بازىرىدىن 2 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قاراباش كەنتىگە جايلاشقان . بۇ مازار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى ھۇسەين بۇغراخاننىڭ مەلىكىسى ھەدىيە تۇركەن خېنىمنىڭ مازىرى . بۇ مەلىكە قاراباش كەنتىدە خوتەنلىك بۇددىستلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان ① .

يېڭىساردىن قارباغقا 6 يول ، تاقتاغقا 21 يول ، كەلپىنگە 42 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەرلەردە كەنتلەر بار . توپۇلۇققا 46 يول كېلىدۇ ، ئۇ بىر ئۆتەڭ بولۇپ ، بۇ جايدا دەڭ ۋە 6 ~ 7 ئۆيلۈك ئاھالە ، يېقىن ئەتراپتا يەنە 700 ئۆيلۈكتىن كۆپرەك دېھقان بار ئىدى . توپۇلۇقتىن قوشگۈمبەزگە 13 يول ، چاملونغا 26 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەرلەردىمۇ كەنتلەر بار . قىزىل كەنتىگە 43 يول كېلىدۇ ، ئۇ بىر ئۆتەڭ بولۇپ ، ئۇ يەردە ھۆكۈمەت سالغان بىر دەڭ ، شەخسلەر سالغان ئۈچ دەڭ ۋە 40 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ، يېقىن ئەتراپتا 300 نەچچە تۈتۈن دېھقانمۇ بار ئىدى . بۇ ئۆتەڭنىڭ سۈيى سەل شورلۇقراق . قىزىلدىن ئۆردەك لەڭگەرگە 25 يول ، ماياق جىلغىغا 40 يول كېلىدۇ . ئۇ جايدا بىر ئۆيلۈك ئادەم بار ، ئۇلار يولۇچىلارغا ئورۇك ، قېتىق ، توخۇم قاتارلىق

① « شىنجاڭ تەزكىرىسى » . 1994 ـ يىل 3 ـ سان .

نەرسىلەرنى سېتىپ بېرىدۇ . ئۆردەكچى لەڭگەرگە 50 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەر-دىمۇ بىر ئۆيلۈك ئادەم بار . ھاجى راباتقا ( ھاسىبا ) 60 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردە ئۆتەڭ ۋە بىر ئۆيلۈك ئادەم بار . ھاجى راباتتىن تۇردى ئاخۇن لەڭ-گەرگە 30 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا بىر ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . باش لەڭگەرگە ( كوك راباتقا ) 60 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردە زاكات قورۇلى ، 50 ~ 60 ئۆيلۈك ئاھالە ۋە ئىككى دەڭ بار ئىدى ( ھازىر ئۇ چارەك دەپ ئاتىلىدۇ ) . باش لەڭگەردىن يەركەنگە 50 يول كېلىدۇ .

## يەركەن ناھىيىسى

يەركەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان ساكرائۇل دۆلىتىنىڭ ئورنى ئىدى . يەركەن تارىختا قەشقەرىيىدىكى مەشھۇر جايلارنىڭ بىرى بولۇپ ، 1514 ـ يىلى قۇرۇلغان يەركەن خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغانىدى . ئۇ يەنە مەدەنىيەت يادى-كارلىقلىرى ئەڭ مول قەدىمىي شەھەر . « 1513 ـ يىلى سەئىدخان قەشقەر سۇلتانىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، ئىككىنچى يىلى ( 1514 ـ يىلى )يەركەندە يېڭى ھاكىمىيەت قۇردى . بۇ ھاكىمىيەت يەركەن ـ سەئىدىيە خانلىقى دەپ ئاتالدى . يەركەن خانلىقى 164 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى . ئۇ ئەڭ قۇدرەت تاپقان چاغلاردا پۈتكۈل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىلكىگە ئالغاندىن تاشقىرى ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ، ئىسسىقكۆل رايونىنى ، پەرغانە ئويمانلى-قى ، بەدەخشان ۋە ۋاخان تاغلىق رايونى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى . بۇ مەزگىلدە يەركەن خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى شىزاڭنىڭ غەر-بىي قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن تاشقىرى ، كەشمىر رايونىنىمۇ بىر مەزگىل ئىشغال قىلىپ تۇردى . » ①

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەركەننى ئالغاندىن كېيىن ، 1761 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ يەردە خان ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئام-بال تەسىس قىلدى . 1883 ـ يىلى بىۋاستە قاراشلىق ئايماق تەسىس قىلىنىپ ، ئايماق ئورنى يەنىلا يەركەندە بولدى . 1902 ـ يىلى يەركەن ۋىلايەتكە

① لىيۇ زىشياۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى ، 14 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆزگەرتىلدى . تاشقورغان ، مارالبېشى ، يەركەن ۋە گۇما يەركەن ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى . جۇڭخۇا مىنگو يىللىرى ( 1913 ـ يىلى ) يەركەن ۋىلايىتى يەركەن ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى . 1926 ـ يىلى يەركەن ناھىيىسى ئىككى ناھىيىگە ( سارچىن ، يەركەن ) ئايرىلدى . 1942 ـ يىلى يەنە ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، يەركەن ناھىيىسى دەپ ئاتالدى . 1943 ـ يىلىدىن كېيىن ، يەركەن ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى . ئازادلىقتىن كېيىن ، يەركەن يەنىلا يەر- كەن ۋىلايىتى پېتىچە قالدى ، ۋالىي مەھكىمىسى يەركەندە بولدى . يەركەن قاغىلىق ، يوپۇرغا ، مەكىت ناھىيىلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى .

1956 ـ يىلى يەركەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، يۇقىرىدىكى بۇ تۆت ناھىيە قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، يەركەن ناھىيىسىدە يەتتە رايون ، يەتتە بازار ، 22 يېزا بار ، ئومۇمىي نوپۇسى 467 مىڭ 100 ئەدى . ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ بولىدىغان يېرى 1 مىليون 850 مىڭ مو ، ھازىر ئۇنىڭ 1 مىليون 360 مىڭ موسى تېرىلىۋاتىدۇ . يەركەن دەرياسى مۇشۇ ناھىيىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ . ئۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ مىقدارى 4 مىليارد 450 مىليون كۇب مېتىر ، ئۇنىڭدىن باشقا تىزناپ دەرياسى- دىن باشلىنىدىغان سۇ 797 مىليون كۇب مېتىر ، تۇزلەڭلىكتىكى بۇلاق سۇلىرى 119 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر .

يەركەن تارىختا ياركەنت ، تىم ـ تىم ، تىم سەئىد ، يەركەنت دېگەن ناملاردا ئاتىلىپ كەلدى . يەركەن ــ ئەسلى ياركەنتتىن ئۆزگەرگەن . « ياركەنت » « يار » بىلەن « كەنت » تىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن . « تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ 3 ـ توم 193 ـ بېتىدە « يار » ئېقىن مەنىسىدىكى « يارلىق » دەپ ئىزاھلانغان . 1 ـ توم 447 ـ ، 448 ـ بەتلەردە « كەنت ، شەھەر » ئوغۇزلار تىلىدا « يېزا ــ كەنت » دېگەن بو- لىدۇ ، زور كۆپچىلىك تۈرك خەلقلىرى تىلىدا « شەھەر » دېگەن بولىدۇ ، دەپ ئىزاھلانغان .

دېمەك ، ياركەنت ــ تۈركىي تىل بولۇپ ، « يار ئۈستىگە قۇرۇلغان شەھەر » دېگەنلىك بولىدۇ . بۇ نام يەركەننىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا تازا ئۇيغۇن . بۇ شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە « يامانيار » دەپ ئاتىلىدىغان كەڭ كەتكەن بىر يارداڭلىق بولۇپ ، بۇ جايدىن شەھەرگە نەزەر سالسا ، بۇ شە-

ھەرنىڭ ھەقىقەتەن يار ئۈستىگە قۇرۇلغان شەھەر ئىكەنلىكى كۆرۈنىدۇ. يەنە شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان قەدىمىي ئېقىن بارلىقىنى ئەسلىتىدىغان، نىسبەتەن چوڭقۇرلۇقتا جايلاشقان «ياركوچا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆزۈن بىر يول بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە شەھەرنىڭ ئاشۇ تەرىپىدىكى بىر تەبىئىي چېگرا سىزىقىغا ئوخشايدۇ. دېمەك، بۇ ئىسىم شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىسىگە ئاساسەن قويۇلغان خاس تۈركىي نامدۇر [1].

## يەركەندىكى ئاسارئەتىقىلەر

يەركەن قەدىمىي شەھەر بولۇپ، تارىخىي ئاسارئەتىقىلەر كۆپ جاي. ئىلگىرى بۇ جايدا ئۇيغۇر مىمارچىلىق سەنئىتىنى نامايان قىلىدىغان مەشھۇر ئىمارەتلەر، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، خان ئوردىسى قاتارلىق نۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلار بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى، يەنە بىر قىسمى چىرىك چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى. ھازىر يەركەندە قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەردىن ئالتۇنلۇق قەبرىستانلىقى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، مەلىكە ئامانىساخان، قېدىرخان قاتارلىق مەشھۇر مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ قەبرىگاھى، يەركەن خانلىقى دەۋرىدە سېلىنغان «ئازنا مەسچىت»، «يەركەن خانىقاسى» قاتارلىقلار بار.

## يەركەن ئالتۇنلۇق قەبرىستانلىقى

ئالتۇنلۇق يەركەن كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن دەرۋازىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. يەركەن خانلار قەبرىستانلىقىنى مىلادىيە 1533- يىلى سۇلتان سەئىدخاننى دەپنە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرۇلۇشقا باشلىغان.

ئالتۇنلۇقتا سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىن ئابدۇرەشىدخان، مۇھەممەتخان، ئەخمەتخان، ئابدۇلېتىپخان، پولاتخان، ماخمۇتخان، ئابدۇللاخان ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ۋە شائىرە ئامانىساخان، مەۋلانە يۈسۈپ قېدىرخان ياركەندى، شۇنداقلا خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنغان.

---

[1] «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1990 - يىل 21 - ئاۋغۇست سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالتۇنلۇق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ غەرب تەرىپىگە «ئالتۇنمەسچىت»، شەرق تەرىپىگە «ئالتۇنكۆل»، ئوتتۇرىسىغا «ئالتۇنمازار» جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. «ئالتۇنمازار» ئۆز ئىچىدىن بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈپ ياسالغان، ئۇنىڭ خانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنغان قىسمى خىش تام ۋە ياغاچ رىشاتكا ـ پەنجىرىلەر بىلەن (پەنجىرىلەر بىرقانچە يىللاردىن بېرى بۇزۇپ تاشلىنىپ باشقا ئورۇنلارغا يۆتكەپ كېتىلگەن) ئايرىم دائىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، ئالدىغا رەتلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن دەرۋازا ئورنىتىلغان. ئىچىگە ئاستى ۋە ئۈستى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان قەبرىلەر رەت ـ رەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تام ۋە قەبرىلەرنىڭ سىرتى ھەرخىل نۇسخىدىكى گەج ئويما نەقىش ۋە بېغىشلىما خاتىرە خەتلەر پۈتۈلگەن گۈللۈك خىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ئالدىغا رەڭگارەڭ تۇغلار قادالغان، تۇنەكخانىلار ئايرىم ياسالغان بولۇپ، پۈتۈن مازار ناھايىتى سۇرلۇك تۇس ئالغان.

## مۇقامشۇناس مەلىكە ئامانىساخان

ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ۋە تالانتلىق شائىرە ئامانىساخان 1523 ـ يىلى ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىنىڭ تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قومۇش مەھەللە يېزىسىدا نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ «نەفىسە» تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان.

شائىرە ئامانىساخان ئۆمرىدە مۇزىكا، خەتتاتلىق، شېئىرىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت جەھەتلەردىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ «چوڭ نەغمە»، «داستان» ۋە «مەشرەپ» تىن ئىبارەت مۇقام شەكىللىرىنى كۆپ شەكىلى بويىچە يۈرۈشلەشتۈرگەن ۋە قېلىپلاشتۇرغان. ئۇ مۇقاملارنى رەتلەش بىلەن بىللە ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىش نىيىتىدە «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئىجاد قىلغان. خوتۇن ـ قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدىكى «ئەخلاقىي جەمىلە» ناملىق كىتابىنى ۋە «شۇرۇھۇلقۇلۇپ» («قەلبلەر شەرھى») ناملىق بىر رىسالىنى يازغان. ئۇ 1557 ـ يىلى 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

## يەركەندىكى ئالتۇن مەدرىس

«ئالتۇن مەدرىس» سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى

بولۇپ ، ئۇ يەركەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى ئابدۇرەشىدخان ( 1533 — 1570 ـ يىللىرى ) تەرىپىدىن بىنا قىلدۇرۇلغان ، « رەشىدىيە مەدرىسى » دەپ ئاتالغان . كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ، بۇ مەدرىس ئالتۇنلۇق مازىرىغا يېقىن بولغاچقا « ئالتۇن مەدرىس » دەپ ئاتالغان . بۇ مەدرىس ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ ، ئۇنىڭ هامام ، مۇستەهەپخانىلىرى خېلى زامانىۋى ، 360 هۇجرىسى بار ئىدى . بۇ مەدرىستە ئەرەب تىلى ، گراماتىكا ، پارس تىلى ، ئوردو تىلى ، هېساب ، تارىخ ، لوگىكا ، ئەدەبىيات ، پەلسەپە ، تېبابەت ، ئاسترونومىيە ، جۇغراپىيە ، سىپاهگەرلىك ( هەربىي بىلىملەر ) ۋە يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن دەرس ئۆتۈلەتتى . بۇ مەدرىسكە خانلىق تەۋەسىدىكى جايلاردىن سىرت ، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ، ئىراق ، ئىران ، ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە هىندىستان ، ئافغانىستان ، كەشمىر قاتارلىق جايلاردىنمۇ كۆپلىگەن تالىپلار كېلىپ بىلىم ئالاتتى . شۇڭا ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى يەركەن ۋە قەشقەرلەر « سانى بۇخارا » ( ئىككىنچى بۇخارا ) دەپ ئاتالغانىدى . بۇ مەدرىسكە خانلىقتىن ياردەم بېرىلەتتى . هەر چارشەنبە ، پەيشەنبە كۈنلىرى دۆلەت ئەربابلىرى مەدرىسكە كېلىپ دەرس ئاڭلاپ ، ئوقۇتۇش ئەهۋالىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى . « ئالتۇن مەدرىس » يەركەن خانلىقىغا نۇرغۇن ئىلىم ئەهلىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن مەرىپەت بۆشۈكى ئىدى . كېيىن ئاپاق خوجا دەۋرىگە كەلگەندە ، ئاپاق خوجىنى هىمايە قىلىپ كەلگەن جۇڭغار لەشكەرلىرى ئاپاق خوجا سوپىلىرى بىلەن بىرلىشىپ يەركەن شەهىرىدە قىرغىنچىلىق قىلغاندا ، مەدرىسكە توپلىشىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى تىرىك تەسلىم قىلالماي ، « ئالتۇن مەدرىس » بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن ①.

## مىرزا مۇهەممەد هەيدەر مەدرىسى ياكى ئىككىنچى خانلىق مەدرىس

بۇ مەدرىس سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ( 1533 — 1560 ـ يىللىرى ) قۇرۇلغان . ئۇنىڭ ئورنى هازىرقى ناهىيىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاۋۋالقى جايى ( هازىرقى ئائىلىكلەر قورۇسى ) دا . بۇ مەدرىسنى ئابدۇرەشىدخان ئۆز نامىغا يېزىلغان « تارىخىي رەشىدى » ناملىق

① « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » ، 1994 ـ يىل 23 ـ نويابىر سانى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىتابقا جاۋابەن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرگە ئاتاپ بىنا قىلدۇرغان. بۇ كىتاب ئابدۇرەشىدخان ھايات ۋاقتىدا (1514 ــ 1547 ـ يىللىرى) كەشمىردە يېزىلىپ تاماملانغان. مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە يېزىلغان «مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر مەدرىسى» دېگەن خەت تاكى بۇ مەدرىس چېقىلغان 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ساقلانغانىدى.

## رەشىدىيە مەدرىسى ياكى ئۈچىنچى خانلىق مەدرىس

بۇ مەدرىس ئابدۇللاخان دەۋرىدە (1658 ــ 1668 ـ يىللىرى) قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى چاسا كىنوخانىسى دائىرىسىدە. ئابدۇللاخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئونىنچى خانى بولۇپ، ئۇ بۇ مەدرىسنى ئابدۇرەشىدخاننىڭ نامىغا ئاتاپ بىنا قىلدۇرغان. شۇڭا، «رەشىدىيە مەدرىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن①.

## يەركەن قەلئەسى

يەركەن قەلئەسى ئەڭ قەدىمىي، شۇنداقلا ئەڭ مۇستەھكەم قەلئە ئىدى. «يەركەن قەلئەسىنىڭ ئايلانمىسى ئون نەچچە چاقىرىم كېلەتتى، ئۇنىڭ سېپىلىنىڭ 12 دەرۋازىسى بار ئىدى. ئۇ تەكرىتاغنىڭ جەنۇبى بويىچە ئەڭ چوڭ ئىستىھكاملىق قەلئە بولۇپ، ئاباھكرىنىڭ پايتەختى بولغانىدى. كېيىن يەركەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى بولدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى 300 يىل داۋامىدا، بۇ قەلئە يەنە بىر قاتار فېئودال ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان.» ②

## يەركەن دەرياسى

يەركەن دەرياسى ئىلگىرى زەرەپشان دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ زەر (ئالتۇن) ئاقىدىغان دەريا دېگەن سۆز. بۇ دەريا ۋادىسىنىڭ باش قىسمىدا كېپەك ئالتۇن زاپىسى كۆپ بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز ئۇنىڭغا شۇنداق نام بەرگەن.

---

① «شىنجاڭ گېزىتى»، 1994 ـ يىل 16 ـ ئاۋغۇست سانى.

② ليۇ رىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، 899 ـ بەت.

شىنجاڭدىكى مەشھۇر دەريالارنىڭ بىرى بولغان يەركەن دەرياسى دېڭىز يۈزىدىن 5568 مېتىر ئېگىز بولغان قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزىدىكى 5 y 652 ~ 5 y 665 نومۇرلۇق مۇزلۇقتىن باشلىنىپ شىمالغا قاراپ ئېقىپ، ھېجىپلەنگەر، قىرغىز جاڭگالغا كېلىپ غەربكە بۇرۇلۇپ، مازارىۋارلاردىن ئۆتۈپ تاشقورغان ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرىپ، غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ قىيىندى، ئالسالدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىندىرا قولى تاغ ئېغىزىدىن باشلانغان كىلىچىن دەرياسى كېلىپ قوشۇلىدۇ؛ ئاندىن ئۇرۇك، پىللاردىن ئۆتۈپ شىمالغا بۇرۇلۇپ تۆۋەن لەنگەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مىڭتېكە ۋە تېكىلىك (قونجىراپ) تاغ ئېغىزلىرىدىن باشلىنىپ كوشالاما، داپتار، تاشقورغان، ئالمىلىق، تارلاردىن ئۆتۈپ كەلگەن تاشقورغان دەرياسى قوشۇلىدۇ؛ ئاندىن قوشراب (قوشسۇ) قا كېلىپ شەرققە بۇرۇلۇپ يەركەن تەۋەسىگە كىرىپ ئاراتاش، كامراق چامسالغا كەلگەندە چىپان دەرياسى قوشۇلىدۇ؛ ئاندىن كاچۇڭ، قارىيانتاق، ياستۇق، پىچانچى، توغراق، سىرىقدۆۋە (يەركەن ئەتراپى)، قاراباغ، ئاۋات، چېدىر توغراق، شىھىتدۆڭ، يېڭىئاۋاتلاردىن ئۆتۈپ مارالبېشى تەۋەسىگە كىرىپ سىرىقبۇيا، قىزىل، بەشقوتان، شاقۇردىن ئۆتۈپ ئاۋات تەۋەسىگە كىرىپ يارقوتان، كەمبەردى، ماتانلاردىن ئۆتۈپ، ئاقسۇ، خوتەن دەريالىرى بىلەن قوشۇلۇپ تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

يەركەن دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 528 كىلومېتىر. ئۇنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 50 مىڭ 248 كۋادرات كىلومېتىر، كاچۇڭ سۇ پونكىتى 26 يىل ئۆلچەپ خۇلاسىلىگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 205 كۇب مېتىر ـ سېكونت، بىر يىل ئىچىدە سۇ ئەڭ كۆپ كېلىدىغان ۋاقتى 8 ـ ئاي بولۇپ، ئۇنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدار $744\ m^3/s$، ئەڭ ئاز ۋاقتى 3 ـ ئاي بولۇپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $45.8\ m^3/s$، سۇ ئەڭ كۆپ كەلگەندە $6000 m^3/s$ تىن ئاشىدۇ.

## يەركەن دەرياسى كۆۋرۈكى

يەركەن دەرياسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ چوڭ دەريالارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆۋرۈك دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى 1500 مېتىردىن ئوشۇق. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يەركەن ـ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە،

يەركەن دەرياسىدا كۆۋرۈك بار ئىدى. بۇ كۆۋرۈك 1768 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەركەنگە ھۇجۇم قىلغاندا ۋەيران قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ دەرياغا كېمە ئۆتكىلى ياسىدى. يولۇچىلار كېمە ئارقىلىق دەريادىن ئۆتەتتى. جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە 1938 ـ يىلى پوسكام ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن دەريانى غول ئېقىنلار بويىچە تۆت ئېقىنغا بۆلۈپ، ئۇنىڭغا تۆت كۆۋرۈك ياسالدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇق ئارىلىقلىرى 164 مېتىر، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى 3 گۇڭ ( 4.98 مېتىر ) بولۇپ، ئىككى يېقىدا پىيادىلەر يولى بار ئىدى. كۆۋرۈك ئارىلىقلىرى شاخ ـ شۇمبا ۋە تاش ـ شېغىللار بىلەن كۆتۈرۈلگەن يوللار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان، يول ئۈلىنىڭ تاپان كەڭلىكى 4 گۇڭ ( 6.64 مېتىر )، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 3 گۇڭ، كۆۋرۈك ئاستىدىكى يول ئۈللىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 353 مېتىر ئىدى. كۆۋرۈك قىسقا بولۇپ، دەريا ئېقىنى بەك تارايتىلىشۋەتكەچكە، دەريانىڭ سۇ ئۆتۈش كەسمە يۈزى قىسقىراپ، كەلكۈن سۈيى كۆۋرۈك ئاستىغا سىغماي 1938 ـ يىلى يازدا كۆۋرۈكنى كەلكۈن ئېلىپ كەتكەن.

1943 ـ يىلى يەركەن دەرياسىغا تۇنجى تاشيول كۆۋرۈكى ياسالدى. كۆۋرۈك سېلىنغان جاينىڭ كەڭلىكى 1500 مېتىردىن ئوشۇق بولۇپ، دەريا ئېقىنىنى ئىككى ياقتىن قورۇپ 1372 مېتىر كەڭلىككە كەلتۈرگەن. تارماق ئېقىنلارنىڭ جايلىشىشىغا قاراپ دەريا ئېقىنىنى تۆتكە بۆلۈپ تۆت كۆۋرۈك سېلىنغان. تۆت كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 632.8 مېتىر، جەمئىي 78 ئاراشلىق بولۇپ، ھەربىر ئاراش 8 مېتىر كەڭلىكتە ئىدى. كۆۋرۈك ئارىلىقلىرى شاخ ۋە تاش ـ شېغىل بىلەن كۆتۈرۈلگەن كۆتۈرمە يول ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ كۆتۈرمە يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 181.6 مېتىر، 471.8 مېتىر ۋە 86 مېتىر بولۇپ، جەمئىي 739.4 مېتىر ئىدى. كۆۋرۈك بىلەن كۆۋرۈك ئارىلىقىدىكى كۆتۈرمە يوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1372.2 مېتىر ئىدى. دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن، يەنى يەركەن تەرەپتىن ھېسابلىغاندا بىرىنچى كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 354.2 مېتىر بولۇپ، 44 ئاراش؛ ئىككىنچى كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 98.2 مېتىر بولۇپ، 12 ئاراش؛ ئۈچىنچى كۆۋرۈك ئۇزۇنلۇقى 82.2 مېتىر بولۇپ، 10 ئاراش؛ تۆتىنچى كۆۋ-

رۇك ئۇزۇنلۇقى 98.2 مېتىر بولۇپ ، 12 ئاراش ئىدى . كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى ( قاتنايدىغان قىسمى ) 7 مېتىر ، پىيادىلەر يولى يوق ئىدى . كۆۋرۈكنىڭ ئۈستى قىسمى ياغاچ كونتروكسىيىلىك ئاددىي تىرەكلىك لىمدىن تۈزۈلگەن ، ئاستى قىسمى ئىككى قاتار ياغاچ تۈۋرۈكتىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، تۈۋرۈكلەر يەر ئاستىغا 3 ~ 5 مېتىرغىچە كىرگۈزۈلگەنىدى . بۇ تۈۋرۈكلەر ياغاچ رامكىلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان ، رامكا ئىچى شاخ ۋە تاش - شېغىل بىلەن چىڭدالغان . بۇ تۆت كۆۋرۈك بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە ئەمەس ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى بىرئاز ئەگرى ئىدى . كۆۋرۈككە 1940 - يىلدىن باشلاپ ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشكەن . 1942 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىش باشلاپ ، 1943 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تاماملانغان .

1964 - يىلى يەركەن دەرياسىغا تۆمۈر بېتون كونتروكسىيىلىك زامانىۋى كۆۋرۈك ياسىلىپ قاتناش باشلاندى . بۇ كۆۋرۈك 24 ئاراشلىق بولۇپ ، ھەربىر ئاراشنىڭ ئارىلىقى 22.2 مېتىردىن كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 540.8 مېتىر كېلىدۇ .

يەركەندىن مىڭلىققا 35 يول كېلىدۇ . 1916 - يىلى بۇ يەردە 30 نەچچە ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى . يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردا 200 ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى . مىڭلىقتىن يەركەن دەرياسىغا 40 يول كېلىدۇ .

يەركەن دەرياسىدىن پوسكام بازىرىغا 57 يول كېلىدۇ . 1916 - يىلى پوسكام بازىرىدا 200 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ، ھۆكۈمەتكە تەۋە بىر دەڭ ، شەخسكە تەۋە ئۈچ دەڭ بار ئىدى . يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردا 500 ~ 600 ئۆيلۈك دېھقان بار بولۇپ ، ئۇ يەردە قەلئە ( سېپىل ) يوق ئىدى .

## پوسكام ناھىيىسى

پوسكام ① ناھىيىسى كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە ، يەركەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا

---

① پوسكام — قەدىمدە زەرەپشان دەپ ئاتىلاتتى . ھازىر بۇ نام خەنزۇچىدا « 泽普 » دەپ ساقلىنىپ قالغان . پوسكام « قاراۋۇل ئېغىزى » دېگەن سۆز « ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى » ، 1998 - يىل 16 - ئىيۇن سانى .

www.uyghurkitap.com

جايلاشقان . پوسكام ئېلگىرى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى . مىنگونىڭ 10 ـ يىلى ( 1921 ـ يىلى ) پوسكام ناھىيىسى تەسىس قىلىندى .

1986 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، پوسكام ناھىيىسىدە ئون يېزا ، ئىككى بازار بار ، ئومۇمىي نوپۇسى 123 مىڭ 100 ئىدى . پوسكام بازىرىدا 11 مىڭ 750 نوپۇس بار ئىدى .

## پوسكام ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

پوسكام ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76° 52′ ～ 77° 29′ ، شىمالىي كەڭلىك 37° 51′ ～ 38° 19′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 1096.2 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1706 كىلومېتىر كېلىدۇ . يېرى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا پەسىيىپ بارىدۇ . يەر يۈزى تۈز ، مۇنبەت ، زەرەپشان دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ . پوسكام ناھىيىسى ئاساسەن زەرەپشان دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن تەمىنلىنىدۇ . زەرەپشان دەرياسىدىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 550 مىليون كۇب مېتىر ، تىزناپ دەرياسىدىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلىنىدۇ . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4 ℃ ، 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 6.2 ℃ ، 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 24.9 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 23 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 38.8 ℃ . يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 46.1 مىللىمېتىر ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2320.1 مىللىمېتىر . كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2716.6 سائەت ، قىروسىز مەزگىلى 217 كۈن . ئاساسلىق كان بايلىقى كۆمۈر ، نېفىت . دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن بۆرە سامسىقى ، سېرىق يۆگەي ، چۈچۈكبۇيا ، چاكاندا ، توشقان زەردىكى قاتارلىقلار چىقىدۇ . تۈلكە ، ئىپار چاشقىنى ، يىلان قاتارلىقلار بار .

پوسكامدىن چىقىپ 21 يول ماڭسا كونا ئىككسۇ بازىرىغا كېلىدۇ . 1916 ـ يىلى ئىككسۇدا يۈزنەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . توققۇز كۆۋرۈككە ( ئەمەلىيەتتە كۆۋرۈك يوق ) 31 يول كېلىدۇ . قاچى كۆۋرۈككە ( بۇ تىزناپ دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى ) 34 يول كېلىدۇ ، كۆۋرۈك ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن يېرىم يول ( 250 مېتىر ) كېلىدۇ . ئۇ گۇاڭشۈينىڭ 23 ـ يىلى ياسالغان .

يېڭى ئىككىسۇ بازىرىغا 46 يول كېلىدۇ . ئۇ يەردە 200 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . قارغىلىق بازىرىغا 73 يول كېلىدۇ . پوسكامدىن قارغىلىققا كەلگۈچە يول ياقىسىدا يېزا ـ قىشلاقلار ئۇزۇلمەيدۇ . 1916 ـ يىلى قارغىلىق بازارىدا 30 مىڭدىن ئوشۇق نوپۇس ، تۆت ئۆيلۈك ئىنگلىز ، 143 ئۆيلۈك رۇس سودىگىرى بار ئىدى . قارغىلىق مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ ، قارغىلىقتىن قەشقەر ، خوتەن ، تىبەت ، ھىندىستان ، كەشمىرلەرگە بارىدىغان يوللار بار ئىدى .

# قارغىلىق ناھىيىسى

ھازىرقى قارغىلىق ئىلگىرى قاغجىراپ ياتقان بوز يەر ئىدى . سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدە ، بۇ يەرگە ئاھالە كۆچۈرۈپ بوز يەر ئېچىپ ، بۈگۈنكى قارغىلىقنى بىنا قىلغان .« سۇلتان سەئىدخان قاغجىراپ ياتقان دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئاھالە كۆچۈردى . خوتەن بىلەن يەركەن ئارىلىقىغا جايلاشقان بۈگۈنكى قارغىلىق بازىرى شۇ مەزگىلدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ». ①

« قارغىلىق » دېگەن نام توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت . بىرىنچى قاراشتا قارغىلىق ــ ئەسلى « قالغۇلۇق » تىن ئۆزگەرگەن . پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ، قارغىلىق ــ يېرى مۇنبەت ، سۈيى مول ، دېگەندىن ئىبارەت . خەلقى باياشات ۋە مېھماندوست ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان ئەمگەك كۈچىگە موھتاج يۇرت بولغاچقا ، شەھەر ـ شەھەرلەردىن كەلگەن يېتىمچىلار بۇ جايدا ئاسانلا ماكانلىشىپ قالىدىكەن . شۇڭا ، « قالغۇلۇق » ( كەتمەي قېلىپ قالىدىغان يەر ) دەپ ئاتالغانىكەن دېگەندىن ئىبارەت . ئىككىنچى قاراشتا قارغىلىق ــ قارغا كۆپ جاي دېگەن سۆز . ئىلگىرى بۇ جايدا قارغا كۆپ بولغاچقا ، شۇنداق ئاتالغانىكەن ، دېگەندىن ئىبارەت .

قارغىلىق ناھىيىسىنىڭ يېرى كەڭ ۋە مۇنبەت ، ئىقلىمى مۆتىدىل ، سۈيى مول . ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۈچ دەريا ۋە 28 بۇلاقنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 31 مىليون 23 مىڭ كۇب مېتىر ( ئۇلۇغ دەرياسى 158 مىليون كۇب مېتىر ، ئاقيار دەرياسى 4 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر ، تىزناپ

---

① لىيۇزىشياۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » . مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى ، 768 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەرياسى 771 مىلىيون كۇب مېتىر ، 28 بۇلاقنىڭ 98 مىليون 30 مىڭ كۇب مېتىر ) .

1882 ـ يىلى قارغىلىق ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ يەركەنگە قارايدىغان بولغان . دەسلەپتە قارغىلىق ناھىيىسى ھازىرقى قارغىلىق ، پوسكام ، گۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . 1902 ـ يىلى پوسكام ، گۇما ئايرىم ناھىيە بولدى . بۇ چاغدا قارغىلىقتا 26 مىڭ 304 تۈتۈن ، 188 مىڭ 564 نوپۇس بار ئىدى . قارغىلىق جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى خوتەن مەمۇرىي رايونىغا قارىدى . مىنگونىڭ 31 ـ يىلى ( 1942 ـ يىلى ) يەركەن مەمۇرىي رايونىغا قارىدى . 1956 ـ يىلدىن بۇيان قەشقەر ۋىلايىتىگە قارىدى . ھازىر ئۇنىڭغا 17 يېزا ، ئۈچ بازار قارايدۇ . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، ئۇنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 279 مىڭ 300 ، قارغىلىق بازىرىدا 16 مىڭ 495 نوپۇس بار ئىدى .

## قارغىلىق ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

قارغىلىق ناھىيىسى زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 77° 25′12″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 37° 52′54″ قا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ جەنۇبى قارا قۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق ھىندىستان ۋە كەشمىرلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ ، كۆلىمى 28 مىڭ 266.3 كۋادرات كىلومېتىر . ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1760 كىلومېتىر كېلىدۇ . يېرىنىڭ جەنۇبى ئېگىز ، شىمالى پەس ، جەنۇبىي قىسمى ئېگىز تاغلىق رايون بولۇپ ، قارا قۇرۇم ۋە قۇرۇم ( كۇئىنلۇن ) تاغ تىزمىلىرىدىن تەركىب تاپقان . دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىز . ئەڭ ئېگىز تىرام كەگرى چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7464 مېتىر ئېگىز . دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن ئېگىز تاغلاردىن قار ـ مۇز كەتمەيدۇ . شىمالىي قىسمى دېڭىز يۈزىدىن 1700 ~ 2000 مېتىرغىچە ئېگىز بولۇپ ، تىنما تۈزلەڭلىك . شەرقىي شىمالى قىسمى قۇملۇق بولۇپ ، تۇز ۋە قۇم بارخانلىرى بار . دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئەتراپىدا ئېگىز . ئىقلىمى جەھەتتىن ئېيتقاندا پوسكام ناھىيىسى بىلەن ئوخشاش .

## تىزناپ دەرياسى

تىزناپ دەرياسى قۇرۇم تاغلىرىدىكى سېرىق داۋان ئەتراپىدىكى 5y651 نومۇرلۇق مۇزلۇقتىن باشلىنىپ ، كۆدە ، چوڭداڭ ئېغىزى ، دەنزىل ،

ئاۋاتباغ، ئۈزۈملۈك، توغرال، جەمجۇم، قاجى، تۈگمەنبېشى، باغئاۋاتتىن ئۆتۈپ مەكىت تەۋەسىگە كىرىپ، قارىدۆڭ، ئازادباغ ۋە مەكىت بازىرىنىڭ شىمالىدىكى يېزىلارغىچە بارىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 186 كىلومېتىر، سۇ يىغىش مەيدانى 5808 كۋادرات كىلومېتىر. ئۈجمىلىك سۇ پونكىتى 23 يىل ئۇدا ئۆلچەپ چىقارغان ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $21.4m^3/s$، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 771 مىليون كۇب مېتىر، ئەڭ كۆپ يىلى (1967 ـ يىلى) 1 مىليارد 60 مىليون كۇب مېتىر. ئەڭ ئاز يىلى (1965 ـ يىلى) 585 مىليون كۇب مېتىر بولغان.

تىزناپ دەرياسى ئېگىز قارلىق تاغلاردىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىدىغان بولغاچقا، يىلنىڭ ھەرقايسى پەسىللىرىدىكى سۇ مىقدارى بىرخىل ئەمەس. 7 ـ ئايدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $90.2m^3/s$، 1 ـ ئايدا ئەڭ ئاز بولۇپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $3.63m^3/s$.

قارغىلىق بىلەن گۇما ئارىلىقىدىكى ئۆتەڭلەر توغرىسىدا ئىككى خىل مەلۇمات بار: بىرىنچىسى، 1916 ـ يىلى شېبىن يازغان ساياھەت خاتىرىسى؛ ئىككىنچىسى، بۇ يوللارنى كۆپ قېتىم باسقان يەرلىك پېشقەدەملەردىن ئىگىلىگەن مەلۇمات.

1. شېبىن خاتىرىسىدىكى ئۆتەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇساپىلىرى :①.

قارغىلىقتىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 4 يول ماڭسا تۇرا (پوتەي) غا كېلىدۇ. 10 يول ماڭسا چۆل باشلىنىدۇ، يولنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىكى كەنتلەر يولدىن يىراقتا كۆرۈنىدۇ. چاشمۇقتا 12 يول كېلىدۇ. ئەينى چاغدا، بۇ جايدا يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا سەككىز ـ توققۇز ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. ئاقچىغا 20 يول كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئىككى ئۆيلۈك ئادەم بار، بۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن قۇملۇق چۆل باشلىنىدۇ. ئېقىنغا 34 يول كېلىدۇ. بۇ يەردە ناھايىتى يىراقتىن كېلىدىغان ئېقىن، قاتار ئۆسكەن تېرەك ۋە سۆگەتلەر، بىر تۈگمەن ۋە تۆت كىچىك دەڭ، دەڭ يېنىدا ئۆستەڭ بار. قوشلەڭگەرگە 48 يول كېلىدۇ. بۇ يەردە ياقۇپبەگ ياساتقان بىر مەسچىت، ھۆكۈمەتكە تەۋە بىر دەڭ ۋە 20 نەچچە ئېغىز ئۆي بار. تازغۇنغا 79 يول كې-

① ئۆتەڭ ئارىسىدىكى مۇساپىلەردە خاتالىق كۆپ بولغاچقا، مۇساپىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

لىدۇ . ئەينى ۋاقىتتا تازغۇن قارغىلىق بىلەن گۇمىنىڭ چېگرىسى ئىدى . چولاقتا 96 يول كېلىدۇ . بۇ جاي ھازىر قارغىلىق بىلەن گۇمىنىڭ چېگرىسى . چولاق ئۆتىكى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ياسىتىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ قورۇلۇشلىرى قوشلەڭگەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ . ئۇ جايدا يەنە ئەينى چاغدا چىرايلىق سېلىنغان پېشايۋانلىق بىر مەسچىت بار . ئۆتەڭ باقىدىغان ۋە ئۆتەڭ يەرلىرىنى تېرىيدىغان ئون ئۆيلۈك ئادەم بار . دەڭ ئالدىدا چوڭ بىر كۆل بولۇپ ، كۆل ئەتراپىدا 200 مودەك تېرىلغۇ يەر بار ئىدى .

چولاق دېگەن ئىسىم توغرىسىدا پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ، قەدىمكى زاماندا بۇ جايدا بىر چوڭ كۆل ۋە بىر تۇرا ( پوتەي ) بولۇپ ، قوشناغ ، ئىسمىللادىن كەلگەن ھاشارچىلار بۇ يەردە يىل بويى ھاشارغا ئىشلەيدىكەن . قاچقانلارنىڭ قولى كېسىپ تاشلىنىدىكەن . شۇڭا ، بۇ جاي چولاق دەپ ئاتالغانىكەن .

چولاقتىن شىلىققا 40 يول كېلىدۇ . ئەينى چاغدا بۇ جايدا بىر كىچىك دەڭ بار ، ئاھالە يوق ئىدى . موكويلا ( موكويلا دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى جاي بولۇپ ، بىرى گۇما بىلەن چولاق ئارىلىقىدىكى كىچىك ئۆتەڭ ، يەنە بىرى گۇما بىلەن موجى ئارىلىقىدىكى بىر مەھەللە ) . چولاقتا 55 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا كىچىك بىر دەڭ ۋە ئىككى ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . چولاقتىن گۇما بازىرىغا 90 يول كېلىدۇ . ئۇ يەردە قەلئە ( سېپىل ) يوق ئىدى .

2 . پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ، قارغىلىق بىلەن گۇما ئارىلىقى ئىككى مەنزىل يول بولۇپ ، ئۇ تۆۋەندىكى ئۆتەڭلەردىن ئۆتىدىكەن : قارغىلىقتىن بەشئېرىققا 15 يول ، لوققا 26 يول ، چولاققا 96 يول ، ساغانغا 169 يول ، گۇما بازىرىغا 185 يول كېلىدۇ . گۇما بازىرىدا قەلئە يوق ئىدى .

## گۇما ناھىيىسى

گۇما ئەڭ قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتەڭلىرىنىڭ بىرى ئىدى . گۇمىدىن قەشقەر ، خوتەن ، تىبەت ۋە ھىندىستانلارغا بارىدىغان يوللار بار . گۇما ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە ، قورۇم ( كوئىنلۇن ) تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان . ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى قارا قورۇم تېغى ئارقىلىق ھىندىستان

بىلەن چېگرىلىنىدۇ . گۇما بازىرى ئاۋات بازار ئىدى .

1902 ـ يىلى گۇما ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ ، ئۇ يەركەنگە قارايدىغان بولدى . شۇ چاغدا گۇما ناھىيىسىدە 7879 تۈتۈن ، 44 مىڭ 184 نوپۇس بار ئىدى . مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ خوتەنگە قاراپ كەلگەن . 1986 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، گۇما ناھىيىسىدە 13 يېزا ، ئىككى بازار ، 170 مىڭ نوپۇس بار ، گۇما بازىرىدا 25 مىڭ 519 نوپۇس بار ئىدى .

## گۇما ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

گۇما ناھىيىسى قارا قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق °78 ′71 ۋە شىمالىي كەڭلىك °37 ″07′40 قا جايلاشقان . ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى قارا قۇرۇم تېغى ئارقىلىق ھىندىستان (ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر ) بىلەن چېگرىلىنىدۇ . يەر شەكلى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ بولۇپ ، بەش بۆلەككە ئايرىلىدۇ . جەنۇبىي قىسمى ئېگىز تاغلىق رايون بولۇپ ، چارۋىچىلىق رايونى ، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكىدىكى جىلغىلىق رايون بولۇپ ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونى ، شىمالىي قىسمى تۈزلەڭلىك بولۇپ ، ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونىدۇر . ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە تاغلىق رايون 37.9% ، تۈزلەڭلىك 22.6% ، قۇملۇق 39.5% ، دېھقانچىلىققا باب كېلىدىغان يەر 13.1% نى تەشكىل قىلىدۇ . تېرىلغۇ يەر 27 مىڭ 867 گېكتار . ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى تۈزلەڭلىكلەردە 51.3 مىللىمېتىر ، تاغ ئېتەكىدىكى جايلاردا 189.9 مىللىمېتىر ، ئېگىز تاغ رايونىدا 136.8 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2412.9 مىللىمېتىر . ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8 ℃ ، 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.1 ℃ ، 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.3 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 22.9 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41 ℃ ، قىروسىز مەزگىلى 217 كۈن ، كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2466.8 سائەت .

گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل ، تۇپرىقى مۇنبەت ، سۇ مەنبەسى مول . ئاساسلىق ئالتە دەريا ـ ئېقىن بولۇپ ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 683 مىليون كۇب مېتىر . تازغۇن دەرياسىنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 2227 كۋادرات كىلومېتىر ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 335 مىليون كۇب مېتىر . دۇۋا دەرياسىنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 685 كۋادرات كىلومېتىر ، يىللىق نورمال ئېقىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىقدارى 30 مىلىيون 100 مىڭ كۇب مېتىر . پوسكام ئېقىنىنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 352 كۋادرات كىلومېتىر ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 22 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر . سانجۇ دەرياسىنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 935 كۋادرات كىلومېتىر ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 254 مىليون كۇب مېتىر . قاراسۇ ئېقىنىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 38 مىليون 560 مىڭ كۇب مېتىر . سولىغاز ئېقىنىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 2 مىليون 840 مىڭ كۇب مېتىر . ئۇنىڭدىن باشقا بەش بۇلاقنىڭ سۈيى 78 مىليون 440 مىڭ كۇب مېتىر .

گۇما ناھىيىسىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن گۈلە ( ئۆرۈك قېقى ) ، ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ــ سىرتىدا داڭلىق . ناھىيە تەۋەسىدە ماگنىت رودىسى ، كۆمۈر ، مانگان ، ئاق چىرىمتال قاتارلىق كان بايلىقلىرى ، قانتىپەر ، چۇچۇكبۇيا قاتارلىق دورا ماتېرىياللىرى ، جەرەن ، چىپار بۆكەن ، سۇغۇر قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار . گۇما ناھىيىسىدە يەنە توققۇز ئورۇندا سانجۇ قىيا تاش رەسىملىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىزلىرى بار .

## « گۇما » دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

ھازىر گۇما دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ جاينىڭ ئەسلى ئىسمى « پىشا » ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە ، قەدىمكى « پىشا » دۆلىتىنىڭ ئورنى زاڭگۇينىڭ تەخمىنەن 10 يول شىمالىدىكى قەدىمكى خارابە جايدا بولۇپ ، پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ جايدا ئۆرۈك ياخشى پىشمايدىكەن . ئەجدادلىرىمىز بۇ جايىنى ئۆزلەشتۈرۈش مەقسىتىدە ھەرخىل ئۆرۈك سورتلىرىنى ئۆستۈرۈپ كۆرۈپتۇ . بۇ جەرياندا كىشىلەر دائىم بۇ جايدا ئۆرۈك پىشارمۇ دەپ سورايدىكەن . ئۆرۈك ئۆستۈرگۈچىلەر « پىشا » دەپ جاۋاب بېرىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى « پىشا » بولۇپ قاپتۇ . يىللار ، ئەسىرلەر داۋامىدا پىشا ، پىشايۋان دېگەن ناملارغا ئۆزگىرىپتۇ . خەنزۇچە « پىشەن » دېگەن نام ئەنە شۇ « پىشا » دىن ئۆزلەشكەن . كېيىنچە بۇ جايدىكى كىشىلەر بارا ــ بارا ھازىرقى گۇمىغا كۆچۈپتۇ . گۇمىنىڭ ئەينى زامانىدىكى

نامى « قۇما »① ئىكەن . چۈنكى ، ئۆيلىرى قۇمغا ئوخشاش ياسالدىكەن ( هازىرمۇ بۇنداق ئۆيلەر كۆپ ) . كېيىنچە قاراخانىيلار ئىسلام ئاچقىلى كەلگەندە ، بۇ يەردىكى كىشلەر ئۇلاردىن گۇمان قىلىپ دەسلەپتە ئىسلامغا كىرمىگەنىكەن ، ئۇلۇغلار : « گۇمىدا گۇمان قالدى ، ئىككى تاغ ئارىسىدا ( سانجۇنى دېمەكچى ) بى ئىمان جوهۇت قالدى » دەپ قارغاپ كەتكەنىكەن . شۇنىڭ بىلەن ، بۇ جاينىڭ نامى « گۇمان » دەپ ئاتىلىپتۇ . يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن « ن » ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ ، « گۇما » بولۇپ قاپتۇ .

## تازغۇن دەرياسى ( گۇما دەرياسى )

تازغۇن دەرياسى قۇرۇم تاغلىرىدىكى 5y651 نومۇرلۇق مۇزلۇقتىن باشلىنىپ ، كېڭئاز ، سازام ، ساغان ، گۇما بازارلىرىدىن ئۆتۈپ ئاۋاتقا بارىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمي ئۇزۇنلۇقى 45 كىلومېتىر ، سۇ يىغىش مەيدانى 2227 كۋادرات كىلومېتىر ، گۇما سۇ پونكىتى 21 يىل ئۇدا ئۆلچەپ چىققان يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $10.6m^3/s$ ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 335 مىليون كۇب مېتىر . ئەڭ كۆپ يىلى ( 1967 ـ يىلى ) 461 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1979 ـ يىلى ) 269 مىليون كۇب مېتىر بولغان . تازغۇن دەرياسى ئېگىز قارلىق تاغدىن باشلىنىدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ سۇ مىقدارى پەسىلگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . 7 ـ ئايدا ئەڭ كۆپ بولۇپ ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $35.2m^3/s$ ، 1 ـ ئايدا ئەڭ ئاز بولۇپ ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $1.11m^3/s$ .

## ياغاچ ئۆي قەدىمكى شەھىرى

ياغاچ ئۆي قەدىمكى شەھىرى خارابىسى گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ 140 كىلومېتىر شىمالىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىگە جايلاشقان . بۇ شەھەرنىڭ بىنا بولغان ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ . تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە ، گۇمىنىڭ ئەسلى ئورنى ياغاچ ئۆي قەدىمكى شەھىرىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن . كېيىنچە ئېكولوگىيىلىك ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن بۇ جاينى قۇم بېسىۋالغاندىن كېيىن ، كىشلەر سۇ قوغلىشىپ هازىرقى گۇما ، قوشتاغ ، سانجۇ دەرياسى ۋادىلىرىغا كۆچكەن . ياغاچ ئۆي قەدىمكى

---

① قۇما ـــ يۇلغۇن ياكى توغراق نوتىلىرىدىن ياسالغان ئۆي قۇشلىرىنىڭ كاتىكى .

شەھرى خارابىسى بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ جەنۇبتىن شى-
مالغا بىر تۈز سىزىق بويلاپ جايلاشقان.

بىرىنچى قىسمى باش بازار بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى 5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆت كوچا، كوچا ئەتراپىدا ئۆيلەر، ئۈزۈك - ئۈزۈك تاملار، قەبرىلەر بار. ساپال قاچا سۇنۇقلىرى، بەزى ئېچىلىپ قالغان جەسەتلەر ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچى قىسمى بۇلاقلىق كۆل بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن 10 كىلومې-تىر كېلىدۇ. بۇ جايدا ئايلانمىسى 10 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇرۇق كۆل، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قەدىمكى ئۆيلەر، ئېرىق - ئۆستەڭ، ئېتىزلار بار. بۇغداي، قوناق ئېگىزلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. يەر يۈزىدە ساپال پارچىلىرى، قەدىمكى تەڭگىلەر، مارجان، زىرائەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى بار. قەبرىستان-لىقلاردا ئېچىلىپ قالغان قۇرۇق جەسەتلەر ئۇچرايدۇ.

ئۈچىنچى قىسمى دىنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئايلانمىسى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جايدا ئىبادەتخانا، قاشالانغان قەبرىلەر بار. ئۇنىڭ-دىن باشقا بۇ جايدىن يەنە تۈگمەن تېشى قاتارلىقلار تېپىلدى.

تۆتىنچى قىسمى كەندىر كۆل بولۇپ، بۇ يەردە بەش كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بىر كۆل بار. كۆلنىڭ سۈيى تۇزلۇق، كۆل ئىچىدە قومۇش ئۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا خارابە ئۆيلەر، باراقسان ئۆسۈپ تۇرغان كەندىر، قومۇش ۋە جىگدە، توغراق، يۇلغۇنلار بار. ئۇ يەرگە بۇغا، ئې-يىق، بۆرە، ياۋا توڭگۇز، ئۇلار، ئۆردەك، غاز قاتارلىقلار ماكانلاشقان.

بەشىنچى قىسمى سېپىللىك بولۇپ، ئۇنىڭ كەندىر كۆل بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر. بۇ ياغاچ ئۆي قەدىمكى شەھىرىنىڭ مەركىزى. بۇ جاينىڭ كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومېتىر، ئەتراپى سېپىل بىلەن ئورالغان. شەھەر كوچىلىرى رەتلىك، كوچىنىڭ ئىككى قېشىغا قاتار - قاتار رەتلىك ئۆيلەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇلىغا خىش ياتقۇزۇلغان. تاملىرى سېغىز لايدىن قوپۇرۇلغان، ئىشىك - دېرىزىلىرى جىگدە ياغىچىدا ياسالغان. بۇ جايدىن مىس يارماق، مارجان، تەڭگە ۋە ياغاچ پۈتۈكلەر تېپىلدى. بۇ قەدىمكى شە-ھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر قەبرىدە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بىر ئايالنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدىكى چىرىمىگەن جەسىتى ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ

چىراي ـ شەكلىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ .

بۇ قەدىمكى شەھەر 1972 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن ① .

گۇمىدىن مۇجىغا 71 يول كېلىدۇ . مۇجىغا بارغۇچە تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

گۇمىدىن غازى خوجام ، موكويلاغا 24 يول كېلىدۇ . بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى تاغار ، پالاز ، ئەدىيال توقۇشنى كەسىپ قىلغاچقا ، « موكويلا » دەپ ئاتالغانىكەن .لاتالەڭگەرگە 31 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا ئەينى چاغدا يولغا قارايدىغان تۆت ئۆيلۈك ئادەم بار ئىكەن . چوداتوقايغا 45 يول كېلىدۇ ، ئەتراپتا 275 ئۆيلۈك دېھقان بار . مۇجىغا 71 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردە ئۆتەڭ ، بازار ۋە 60 ~ 70 ئۆيلۈك ئادەم بار . موجىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە 300 ئۆيلۈكتىن ئوشۇق دېھقان ، شۇنداقلا يەنە ھۆكۈمەتكە تەۋە بىر دەڭ ، ئۇنىڭدىن باشقا ھارۋا چۈشىدىغان بىر دەڭ ۋە ياتاقلار بار ئىدى .

مۇجى ـــ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان يەر دېگەن مەنىدە . لېكىن ، بەزىلەر بۇنى بۇرمىلاپ ئۇلۇغلار كەلگەندە بۇ جايدىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ خۇرجىنىنى مۇجۇپ بېقىپ « بىزگە نېمە ئەكەلدىڭلار » دېگەچكە ، « مۇجى » دەپ ئاتىلىپ قالغان ، دېيىشىدۇ . مۇجىدىن زاڭگۇيغا 45 يول كېلىدۇ ، بۇ جايغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلاردىن ئۆتىدۇ :

كونا سايباغ ، لوڭگى ، باشبۇلاق ، ئاياغبۇلاق ( ئاق پوتەي ) دىن ئۆتۈپ لەڭگەرگە كېلىدۇ . لەڭگەرگە 33 يول كېلىدۇ ، ئۇ جايدا ئىككى ئۆيلۈك ئادەم ، ئارامگاھ بار . زاڭگۇيغا 45 يول كېلىدۇ ، ئۇ جايدىمۇ بازار ۋە ئۆتەڭ ، 50 نەچچە ئۆيلۈك ئادەم ، يېقىن ئەتراپتا 680 نەچچە ئۆيلۈك دېھقان ۋە ھۆكۈمەتكە تەۋە بىر دەڭ ، شەخسكە تەۋە بىر دەڭ بار . زاڭگۇينىڭ ئون نەچچە يول شىمالىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى قەدىمكى « پىشا » ( گۇما ) دۆلىتىنىڭ قەلئە خارابىسى بار . چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي يىللىرى ، بۇ جايدىن بىر مۇنچىلىغان ئاسارئەتىقىلەر قېزىۋېلىنغان .

زاڭگۇي ـــ ئەسلى زەنگۇيا ( چىرايلىق قىز دېگەن مەنىدە ) دىن ئۆزگەرگەن . لېكىن ، بەزى سۆزمەنلەر ئۇلۇغلار زاڭگۇيغا كەلگەندە

---

① « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » ، 1991 ـ يىل 3 ـ سان .

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا زاڭ ئاش ( سەي سىلىپ يەيدىغان قوناق ئۇمىچى ) ئىتىپ ئىلىپ چىقىقاچقا ، زاڭگۇي دەپ نام قويغانىكەن ، دېيىشىدۇ . بۇ كۆزقارىش خاتا ، ئەلۋەتتە . زاڭگۇيدىن پىيالمىغا 74 يول كېلىدۇ ، بۇ جايغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ :

دەڭبوي ، ئاق يەر تىرەك ، قىزىلتام يار ، تەتۇر پوتەي ، قامغاقلىق پوتەي ، ئاق پوتەيلەرنى بېسىپ ساي لەڭگەرگە كېلىدۇ . ساي لەڭگەرگە 55 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئۆتەڭ ، ئۈچ ئۆيلۈك ئادەم ، شۇنداقلا تىم قاتارلىق ئاسارئەتىقە ئورنى بار . پىيالمىغا 74 يول كېلىدۇ ، ئۇ جايدا ئۆتەڭ ۋە بازار ، ئون نەچچە ئۆيلۈك ئادەم ، يەنە ھۆكۈمەتكە تەۋە ۋە شەخسكە تەۋە ئىككى دەڭ ، ھارۋا چۈشىدىغان بىر دەڭ بار ئىدى .

پىيالما ــــ بەزىلەر پىيالما ئەسلى « بىر ئالما » دېگەندىن ئۆزگەرگەن دېسە ، يەنە بەزىلەر « پىر ئالمىغان »( داخانغا ئىشەنمىگەن ) دىن ئۆزگەرگەن ، دېيىشىدۇ .

**ئىسكىرتىش** : يول ئۈستىدىكى پوتەي نامى بىلەن ئاتالغان جايلار توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار : قەشقەرلىك مىرزا ھېكىمبەگ بۇ يۇرتتىن ئۆيلىنىپ ، كېيىن ھامىلدار ئايالىنىڭ خېتىنى بىرىپ يۇرتىغا كېتىپتۇ . ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇقۇشماي ئۆز قىزىنى نىكاھىغا ئاپتۇ . قىز ئۆزىنىڭ نەسەبىنى ئېيتقاندىن كېيىن ، مىرزا ھېكىمبەگ قاتتىق پۇشايمان قىلىپ خۇداغا زار ـ زار يىغلاپ تۆۋە قىپتۇ . ئاخىر ئۆز گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ، ئۇ قەشقەردىن نىيىغىچە بولغان جايلارغا نۇرغۇن مەسچىت ، كۆۋرۈك ، تۇرا ( پوتەي ) لارنى سالدۇرۇپتۇ . بۇ پوتەيلەر ئەنە شۇ كىشى تەرىپىدىن ياسالغانىكەن .

پىيالمىدىن زاۋاغا 85 يول كېلىدۇ ، بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ :

پىيالمىدىن قىزىل سىڭىزغا 16 يول ، تاختىبەنگە 30 يول كېلىدۇ . ئۇ يەردە بىر نەچچە ئېغىز بۇزۇلغان ئۆي بار ، قۇدۇق يوق ، ئىچىدىغان سۇنى پىيالمىدىن توشۇپ كېلەتتى . قېتىق ، تۇخۇم ، مېۋە ـ چېۋە ساتىدىغانلار بار ئىدى .

**تاختىبەن دېگەن ئىسىم توغرىسىدا** قەدىمكى زاماندا گوما بىلەن خوتەننىڭ چېگرىسىنى ئايرىش ئۈچۈن بۇ جايغا تاختاي قادالغانىكەن . شۇڭا ، ئۇ « تاختىبەن » دەپ ئاتالغان . ئۇ يەردىن ئۆتسە گۇمبەزگە كېلىدۇ .

پىيالمىدىن ئاق لەڭگەرگە 47 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردە بىر دەڭ ، ياقۇپبەگ ياساتقان بىر قورغان ، قۇدۇقلار بار ، ئەمما سۈيى ئاچچىق . قۇمات پادىشاھىمغا 65 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا بىر قەبرە بولۇپ ، ئۇ قۇمات پادىشاھىمنىڭ قەبرىسى ئىكەن .

قۇمات پادىشاھىم — گۇمىنىڭ قەدىمكى پادىشاھى ئىكەن . شۇڭا ، يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكۈچە بۇ جاينى ئۇلۇغلاپ ،دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ئۆتىدىكەن . ئىلگىرى بۇ جايدا پىيى يوق قىپقىزىل كەپتەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن . ئەگەر يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكۈچە دان چېچىپ ئۆتمىسە ، كەپتەرلەر قوغلاپ يۈرۈپ چوقىلايدىكەن . يېقىنقى يىللاردا بۇ جايغا « دۆڭ-فېڭ » سۇ ئامبىرى سېلىنغاچقا ، قەبرە سۇ ئاستىدا قالغان .

تاباقاشقا 75 يول ، زاۋاغا 85 يول كېلىدۇ . زاۋادا 20 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ،يەنە ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان بىر دەڭ ، ھارۋا چۈشىدىغان شەخسىي دەڭ ۋە ياتاقلار بار ئىدى . بۇ ئۆتەڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بىر قورغان خارابىسى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئايلانمىسى بىر يول ئەتراپىدا كېلىدۇ . زاۋادىن توخۇلا ( پەيشەنبە بازار ، ھازىر توخۇلا يېزىسى دېيىلىدۇ ) غا 22 يول ، قاراقاشقا 37 يول كېلىدۇ .

## قاراقاش ناھىيىسى

قاراقاش ئىلگىرى خوتەن ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى . 1919 - يىلى ئۇ خوتەن ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ، ئايرىم ناھىيە بولدى . ھازىر قاراقاش ناھىيىسىدە 16 يېزا ، بىر بازار بار . ئۇنىڭ 1986 - يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 308 مىڭ 200 . قاراقاش — ئەسلى دەريانىڭ ئىسمى بولۇپ ، قاراقاش ناھىيىسى قاراقاش دەرياسى ياقىسىغا جايلاشقان يۇرت بولغاچقا ، ئۇ قاراقاش دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان . قاراقاش ۋە يۇرۇڭقاش دېگەن ناملار تۇغرىسىدا « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن : « قاش ئۆ-گۈز — خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا ، ئۇنىڭ بىرى 〈 يۇرۇڭقاش دەرياسى 〉 دېيىلىدۇ . بۇ يەردىن سۈزۈك قاشتېشى چىقى-قاچقا ، دەريامۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان ؛ يەنە بىرى 〈 قاراقاش دەرياسى 〉 دېيىلىدۇ . بۇ يەردىن سۈزۈك قاراتاش چىققاچقا ، دەريامۇ شۇ نام بى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەن ئاتالغان . »[1]

## قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

قاراقاش ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ″ 44/30 °79 ، شىمالىي كەڭلىك ″ 17/19 °37 قا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2398.1 كۋادرات كىلومېتىر . ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1965 كىلومېتىر . يېرىنىڭ جەنۇبى ئېگىز ، شىمالى پەس ، جەنۇبى قىسمى تاغلىق رايون ، ئوتتۇرا قىسمى تىنىما تۈزلەڭلىك بولۇپ ، مۇھىم دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ غەربىي قىسمى تىنىما تۈزلەڭلىك ، بۇ يەر ناھايىتى كەڭ ئىپتىدائىي توغراقلىق ۋە يۇلغۇنلۇق . ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 106 مىڭ 667 گېكتار ( بىڭتۇەننىڭ 47 ـ تۇەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ) ، ھەرخىل ئوتلاق 15 مىڭ 933 گېكتار . ناھىيە تەۋەسىدە ئىككى دەريا ، توققۇز بۇلاق بار . قاراقاش دەرياسىدىن 1 مىليارد 458 مىليون 540 كۇب مېتىر سۇ ئالىدۇ . ئىقلىمى گويا ناھىيىسىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ .

كان بايلىقلىرىدىن ئالتۇن ، ئالماس ، برىلليانت ، ھاكتېشى ، قارا چېرىمتال قاتارلىقلار بار . ياۋايى ھايۋانلاردىن قىرغاۋۇل ، جەرەن ، تۈلكە ، ئۆلار ، سوغۇر قاتارلىقلار بار ، يەنە چۈچۈكبۇيا ، بۆرە سامسىقى قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرىمۇ چىقىدۇ .

### قاراقاش دەرياسى

قاراقاش دەرياسى قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېگىز ئومۇرتقىلىرىدىكى 5y665 ـــ 5y652 نومۇرلۇق مۇزلۇقلاردىن باشلىنىپ ، قىزىل يېرا ، ئارىشاڭ ، چوڭ يۇلغۇنلۇق ، كەڭشۋەر ، ئەشپەك ئاغزى ، بوستانتوغراق ، ئوچات ، لايقا ، قاراقاش ، ئەسكى ، يىلەنچى ، ئەلەمبۇلۇڭ ، سېسىق ئوت ، قوشلاشلاردىن ئۆتۈپ ، يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ .

قاراقاش دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 509 كىلومېتىر ، سۇ يىغىش مەيدانى 19 مىڭ 983 كۋادرات كىلومېتىر . ئۇلۇغ ئاتا سۇ پونكىتى ئۇدا 22 يىل ئۆلچەپ چىقارغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $69.6m^3/s$ ، يىللىق

---

[1] « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 2 ـ توم ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 208 ـ بەت .

نورمال ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 190 مىليون كۇب مېتىر ، سۇ ئەڭ كۆپ يىلى ( 1961 ـ يىلى ) 3 مىليارد 180 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1965 ـ يىلى ) 1 مىليارد 290 مىليون كۇب مېتىر بولغان . قاراقاش دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارى پەسىلگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . 7 ـ ئايدا ئەڭ كۆپ بولۇپ ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $244m^3/s$ ، 1 ـ ئايدا ئەڭ ئاز بولۇپ ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $8.7m^3/s$ بولىدۇ . ئىلگىرى قاراقاش دەرياسىدا كېمە ئۆتكىلى بار ئىدى . يولۇچىلار كېمە ئارقىلىق ئۆتەتتى .

قاراقاشتىن قاراقاش دەرياسىغىچە 5 يول ، خانئېرىققا 19 يول ، لاسكۇيغا 23 يول ، ئاقتاشقا 38 يول كېلىدۇ . خانئېرىق بىلەن ئاقتاش ئارىلىقىدا بالىماس دېگەن جاي بار . خوتەن كونىشەھەرگە 50 يول كېلىدۇ .

## خوتەن

خوتەن تارىختا « ئۇدۇن ، ئىلچى ، يوتقان » دېگەنناملار بىلەن مەشھۇر . خوتەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى ئىدى . ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئورنى قەدىمكى يىپەك يولى ياقىسىدىكى مۇھىم جايلارنىڭ بىرى بولۇپ ، نۇرغۇن يوللار ئۆزئارا تۇتىشىدىغان قاتناش تۈگۈنى ئىدى . خوتەندىن قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ شەرققە ماڭسا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغىلى ، غەربكە ماڭسا قەشقەرگە ، ئۇ يەردىن يەنە رىم ئىمپېرىيىسىگە بارغىلى ، جەنۇبقا ماڭسا كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ تىبەت ۋە ھىندىستانلارغا بارغىلى ، شىمالغا ماڭسا خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇغا بارغىلى بولاتتى . تارىختا خوتەن ئۆزىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى ، دۇنياغا مەشھۇر قاشتېشى ، گىلەمچىلىك ۋە يىپەكچىلىك ( ئەتلەسچىلىك ) سانائىتى بىلەن مەشھۇر ئىدى . بۈگۈنكى كۈندە ، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولۇۋاتىدۇ . خوتەن دۇنيا بويىچە قاشتېشى سانائىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان جاي بولۇپ ، « يىپەك يولى » ئېچىلىشتىن نۇرغۇن ئەسىرلەر ئىلگىرىلا ، شىنجاڭدا قاشتېشىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە غەرب ئەللىرىگە توشۇيدىغان يوللار بەرپا قىلىنغان ، يول ئۈستىدە ئۆتەڭلەر ، ئۆتكەللەر تەسىس قىلىنغانىدى . بۇلار قاش توسما ( 玉塞 ) ، قاشقوۋۇق ئۆتكىلى ( 玉门关 ) ، قاشقوۋۇق ( 玉门 ) دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى «قاشتېشى» نى بۇيۇم، پۇل ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سودا ـ سېتىق قىلغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 770 ـــ 221 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن «تاغ ـ دەريالار قامۇسى» دا، يېگى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپلا خوتەندىن چىقىدىغان «كوئىنلۇن قاشتېشى» نىڭ توخارلار ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن ①.

## خوتەن ئەتلەسچىلىكى

ئەتلەس ـــ ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى يىپەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى. قەدىمكى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز پىلە بېقىپ، مەشۇت تارتىپ، شايى، ئەتلەس، تاۋار ـ دۇردۇن، كىمخاب قاتارلىق يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقارغان ھەمدە يىپەك يولىنى ئېچىپ، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ، يىپەك سودىسىنى جانلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئەتلەس يىپەكتىن توقۇلىدىغان رەخت بولغاچقا، قەدىمكى يۇنان ۋە رىم ئالىملىرىدىن كتىئاس، سترابون، خوبلىس ۋىسگىلى مارو، پلىنىي، پېتولېمېي قاتارلىقلار ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىنى «سېرسلىقلار دۆلىتى» (يىپەك دۆلىتى) دەپ يېزىشقان.

ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن بۇرۇنلا پىلە بېقىپ، مەشۇت تارتىپ، يىپەك توقۇمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شايى، ئەتلەس، كىمخاب، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى توقۇغان. تەبىئەتشۇناس، رىم يازغۇچىسى پلىنىي «تەبىئەت تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «سېرسلىقلارنىڭ ئورمانلىرىدىن يىپەك چىقىدۇ. ئۇ دۇنياغا مەشھۇر... ئۇلار كىمخاب، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى توقۇپ رىمغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدۇ» دەپ يازغان. ئۇ يەنە رىم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كىيىملىرىنىڭ سېرسلىقلار دۆلىتىدىن كېلىدىغان كىمخاب، تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن تىكىلىدىغانلىقى، سېرسلىقلار دۆلىتىدىن سېتىۋالغان يىپەكماللار ئۈچۈن، رىم تىللالىرىنىڭ سېرسلىقلار قولىغا چۇشۇپ كېتىدىغانلىقى توغرى-

---

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1989 ـ يىل 12 ـ دېكابىر ۋە 1990 ـ يىل 6 ـ دېكابىر سانلىرى.

سىدا ھەسرەتلىنىپ : « دۆلىتىمىزنىڭ تىللالىرىدىن ھىندىستان ، سېرسلىقلار ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق ئەللەرگە ھەر يىلى ئاز دېگەندە 100 مىليون سىتىركىرىس ( رىم تىللاسى ) ئېقىپ كېتىدۇ . مانا مۇشۇ پۇللار دۆلىتىمىزدىكى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ بۇزۇپ ـ چېچىپ خەجلىشى ئۈچۈن كېتىدۇ » دەپ يازغانىدى . بۇ سۆزلەر ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ياۋروپالىقلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك ماللىرىنى ئىستېمال قىلغانلىقىنى كۈچلۈك پاكىت ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن . « شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەپسىرات » دېگەن كىتابنىڭ 6 ـ جىلدىدا : « شىنجاڭدىكى خوتەن ئۇيغۇر-لىرى پىلە بېقىش ، مەشۇت تارتىش ۋە شايى توقۇشنى بىلىدۇ » دېيىلگەن . « غەربىي يۇرت توغرىسىدا خاتىرىلەر » دېگەن كىتابنىڭ 2 ـ جىلدىدا : « خوتەندە ياۋا پىلە ئىنتايىن كۆپ ، ئۇنىڭدىن توقۇلغان شايى ، ئەتلەس ، چۇچۇنچىلەر ئىنتايىن پىششىق ، پارقىراق ۋە ئېسىل بولىدۇ » دېيىلگەن . « سوگمۇنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى » دېگەن كىتابتا : « ئۇيغۇرلار يىپەك چىقىرىدۇ . مەشۇتتىن يىپ تارتىدۇ ، رەڭدار يىپەك كىيىم كىيىدۇ . يەنە كالۋۇتۇن ئىشلەشكە ماھىر ، توقۇلغان يىپەك ماللار جۇلالىنىپ ، تېخىمۇ كۆركەملىشىپ كېتىدۇ » دېيىلگەن . يۇقىرىقى بايانلار قەدىمكى خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . رۇسىيە تارىخچىسى ئا . ن . كروپاتكىن « قەشقەرىيە » ناملىق كىتابتا : « خوتەن رايونىنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق سانائىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، بۇ يەرنىڭ يىپەك مەھسۇلاتى يەرلىك خەلقنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپلا قالماي ، بەلكى مەملىكەت بويىچە بوز رەختتىن قالسىلا ئەڭ مۇھىم ئېكسپورت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ . . . يەنە ئەتلەس ، بەقەسەم ، شايى قاتارلىق يىپەك رەختلەرنىمۇ توقۇشقا باشلىغان » دەپ يازغان ① .

يۇقىرىقىدەك تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ، شىنجاڭدا يىپەكچىلىك ناھايىتى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، خوتەن ، لوپ ، يەركەن قاتارلىق جايلاردا يىپەكچىلىك ، ئەتلەسچىلىك كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ ، قارا ئەتلەس ، قىزىل ئەتلەس ، سېرىق ئەتلەس ، يەركەن ئەتلىسى قاتارلىق ئەتلەسلەر توقۇلغان .

---

① « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » . 1990 ـ يىل 25 ـ دېكابىر سانى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1959 ـ يىلى نىيە ناھىيىسىنىڭ نىيە قەبرىستانلىقىدىن مىلادىيە 2 ـ ، 3 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە بىر پارچە كۆك رەخت تېپىلغان . شۇ يەردىن چىققان بىر ئايال جەسەتنىڭ ئۇچىسىدىكى يۇپۇق ، كىيىم ـ كېچەك ئاساسەن يىپەكتىن توقۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ گۈللىرى ۋە كەشتىلىرى ناھايىتى نەپىس ، كۆركەم ئىشلەنگەن . لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن چىققان جەسەتكە سېرىق بويالغان تونچە كۆڭلەك كىيگۈزۈلگەن ، پالاسقا ئورالغان جەسەتنىڭ قولىغا پەلەي كىيگۈزۈلۈپ ، يۈزىگە شايى يېپىلغان . بۇ قەبرىستانلىقتىن يەنە 1000 پارچىغا يېقىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى چىققان بولۇپ ، ئۇلار ئاساسەن يۇڭ ، يىپەك توقۇلمىلاردىن ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلەر ئىدى .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپ چىقارغان ئەتلىسى رەڭگىگە قاراپ ، قارا ئەتلەس ( خان ئەتلىسى ) ، قىزىل ئەتلەس ، سېرىق ئەتلەس ، يەركەن ئەتلىسى قاتارلىق تۆت خىلغا بۆلۈنگەن . بۇ ئەتلەسلەرنىڭ توقۇلۇشى مۇرەككەپ ، رەڭدار ، خىلمۇ خىل بولۇپ ، ئۇ تېگىدىن گۈل چىقىرىپ توقۇلىدۇ .

خوتەن گىلەمچىلىكىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ ، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى ، گۈل ۋە نۇسخىلىرىنىڭ كۆركەم ھەم ھەر خىللىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر . ئۇنىڭدىن باشقا خوتەندە يەنە ئالتۇن كانلىرى كۆپ ، ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن تارىختىن بۇيان خوتەن تاغلىرىدا ئالتۇن كانلىرىنى ئېچىپ ئالتۇن ئېلىپ كەلگەن . خوتەن يەنە مېۋە ـ چېۋە ماكانى بولۇپ ، خوتەن ياڭىقى ئۇزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ، يوغانلىقى ، پوستىنىڭ نېپىزلىكى بىلەن مەشھۇر . خوتەننىڭ قەدىمكى تارىخى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا شەھەر ( قەشقەر ، يەركەن ، ئاقسۇ ) لەر بىلەن ئوخشاش . شۇڭا ، ئايرىم توختالمايمەن .

# خوتەن ناھىيىسى

## خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

خوتەن ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79° 55′ 52″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 38° 07′16″ قا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپى كەشمىر بىلەن ، شەرقىي جەنۇب تەرىپى تىبەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ . ئومۇمىي كۆلىمى

42 مىڭ 745.5 كۋادرات كىلومېتىر . ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1983.3 كىلومېتىر . خوتەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمى يۇرۇڭقاش دەرياسى ، غەربىي قىسمى قاراقاش دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ . جەنۇبىي قىسمىنى قۇرۇم تېغى ( كۇئېنلۇن ) توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ . ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولغان قارا تاغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7562 مېتىر . ناھىيە يېرىنى 4 قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ : جەنۇبىي قىسمى تاغلىق رايون ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3500 مېتىر بولۇپ ، يايلاق ھېسابلىنىدۇ ؛ ئېگىز ـ پەس تاغ قاپتىلىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 مېتىردىن 3500 مېتىرغىچە بولۇپ ، تاغلىق قىشلاق ھېسابلىنىدۇ ؛ ئوتتۇرا قىسمىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1300 ~ 1500 مېتىر ئېگىز جايلار ناھىيىنىڭ قەدىمىي بوستانلىقى ھېسابلىنىدۇ ؛ شىمالىي قىسمىدىكى ئىككى دەريا ئارىسىدىكى قۇملۇق رايون يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق رايونىدۇر . ناھىيە بويىچە تېرىشقا بولىدىغان يەر 83 مىڭ 333 گېكتار ، ئوتلاق 304 مىڭ 330 گېكتار ، ئورمانغا باب كېلىدىغان يەر 26 مىڭ 247 گېكتار . سۇ مەنبەسى ياخشى ، قاراقاش ، يۇرۇڭقاش دەريالىرىنىڭ سۈيى مول . 1983 ـ يىلى سۇغىرىش رايونىغا باشلانغان سۇ 527 مىليون كۇب مېتىر . بوستانلىقنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃ 12.1 ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى ℃ 40.6 ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ℃ 12.6 ، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 34.8 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2563.4 مىللىمېتىر ، قىروسىز مەزگىلى 201 كۈن .

## يۇرۇڭقاش دەرياسى

يۇرۇڭقاش دەرياسى قۇرۇم تاغلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 6000 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان ئېگىز ئۇمۇرتقىسى ( شىنجاڭ ـ شىزاڭ چېگرىسى ) دىكى 5y641 نومۇرلۇق مۇزلۇقتىن باشلىنىپ ، غەربىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ چىملىق ، تۆگەتاش ، مىڭتېكە ، شىلىككوش ، قاراكۆتاغقا كېلىپ ، شىمالغا بۇرۇلۇپ تۈزلۈق ، قۇمات ، مەلىكىئاۋات ، خوتەن ، يېڭىئېرىق ، ماياقلىق ، يامانبۇلۇڭ ، شىپاڭ ، ئاقچال ، ئاچچىق جىلغا ۋە قوشلاشلاردىن ئۆتۈپ ، قاراقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 325 كىلومېتىر ، سۇ يىغىش مەيدانى 14 مىڭ 575 كۋادرات كىلومېتىر . توڭگۇزلۇق سۇ پونكىتى ئۇدا 23 يىل ئۆلچەپ خۇلاسىلىگەن يىللىق ئوتتۇرىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېقىن مىقدارى $73.3m^3/s$. سۇ 7 ــ ئايدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $307m^3/s$، 1 ــ ئايدا ئېقىن مىقدارى ئەڭ ئاز بولۇپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $6.68m^3/s$ بولىدۇ. يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 310 مىليون كۇب مېتىر. ئەڭ كۆپ بولغان يىلى (1961 ــ يىلى) 3 مىليارد 710 مىليون كۇب مېتىر، ئەڭ ئاز بولغان يىلى (1965 ــ يىلى) 1 مىليارد 220 مىليون كۇب مېتىر بولغان.

## «خوتەن» دېگەن نام توغرىسىدا

بەزىلەر «خوتەن» دېگەن نام «ئۇدۇن» دېگەن نامدىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى قەدىمكى زاماندا، يەنى مىلادىيە 7 ــ ۋە 8 ــ ئەسىر ئارىلىقىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدە (هازىرقى كېرىيىدە) «ئۇدۇن دۆلىتى» دېگەن بىر دۆلەت بولغان، بۇ نام شۇنىڭدىن ئۆزگەرگەن دېسە، يەنە بەزىلەر «يوتقان» دېگەن نامدىن ئۆزگەرگەن، چۈنكى هازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ ئورنىدىكى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1000 يىل بۇرۇن) بۇرزات كەنتىدە يوتقان دېگەن جاي بولۇپ، يوتقان شەھىرى كۆچلۈك خان تەرىپىدىن 12 ــ ئەسىردە ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى خەلقلەر هازىرقى ئىلچى دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان، بۇ جاي كېيىن تەرەققىي قىلىپ شەهەرگە ئايلانغان، بۇنىڭ ئورنى هازىرقى سۇ دەرۋازىسى، گوجان دەرۋازىسى ۋە هېيتگاھ دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇ ئىلچى دەرياسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلەتتى، دەيدۇ. يەنە ئايرىملار خوتەن ئەسلى «قوتان» دېگەن نامدىن ئۆزگەرگەن، چۈنكى بۇرۇن خوتەننىڭ ئەتراپى چارۋىچىلىق ماكانى ئىدى، دەيدۇ. مېنىڭچە خوتەن دېگەن نام «قوتان» دىن ئۆزگەرگەن دەپ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنراق. چۈنكى: (1) «قوتان» دېگەن سۆز «خوتەن» دېگەن سۆزگە يېقىنراق؛ (2) هازىرقى خوتەننىڭ ئورنى قاراقاش ۋە يورۇڭقاش دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئوت ــ چۆپلۈك جاي بولغاچقا، ئۇ ياخشى چارۋىچىلىق مەيدانى ئىدى. ئۇنىڭ غەرب، شەرق تەرەپلىرىنى ئىككى دەريا توسۇپ تۇرىدۇ، شىمالىنى ئىككى دەريانىڭ قوشۇلغان جايى بولغان قوشلاش توسۇپ تۇرىدۇ، جەنۇبىنى بولسا قاراڭغۇ تاغ توسۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ جاي تەبىئىي توساقلار بىلەن توسۇلغان، ماللار خالىغانچە ئوتلايدىغان، هېچقاياققا قېچىپ كېتەلمەيدىغان تەبىئىي قوتان

ئىدى . شۇڭا ، قوتان دېگەن نام بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ .

## « ئىلچى » دېگەن نام توغرىسىدا

خوتەن شەھرىنى « ئىلچى » دەپمۇ ئاتايدۇ ، بەزىلەر « ئىلچى » دېگەن نام ئەسلى « ئارالچە » ( كىچىك ئارال ) دىن ئۆزگەرگەن ، چۈنكى خوتەن شەھىرى ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالچە ( كىچىك ئارال ) بولغاچقا ، شۇنداق دەپ ئاتالغان ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئارالچە دېگەن سۆز « ئىلچى » دېگەن سۆزگە ئايلىنىپ قالغان ، دېيىشىدۇ . مېنىڭچە ، بۇ ئانچە توغرا ئەمەس . گەرچە « ئارالچە » دېگەن بۇ سۆز بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىسىگە ماس كەلگەندەك كۆرۈنسىمۇ ، « ئارالچە » بىلەن « ئىلچى » ئاھاڭ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشمايدىغان سۆزلەر . « ئىلچى » دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ ، « ئەلچى » ( دىپلومات ) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . لېكىن ، ئەلچى بىر خىل ئەمەل نامى بولۇپ ، ئۇ يەر نامىنى بىلدۈرمەيدۇ . « ئىلچى » سۆزى ئەسلى « ئىل + ئىچى » دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن سۆز بولۇپ ، كېيىنچە ئوتتۇرىدىكى « ئى » ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ ، « ئىلچى » بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . « ئىل » قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ ، ئەل ، خەلق ، يۇرت ، دۆلەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇنىڭغا « ئىچى » قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ « ئىلئىچى » بولغان . بۇ ئەل ئىچى ، يۇرت ئىچى ، ئاۋات جاي دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . چۈنكى ، قەدىمكى زاماندا چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغاچقا ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئوتلاق قوغلىشىپ ئەلدىن ئايرىلىپ ، چەت ـ ياقا جايلاردا ياشايتتى . مەھەللىلەر ، يۇرتلار ، شەھەرلەر ئاز ئىدى . شۇڭا ، ئادەم كۆپ جايلاشقان جايلارنى ئەل ئىچى دەپ ئاتىغان①.

## خوتەن قەلئەسى ( سېپىلى )

1859 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خوتەندە ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرغان ھاجى پاشا ( ھەبىبۇللا ھاجى ) كونىشەھەر سېپىلىنى سوقتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا گوجان دەرۋازىسى ، ھېيتگاھ دەرۋازىسى ، قىزىق دەرۋازىسى ، سۇ دەرۋازىسى دەپ تۆت چوڭ دەرۋازا ئورناتقان . بۇ تۆت دەرۋا-

---

① « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » . 1992 ـ يىل 11 ـ يانۋار سانى .

زىنىڭ نامى ھازىرغىچە ساقلانماقتا. سېپىل ئىچىگە ھۆكۈمەت ئىمارەتلىرى، مەسچىتلەرنى ياساتقان. 1890 ــ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى باش ئەمەلدارى ليۇجىنتاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېڭىشەھەر سېپىلى ياسالغان. سېپىل ئىچىگە يامۇل، گازارما، ئاشلىق ئامبارلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ سېپىل 15 يىلدا پۈتكەن. سېپىلنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇ يەركەن دەرۋازىسى، كېرىيە دەرۋازىسى، قاراقاش دەرۋازىسى، توساللا دەرۋازىسى دەپ ئاتىلاتتى. ئەينى چاغدا سېپىل ئىچى بىلەن يەركەن دەرۋازىسىدىن گۈلباغقىچە بولغان ئارىلىقنى ئۇيغۇرلار «يېڭىشەھەر»، خەنزۇلار «خەنچېڭ» (خەنزۇ شەھىرى) دەپ ئاتايتتى. گۈلباغنىڭ تۆۋىنىنى ئۇيغۇرلار «كونىشەھەر»، خەنزۇلار «خۇيچېڭ (回城)» دەپ ئاتايتتى.

## خوتەندىكى مازارلار

1862 ــ يىلى ياقۇپبەگ ھاجى پاشانى ئاغدۇرۇپ، خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتەنگە قويغان ۋالىيسى نىياز ھېكىمبەگ ئالتۇنمازار، خوجا كالان مازىرى، ھەزرىتى سۇلتان مازىرى، كونىشەھەردىكى چوڭ جامە، قورغان (ھەربىي گازارما، ئىدارە) لارنى ناھايىتى چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ ياساتىپ چىقتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن شەھەر ئىچىدە تۆت چوڭ كۆل ياساتتى. بۇ كۆللەردىن ھازىر بىرى قالدى.

**ئالتۇنمازار** بۇ قەدىمكى مۇسۇلمان خانلار (قاراخانىيلار) دەۋرىدە ئۆلگەن پادىشاھلارنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ، بۇنى نىياز ھېكىمبەگ ياساتقان. بۇنىڭ ئىچىدە 12 پادىشاھ، 21 شاھزادە، ئۇلارنىڭ خانىش ۋە ئاغىچىلىرىنىڭ قەبرىلىرى بار ئىدى.

**ھەزرىتى سۇلتان مازىرى** بۇ سەئىدىيە خانلىرىدىن سۇلتان قىدىرخاننىڭ قەبرىسى ئىدى.

**خوجا كالان مازىرى** بۇ خوجىلاردىن خوجا ئىسھاق، مەۋلانە شەمشىددىننىڭ خەلىپىسى خوجا شارى ۋە خوجا كالانلارنىڭ قەبرىسى ئىدى.

**ئەسكەر مازار** بۇ ياقۇپبەگ ھاجى پاشانى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن 40 كىشىنى قۇدۇققا تاشلاپ كۆمگەن جاي ئىدى ①.

خوتەندىن يۇرۇڭقاش بازىرىغا 13 يول كېلىدۇ. 1916 ـ يىلى بۇ جايدا 200 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى. خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ماڭىدىغان خوتەن ـ ئاقسۇ كارۋان يولى مۇشۇ جايدىن باشلىنىدۇ. چاھارباغ بازىرىغا 34 يول كېلىدۇ. 1916 ـ يىلى بۇ جايدا 40 ~ 50 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى. لوپ ② بازىرىغا 55 يول كېلىدۇ. خوتەندىن لوپقا كەلگۈچە يول كەڭ ۋە تۈز بولۇپ، يول ياقىسىدا قاتار كەتكەن دەرەخلەر بار. لوپ ئەتراپىدا قەلئە خارابىلىرى كۆپ ئىدى.

## لوپ ناھىيىسى

لوپ ئىلگىرى كېرىيە ناھىيىسىگە قارايدىغان بىر بازار ئىدى. گۇاڭشۈينىڭ 28 ـ يىلى (مىلادىيە 1902 ـ يىلى) ئۇ كېرىيىدىن ئايرىلىپ ئايرىم ناھىيە بولدى. شۇ چاغدا لوپ ناھىيىسىدە 11 مىڭ 740 تۈتۈن، 72 مىڭ 763 نوپۇس بار ئىدى. 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە، لوپ ناھىيىسىگە سەككىز يېزا، ئىككى بازار قارايتتى. ئۇنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 177 مىڭ 900.

### لوپ ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

لوپ ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 51 °79 ~ 33 °81 ۋە شىمالىي كەڭلىك 30 °36 ~ 29 °39 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 13 مىڭ 572 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇرۇمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 2039 كىلومېتىر. غەربىي جەنۇب قىسمى ئېگىز، شەرقىي شىمال قىسمى پەس، ناھىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى قۇرۇم تاغلىق رايونى، دېڭىز يۈزىدىن 3300 مېتىر ئېگىز. تاغ باغرىدىكى ئېگىز ـ پەس رايون دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 3000 مېتىر، تاغ ئېتىكىدىكى تىنما تۈزلەڭلىك 1200 ~ 1500 مېتىر ئېگىز بولۇپ، بۇ يەر ناھىيىنىڭ ئاساسلىق تېرىلغۇ رايونى. ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى تۈزلەڭلىك

---

① «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ 30 ـ سانى، 10 ـ، 22 ـ بەت.

② لوپ — «مۇسۇلمان (ئۇيغۇر) تىلىدا لوپ سۇ يىغىلىپ قالغان جاي دېگەننى بىلدۈرىدۇ» (ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، 427 ـ، 428 ـ بەتلەر).

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن . بۇ قىسمى ئاساسەن قۇملۇق . ناھىيىنىڭ ئومۇمي يەر كۆلىمىدە تاغلىق % 10.4 ، تۈزلەڭ بوستانلىق % 5.6 ، قۇملۇق % 84 نى تەشكىل قىلىدۇ . يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 35.2 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2226.2 مىللىمېتىر ، قىروسىز مەزگىلى 217 كۈن . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃ 11.4 ، 1 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ℃ 6.1 ، 7 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى ℃ 26.4 ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى ℃ 40.1 ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ℃ 26.4 بولىدۇ . يىلىغا 168.5 مىللىمېتىر توپا ياغىدۇ . ناھىيە بويىچە 26 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر ، 22 مىڭ 667 گېكتار ئوتلاق ، 8000 گېكتار توغراقلىق بار .

لوپ ناھىيىسى قۇرۇم تېغى ( كوئىنلۇن تېغى ) نىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ ، يېرى مۇنبەت ، سۈيى مول . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەشھۇر دەريالارنىڭ بىرى بولغان يۇرۇڭقاش دەرياسى مۇشۇ ناھىيىنىڭ غەربىي تەرىپىنى بويلاپ ئېقىپ ئۆتىدۇ . قۇرغاقچىلىق پەسلىدىكى سۇ تەقسىملەش نىسبىتى بويىچە يۇرۇڭقاش دەرياسى سۈيىنىڭ 72 پىرسەنتى ، يەنى 1 مىليارد 663 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر سۈيى لوپ ناھىيىسىگە ، 28 پىرسەنتى ، يەنى 646 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر سۈيى خوتەن ناھىيىسىگە تەقسىملىنىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئاقچى دەرياسى بار . ئۇنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 230 كۋادرات كىلومېتىر ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 140 مىليون كۇب مېتىر . لوپ ناھىيىسى تەۋەسىدە يەنە يەتتە بۇلاق بار ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمي سۇ مىقدارى 102 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر .

لوپ بازىرىدىن بەشتوغراققا 61 يول كېلىدۇ ، ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

لوپ بازىرىدىن 10 يول ماڭسا چۆل باشلىنىدۇ . لوپ بازىرىدىن ئاق لەڭگەرگە 26 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا ئەنجان پاشا ( ياقۇپبەگ ) ياساتقان كىچىك بىر قونالغۇ ، قونالغۇ ئالدىدا بىر تۇرا بار . كېچىلىرى تۇرا ئۈستىگە مەشئەل يېقىپ يولۇچىلارنىڭ يولىنى ئېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەلگە بېرىلەتتى . ئۇ يەردە يەنە بىر قۇدۇق بولۇپ ، سۈيى ئاچچىق ئىدى . بۇ يەردىن

ئۆتكەندىن كېيىن يول ئېگىز ــ پەس ، قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ . لوپ بازىرىدىن بەشتوغراققا 61 يول كېلىدۇ . ئۇ يەردە ئۆتەڭ ، ئۆتەڭدە ھۆكۈمەت ئاچقان بىر قونالغۇ ، شەخسلەر ئاچقان بىر قونالغۇ ۋە ئۈچ ئېغىز ئەسكى ئۆي بار ، قۇدۇق سۈيى ئاچچىق ئىدى . يېمەك ــ ئىچمەك ۋە سۇ بىر قانچە ئون يول يىراق جايلاردىن ئۇلاغ ئارقىلىق توشۇپ كېلىنەتتى .

بەشتوغراقتىن چىراغا 70 يول كېلىدۇ . ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

بەشتوغراقتىن ئاشما لەڭگەرگە 17 يول كېلىدۇ ، بۇ يەردە بىر كىچىك قونالغۇ بار ئىدى . ئېقىنلەڭگەرگە 35 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي لوپ ناھىيىسى بىلەن كېرىيە ناھىيىسىنىڭ پاسىلى بولۇپ ، ئەينى چاغدا بۇ جايدا كىچىك بىر قونالغۇ بار ئىدى . غۇربەتلەڭگەرگە 52 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئىككى ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . بۇ ئۆتەڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، يولۇچىلار قويۇق دەرەخلەرنى ئارىلاپ ماڭىدۇ . چىراغا 70 يول كېلىدۇ . 1916 ــ يىلى چىرا بازىرىدا ھۆكۈمەت باشقۇرغان بىر قونالغۇ ۋە 300 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . ئەينى چاغدا ئۇ يەر توقۇمىچىلىق تەرەققىي قىلغان ، سودا ــ سېتىق راۋاجلانغان جاي ئىدى . يەنە زاكات قورۇلى بار ئىدى . گۇاڭشۈينىڭ 9 ــ يىلى ( مىلادىيە 1883 ــ يىلى ) كېرىيە ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان چاغدا ، چىرا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان . مىنگونىڭ 18 ــ يىلى (مىلادىيە 1929 ــ يىلى ) چىرا ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان . 1986 ــ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، چىرا ناھىيىسىدە يەتتە يېزا ، بىر بازار بار بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسى 107 مىڭ ئىدى .

# چىرا ناھىيىسى

## « چىرا » دېگەن يەر نامى توغرىسىدا

چىرا ئەسلى « چەرا » دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ ، « ئوتلاق » دېگەن مەنىدە ①. چىرا ناھىيىسى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ . ئۇنىڭ تەبىئىي شارائىتى مۇرەككەپرەك بولۇپ ، جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق

① « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك » . ئۇيغۇر چە نەشرى ، 178 ــ بەت .

www.uyghurkitap.com

يەر ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ 34.2 پىرسەنتىنى ، ئوتتۇرا قىسمىدىكى تىنما تۈزلەڭلىك ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ 25.1 پىرسەنتىنى ، شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇق يەر ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ 40.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ .

1986 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، تېرىلغۇ يەر 455 مىڭ مو ، ئوتلاق 625 مىڭ مو ، ئورمانلىق 125 مو ئىدى . ناھىيە تەۋەسىدە چىرا دەرياسى ، نورا دەرياسى قاتارلىق پەسىللىك توققۇز دەريا ـ ئېقىن ۋە ئالتە بۇلاق سۈيى جىلغىسى بار ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي يەر ئۈستى سۈيى 705 مىليون كۇب مېتىر ، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 3 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ .

ناھىيە تەۋەسىدە تۆمۈر ، ئالتۇن ، چىرىمتال ، تاشپاختا ، گەج قاتارلىق كان بايلىقلىرى ، جەرەن ، سۇغۇر ، ئۇلار قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار ، قار لەيلىسى ، چاكاندا ، ئەمەن ، زاراڭزا ، ئالقات ، يەر مەدىكى قاتار-لىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى بار .

چىرادىن قارىقى يارغا 85 يول كېلىدۇ . بۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ :

چىرادىن جىلمۇتلەقلەڭگەرگە 4 يول كېلىدۇ . لويدا لەڭگەرگە 10 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا ئىككى ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . بۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىنكى يولدا قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ يولدا پاكار ئۆسكەن چۆل قومۇشى كۆپ ، دەل ـ دەرەخ يوق . سوپىلەڭگەرگە 27 يول كېلىدۇ . يول ياقىسىدا زاراتلىق كۆپ ، مەسچىت بار . ئەينى چاغدا يولنىڭ سول قاسنىقىدا بىر كىچىك قونالغۇ ۋە ئىككى ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . گۈلاخما بازىرىغا 34 يول كېلىدۇ . 1916 ـ يىلى بۇ جايدا 200 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە زاكات قورۇلى بار ئىدى . ئەينى چاغدا بۇنىڭغا يېقىن ئەتراپتىكى يېزىدا 300 نەچچە ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى . دامكۇ بازىرىغا 55 يول كېلىدۇ . 1916 ـ يىلى بۇ يەردە 100 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . بۇنىڭغا يېقىن ئەتراپتا 200 ئۆيلۈكتەك دېھقان بار ئىدى . بۇ يولنىڭ 200 يول شىمالىدا ئۇزۇنتات قەدىمكى قەلئە خارابىسى بار . دامكۇ بازىرىدىن چىققاندىن كېيىن چۆل باشلىنىدۇ . بۇ چۆلدىكى يول بويىدا توغراق ، يۇلغۇنلار ئۇچرايدۇ . لېكىن ، تېرەك ، سۆگەت ۋە كەنتلەر ئۇچرىمايدۇ . زومرەتلەڭگەرگە 78 يول كېلىدۇ . 1916 ـ يىلى بۇ جايدا ھۆكۈمەتكە تەۋە بىر

كىچىك قونالغۇ بار ، ئەمما سۇ قىس ئىدى . قارىقى يارغا 85 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا ئەينى چاغدا ھۆكۈمەتكە تەۋە بىر قونالغۇ ۋە 12 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . ئۆتەڭگە تەخمىنەن 20 يول كېلىدىغان شىمال تەرەپتە قارىقى كەنتى دەپ ئاتىلىدىغان كەنت بولۇپ ، ئەينى چاغدا بۇ كەنتتە 400 نەچچە ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى ، كەنت بازىرىدا 40 ~ 50 ئۆيلۈك بازار ئاھالىسى بار ئىدى . قارىقى يار ئۆتەڭدىن چىقىپ قارىقى يار ئېقىنىدىن ئۆتىدۇ . ئېقىندا ئىككى ئاراشلىق كۆۋرۈك بار . كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ، يول ياقىسىدا توپ ـ توپ يۇلغۇن دۆۋىلىرى ئۇچرايدۇ .

قارىقى ياردىن كېرىيىگە 82 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ :

قارىقى ياردىن يارلەڭگەرگە 13 يول ، شىغىل لەڭگەرگە 26 يول ، ياقا لەڭگەرگە 40 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا 1916 ـ يىلى بىر لەڭگەر ، تۆت ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . يېقىن ئەتراپتا 70 ~ 80 ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى . قارىقى ياردىن جاسىم لەڭگەرگە 47 يول كېلىدۇ ، لەڭگەر ئەتراپىدا 40 ~ 50 ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى . يېڭى بازارغا 60 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا 1916 ـ يىلى 50 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . قارىقى ياردىن يەنە ئوتتۇرا لەڭگەرگە 64 يول كېلىدۇ ، يېقىن ئەتراپتا 90 نەچچە ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى . كىچىك بازارغا 74 يول كېلىدۇ . سۆگەتئېرىق لەڭگەرگە 78 يول كېلىدۇ ، يېقىن ئەتراپتا يۈز نەچچە ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى . كېرىيە ئامبال مەھكىمىسىگە 80 يول كېلىدۇ . ناھىيىلىك مەھكىمىگە 82 يول كېلىدۇ . 1916 ـ يىلى كېرىيىدە قەلئە يوق ئىدى . بىراق ، ئادەتتە ئۇ كونىشەھەر ۋە خىتاي شەھىرى دەپ ئايرىم ئاتىلاتتى . كونىشەھەر بىلەن خىتاي شەھىرىنى بىر ئۆستەڭ ئايرىپ تۇراتتى . خىتاي شەھىرىدە 384 ئۆيلۈك ، كونىشەھەردە 1031 ئۆيلۈك ئادەم بار بولۇپ ، ئەينى چاغدا كېرىيە بويىچە 39 ئۆيلۈك خەنزۇ بار ئىدى . كونىشەھەردە سودا دۇكانلىرى كۆپ ، ئاۋات ئىدى .

## كېرىيە ناھىيىسى

كېرىيە ئەڭ قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئۇزۇن تاتى دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى . كېيىن قۇرۇلغان ئۇدۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەتكە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئۇ چاغلاردا كېرىيە لوپ، ئىلچى، چىرا، كېرىيە، قاراقاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1915 ــ يىلى كېرىيىنىڭ تەخمىنەن 139 كىلومېتىر شىمالىدىكى ئۇزۇنتات قەدىمىي خارابىسىدىن بىر دانە مىس قازان تېپىلغان. قازاننىڭ دىئامېتىرى 1 چى 5 سۇڭ (50 سانتىمېتىر)، ئېگىزلىكى 9 سۇڭ (30 سانتىمېتىر) كېلىدىغان بولۇپ، مىسنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى. كېرىيە يەنە مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. كېرىيىدىن شەرققە ماڭسا چەرچەنگە، شىمالغا ماڭسا كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ كۇچارغا، جەنۇبقا ماڭسا كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ كېرىيە تاغ ئېغىزى ئارقىلىق تىبەت ۋە ھىندىستانلارغا، غەربكە ماڭسا قەشقەرگە بارغىلى بولاتتى.

مىلادىيە 1859 ــ يىلى چىڭ سۇلالىسى كېرىيىگە تۇنجى ھاكىمبەگ تەسىس قىلغان. گۇاڭشۈينىڭ 8 ــ يىلى (مىلادىيە 1882 ــ يىلى) كېرىيە ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. ناھىيىلىك ئامبال مەھكىمىسى دەسلەپتە قاراقاشتا بولغان. كېيىن كېرىيىگە كۆچۈرۈلگەن. ئەينى چاغدا بۇ ناھىيە كېرىيە، چىرا، نىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ چاغدا 17 مىڭ 979 ئائىلە، 97 مىڭ 806 نوپۇس بار ئىدى. 1986 ــ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە، كېرىيىدە 12 يېزا، ئىككى بازار بار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 161 مىڭ 800 ئىدى.

## «كېرىيە» دېگەن نام توغرىسىدا

بەزىلەر كېرىيە ئەسلى «كەڭرى يەر» دىن ئۆزگەرگەن دېيىشىدۇ. بۇ جاينىڭ تارىخىي جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا، «كېرىيە» ئەسلى «قىر يەر» (تېرىلغۇ يەر) دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن، دەپ ھۆكۈم قىلىش توغرىدەك تۇرىدۇ.

## كېرىيە ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

كېرىيە ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81°09′ ~ 82°51′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 35°14′ ~ 39°29′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى قۇرۇم تېغى ئارقىلىق تىبەتنىڭ كەيزى ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 39 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر. ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 2160 كىلومېتىر. يېرىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، ئومۇمىي يەر كۆلىمىدە قۇم ــ دەشتلەر 62.7٪، تاغلىق 31.3٪، بوستانلىق

6% نى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيىنىڭ يەر شەكلى مۇنداق بەش خىلغا بۆلۈنىدۇ: (1) جەنۇبىي قىسمىدىكى سوغۇق ئېگىز تاغ رايونىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ 204 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3300 مېتىردىن ئوشۇق. ئاساسلىق چوققىسى — مۇز تاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 6920 مېتىر ئېگىز؛ (2) تاغ باغرىدىكى ئېدىرلىق 2148 كۋادرات كىلومېتىر؛ (3) ساي 3382.6 كۋادرات كىلومېتىر؛ (4) ئوتتۇرا قىسمى تىنما تۈزلەڭلىك. بۇ ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، تەخمىنەن 25 مىڭ 267 گېكتار كېلىدۇ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 91.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ (5) شىمالىدىكى قۇملۇق 21 مىڭ 428.4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 174 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6 ℃، 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 5.8 ℃، 7 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى 25.3 ℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.2 ℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 24.3 ℃ بولىدۇ. پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2490 مىللىمېتىر. ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 43.1 مىللىمېتىر. ناھىيە بويىچە مىس، تۆمۈر، كۆمۈر، ئالتۇن، گەج، گۈڭگۈرت، ھاكتېشى، تاشپاختا، چىرىمتال، قاشتېشى، خرۇستال قاتارلىق 21 خىل كان بايلىقى بار.

كېرىيە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان جاي بولۇپ، ھاۋاسى قۇرغاق، مۆتىدىل، يېرى مۇنبەت، دەل ـ دەرەخلىك ۋە ئوتلاقلار كۆلىمى كەڭ. سۈيى مول بولۇپ، كېرىيە دەرياسى، سالقىنتاش دەرياسى، ھاتەن دەرياسى، كوراپ دەرياسى، سوقتاياق دەرياسى، پىشكە دەرياسى، تومويا دەرياسى قاتارلىق توققۇز دەريا ـ ئېقىن ۋە سەككىز بۇلاقنىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 998 مىليون 420 مىڭ كۇب مېتىر. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئولۇغكۆل، ئاچچىقكۆل، سېغىزكۆل، ئورايىكۆل قاتارلىق كۆللەر بار.

## كېرىيە دەرياسى

كېرىيە دەرياسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چوڭ دەريالارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 6920 مېتىر ئېگىز بولغان ئۇستۈنتاغنىڭ چوڭ مۇز تاغ چوققىلىرىدىكى 5y 636 نومۇرلۇق مۇزلۇقتىن (كېرىيە تاغ ئېغىزىدىن) باشلىنىپ يېپار، لوش، پولۇ، باشلاپقا، ئارال، يېڭىئېرىق، كۆكيار، كېرىيە، بەگمەھەللە، ھەسنىتىم، مىرسالى، توغراق ئېغىللاردىن ئۆتۈپ تەكلىماكان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇملۇقىغا سىڭىپ تۈگەيدۇ . كېرىيە تاغ ئېغىزىدىن توغراق ئېغىلغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 400 كىلومېتىر ، سۇ يىغىش مەيدانى 7358 كۋادرات كىلومېتىر . نۇرمەھەممەت سۇ پونكىتى ئۇدا 20 يىل ئۆلچەپ خۇلاسىلىگەن يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 701 مىليون كۇب مېتىر . ئەڭ كۆپ بولغان يىلى ( 1966 ــ يىلى ) 1 مىليارد 80 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1979 ــ يىلى ) 525 مىليون كۇب مېتىر بولغان .

كېرىيىدىن ئويتوغراققا 50 يول كېلىدۇ . كېرىيىدىن 2 يول ماڭسا بازارنىڭ چېتىگە چىقىدۇ . 3 يول ماڭسا كېرىيە دەرياسى بويىغا كېلىدۇ . دەريا ئېقىنى تەخمىنەن 1 يول كەڭلىكتە . كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيى يۇرۇڭقاش ، قاراقاش دەريالىرىغا قارىغاندا ئاز ، ئۇنىڭدىن ئاتلىق ئۆتكىلى بولاتتى . دەريانىڭ چوڭقۇر يېرى ئاتنىڭ قورسىقىغا چىقاتتى . يەنە 7 يول ماڭسا بەشتوغراققا كېلىدۇ . كەنتتە ئۆيلەر زىچ ، دەل ــ دەرەخلەر كۆپ ئىدى . كەنتتىن ئۆتسىلا چەكسىز كەتكەن ( ئوت ــ چۆپ ئۆسمەيدىغان ) قۇملۇق باشلىنىدۇ . بۇ يولدا ئېگىز ــ ئېگىز قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ قۇملار كۆچۈپ تۇرىدىغان يۇمشاق قۇم بولغاچقا ، ئات تۇۋاقلىرىنىڭ ئىزى شۇ ھامان كۆمۈلۈپ كېتەتتى . قالايمىقان ئىزلار كۆپ بولغاچقا ، يولۇچىلار ئاسانلا يولدىن ئېزىپ قالاتتى . كېرىيىدىن 18 يول ماڭسا قۇرۇق يار( جىلغى ) غا كېلىدۇ . بۇ جىلغا « تېرەك ئۆلگەن » دەپ ئاتىلىدۇ ، يەنى بۇ جايدا توغراققا تېرەك ئۇلىغانىكەن . يولۇچىلار مۇشۇ يارنى بويلاپ ماڭىدۇ . 36 يول ماڭسا يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدا بىر مازار بار ، ئۇنىڭ قۇببىسى خېلى يىراق يەرگىچە كۆرۈنۈپ يول كۆرسىتىش رولىنى ئوينايتتى . كېرىيىدىن قاراقومۇشقا 40 يول كېلىدۇ . يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئۆيلەر بار ، دەل ــ دەرەخلەر قويۇق ئىدى . ياقۇپئاخۇن لەڭگەرگە 47 يول كېلىدۇ . كەنتنىڭ شەرقىدە ئەنجان پاشا ( ياقۇپبەگ )ياساتقان لەڭگەر بار . قاراقومۇش كەنتىدە 1916 ــ يىلى 940 ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى . ئويتوغراقتىن يىسى يۇلغۇنغا 53 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

ئويتوغراقتىن 6 يول ماڭسا چۆل باشلىنىدۇ . ئويتوغراقتىن 15 يول ماڭسا قۇملۇق باشلىنىدۇ . بۇ يەردىكى قۇم سىيرىلىپ ئېقىپ تۇرىدىغان قىلىن ۋە يۇمشاق قۇم بولغاچقا ، ئۇلاغ ئاسانلا ھېرىپ قالىدۇ . ئويتوغراقتىن 24 يول

يەرگە بارغاندا يول ئاچىلىغا كېلىدۇ . بۇ يەردە جەنۇبقا قاراپ كەتكەن بىر يول بار ، بۇ يول ئالتۇن كانىغا ئېلىپ باراتتى . 35 يول ماڭسا قۇم تۇگەپ چۆل باشلىنىدۇ . 53 يول ماڭسا يېسى يۇلغۇنغا كېلىدۇ ، بۇ يەردە لەڭگەر ، كەنتنىڭ شەرقىدە كىچىك ئېقىن بار ئىدى . بۇ ئېقىن ئوتومىيار تېغىدىن باشلىنىپ كېرىيە دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ . بۇ دەرياغا ياز ، كۈز پەسىللىرىدە قار ئېرىگەندە سۇ كۆپ كېلىدۇ . ئەتىيازدا سۇ ئاز ، شۇڭا زىرائەتنى كۆپ تېرىغىلى بولمايتتى . بۇ يەردە خارابە قورغان ، كۆل ۋە قونالغۇ بار ئىدى . قومۇش دۆۋىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىر نەچچە گەز كولىسىلا سۇ چىقارغىلى بولاتتى . ئويتوغراقتىن يېسى يۇلغۇنغا كەلگۈچە قۇم بارخانلىرى كۆپ ، شۇڭاكىشىلەر ئۇ يەردە 72 قۇم بەل بار، دەپ ئېيتىشىدۇ . يېسى يۇلغۇندىن نىيە بازىرىغا 118 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

يېسى يۇلغۇندىن شەرقىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ ، سۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن چۆلگە كىرىدۇ . دەسلەپتە ئۇششاق شېغىللىق دەريا ئېقىنى بىلەن ماڭىدۇ .يېسى يۇلغۇندىن ئەۋرەزگە 36 يول كېلىدۇ . بۇ جاينىڭ يەر ئاستى سۈيى چوڭقۇر بولۇپ ، قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقارغىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، ئۇ يەر ئەۋرەز دەپ ئاتالغان . بۇ جايدا لەڭگەر باقىدىغان بىر ئۆيلۈك ئادەم بار بولۇپ ، توغراقلار كۆپ ئىدى . بۇ يەردە سولاۋاغ تېغىدىن كېلىدىغان ئېقىن سۇ بولۇپ ، بۇ ئېقىن سۇ ئەۋرەز ئارقىلىق شىمالغا ئېقىپ قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ . بۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ، يولۇچىلار قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ ماڭىدۇ . 58 يول ماڭسا تۇز كەتكەن سۆكسۆكلۈك دالىغا كېلىدۇ . 93 يول ماڭسا يول ياقىسىدا نىيە يېزىسىنىڭ ئارامگاھىغا كېلىدۇ . بۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ، چۆل باشلىنىدۇ . بىر مۇنچە پارچە ـ پارچە سۇلارنى كېچىپ ئۆتۈپ ، 104 يول ماڭسا كەڭسىرىق كەنتىگە كېلىدۇ . بۇ كەنتتە ئۆيلەر كۆپ ، دەل ـ دەرەخلەر قويۇق . 116 يول يۈرسە نىيە دەرياسى بويىغا كېلىدۇ . دەريادىن ئۆتۈپ ئىككى يول ماڭسا نىيە بازىرىغا كېلىدۇ .

يېسى يۇلغۇندىن 118 يول ماڭسا نىيە بازىرىغا كېلىدۇ . 1916 ـ يىلى نىيە بازىرىدا 50 ~ 60 ئۆيلۈك ئاھالە ، ئەتراپتا كەڭسىرىق ، قالماق قۇدۇق ، لامپو ( نىيە بازىرى ئورنى )قوشۇلۇپ 935 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . ئۇ يەردە يەنە رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى 40 ئۆيلۈك دېھقان بار بولۇپ ، ئۇلار 5000 مو يەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېرىيتتى . نىيە بازىرىنىڭ 150 يول شىمالىدا پادىشاھىم دېگەن جاي بولۇپ ، كىشىلەر بۇ يەردە ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ مازىرى بار دېيىشىدۇ .

تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلىنىشىچە ، بۇ زات مىلادىيە 765 ـ يىلى ۋاپات بولغانىكەن . ئەينى چاغدا بۇ مازارنىڭ 1000 دىن ئوشۇق قويى ، 200 نەچچە تۇياق كالىسى ، 100 نەچچە تۆگىسى ، بىر قانچە ئون تۇياق ئېتى بار ئىكەن . مازارنىڭ شەيخلىرى 20 نەچچىگە يېتىدىكەن . مازاردا يېتىپ جان باقىدىغان ئاشىقلار 100 دىن ئوشۇق ئىكەن . مازارنىڭ تەخمىنەن 100 يول شىمالىدا جىڭجوگو قەدىمىي شەھىرىنىڭ خارابىسى بار .

## نىيە ناھىيىسى

نىيە ئىلگىرى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى . مىنگونىڭ 32 ـ يىلى ( مىلادىيە 1943 ـ يىلى ) نىيە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىندى ( دەسلەپتە سايتورا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى دەپ ئاتالغان ) . مىنگونىڭ 35 ـ يىلى ( مىلادىيە 1946 ـ يىلى ) نىيە ناھىيىسى تەسىس قىلىندى . 1986 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، نىيە ناھىيىسىدە بەش يېزا ، بىر بازار بار بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسى 26 مىڭ 100 . نىيە بازىرىدا 1624 نوپۇس بار .

### نىيە ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

نىيە ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82°22′~84°55′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 35°20′~39°29′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 542 مىڭ 358 كۋادرات كىلومېتىر . ئۇرۇمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 2317 كىلومېتىر . يېرى جەنۇبتىن شىمالغا پەسىيىپ بارىدۇ ۋە ئۈچ چوڭ قىسىمغا ئايرىلىدۇ . جەنۇبىي قىسمى قۇرۇم تاغ تىزمىسى ، ئوتتۇرا قىسمى تۈزلەڭلىك ، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ . ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە تاغلىق 42.5 %، قۇملۇق 57.5% نى ئىگىلەيدۇ ، تېرىشقا بولىدىغان يەر 9213 گېكتار ، ئوتلاق 812 مىڭ 933 گېكتار ، ئورمان 86 مىڭ 667 گېكتار . ناھىيىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇرۇم تېغىنىڭ ئاقتاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 6368 مېتىر ئېگىز . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى

11.1 °C ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.5 °C ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 28.3 °C ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 30.5 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 27.56 مىللىمېتىربولىدۇ . كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2844.2 سائەت ، قىروسىز مەزگىلى 214 كۈن . ناھىيىدە يەنە كېپەك ئالتۇن ، كۈمۈش ، كۆمۈر ، ھاكتېشى قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار . يىلپىز ، ئۆلار ، جەرەن ، چىپار بۆكەن ، ياۋا توڭگۇز ، تۈلكە ، بۆرە قاتارلىقلار بار .

نىيە دەرياسى دېڭىز يۈزىدىن 6207 مېتىر ئېگىز بولغان لوش تاغدىكى 5y635 نومۇرلۇق مۇزلۇقتىن باشلىنىپ ، نىيە بازىرىنىڭ يېنى بىلەن ئۆتۈپ پادىشاھىمغا بارىدۇ . ئۇزۇنلۇقى 170 كىلومېتىر ، سۇ يىغىش مەيدانى 675 كىلومېتىر ، ئومۇمي ئېقىن مىقدارى 198 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر .

نىيىدە نىيە دەرياسىدىن باشقا يەنە چىزغان دەرياسى ، يېيىق دەرياسى ، ياۋا توڭگۇز دەرياسى ، ئەندىرە دەرياسى بار . نىيە تەۋەسىدىكى بەش دەريانىڭ يىللىق ئومۇمي سۇ مىقدارى 548 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۈچ بۇلاقنىڭ يىللىق سۇ مىقدارى 100 مىليون كۇب مېتىر . كۆللەردىن بېلىقلىقكۆل ، ھاڭگىرتىلىقكۆل ، شوركۆل قاتارلىق كۆللەر بار .

## « نىيە » دېگەن نام توغرىسىدا

نىيە ئەسلى « نېرى يەر » ( چەتتىكى يەر ) دىن ئۆزگەرگەن . چۈنكى ، نىيە خوتەننىڭ ئەڭ چەتتىكى بىر يۇرتى بولغاچقا ، شۇنداق ئاتالغان . بۇ يۇرتنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە كۆپىنچە « ر » ھەرپى « ي » دەپ ئوقۇلىدۇ . نىيە بازىرىدىن يېڭى دەرياغا 64 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

نىيە بازىرىدىن 5 يول ماڭسا مەھەللە تۈگەپ سازلىق باشلىنىدۇ . دەسلەپتە نىيە دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ ، كېيىن بۇرۇلۇپ سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ . 17 يول كېلىدىغان يەرگە بارغاندا يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يىراقتىن قالماق قۇدۇق كەنتى كۆرۈنىدۇ . 29 يول ماڭسا قۇملۇق باشلىنىدۇ ، 36 يول ماڭسا ئويمان توغراقلىققا كېلىدۇ ، 42 يول ماڭسا قۇم تۈگەپ قېلىن توغراقلىققا كېلىدۇ . 45 يول ماڭسا توغراقلىق تۈگەپ قاقاسلىققا چىقىدۇ . يول ياقىسىدا يۇلغۇن ۋە پاكار ئۆسكەن قومۇشلار بار . 55 يول ماڭسا توغراقلىق باشلىنىدۇ . بۇ يەردىكى توغراقلار قېلىن ھەم چوڭ . 64 يول ماڭسا

يېڭى دەرياغا كېلىدۇ . دەريا سۈيى سەل تۇزلۇق ، ئەمما قىشتا كەلمەيدۇ ، شۇڭا ئاھالىلەر قۇدۇق سۈيى ئىچىدۇ . يېڭى دەريادىن ياۋا توڭگۇز كەنتىگە 59 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

يېڭى دەريادىن بېلىقلىققا 12 يول كېلىدۇ . يولنىڭ سول قاسنىقىدا بىر قانچە يول يىراقتا بىر بېلىق چىقىدىغان كۆل بار . يەنە 4 يول ماڭسا يولنىڭ جەنۇبىدىكى قىلىن توغراقلىق بار جايغا كېلىدۇ ، بۇ يەردىن ئۆتسە شورتاڭلىق ۋە شالاڭ ئۆسكەن قومۇش بار جايغا كېلىدۇ ، ئۇ يەردىن 14 يول ماڭسا شور كۆلگە كېلىدۇ . يەنە 15 يول ماڭسا يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدا توغراق ئورمانلىقى بار جايغا كېلىدۇ . بۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئويمانغا چۈشىدۇ . يېڭى دەريادىن 59 يول ماڭسا ياۋا توڭگۇز لەڭگەرگە كېلىدۇ . لەڭگەر يېنىدا ياۋا توڭگۇز دەرياسى بار . دەريا سۈيى شورلۇقراق . ئەينى چاغدا لەڭگەردە بىر ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . ياۋا توڭگۇز لەڭگەردىن ياقا توغراقلىققا 50 يول كېلىدۇ . بۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

ياۋا توڭگۇز لەڭگەردىن چىقىپ ، ئىلگىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن چۆللۈك باشلىنىدۇ . يولدا قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ . يولدا ئارىلاپ پاكار ئۆسكەن چۆل قومۇشلىرى ئۇچرايدۇ . 28 يول ماڭسا چاي ـ پاي ئىچىدىغان ئارامگاھ بار جايغا كېلىدۇ . ئۇ يەردىن يەنە 22 يول ماڭسا ياقا توغراق لەڭگەرگە كېلىدۇ . بۇ لەڭگەرنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي چۆل ، ئىلگىرى ياكى قۇدۇق سۇلىرى يوق . سۇنى يىراقتىن ئەكىلىدۇ . ياقا توغراق لەڭگەردىن ئەندىر لەڭگەرگە 86 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

ياقا توغراق لەڭگەردىن ئىدىلىشقا 10 يول كېلىدۇ . ياقا توغراق لەڭگەردىن 60 يول ماڭسا ياۋا ئات قۇدۇقىغا كېلىدۇ . يەنە 26 يول ماڭسا ئەندىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئەندىر لەڭگەرگە كېلىدۇ . ئەينى چاغدا بۇ جاي چەرچەن بىلەن نىيىنىڭ پاسىلى ئىدى . لەڭگەر ئەتراپىدا توغراق كۆپ ئىدى . ئەندىر دەرياسىنىڭ سۈيى تاتلىق ، دەريا قىرغىقىنىڭ ئېگىزلىكى 10 جاڭ ( بىر جاڭ 3.33 مېتىرغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئوشۇق ) ، دەريانىڭ كەڭلىكى 50 ~ 60 قەدەم كېلىدۇ . سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ ، دەريا

تـاپـىنى سۇيۇق تىنما قۇم بولغاچقا ، قاتتىقراق جايىنى تاللاپ كېچىپ ئۆتۈشكە تـوغـرا كېلەتتى . ئەندىر لەڭگەردىن شورداڭغا 74 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا ئىلـ گىرى بىر لەڭگەر بار ئىدى . كېيىن ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىنغان . 1916 ـ يىلى بۇ يەردە بىـر چېـدىـر بار ئىدى . يولۇچىلار شۇ چېدىردا ياتاتتى . شورداڭدىن چىڭگىلىككە 66 يول كېلىدۇ . شورداڭدىن پاقاقۇدۇققا 21 يول كېلىدۇ . قۇدۇق ئەتـراپىدا پاكار ئۆسكەن توغراق ، يۇلغۇنلار بار بولۇپ ، قۇدۇق سۈيى ئاچچىق ئىـدى . شـورداڭـدىـن 36 يـول مـاڭـسـا بىرئارامگاھ ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تـوغـراقلار بـار ئىـدى . 66 يـول ماڭسا چىڭگىلىككە كېلىدۇ . بۇ يەردە لەڭگەر بـار . چىـڭگىلىكتىن ئاقباي لەڭگەرگە 92 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

چىـڭـگـىـلىـكتىن 15 يول ماڭسا قارامىرەن دەرياسىغا كېلىدۇ . تاشقىن پەسىـلـلىـرىـدە دەريـادا سۇ كۆپ بولۇپ ، باشقا چاغلاردا ئاز ، ھەتتا قۇرۇپ كېتىدۇ . 27 يول ماڭسا يول ياقىسىدا ئارامگاھ بار جايغا كېلىدۇ . 38 يول ماڭسا يـولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قۇدۇق بار جايغا كېلىدۇ ، ئەمما قۇدۇق سۈيى ساغۇچ ۋە ئاچـچـىـق . 50 يـول ماڭسا ئوسمانباي ئۆتـىڭـگە كېلىدۇ . بۇ يەردە ئۆتەڭ ، بىر نەچـچە قـۇدۇق بـار ، لەڭگەر يوق . 64 يول ماڭسا تايلاق تۇتقانغا كېلىدۇ .①

ئاقباي لەڭگەردىن يانتاق قۇدۇققا 21 يول كېلىدۇ . ئاقباي لەڭگەردىن كەتمەگە 62 يـول كـېلـىـدۇ . كـەتـمـەدە لـەڭـگـەر بـار . كـەتـمـەدىن 63 يول مـاڭـسـا چـەرچەنـگە كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

كـەتـمـەدىـن 12 يول ماڭسا كاللا ئاستىغا كېلىدۇ . ئەينى زاماندا بۇ يەر ئادەم كـالـلىسىنى كېسىپ چىنارغا ئاسقان جاي ئىكەن . بۇ يەردە يول ياقىسىدا ئـىـككى قۇدۇق ۋە نۇرغۇن قومۇشلار بار ئىدى . يەنە 18 يول ماڭسا بىر قەدىمىي ئۆستـەڭـدىـن ئۆتـىـدۇ . بـۇ ئۆسـتـەڭ تـەخمىنەن 200 يول ئۇزۇنلۇققا ئېقىپ بـارىـدۇ . 35 يـول مـاڭـسـا كـەڭـشـايانتاق ( كەڭرى يانتاق ) قا كېلىدۇ . بۇ يەردە بـىـر كـۆل بـار ، ئۇنـىـڭ سۇ يۈزى 6.67 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ ، چـوڭـقـۇرلۇقى4 مېتىر ، سۈيى ئاچچىق ، كۆلدە بېلىق بېقىلىدۇ . كۆل ياقىسىدا يـانـتـاق قـويۇق ئۆسـكـەچـكە ، « كەڭشايانتاق » دەپ ئاتالغانىكەن . 46 يول مـاڭسا ئارامگاھ بار جايغا كېلىدۇ . بۇ جايدا نان ، چاي ۋە كاۋاپلار سېتىلىدۇ .

---

① تايلاق توتقان ـــ تايلاق سوۋغا قىلغان دېگەن مەنىدە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

63 يول ماگسا چەرچەنگە كېلىدۇ.

## چەرچەن ناھىيىسى

چەرچەن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە، قۇرۇم تېغى ( كوئېنلۇن تېغى ) ۋە ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي يانباغرىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1264 كىلومېتىر ( تاشيول بويىچە ھېسابلىغاندا )، تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى 655 كىلومېتىر. چەرچەن شەرقتە چارقىلىق بىلەن، غەربتە نىيە بىلەن، جەنۇبتا تىبەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىغا سوزۇلغان.

### چەرچەن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

چەرچەن ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 23′ 85° ～ 30′ 87° ۋە شىمالىي كەڭلىك 40′ 35° ～ 10′ 40° ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 135 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە تاغ 60 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 44.5 % نى؛ چۆل 53 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 39.6 % نى؛ تۈزلەڭلىك 21 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 15.9 % نى ئىگىلەيدۇ. تۈزلەڭلىكتىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 8847 گېكتار، ئورمانلىق 4331 گېكتار ئەتراپىدا. چەرچەننىڭ يەر تۈزۈلۈشى شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي جەنۇبقا يانتۇ بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تاغلىق رايون ۋە ئېدىرلىق، ئوتتۇرا قىسمى تۈزلەڭ، غەربىي شىمال قىسمى چۆل. تاغ رايونى دېڭىز يۈزىدىن 4000 ～ 4100 مېتىر ئېگىز، ئاقتاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 6716 مېتىر ئېگىز، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 6925 مېتىر. چەرچەندە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10 ℃. قۇياشنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2907.7 سائەت. ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 165 كۈن، ئەڭ ئۇزۇن بولغان يىلى 188 كۈن، ئەڭ قىسقا بولغان يىلى 127 كۈن بولىدۇ.

چەرچەندە كان بايلىقلىرىدىن كېپەك ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، كۆمۈر، چىرىمتال، تاشپاختا، ئالماس، خرۇستال، گىپس، ھاكتېشى، سىدابىلىت، قاشتېشى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، قارا ئېيىق، ئۆلار،

تاغ ئۆچكىسى ، بۇغا ، ياۋا ئېشەك ، ياۋا قوتاز ، ياۋا توڭگۇز ، بۆرە ، ياۋا ئىت ، تۈلكە ، كېيىك ، توشقان ، بۇلغۇن ، بۈركۈت ، تۆگىقۇش ، غاز ، ئۆردەك ، ياۋا تۆگە ، كەپتەر قاتارلىق 26 خىل هايۋان ۋە ئۇچار قۇش بار . دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈرىمۇ كۆپ .

چەرچەننىڭ سۇ بايلىقى مول ، چەرچەندىكى ئاساسلىق دەريالاردىن چەرچەن دەرياسى ، تاتلىقسۇ دەرياسى ، خادىلىقسۇ دەرياسى ، مۇنا بۇلاق دەرياسى ، قارا مىرەن دەرياسى ، مۆلچەر دەرياسى ، توغراقچاپ دەرياسى ، جاڭگالساي دەرياسى ، يونۇسساي دەرياسى قاتارلىق توققۇز دەريا ـ ئېقىنىنىڭ يىللىق ئومۇمىي نورمال ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 230 مىليون كۇب مېتىر . بۇنىڭ ئىچىدە چەرچەن دەرياسى ئاساسلىق دەريا .

## چەرچەن دەرياسى

چەرچەن دەرياسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەشهۇر دەريالارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئالتۇنتاغدىكى 5y624 نومۇرلۇق مۇزلۇقتىن باشلىنىپ ، غەربكە قاراپ ئېقىپ بۇلاقبېشى ، تورا ، توققۇزداۋانلاردىن ئۆتۈپ ، شىمالغا بۇرۇلۇپ ئۇدۇل ئېقىپ تەكلىماكان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا باراتتى . كېيىنكى چاغلاردا ئاياغ ئېقىنى ( چەرچەن بازىرىنىڭ ئاياغ قىسمى ) يولىنى ئۆزگەرتىپ ، شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ چەرچەن ، توغراقلىق ، تاتىراڭ ، كۆكچاقما ، ئاقئېرىق ، قوشسالما ، يۈسۈپ ساتما ، ئارالچى ، قايىنلاپقا ، توققۇز ئاتا ، قاتار يىڭپاڭ ، چاينوت كۆللەردىن ئۆتۈپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان بولغان . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 735.5 كىلومېتىر ئىدى . 1984 ـ يىلىدىن كېيىن دەريا باش ئېقىندىلا تىزگىنلىنىپ كەتكەچكە ، بۇ دەريا لوپنۇر كۆلىگە بارالمايدىغان ، بوركۆل ئەتراپىدىلا تۈگەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ بور كۆلگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 496 كىلومېتىر ، سۇ يىغىش مەيدانى 26 مىڭ 822 كۋادرات كىلومېتىر . يىللىق ئوتتۇرىچە نورمال ئېقىن مىقدارى 544 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ كۆپ يىلى ( 1964 ـ يىلى ) 842 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1963 ـ يىلى ) 270 مىليون كۇب مېتىر بولغان . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، چەرچەن ناهىيىسىنىڭ چەرچەن دەرياسى سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 8849 گېكتار بولغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## چەرچەن ناھىيىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

چەرچەن غەربىي خەن سۇلالىسى ۋاقتىدىكى چەرچەن دۆلىتىنىڭ ئورنى . « خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى » دە خاتىرىلىنىشىچە ، چەرچەن دۆلىتىنىڭ باش ئوردىسى چەرچەن قەلئەسىدە بولۇپ ، بۇ چاغدا چەرچەنىنىڭ 230 ئۆيلۈك ئاھالىسى ، 1610 نوپۇسى ، 320 ئەسكىرى بار ئىكەن . شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ، كاچاڭ تەكشۈرۈش مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ ، ئۇ كېرىيىگە قارىدى . مىنگونىڭ 2 ـ يىلى ( 1913 ـ يىلى ) چارقىلىققا قارىدى . 1914 ـ يىلى چەرچەن ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ قارا شەھەرگە قارايدىغان بولدى . ئۇ چاغدا ناھىيە بويىچە ئاران 5900 دىن ئوشۇق ئادەم ، بەش ئۆيلۈك خەنزۇ ، 15 ئۆيلۈك رۇسىيە سودىگىرى ، ئالتە ـ يەتتە ئۆيلۈك ئەنگلىيە سودىگىرى بار ئىدى . 1954 ـ يىلدىن كېيىن ، چەرچەن كورلا ۋىلايىتىگە قارىدى . 1960 ـ يىلدىن كېيىن بايىنغولىن ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، چەرچەن ناھىيىسىدە 11 يېزا ، بىر بازار ، بىر رايونلۇق مەھكىمە ، 8639 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . ئومۇمىي نوپۇسى 38 مىڭ 389 . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 33 مىڭ 74 ، خەنزۇلار 5241 ، خۇيزۇلار 48 ، قازاق 3 ، جۇاڭزۇ 5 ، مانجۇ 12 ، چاۋشيەنزۇ 2 ، ئۆزبېك 4 ئىدى .

چەرچەندىن تاتىراڭغا 90 يول كېلەتتى . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

چەرچەندىن توغراقلىققا 8 يول كېلىدۇ . بېلىقكۆلگە 15 يول كېلىدۇ ، هازىر ئۇ باغلىق دەپ ئاتىلىدۇ . ئاقتىكەنگە 45 يول ، ئىسسىق ئوتاققا 53 يول كېلىدۇ ( بۇ جايىنى ئازراق كۆلىسىلا بۇلاق سۈيى چىقىدۇ . بۇلاق سۈيى ھەرقانداق سوغۇق چاغلاردىمۇ توڭلىمايدۇ ، شۇڭا ئۇ « ئىسسىق ئوتاق » دەپ ئاتالغان ) . چەرچەندىن باش تاتىراڭغا 80 يول ، كونا تاتىراڭغا 90 يول ، چوڭكۆلگە 80 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

كونا تاتىراڭدىن ئاياغ تاتىراڭغا 8 يول كېلىدۇ . چەرچەن دەرياسى بويىغا 13 يول كېلىدۇ . بۇ يەرگە كەلگەندە يول دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئۆتىدۇ . بۇ جايدا دەريانىڭ كەڭلىكى 30 نەچچە مېتىر كېلەتتى . سۇ چوڭقۇر ، ئېقىنى تېز ئىدى . ئەينى چاغدا ئۇ يەردە ئۈچ ياغاچ كېمە بولۇپ ،

دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدىن بۇ قىرغىقىغا ئارغامچا تارتىلغان، كېمە مۇشۇ ئارغامچا بويلاپ ماڭاتتى. كونا تاتىراڭدىن تاختىپەرگە 15 يول كېلىدۇ، شوركۆلگە 47 يول كېلىدۇ. چوڭكۆلدىن ئاقتازدۆڭگە 87 يول كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

چوڭكۆلدىن 2 يول ماڭسا قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا كىرىدۇ، 16 يول ماڭسا شورتاڭلىق چۆل باشلىنىدۇ. بۇ يەردە قومۇشلۇق كۆللەر كۆپ ئىدى. چوڭكۆلدىن 31 يول ماڭسا كونا ئۆتەڭگە كېلىدۇ. بۇ ئۆتەڭ ئاسقۇ ئۆتەڭ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ جاي كونا تاتىراڭدىن بەك يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈيى ئاچچىق بولغاچقا، كېيىن بۇ ئۆتەڭنى چوڭكۆلگە يۆتكىگەن. بۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن يولنىڭ سول قاسنىقىدا توغراق، قومۇشلار قويۇق ئىدى. چوڭكۆلدىن 50 يول ماڭسا پاتىمە ئۆلگەن دېگەن جايغا كېلىدۇ، بۇ جايدا ئارامگاھ بار. چوڭكۆلدىن يىلانكۆيدىگە 74 يول كېلىدۇ، دۆڭدىمە كۆلگە 81 يول كېلىدۇ. كۆلنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 5 يول كېلىدۇ، كۆلدە بېلىق بار، كۆل سۈيى سۈپسۈزۈك ۋە چوڭقۇر، لېكىن ئاچچىق. ئاقتاز دۆڭگە 87 يول كېلىدۇ (ئۇ ئوت - چۆپ ئۆسمەيدىغان دۆڭ بولغاچقا، «ئاقتاز دۆڭ» دەپ ئاتالغان). ئىلگىرى بۇ يەردە ئۆتەڭ يوق ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاقائىبرىقتىكى ئۆتەڭنى مۇشۇ جايغا يۆتكىگەنىكەن. ئاقتازدىن چىڭگىلىككە 81 يول كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

ئاقتازدىن 2 يول ماڭسا توغراقلىق ئويمانغا، 5 يول ماڭسا يول ئاچىلىغا كېلىدۇ. ئۇ يول ئەگرى - توقاي بولۇپ، قۇم بارخانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇغا بۇلاققا 33 يول كېلىدۇ، بۇ يەردە ئارامگاھ بار. بۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، يول شەرققە بۇرۇلۇپ نۇرغۇن قۇم بەللەردىن ئۆتىدۇ. ئاقتازدىن 40 يول ماڭسا يول ياقىسىدا بىر قۇدۇق بار جايغا كېلىدۇ، بۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە قۇم دۆڭگە قاراپ ماڭىدۇ. قۇم ناھايىتى قېلىن ھەم يۇمشاق بولۇپ، دەسسىگەن ئىز شۇ ھامان كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. ياقا توغراققا 75 يول، چىڭگىلىككە 81 يول كېلىدۇ. چىڭگىلىكتىن ۋاششەھىرىگە 80 يول كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

چىڭگىلىكتىن چىقىپ شەرققە قاراپ ئېگىز - پەس قۇم بەللەرنى كېزىپ

www.uyghurkitap.com

مېڭىپ 13 يول ماڭسا چاپان قالدى ئۆتىڭىگە كېلىدۇ . ئۇ يەردە توغراق ۋە يول ياقىسىدا قۇدۇق بار ، سۈيى ئانچە بەك ئاچچىق ئەمەس . بۇ يەردىن ئۆتسە يەنە قۇملۇق باشلىنىپ ، كىشى ئاسانلا يولدىن ئادىشىپ كېتىدۇ . 26 يول ماڭسا ئۇزۇن چاۋاغا كېلىدۇ ، بۇ جايدا قۇدۇق بار ، سۈيى تاتلىق . بۇ جايدىن ئۆتكەندىن كېيىن شورتاڭلىق باشلىنىدۇ . 49 يول ماڭسا پاسلاغا كېلىدۇ . پاسلا ئۇيغۇرچە « چېگرا » دېگەن سۆز بولۇپ ، ئىلگىرى بۇ جاي كېرىيە بىلەن چارقىلىقنىڭ چېگرىسى ئىدى . بۇ يەردە توغراق دەرىخىگە يېزىلغان چېگرا بەلگىسى بار ئىدى . چەرچەندە ناھىيە تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇن كېرىيە بىلەن چەرچەننىڭ چېگرىسى مۇشۇ جايدىن ئايرىلاتتى . 75 يول ماڭسا ۋاششەھىرى دەرياسىغا كېلىدۇ . دەريانىڭ كەڭلىكى 2 يول كېلىدۇ . دەريا بەش ئېقىنغا بۆلۈنگەن . ئۇنىڭدىن ئاتلىق ئۆتكىلى بولىدۇ . ئۇ يەردىن 5 يول ماڭسا ۋاششەھىرگە كىرىدۇ . بۇ جاي كەنت بولۇپ ، قونالغۇ بار . 1916 ـ يىلى 51 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى . ئۇلار خوتەن ، كېرىيە ، لوپلاردىن كېلىپ ماكانلاشقان بولۇپ ، 1200 مو يەر ئاچقان . ۋاششەھىرىدىن جىنلىققا 80 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى يوللارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

ۋاششەھىرىدىن ھوشۇر قۇدۇقىغا 37 يول كېلىدۇ . بۇ قۇدۇق يولنىڭ شىمال تەرىپىدىكى نەچچە يول كېلىدىغان جايدىكى دەرەخلىكتە بولۇپ ، سۈيى سەل تۇزلۇقراق ، ئەمما ئىچكىلى بولىدۇ . بۇ قۇدۇقنى ھوشۇر ئىسىملىك بىر كىشى قازغاچقا ، ئۇ « ھوشۇر قۇدۇقى » دەپ نام ئالغان . چىغلىققا 47 يول ، كالا ئۆلگەنگە 67 يول ، جىنلىققا 87 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئۆتەڭ بار . يولنىڭ سول تەرىپىدە بىر كۆل بولۇپ ، جىنلىق بۇلاق دەپ ئاتىلىدۇ . جىنلىقتىن چارقىلىققا 86 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

جىنلىقتىن بەشلاققا 25 يول ، تاتلىق بۇلاققا 41 يول كېلىدۇ . يول ياقىسىدا بىر قۇدۇق خارابىسى بار ، سۈيى يوق . قۇيرۇق ئاسقانغا 64 يول كېلىدۇ ، بۇ يەردە ئۇۋچىلار ياۋا تۆگىنىڭ قۇيرۇقىنى ئېسىپ قويغانىكەن . تاتىراڭغا 74 يول كېلىدۇ . بۇ يەردە ئارامگاھ بار ئىدى . چارقىلىق بازىرىغا 84 يول ، چارقىلىق ئامبال مەھكىمىسىگە 86 يول كېلىدۇ .

# چارقىلىق ناھىيىسى

## چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

چارقىلىق ناھىيىسى تەكلىماكان چۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86° 45′ ~ 93° 45′، شىمالىي كەڭلىك 36° 05′ ~ 41° 23′ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئۇ شەرقتە گەنسۇ ۋە چىڭخەي بىلەن، جەنۇبتا كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى ئارقىلىق شىزاڭ بىلەن، غەربتە چەرچەن بىلەن، شىمالدا لوپنۇر، تۇرپان، قۇمۇللار بىلەن چېگرىداش. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان كەڭلىكى 570 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 580 كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر مەيدانى 202 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ناھىيىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىقلىمى قۇرغاق بولۇپ، تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. يازدا ئىسسىق ھەم قۇرغاق، 7 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى 40℃ تىن ئاشىدۇ. قىشتا سوغۇق ھەم قۇرغاق، 1 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 20℃ بولىدۇ.

چارقىلىق ناھىيىسى يەر كۆلىمىنىڭ 29.25 پىرسەنتىنى تاغلىق، 29.78 پىرسەنتىنى چۆل، 12.61 پىرسەنتىنى سېرىق توپىلىق يەر، 27.8 پىرسەنتىنى قۇملۇق، 0.54 پىرسەنتىنى كۆل تەشكىل قىلغان بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونى ئاران 0.02 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. چارقىلىقتا ئاساسلىق دەريالاردىن مىرەن دەرياسى، ۋاششەھرى دەرياسى، تاشساي دەرياسى قاتارلىق 14 دەريا ـ ئېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي نورمال ئېقىن مىقدارى 449 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر. چارقىلىق تەۋەسىدە چوڭ كۆللەردىن ئاياغقۇم كۆل، ئاچچىقكۆل، بوركۆل قاتارلىق كۆللەر بار.

چارقىلىق قەدىمكى زاماندا بۈگۈنكى چارقىلىق بىلەن كىروراننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ چاغدا چارقىلىقتا 450 ئۆيلۈك ئادەم، 1750 نوپۇس بار ئىدى. كىروراندا 1570 ئۆيلۈك ئادەم، 14 مىڭ 100 نوپۇس بار ئىدى. كېيىن پىششامشان بەگلىكى چارقىلىقنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، پاتقاقلىق شەھرى بىلەن تاش قەلئە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

( شىچېك ) بۇگۈنكى چارقىلىق ئىكەن ①.

چارقىلىق تەۋەسىدە بەش ئورۇندا چوڭ قەدىمىي خارابە ئىزلىرى بار. بۇلار كىروران، ئوتلۇق تور، قەدىمكى مىرەن ( پىشامشان دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئابدال شەھىرى )، شەھىرى كەتىك، قەدىمكى ۋاششەھىرى خارابىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا ئاتا خوجاخان خارابىسى، تاش قەلئە، هازىرقى مىرەن ( جىگدىچى ) دىكى بۇددا بۇتخانىسى، ئالتۇنتاغدىكى چېگرا قەلئەسى قاتارلىق خارابىلەر بار. بۇ خارابىلەردىن بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنقى بۇغداي ۋە تېرىقلار تېپىلدى. قەبرىلەردىن 6412 يىل ئىلگىرىكى يۇڭ توقۇلمىلاردا كىيىم كىيگەن جەسەت تېپىلدى. كىروراندىن 4000 يىل بۇرۇن ئىشلىتىلگەن مىس پۇل تېپىلدى. ئالتۇنتاغدىن 10 مىڭ يىل ياكى 50 مىڭ يىل بۇرۇنقى تاش قوراللار، مىلادىيە 9 ــ، 10 ــ ئەسىرگە ئائىت 2000 پارچىدىن ئارتۇق 500 مىڭ خەتلىك بۇددا نوملىرى تېپىلدى.

## چارقىلىق دېگەن نام توغرىسىدا

چارقىلىق دېگەن يەر نامى توغرىسىدا ئۈچ خىل كۆز قاراش بار:

بىرىنچى، بەزىلەر چارقىلىق «چارۇقلۇق» تىن ئۆزگەرگەن، چارۇق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭغا «لوق» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، «چارۇقلۇق» بولغان، كېيىنچە ئۆزگىرىپ «چاقىلىق» بولغان، دېيىشىدۇ ②.

ئىككىنچى، يەنە بەزىلەر چارقىلىق ئەسلى «چاقلىق» تىن ئۆزگەرگەن، قەدىمدە بۇ جايدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يۇرتتىن كۆچمەكچى بولۇپ، ئالدىراشچىلىقتا يىپ ئىگىرىدىغان چاقنى تاشلاپ كېتىپ قالغانىكەن، كېيىن بۇ جايغا كەلگەنلەر چاقلارنى كۆرۈپ، بۇ جاينى «چاقلىق» دەپ ئاتىغانىكەن، دېيىشىدۇ.

ئۈچىنچى، يەنە بەزىلەر «چارقىلىق» ئەسلى «چاققاقلىق» تىن ئۆزگەرگەن، چاققاق بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ يالىڭاچ

① «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى»، 30 ــ قىسىم، 65 ــ بەت.

② «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى»، 30 ــ قىسىم، 68 ــ بەت.

بەدىنىگە تەگسە قىچىشتۇرىدۇ ۋە ئاغرىتىدۇ، شۇڭا «چاققاق» دەپ نام ئالغان، كېيىن «ق» ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ «چاقىلىق» بولغان، دېيىشىدۇ.

## لوپنۇر كۆلى

لوپنۇر كۆلى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. يېقىنقى يىللاردىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 90° 01′47″ ~ 90° 27′45″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 40° 02′43″ ~ 40° 43′38″ ئارىلىقىدا، دېڭىز يۈزىدىن 766 مېتىر ئېگىز. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ پەس جايى. ئەينى چاغدا ئويمانلىقتىكى تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، چەرچەن دەرياسى مۇشۇ جايدا قوشۇلۇپ چوڭ كۆل ھاسىل قىلغان. يىللار ۋە ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىم ۋە چارقىلىق دەريالىرىنىڭ ئېقىنى ئۆزگەرگەنلىكتىن، لوپنۇرغا كېلەلمەيدىغان بولدى. دەريا ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كۆل كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن. مىلادىيە 330 ـ يىلدىن بۇرۇن كۆل سۈيى كۆپ ئىدى. ئۇ چاغدا غەربىي شىمالدىكى ئاتاقلىق كىروران شەھىرى «يىپەك يولى» نىڭ ئۆتكەللىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەسىرلەر داۋامىدا كۆل سۈيى ئازىيىپ كىروران شەھىرى خارابىلىككە ئايلاندى.

رۇس پولكوۋنىكى پرژېۋالسكىينىڭ 1876 ـ ۋە 1877 ـ يىللىرى لوپنۇر كۆلىنى تەكشۈرۈپ يازغان ماتېرىيالىدا: «لوپنۇر كۆلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 چاقىرىم، كەڭلىكى 20 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ كۆلدە ئېگىزلىكى 21 فوت (بىر فوت 0.3048 مېتىرغا باراۋەر، 21 فوت 640 سانتىمېتىر بولىدۇ) كېلىدىغان قومۇش ئۆسىدۇ. بۇ كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا كەڭلىكى تەخمىنەن بىر يېرىم چاقىرىمدىن 7 چاقىرىمغىچە كېلىدىغان تار بىر سۈزۈك ئېقىن بار. كۆلنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئادەتتە 6 فوت (1.81 مېتىر) كېلىدۇ، لېكىن بەزى جاي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىرى 12 فۇتتىن 13 فۇتقىچە كېلىدۇ. كۆلنىڭ سۈيى ھەمىشە سۈپسۈزۈك تۇرىدۇ» دېيىلگەن. 1921 ـ يىلى تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى قىسمى شەرققە قاراپ ئاقىدىغان بولغاندىن كېيىن كۆل سۈيى يەنە كۆپەيدى. 1942 ـ يىلى ئۆلچىگەندە كۆلنىڭ سۇ يۈزى 3000 كۋادرات كىلومېترغا يېتىپ، جۇڭگو بويىچە ئىككىنچى چوڭ تۇزلۇق كۆل بولۇپ قالغانىدى. 1962 ـ يىلى كۆل سۈيى ئازىيىپ سۇ يۈزى 660 كۋادرات كىلومېترغا چۈشۈپ قالدى. كۆلگە قۇيۇلىدىغان سۇلار يۇقىرىقى ئېقىندا تىزگىنلىنىپ كەتكەنلىكتىن، 1970 ـ يىللاردىن كېيىن كۆل ئاستا ـ ئاستا قۇرۇپ پۈتۈنلەي شورتاڭلىققا ئايلاندى. كۆل سۈيىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، بەزى كۆزەتچىلەر لوپنۇر كۆلى يۆتكىلىپ تۇرىدىغان «كۆچمە كۆل»، ئۇ شىمالىي كەڭلىك 39° ~ 40° ۋە 40° ~ 41° ئارىلىقىدا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو ئالىملىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كۆلنىڭ غەربىي شىمال بۆلىكى بىلەن غەربىي جەنۇب بۆلەكلىرىدە روشەن دەريا دېلتىسى بارلىقىنى، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى كۆنچى دەرياسى سۇ سىستېمىسى يۆتكەلگەندە دەريا سۈيى كۆلگە ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن ئېقىپ كىرىدىغانلىقىنى، كۆل تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ پەس جايى ئىكەنلىكى، كۆلگە كىرىدىغان لاتقىلار ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى، چۆكمە جىنسلارنىڭ توپلىنىشى ئاستا بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. كۆل ئاستىدىكى چۆكمە جىنسلارنىڭ دەۋرلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، لوپنۇر كۆلى تارىم ئويمانلىقىنىڭ سۇ يىغىلىش مەركىزى ئىكەنلىكى، كۆل سۈيى گەرچە بەزىدە شىمالغا، بەزىدە جەنۇبقا سۈرۈلسىمۇ، چوڭ دائىرىلىك ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

لوپنۇر كۆلى بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى پىچان كۆل دەپ ئاتىلاتتى. «خەننامە» دە بۇ كۆل «پۇچاڭخەي» (蒲昌海) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ پىچان كۆلنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

كېيىنچە « قارا بوران كۆل »①، « لوپ كۆلى »②، « لوپنۇر كۆلى » ③ دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان .

## §5 . قەشقەردىن پەرغانە ئويمانلىقىغا ئۆتىدىغان قەدىمكى كارۋان يوللىرى

قەشقەردىن پەرغانە ئويمانلىقىغا ئۆتىدىغان يوللار خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ يولدىن ئىبارەت :

1 . تېرەك داۋان ئارقىلىق ماڭىدىغان قەشقەر ـ ئەنجان يولى . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 937 يول كېلىدۇ .

2 . تېرەك داۋان ئارقىلىق ماڭىدىغان قەشقەر ـ نارىن يولى . ئۇ 260 ۋېرستىل ( 555 يول ) كېلىدۇ .

3 . تورغات ئېغىزى ئارقىلىق ماڭىدىغان قەشقەر ـ نارىن يولى . ئۇ 270

---

① بۇ كۆل قارا بوران يولىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ، « قارا بوران كۆلى » دەپ ئاتالغان . « شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى » ، 36 ـ بەت .

② بۇ كۆل قەدىمكى لوپ شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ، « لوپ كۆلى » دەپ ئاتالغان . لوپ شەھىرى ئىلگىرى « ۋاششەھىرى » دەپمۇ ئاتالغان . مىلادىيە 11 ــ 12 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە « لوپ شەھىرى » دەپ ئاتالغان . لوپ شەھىرى تارىختا قوم ئاستىدا قالغان مەشھۇر چوڭ شەھەردۇر ( « شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى » ، 1993 ـ يىل 1 ـ سان ، 20 ـ ،21 ـ بەتلەر ) .

③ لوپنۇر ــ لوپ بىلەن « نۇر » دېگەن سۆزدىن ھاسىل بولغان نام بولۇپ ، ئۇ « كۆل » دېگەن مەنىنى بىرىدۇ . بۇ نام 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى موڭغۇل ئويراتلىرى بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان . 1771 ـ يىلى موڭغۇل ئويراتلىرىنىڭ تورغۇت قەبىلىسىدىن 70 مىڭ كىشى رۇسىيىنىڭ دېنېپىر دەريالىرى ياقىسىدىن يۇلتۇز ، قارا شەھەر ئەتراپلىرىغا كېلىپ ماكانلاشقان . « شىنجاڭدا يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە پەرناملىرى تەتقىقاتى » ، 46 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋىرستلىق ( 576 يول ) كېلىدۇ . ئەينى چاغدا بۇ يولدا پەقەت ئاتلىق مېڭىشقىلا بولاتتى . لېكىن ، بۇ يولنى هازىر يولى قىلىپ ياساش ناھايىتى ئاسان ئىدى .

## تېرەك داۋان ئارقىلىق ماڭىدىغان قەشقەر ـ ئەنجان يولى

بۇ يولنىڭ قەشقەر بىلەن ئوش ئارىلىقىدىكى قىسمى 1876 ـ يىلى ئا . ن . كروپاتكىن باشچىلىقىدىكى « رۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى » تەرىپىدىن يېزىلغان خاتىرىگە ئاساسەن بايان قىلىندى . قوشۇمچە باشقا مەنبەلەردىنمۇ پايدىلىنىلدى .

تېرەك داۋان ئارقىلىق ماڭىدىغان قەشقەر ـ ئەنجان يولى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بىر قىسمى ، شۇنداقلا ئۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن پەرغانە ئويمانلىقىغا بارىدىغان مۇھىم يول بولۇپ ، 2000 يىلدىن ئوشۇق تارىخقا ئىگە . بۇ يول تارىختا شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بىلەن پەرغانە ئويمانلىقىدىكى قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش ـ كېلىش ، سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلىرىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن . بۇ يول يەنە 9 ـ ئەسىردە قۇرۇلغان ، ئاز كەم تۆت ئەسىر داۋام قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قىشلىق پايتەختى قەشقەر بىلەن يازلىق پايتەختى بالا ساغۇننى تۇتاشتۇرغۇچى مۇھىم يول ئىدى . قاراخانىيلارنىڭ 13 ـ خانى مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان . سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانمۇ مۇشۇ يول بىلەن نۇرغۇن قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلغان . 1513 ـ يىلى قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقىمۇ بۇ يولدا نۇرغۇن قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلغان . مەھمۇد قەشقىرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، مەشرەپ ، تاشۋاي قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرمۇ مۇشۇ يولدا ئىزلىرىنى قالدۇرغان .

قەشقەر بىلەن ئوش ئارىلىقى 796 يول كېلىدۇ . قەشقەر بىلەن ئەنجان ئارىلىقى 940 يول كېلىدۇ . 1807 ـ يىلى سودا كارۋىنى بىلەن مۇشۇ يولدىن ئۆتكەن مورتازا فايزىددىن مارزىيا ئىسىملىك تاتار كىشىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، گ . گىنى توپلىغان مەلۇمات بويىچە قەشقەر بىلەن قوقان ئارىلىقى 23 كۈنلۈك يول ئىكەن .

قەشقەر بىلەن پەرغانە ئوتتۇرىسىدىكى سودا ماللىرى ئاساسەن ئات بىلەن توشۇلاتتى . بەزىدە ئاز ساندىكى كارۋانلار تۆگە ، ئېشەك ئىشلىتەتتى . ھەربىر كارۋاندا بىر نەچچىدىن ئېشەك بولاتتى . ئەمما ، ئېشەكنى كارۋانلارغا

يولباشلىغۇچىلار مىنىشەتتى . بۇ يولنىڭ جۇگگو تەۋەسىدىكى قىسمىدا يول ياقىسىدىكى قورغان ۋە قاراۋۇلخانىلار ئەتراپىدىن ئاز ـ تولا يەم ـ خەشەك تېپىش مۇمكىن . ئەركەشتامدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، پەقەت تەگرىتاغنىڭ كۈنگەي تەرەپلىرىدىلا يېقىلغۇ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ . كارۋانلار قىش كۈنلىرى يەم ـ خەشەك قىلىش ئۈچۈن بوغۇز ئېلىۋالىدۇ . كۈنگەي تەرەپتە چۈشكۈن قىلىش توغرا كەلسە ، يىلنىڭ قايسى پەسلىدە بولسۇن ، ئۇلاغلار ئۈچۈن يېتەرلىك ئوت ـ چۆپلەر تېپىلىدۇ . لېكىن ، تەسكەي تەرەپلەردە كارۋانلار پەقەت ئۆزلىرى ئېلىۋالغان يەم ـ خەشەكلەرگىلا تايىنىدۇ . تاتلىق سۇ ھەممىلا يەردە تېپىلىدۇ . لېكىن ، كارۋانلار پۈتۈن سەپەر جەريانىدا يەيدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى ئۆزلىرى ئېلىپ مېڭىشى زۆرۈر ئىدى . چۈنكى ، يىمەكلىك يوللاردا ئاسانلىقچە تېپىلمايتتى . قىش كۈنلىرى بەزىدە تېرەك داۋان ئېغىزىنى قېلىن قار قاپلاپ كېتىپ بىر نەچچە كۈن ، ھەتتا بىر نەچچە ھەپتىگىچە قاتناش ئۈزۈلۈپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولۇپ تۇراتتى . بۇنداق چاغلاردا بۇ تاغلاردا ياشايدىغان سارت قەبىلىسىگە مەنسۇپ چارۋىچى قارا قىرغىزلار كارۋانلارنى باشلاپ ئۆتكۈزۈپ قوياتتى ، ئۇلارنىڭ كىرىمىنىڭ تولىسى مۇشۇ ئىشتىن كېلەتتى .

## قەشقەر ـ ئەنجان يولىدىكى ئۆتەڭ ۋە جايلار

قەشقەردىن مىڭيول قورغىنىغا ( قاراۋۇلخانىسىغا ) 94 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

قەشقەردىن سەمەنگە 10 يول ، ئاق لەڭگەرگە 37 يول ، مۇنارەگە 43 يول ، ئەنجان كېچىكى ( ئاۋات ئۆستەڭ كېچىكى ) گە 54 يول ، ئاقتاش ئېقىنىغا 75 يول ، مىڭيول قاراۋۇلخانىسىغا 94 يول كېلىدۇ . مىڭيول قاراۋۇلخانىسى 1875 ـ يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن سېلىنغان . قاراۋۇلخانا ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 5200 فوت ( 1586 مېتىر ) ئېگىز ، قاراۋۇلخانا كۋادرات شەكلىدە بولۇپ ، تام ئۈستىدە زەمبىرەك راۋىقى بار . ئۇنىڭ ئالدى تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35 سازىن ( 75 مېتىر ) كېلىدۇ ، ئىچىدە بىر نەچچە كورپۇس ئۆي ، ئەتراپىدا ھەربىيلەر باشقۇرىدىغان تېرىلغۇ يەر ۋە باغلىرى بار . بۇ قاراۋۇلخانىنى ئەينى يىللاردا ياقۇپبەگنىڭ سەركەردىسىئەخمەتخان يۈزبېشى ساقلايتتى ، ئۇنىڭ 60 ئەسكىرى بار ئىدى . قاراۋۇلخانىدىن 60 قەدەم نېرىدا مەسچىت بار ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىڭيول قاراۋۇلخانىسىدىن قانجۇغان قاراۋۇلخانىسىغا 64 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

مىڭيولدىن كارۋان قول سارىيىغا 16 يول كېلىدۇ ، ئورتا بۇلاق ۋە قانجۇغان دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇش جايىغا 49 يول كېلىدۇ .

**قانجۇغان قاراۋۇلخانىسى** بۇ تارىخى ئۇزۇن قەدىمكى قاراۋۇلخانا بولۇپ ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 6900 فوت ( 2105 مېتىر ) ئېگىز . قاراۋۇلخانا رەتسىز كۋادرات شەكىلدە بولۇپ ، ئۇنىڭ تاملىرىنىڭ ياسىلىشى قوپال ، تامدا ئوق ئاتىدىغان تۆشۈكچىلىرى ، ئىچىدە نەچچە يۈرۈش ئۆيى بار . قاراۋۇلخانا تېمى ئىككى قەۋەت بولۇپ ، ئۇنىڭ سىرتقى قەۋىتى ئىككى فوت ئېگىزلىكتە كېلىدۇ . « قانجۇغان » دېگەن سۆز قەدىمكى تۈركىي تىل بولۇپ ، « قانغا بويالغان » دېگەن مەنىدە . قەدىمكى زاماندا بۇ جايدا موڭغۇللار بىلەن تۈركىي خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولغانىكەن . شۇنىڭدىن بۇيان بۇ جاي « قانجۇغان » دەم نام ئالغان .① قانجۇغان قاراۋۇلخانىسىدىن 47 يول ماڭسا قوغۇشۇن كان قورغىنىغا كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

قانجۇغاندىن قانجۇغان دەرياسىغا 6 يول ، قىرغىز قەبرىستانلىقىغا 9 يول ، قوزغۇن دەريا كېچىكىگە 16 يول ، قىزىلئۆي تېغىغا 24 يول ، قىزىل داۋانغا ( قىزىلئۆي ) 39 يول كېلىدۇ . هازىرقى ئۇلۇغچات ناهىيە بازىرى جايلاشقان ئورۇن ئىلگىرى « قىزىلئۆي » دەپ ئاتىلاتتى . قوغۇشۇن كان قورغىنىغا 47 يول كېلىدۇ .

## ئۇلۇغچات ناهىيىسى

ئۇلۇغچات ناهىيىسى مىلادىيىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ سۇلى دۆلىتىگە قارايتتى . 1929 ــ يىلى ئۇلۇغچات باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ، ئۇ قەشقەر كونىشەھەر ناهىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى . ئۇنىڭ ئورنى كونا ئۇلۇغچاتتا ئىدى . 1938 ــ يىلى ناهىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ ، ناهىيە بازىرى قىزىلئۆي

① « قەشقەرىيە » ، خەنزۇچە نەشرى ، 254 ــ بەت .

( هازىرقى ئۇرنى ) گە كۆچۈرۈلدى . 1954 ـ يىلدىن تارتىپ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، ئۇ يەردە 36 مىڭ 100 نوپۇس ، ئۇلۇغچات بازىرىدا 5822 نوپۇس بار ئىدى .

## ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75° 11′40″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 39° 41′50″ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 2100 مېتىر ئېگىز ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 17 مىڭ 937 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۇرۇمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1522 كىلومېتىر . ئۇلۇغچات ناھىيىسى تىپىك تاغ رايونىغا كىرىدۇ ، ئۇنىڭ غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلىرى ئېگىز ، شەرقىي جەنۇب تەرىپى پەس ، ئۈچ ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان ، شەرقىي جەنۇب قىسمى تۈزلەڭلىك . تاغ رايونى 14 مىڭ 520 كۋادرات كىلومېتىر ، تۈزلەڭلىك 4680 كۋادرات كىلومېتىر ، ئوتلاق 6030 گېكتار ، تېرىلغۇ يەر 6267 گېكتار ، مۇزلۇق 45 مىڭ 133 گېكتارنى ئىگىلەيدۇ . پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئاقسايباش چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6146 مېتىر . ناھىيە تەۋەسىدە قىزىل دەرياسى ، چاقماق دەرياسى قاتارلىق 10 ئېقىن ۋە نۇرغۇن بۇلاقلار بار . بۇلارنىڭ ئومۇمىي سۇ بايلىقى 2 مىليارد 329 مىليون 43 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ . يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 160 ممىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2570 مىللىمېتىر . 1985 ـ يىلدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.6 ℃ ، 1 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 10 ℃ ، 7 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى 22.7 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 32.9 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 23.9 ℃ ، قىروسىز مەزگىلى 116 كۈن .

ئۇلۇغچاتتا كۆمۈر ، تۆمۈر ، ئالتۇن ، مىس ، گۈڭگۈرت ، ھاكتېشى ، نېفىت ، فوسفور قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار . تۈلكە ، قاپلان ، ئېيىق ، سوغۇر ، بۆرە ، كېيىك ، توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار .

**قوغۇشۇن كان قورغىنى** قورغان جايلاشقان ئورۇن دېڭىز يۈزىدىن 7350 فوت ( 2242 مېتىر ) ئېگىز . بۇ قورغان 1873 ـ يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ياسالغان بولۇپ ، قورغان ئىچىدە يەتتە ئائىلىلىك بار ئىدى . ئۇلار يولۇچىلارنى چارلايتتى ۋە ئۇلاردىن ھەق ئالاتتى . ھەربىر ئائىلىگە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېيىغا 10 چارەك ئاشلىق ( بىر چارەك 24 قاداق بۇغداي ياكى 26 قاداق قوناق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە ياكى 25 قاداق ئارپىغا تەڭ بولىدۇ )[1] ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر بېرىلەتتى . قورغاندىن بىر يول يىراقلىقتا ياقۇپبەگ زامانىسىدا ئېچىلغان ئىككى قوغۇشۇن كېنى بار ئىدى . بۇ كاندا ئەينى يىللاردا 30 ئىشچى بولۇپ ، ھەربىر ئىشچى كۈنىگە 32 قاداق ( بىر قاداق 0.454 كىلوگرام كېلىدۇ ) قوغۇشۇن ئالاتتى . ئۇلارنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى شۇ چاغدىكى رۇسىيە پۇلىغا سۇندۇرغاندا بىر رۇبلى بولاتتى . ئەينى ۋاقىتتا ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپانلاردىمۇ قوغۇشۇن كانلىرى بار ئىدى .

قوغۇشۇن كان قورغىنىدىن 58 يول ماڭسا ئوقسالۇر قاراۋۇلخانىسىغا كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

قوغۇشۇن كان قورغىنىدىن يولچى يۇرتى تېغىغا 32 يول ، مالۇغچات كاردۇرىغا 39 يول ، مارالتوقايغا 52 يول ، ئوقسالۇر قاراۋۇلخانىسىغا 58 يول كېلىدۇ .

**ئوقسالۇر قاراۋۇلخانىسى** بۇ قاراۋۇلخانا باشقا قورغانلارغا قارىغاندا خېلى بۇرۇن سېلىنغان قەدىمكى قاراۋۇلخانا بولۇپ ، ئۇ دەريانىڭ شىمالىي قاسىنىقىدىكى دەريا ۋادىسى ئىچىگە جايلاشقان . بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 7200 فوت ( 2196 مېتىر ) ئېگىز . بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ تۈزۈلۈشى ناغرى چالدى قورغىنى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ .

قەشقەردىن چىققان يول ئوقسالۇرغا كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . بىر يول ئۇلۇغچات ، ئەركەشتام ، سوپى قورغانلار ئارقىلىق ئوشقا بارىدۇ . يەنە بىر يول ئۇلۇغچاتقا كىرمەي ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، ئالاي تېغىغا بېرىپ ئاندىن ئۆزگەنگە بارىدۇ . بۇ يول ئۇلاغ يولى بولۇپ ، ناھايىتى جاپالىق ئىدى . ئوقسالۇر ھازىر ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، 830 نوپۇس بار ئىدى . ئوقسالۇر قاراۋۇلخانىسىدىن ئۇلۇغچات قورغىنىغا 85 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

ئوقسالۇردىن مەشرەپ قورغىنىغا 11 يول كېلىدۇ . مەشرەپ قورغىنى 1873 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ ، قورغاندا ئەينى ۋاقىتتا 20 ~ 30 ئاددىي ئەسكەر ، 30 ~ 50 زەمبىرەكچى ئەسكەر ، 15 ~ 20 زەمبىرەك بار ئىدى . ئەسكەرلەرگە پەنجى باشى ( ئەللىكبېشى ) قوماندانلىق قىلاتتى . بۇ قورغاندى-

[1] « قەشقەرىيە » ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 83 ـ بەت .

كـىلەر ئوقسالۇردىكى يۈزبېشىغا ئىتائەت قىلاتتى . شور بۇلاقىقا 39 يول ، توغراق-لىـىق سـاز سـېـيىغا 60 يول ، سېرىق قومۇشقا 77 يول ، ئۇلۇغچات قورغىنىغا 85 يول كېلىدۇ .

ئۇلۇغچات قورغىنى 1873 ـ يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ياسالغان بولۇپ ، بـۇ قـورغـان ئويـمان جايغا جايلاشقاندى . بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 7700 فوت (2349 مېتـىـر ) ئېگىز . قـورغـانـىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغ تىزمىلىرى ئوراپ تـۇرىـدۇ . بـۇ مـۇشۇ يولدىكى ئەڭ چوڭ قورغان بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭدا 100 ~ 150 ئەسـكـەر تـۇرغـۇزۇلـغـان ، ئەسـكـەرلـەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قـوشـقاندا 400 ~ 500 كىشى بار ئىدى . ھازىر بۇ جاي ئۇلۇغچات يېزىسى دەپ ئاتـىـلـىـدۇ . ئۇ يەردە يەنە چات ، چويۇلغانسۇ ۋە قىزىلكۆۋرۈك كەنتلىرى بار . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، ئۇلۇغچاتتا 3051 نوپۇس بار ئىدى .

« ئۇلـۇغـچـات » دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى « ئۇلـۇغ » ۋە « چـات » سۆزلىرىنىڭ قوشۇلۇشـىـدىن ھاسىل بولـغـان سۆز بولـۇپ ، « ئۇلۇغ » سۆزى چوڭ دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ ، « چات » سۆزى كېرىلىش ئارىـلـىـقىنى بىلدۈرىدۇ . دېمەك ، ئۇلۇغچات دېگەن سۆز دەريانىڭ كەڭ جايى دېـگەنلىك بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە قىزىل دەرياسى ئېقىنى قاتمۇقات تاغلار ئارىسى-دىـكـى قـىـسـاڭلاردىن ئۆتۈپ بۇ جايغا كەلگەندە ، كېڭىيىپ 5 يول كەڭلىكتە كـېلىدۇ . ئۇلۇغچات قورغىنىدىن يىغىن قاراۋۇلخانىسىغا 38 يول كېلىدۇ ، بۇ ئا-رىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

ئۇلـۇغـچـات قـورغـىـنـىـدىـن ئاتباش دەرياسىغا 2 يول ، ناغرى چالدى قاراۋۇلخانىسىغا 23 يول كېلىدۇ .

*نـاغـرى چـالـدى قـاراۋۇلخانىسى* قىزىل دەرياسى بىلەن يىغىن ئېقىنىنىڭ قـوشـۇلـۇش جايىغا جايلاشقان . بۇ جايدا دەريا ئېقىنى تۈز ۋە تەكشى بولۇپ ، ئېـقـىـنىنىڭ كەڭلىكى 250 سازېن ( 533 مېتىر ) كېلىدۇ . بۇ قاراۋۇلخانا 1873 ـ يـىلى ياسالغان . قاراۋۇلخانىنىڭ تۆت دوقمۇشىدا زەمبىرەك راۋىقى بار ، ئۇنىڭ چۆرىسى ئىككى قەۋەت تام بىلەن قورشالغان بولۇپ ، سىرتقى تېمىنىڭ ئېگىز-لـىكـى 2 فـوت كـېـلـىـدۇ . ئەيـنـى چاغدا ، ئۇ يەردە 25 ئەسكەر بار ئىدى . بۇ قـاراۋۇلـخـانـىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تىك تاغنىڭ پەلەمپەي يېرىدە بىر قۇرۇ-لـۇش بـولـۇپ ، ئۇنـىـڭ ئەتـراپـى قورۇق تام بىلەن قورشالغان ، تامدا مىلتىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتىدىغان تۆشۈكچىلەر بار ئىدى . بۇ يەردە يەنە ئۈچ ئۆيلۈك پوقرا ۋە بىر ئوتدېلىنىيە ئەسكەر بار ئىدى .

**يىغىن قاراۋۇلخانىسى** بەش يولنىڭ تۇتىشىدىغان تۈگۈنگە جايلاشقان . يىغىن قاراۋۇلخانىسى دېگەن سۆز « يوللار ئۆزئارا قوشۇلىدىغان جايدىكى قاراۋۇلخانا » دېگەن مەنىدە . بۇ قاراۋۇلخانىمۇ 1873 ـ يىلى ياسالغان ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى سوقما تام بىلەن ئورالغان بولۇپ ، ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 سازىن ( 32 مېتىر ) كېلىدۇ . ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئىچىدە بىر كورپۇس ئۆي بار بولۇپ ، يەنە بىر ئوتدېلىنىيە ئەسكەرمۇ بار ئىدى . بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 8100 فوت ( 2470 مېتىر ) ئېگىز . ھازىر بۇ جاي يىغىن يېزىسى دېيىلىدۇ .

يىغىن قاراۋۇلخانىسىدىن ئەركەشتامغا 43 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ : يىغىندىن يىغىن سايىغا 9 يول ، ئىتتىك سايىغا 15 يول ، قارا بەل ئېگىزلىكىگە 30 يول ، سىمخانىگە 37 يول ، ساربۇلاق تېغىغا 39 يول كېلىدۇ . ئەركەشتام قاراۋۇلخانىسى ئەينى چاغدىكى قەشقەر ـ ئەنجان يولىدىكى بىر ئۆتەڭ ئىدى . 1875 ـ يىلى قەشقەرنى مەركەز قىلغان يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ خانى ياقۇپبەگ بۇ جايغا بىر قاراۋۇلخانا سالدۇردى ، بۇ قاراۋۇلخانا ئەركەشتام قاراۋۇلخانىسى دەپ ئاتالدى . بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 8500 فوت ( 2593 مېتىر ) ئېگىز . ئەينى چاغدا بۇ جاي قوقان خانلىقى بىلەن يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ چېگرىسى بولۇپ ، ئەركەشتام قاراۋۇلخانىسى يەتتە شەھەر دۆلىتىگە تەۋە ئىدى . بۇ قورغان كۋادرات شەكىلدە ياسالغان ، ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان . سېپىلنىڭ ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 سازىن كېلىدۇ . سېپىل ئۈستىدە ئوق ئاتىدىغان كۇنگۈرە بار . قاراۋۇلخانا ئىچىدە نەچچە كورپۇس ئۆي بولۇپ ، ھەربىر كورپۇس ئۆيگە 50 ئادەم سىغىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا مەسچىت ۋە ئات ئېغىلى ، قورغاندىن 200 قەدەم نېرىدا كارۋانلار چۈشىدىغان ئۆتەڭ بار .

ئەركەشتام قاراۋۇلخانىسى ھازىرقى جۇڭگو ـ قىرغىزىستان چېگرا لىنىيىسىنىڭ تەخمىنەن 3 كىلومېتىر غەربىدە ( قىرغىزىستان تەۋەسىدە ) . « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا « ئەركەشتام » دېگەن سۆز : « تىكە سولايدىغان قورۇ » دېگەن مەنىدە ، دەپ كۆرسىتىلگەن . ئەركەشتامدىن 36 يول ماكسا ، ئىككىزەك قورغىنىغا كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ

ئۆتىدۇ :

ئەركەشتامدىن توگگۈز بۇرۇنغا 2 يول ، قىزىل دەرياسى بويىغا 4 يول ، تاش غارىغا 15 يول كېلىدۇ . بۇ غار بابارەھىم مەشرەپ چۈشكۈن قىلغان غار بولۇپ ، غار يېنىدا يوغان بىر قەبرە بار ئىدى . يولۇچىلار بۇ غارنى تاۋاپ قىلىدۇ ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ ئۆتىدۇ . ئىككىزنىك ئېغىزى ( داۋانبېشى ) 22 يول كېلىدۇ . داۋانبېشىنىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن ئوشۇق . ئىككىزنىك قورغىنىغا 36 يول كېلىدۇ . ئىككىزنىك دېگەن سۆز قوشكېزەك دېگەنلىك .

ئىككىزنىك قورغىنىدىن 34 يول يۈرسە تاش ئۆيگە كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ : ئىككىزنىك قورغىنىدىن زاكات قۇرۇلغا 11 يول كېلىدۇ ، قاپقا ئېغىزىغا 17 يول كېلىدۇ ، كولداما دەرياسىغا 23 يول كېلىدۇ ، سۆگەت دەرياسىغا 27 يول كېلىدۇ ، تاش ئۆيگە 34 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا تاشتىن ياسالغان ئۆي بار . بۇ يەرنىڭ بورىنى يامان بولۇپ ، بوران چىققان چاغلاردا يولنى قار كۆمۈۋېلىپ قاتناش توسۇلۇپ قالاتتى . بۇنداق چاغلاردا يەرلىك قىرغىزلار قوتاز بىلەن يول ئېچىپ ، يولۇچىلارنى توشۇپ پۇل تاپاتتى . تاش ئۆيدىن 38 يول يۈرسە تېرەك داۋاندىن ئۆتۈپ « سار كۆچۈك » كە كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

تاش ئۆيدىن چىقىپ مەشھۇر تېرەك داۋانغا قاراپ ماڭىدۇ . داۋان يولى ناھايىتى تىك ۋە خەتەرلىك بولۇپ ، بۇ جايدا يولۇچىلار ئاتتىن چۈشۈپ ئاتلىرىنى يېتىلەپ ماڭىدۇ . يول تاغ باغرى بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ . يۇقىرىلىغانسېرى تىكلىشىپ قەدەم ئېلىش قىيىنلىشىدۇ ، نەپەس سىقىلىدۇ . ھەر 10 ~ 20 غۇلاچ مېڭىپ بىر توختاپ دەم ئېلىپ يەنە مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ . يولنىڭ سول تەرىپى تىك تاغ ، ئوڭ تەرىپى تىك ھاڭ بولۇپ ، قارىسا باش قايىدۇ . يول تېيىلغاق بولۇپ ، دىققەت قىلىپ ماڭمىسا ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى بار . تاغ باغرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن سولدا تىك تاغ ، ئوڭدا تىك ھاڭ بار ، ھاڭغا قارىسا باش قېيىپ كۆڭۈل ئېلىشىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلىشىدۇ ، ئەگەر سەللا دىققەت قىلمىسا ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ . ئۇ يەردىن ئۆتسە مەشھۇر تېرەك داۋان چوققىسىغا چىقىدۇ . بۇ داۋاننىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى قالايمىقان تاشلار بىلەن قاپلانغان ئۈچلۈق تاش چوققا بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غاچقا ، « چوچاق » دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ جاينىڭ بارومېتىر بىلەن ئۆلچەنگەن ئېگىزلىكى 13 مىڭ فوت ( 3962 مېتىر ) كېلىدۇ . بۇ جايدا ئاتنى دەم ئالدۇرماسلىق كېرەك ، بولمىسا ئات تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ . ياز كۈنلىرى پەقەت بىر نەچچە كۈنلا قار بولمايدۇ . يىلنىڭ باشقا چاغلىرىدا پۈتۈنلەي قار قاپلاپ تۇرىدۇ . ئىككى ياندىكى تاغ بۇ يەردىن يەنە 500 فوت ( 150 مېتىر ) ئېگىز ، داۋان بېشىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئازراق ماڭسا ، يېرىم چەمبەرگە ئوخشايدىغان ئېگىزلىكتىكى بىر دۆمبەلگە كېلىدۇ ، بۇ جاي « قوۋۇرغا » دەپ ئاتىلىدۇ . تاش ئۆيىدىن 21 يول ماڭسا تاغ ئېتىكىگە چۈشىدۇ . تاش ئۆيىدىن كامارغا 29 يول ، سار كۆچۈككە 38 يول ، سار كۆچۈكتىن 32 يول يۇرسە سوپى قورغانغا كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

سار كۆچۈكتىن تۈيۈقسۇ سايغا 2 يول ، دەرۋازىغا 4 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئىككى قاسنىقى تىك يار ۋە ئوتتۇرىسى 20 قەدەم كەڭلىكتە كېلىدىغان بىر كارىدور بار ، شۇڭا بۇ كارىدور دەرۋازا دەپ ئاتالغان . قايىندى سايغا 10 يول ، تېرەكلىك سايغا 23 يول ، سوپى قورغانغا 32 يول كېلىدۇ .

سوپى قورغان ــ قەشقەردىن كەلگەن يول بىلەن ئالاي تاغلىرىدىن كەلگەن يوللارنىڭ تۇتىشىدىغان ئاچىلىغا جايلاشقان . ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 6560 فوت ( 2008 مېتىر ) ئېگىز . بۇ قورغان 1831 ـ يىلى قوقان خانى ئۆمەرخان تەرىپىدىن ياسالغان .

سوپى قورغاندىن 35 يول يۇرسە يېڭىئېرىققا كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

سوپى قورغاندىن كۆلەڭگۈ توقايغا 10 يول ، تارغالىق سېيىغا 12 يول ، تائوك قەبىلىسىنىڭ قىشلىقىغا 20 يول ، يېڭىئېرىققا 35 يول كېلىدۇ . يېڭىئېرىقتىن 48 يول يۇرسە گۈلچا قورغىنىغا كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

يېڭىئېرىقتىن قىزىل قورغانغا 14 يول كېلىدۇ . قىزىل قورغان 1816 ـ يىلى قوقان خانى ئۆمەرخان تەرىپىدىن ياسالغان . قورغان كۋادرات شەكلىدە بولۇپ ، سېپىلىنىڭ ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سازىن ( 43 مېتىر ) كېلىدۇ . سېپىل قىزىل سېغىز توپىدىن سوقۇلغان ، ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىدە زەمبىرەك راۋقى بار . قىزىل قورغان ئىلگىرى زاكات قورغىنى

دەپمۇ ئاتىلاتتى . چۈنكى ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن باج ئېلىناتتى .
گۈلىچا قورغىنى 1876 ـ يىلى ياسالغان . بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 5000 فوت ( 1525 مېتىر ) ئېگىز . قورغان ئەتراپى تېرىلغۇ يەر ، قورغان سىرتىدا يان تەرەپتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئىككى خەندەك بار . قورغان تېمىنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 سازېن ( 128 مېتىر ) كېلىدۇ . ئالدى تېمىنىڭ قېلىنلىقى 7 فوت ( 2.1 مېتىر ) ، ئېگىزلىكمۇ 7 فوت ، خەندەكنىڭ چوڭقۇرلۇقى 14 فوت ( 4.20 مېتىر ) . قورغاننىڭ بىرلا قۇۋۇقى بولۇپ ، قاپقىسى يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەتلىنىدۇ . قورغان ئەتراپىدا توپ ئۆسكەن نەچچە يۈز تۈپ تاغ تېرىكى بار . گۈلىچا قورغىنىدىن 58 يول ماڭسا « تالدىك ئۆتىڭى » گە كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :
گۈلىچا قورغىنىدىن گۈلىچا ئېقىنىغا 15 يول ، جىلسۇ دەرياسى بىلەن توقۇز بۇلاق دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا 17 يول ، توققۇز بۇلاق سېيىغا 27 يول ، چىگىرچىك داۋىنىغا 32 يول كېلىدۇ . چىگىرچىك داۋىنى بېشى دېڭىز يۈزىدىن 7000 فوت ( 2134 مېتىر ) ئېگىز . تالدىك ئۆتىڭىگە 58 يول كېلىدۇ . تالدىك ئۆتىڭىدىن 61 يول يۈرسە ھادى ئۆتىڭىگە كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :
تالدىك ئۆتىڭىدىن لەڭگەرگە 23 يول كېلىدۇ ، بۇ يەردە ئەينى چاغدا ئۆتەڭ بار ئىدى . ساي كېچىك ( دەريا ) كە 51 يول كېلىدۇ . باشبۇلاققا 56 يول كېلىدۇ . ھادى ( شەيخ ھادى ) كەنتىگە 61 يول كېلىدۇ . شەيخ ھادى مەككىدىن كەلگەن كىشى بولۇپ ، مۇشۇ جايدا ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ كەنتكە شەيخ ھادى دەپ نام بېرىلگەن . بۇ زاتنىڭ قەبرىسى دۆڭ ئۈستىدە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر مۇنچىلىغان سىدە ـ قارىياغاچلار بار . بەل ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلار بۇ جاينى تاۋاپ قىلىپ ، بېلىنى قەبرە تۇلۇقىنىڭ تاملىرىغا سۈركەيدۇ . ھادىدىن ئوشقا 26 يول كېلىدۇ .
ئوش شەھىرى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتەڭلىرىنىڭ بىرى . ھازىر ئۇ قىرغىزىستاننىڭ ئوش ئوبلاستىنىڭ مەركىزى . ئوش شەھىرى ئاقبۇلاق دەرياسى بويىغا جايلاشقان بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 3300 فوت ( 1000 مېتىر ) ئېگىز .
ئوشتىن ئەنجانغا 4 ياغاچ ، يەنى 32 كىلومېتىر كېلىدۇ . ئادەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كارۋانلار بۇ جايغا بىر قونۇپ كېلىدۇ . ئەنجان پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 549 مېتىر ئېگىز . ئەنجان قەدىمىي شەھەر ، شۇنداقلا ھەر تەرەپتىن كەلگەن كارۋان يوللىرى تۇتىشىدىغان قاتناش تۈگۈنى . ئەنجاندىن غەربىي جەنۇبقا ماڭسا قوقان ، گۈلىستان ۋە بۇخارالارغا ، غەربىي شىمالغا ماڭسا نەمەنگان ۋە تاشكەنتلەرگە ، شەرقىي شىمالغا ماڭسا بىشكەك ، بالاساغۇن ، ئالمۇتا ۋە ئاقسۇلارغا ، شەرقىي جەنۇبقا ماڭسا قەشقەرگە بارغىلى بولىدۇ .

## تورغات ئارقىلىق ماڭىدىغان قەدىمكى قەشقەر ـ پەرغانە يولى

تورغات ئارقىلىق ماڭىدىغان قەدىمكى قەشقەر ـ پەرغانە يولى ئۇزۇن تارىختا ئىگە مۇھىم يوللارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ قەشقەر يارباغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ ، شىمالغا قاراپ مېڭىپ تاغوتقا كېلىپ ، غەربىي شىمالغا قاراپ چاقماق دەرياسىنى بويلاپ ئۇچار ، ئاياغ مەھەللە ، تاشيايلاق ، توقاشلا ، قارىغول ، توپا ، بايقۇرۇت ، تويۇنلاردىن ئۆتۈپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ، تويۇندىن سۆگەك دەرياسى بىلەن تورغات دەرياسى قوشۇلىدىغان جايغا بارغاندا يول ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ، سول تەرەپكە ماڭغان يول سۆگەك دەرياسىنى بويلاپ سۆگەك تاغ ئېغىزى ئارقىلىق قىرغىزىستانغا ئۆتۈپ ئارپاغا بارىدۇ . ئۇنىڭ سۆگەك تاغ ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىقى 275 يول كېلىدۇ .

ئوڭ تەرەپكە ماڭغان يول تورغات دەرياسىنى بويلاپ ، تورغات تاغ ئېغىزى ① ئارقىلىق قىرغىزىستانغا ئۆتۈپ ، چاتىر كۆلىنىڭ شەرقى بىلەن مېڭىپ ، كۆك ئايغىرغا بېرىپ شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ ، ئاقساي دەرياسىنى ( توشقان دەرياسىنىڭ باش قىسمى ) بويلاپ يار تاشقا بېرىپ ، ئاندىن سولغا بۇرۇلۇپ نارىنغا بارىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 576 يول ، تورغات تاغ ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىقى 305 يول كېلىدۇ .

## تورغات ئارقىلىق ماڭىدىغان قەشقەر ـ ئەنجان يولىدىكى ئۆتەڭلەر

قەشقەردىن باغئېرىققا 7 يول كېلىدۇ ، تاغوتقا 31 يول كېلىدۇ ، ئۇچارغا 39 يول كېلىدۇ ، دۆڭتاشقا 49 يول كېلىدۇ ، ئاياغ مەھەللىگە 60 يول كېلىدۇ ،

---

① تورغات تاغ ئېغىزى دېڭىز يۈزىدىن 3752 مېتىر ئېگىز .

ئوتتۇراغىقا 65 يول كېلىدۇ ، تاشيايلاقتا 72 يول كېلىدۇ ، توقاشلارغا 76 يول كېلىدۇ ، قارىغولغا 89 يول كېلىدۇ ، توپاغا 106 يول كېلىدۇ ، بايقۇرۇتقا 118 يول كېلىدۇ ، تويۇنغا 135 يول كېلىدۇ ، ئاچالغا 210 يول كېلىدۇ ، تورغاتقا 295 يول كېلىدۇ ، تورغات تاغ ئېغىزىغا 305 يول كېلىدۇ ، نارىنغا 576 يول كېلىدۇ .

## قەشقەر ـ تورغات تاشيولى

قەشقەر ـ تورغات تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 149.6 كىلومېتىر بولۇپ ، بۇ يول 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە لايىھىلىنىپ ، 9 ـ ئايدا ئىش باشلىنىپ ، 11 ـ ئايدا پۈتتۈرۈلگەن . يول ياساشقا ھەر مىللەت خەلقىدىن 3600 ئەمگەك كۈچى ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن 1000 ئەمگەك كۈچى سەپەرۋەر قىلىنغان . توشولغان توپا ، تاش 143 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتكەن . ئۇنىڭدىن باشقا 4 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر ياغاچ كۆۋرۈك ، 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ توسمىسى ياسالغان . ئۇ چاغدا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن بۇ يول ئۆلچەم بويىچە ياسالمىغان . ئۇنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ئەگرى ـ بۈگرى ، يول يۈزى تار بولۇپ ، ئۇنىڭدا پەقەت ئات ـ ئۇلاغ ۋە ھارۋىلارلا قاتنىيالايتتى . 1954 ـ ، 1955 ـ يىللىرى بۇ يول قايتىدىن ياسىلىپ ، ئاپتوموبىل راۋان قاتنىيالايدىغان تاشيول قىلىپ ياسالدى .

**چاقماق دەرياسى** سۆگەك داۋىنىدىن باشلانغان سۆگەك دەرياسى بىلەن تورغات داۋىنىدىن باشلانغان تورغات دەرياسى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ سوگەن ۋە يۇقىرىقى تويۇن كەنتلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۆزئارا قوشۇلۇپ چاقماق دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ . چاقماق دەرياسى داۋاملىق شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ تۆۋەنكى تويۇن ، بايقۇرۇت ، توپا ، قارىغول ، تاشيايلاق ، ئايىغ مەھەللە ، قايراق ، ئۇچار ، بەشكېرەم ، ئاۋات ۋە خانويلارغا بارىدۇ . ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 95 كىلومېتىر ، سۇ يىغىش مەيدانى 3788 كۋادرات كىلومېتىر ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $5.70m^3/s$ ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 180 مىليون كۇب مېتىر ، سۇ ئەڭ كۆپ كەلگەن يىلى ( 1967 ـ يىلى ) 283 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1961 ـ يىلى ) 84 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر بولغان .

www.uyghurkitap.com

# §6 . قەدىمكى قەشقەر ــ مىڭتېكە كارۋان يولى

قەشقەر ــ مىڭتېكە كارۋان يولى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ قەشقەردىن ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىرلەرگە بارىدىغان مۇھىم يول ئىدى. قەشقەر ــ مىڭتېكە يولى شىمالىي ۋە جەنۇبىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شىمالىي يول قەشقەردىن چىقىپ توققۇزاق، تاشمىلىق، بۇلۇڭكۆل، تاشقورغانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن مىڭتېكە داۋىنى ئارقىلىق كەشمىرگە بارىدىغان يول بولۇپ، بۇ يول سەركوھ يولى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەشقەردىن چىقىپ يېڭىسار ئارقىلىق ماڭىدىغان يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يول يېڭىساردىن چىقىپ چىلى گۈمبەزگە بېرىپ، ئاندىن يەركەن ــ مىڭتېكە يولىغا قوشۇلىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ يولنىڭ تاشقورغاندىن ئۆتكەندىن كېيىنكى (مىڭتېكە داۋىنى ئەتراپىدىكى) قىسمىنىڭ 6 مەنزىلى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، خەتەرلىك ھاڭلاردىن، بۇلۇتقا تاقاشقان ئېگىز تاغلاردىكى قىش ــ ياز ئېرىمەيدىغان مۇزلۇقلاردىن ئۆتكەچكە، بۇنداق جايلاردا ئات ــ ئۇلاغلارنى مىنمەي يېتىلەپ ھوشيارلىق بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قار ــ مۇزلار كۆچۈپ يولنى توسۇۋالىدىغان مەزگىل ئۇزۇن بولغاچقا، بىر يىل ئىچىدە قاتنىغىلى بولىدىغان ۋاقىت ئۇزۇن ئەمەس ئىدى. پېشقەدەم كارۋانلارنىڭ ئېيتىشىچە، قەشقەردىن مىڭتېكە داۋىنى بېشىغا 16 كۈنلۈك يول ئىكەن.

قەشقەر ــ مىڭتېكە كارۋان يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىنى بېسىپ ئۆتىدىغان جايلار قەشقەردىن توققۇزاققا 32 يول كېلىدۇ. توققۇزاق ئىلگىرى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر كەنتى ئىدى. ھازىر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرىدىغان جاي بولدى.

## قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى گۇاڭشۈينىڭ 8 ــ يىلى (مىلادىيە 1882 ــ

يىلى ) تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنى قەشقەر شەھرىدە ئىدى . قەشقەر ۋىلايەتلىك ئامبال مەھكىمىسى كونىشەھەردە ئىدى . بۇ چاغدا كونىشەھەر ناھىيىسى ئۇلۇغچات ، ئاتۇش ، ئاقچى ناھىيىلىرىنى ۋە قەشقەر شەھرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن سەمەن ، بەشكېرەم ، ئاۋات ، توققۇزاق ، ئوپال ، ئۈستۈن ئاتۇش ، تاشمىلىق ، مۇشسۇلۇق قاتارلىق جايلارنى ، ئۇنىڭدىن باشقا چارۋىچىلىق رايونىدىكى بۇيرۇت ( قىرغىز ) لارنىڭ بەش قەبىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . ئەينى چاغدىكى ئومۇمىي نوپۇس سانى 38 مىڭ 31 ، نوپۇسى 173 مىڭ 818 ئىدى . 1955 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت توققۇزاق بازىرىغا كۆچۈپ كەلدى . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە 17 يېزا ، بىر بازار بار بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسى 295 مىڭ 400 ئىدى .

## قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 18 °75 ~ 51 °76 ۋە شىمالىي كەڭلىك 55 °38 ~ 40 °39 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4604.7 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1490 كىلومېتىر كېلىدۇ . ناھىيىنىڭ جەنۇب ، شىمال ، غەرب تەرەپلىرىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ . شەرق تەرىپى قىزىل ۋە گەز دەريالىرىنىڭ تىنما تۈزلەڭلىكىدىن ئىبارەت . يېرى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ . ناھىيە تەۋەسىدە دېڭىز يۈزىدىن 3244 مېتىر ئېگىز بولغان قارا تاغ ، شۇنداقلا تۈمەن دەرياسى ۋە ئون بۇلاق بار . ئۇنىڭدىن باشقا قىزىل دەرياسى ، گەز دەرياسى ، چاقماقلىق دەرياسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئاقىدۇ . سۇيى يېتەرلىك ، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2870.6 سائەت ، تۈزلەڭلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.2 ℃ ، تاغ رايونىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 39.6 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 25.2 ℃ بولىدۇ . ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 72.2 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2537.8 مىللىمېتىر ، قىروسىز مەزگىلى 206 كۈن . كان بايلىقلىرىدىن ئالتۇن ، نېفىت ، گەج ، ھاكتېشى ، كۆمۈر ، ئاشتۇزى قاتارلىقلار ، ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە ، بۆرە ، جەرەن ، توشقان ، كىرپە قاتارلىقلار بار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تـوقـقـۇزاقـتـىـن تـاشـمـىلىققا 89 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

تـوقـقـۇزاقتىن ئاقتۇجىغا 7 يول ، بۇلاقسۇغا 42 يول ، تاشمىلىققا 89 يول كـېـلـىـدۇ . تاشمىلىق ئەسلى تاشبالىقتىن ئۆزگەرگەن . تاشبالىق دېگەن سۆز قـەدىـمـكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ ، « تاش شەھەر » دېگەن مەنىدە . تاشمىلىقتىن بـۇلـۇڭـكـۆلگە 185 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايـلارنى بېـسىپ ئۆتىدۇ :

تـاشـمـىـلـىـقـتىن ساغانغا 6 يول ، تاشئېرىققا 16 يول ، توقايغا 55 يول ، گەزگە 100 يول ، تاغدۇمباشقا 159 يول ، بۇلۇڭكۆلگە 185 يول كېلىدۇ .

قەشقەردىن چىققان يول مۇشۇ جايغا كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . گەز دەريـاسـىنى بويلاپ ئۇدۇل ماڭسا تاشقورغانغا بارغىلى بولىدۇ . غەربىي جەنۇبقا مـاڭـسا ئۆزبېل داۋىنى ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە بارغىلى بولـىـدۇ . « بۇلۇڭـكـۆلـدىـن چـىـقـىـپ غـەربـىي يۆنىلىش بويىچە مېڭىپ ئۆزبېل تاغ ئېغىزىدىن ئۆتـۈپ ، بەرتەڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئارقىلىق مەشھۇر سارەز كۆلى بو- يـىدىن ئۆتۈپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا قەدىمكى توخارلار ئېـلـىگە بارىدىغان يول ئۆزبېل يولى دەپ ئاتىلىدۇ » ①. بۇلۇڭكۆلدىن ئۆزبېل داۋىنىغا 340 يول كېلىدۇ ، بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

بـۇلـۇڭـكـۆلدىن ئاقبېردى داۋىنى بېشىغا 80 يول كېلىدۇ ، رەڭكۆلگە 155 يـول كېلىدۇ . قۇربانقاش داۋىنى بېشىغا 245 يول كېلىدۇ ، ئۆزبېل تاغ ئېغىزىغا 340 يـول كـېـلـىدۇ . بۇ ئېغىز هازىر جۇڭگو بىلەن تاجىكىستان چېگرىسىدۇر . تـاشقۇرغانغا 250 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقـــتا تۆۋەنـــدىكى جايـلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

بـۇلـۇڭـكـۆلـدىـن ئۈزۈنـتـالـىـغا 25 يـول ، قـاراكۆلگە 62 يول كېلىدۇ . قـاراكـۆلـنـىـڭ سۇ يۈزى 10 كۋادرات كىلومېتىر ، چوڭقۇرلۇقى 30 مېتىر ، سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 3600 مېتىر ئېگىز بولۇپ ، سىرىق جىلغا كۆلى ۋە ئاقساي كۆللىرىدىن قالسا ، 3 ـ ئېگىز كۆل هېسابلىنىدۇ . ئۇ يەنە سايرام كۆلىدىن 1527 مـېـتـىـر ، تـەڭـرىـكـۆلـدىـن 1620 مېتىر ئېگىز ، سۈيى سوغۇق . بۇلۇڭكۆلدىن قـاراتاشقا 78 يول كېلىدۇ ، سۇ بېشىغا 96 يول كېلىدۇ . مۇز تاغدىكى سۇ بېشى

---

① « شىنجاڭ تەزكىرىسى » ، 1990 ـ يىل 3 ـ سان ، 44 ـ بەت .

ئېگىز داۋان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. قىر-چىنىغا 180 يول، تاغارمىغا 190 يول، بورغوۋۇلغا 201 يول، جەرباسىنغا 211 يول، چۇشمەنگە 228 يول، تىزناپقا 238 يول، تاشقورغانغا 250 يول، قەشقەر-دىن تاشقورغانغا 556 يول كېلىدۇ.

## تاشقورغان ناھىيىسى

تاشقورغان دېگەن ئىسىم بۇ جايدىكى قەدىمكى قورغاننىڭ نامى بولۇپ، بۇ قورغان تاشتىن ياسالغاچقا شۇنداق ئاتالغان. «تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ قەدىمكى «قىرپانە» دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىكەن. مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە، بۇ دۆلەت خېلى قۇدرەتلىك ئىدى. تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۈەنزاڭ بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھىنى زىيارەت قىلغان. بۇ قورغان تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاش چوققا ئۈستىگە ياسالغان. سىرتىدىن قارىسا، ئۇ گويا ئۈستى كېسۋېتىلگەن كېسەك كونۇسقىلا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئاستى چوڭ، ئۈستى كىچىك، ئاستىنىڭ ئايلانمىسى 1 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۈستى قىسمىدىكى قورغاننىڭ ئايلانمىسى بىر نەچچە يۈز مېتىرلا كېلىدۇ. قورغاننىڭ شەرقىي تەرىپى تەبىئىي تىك يار بولۇپ، سېپىلى شۇ يار ئۈستىگە قۇرۇلغان. غەرب تەرىپىدىكى سېپىلى تاش چوققىنىڭ ئاستىدىن قوپۇرۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، سېپىل ئۈستى شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپتىكى سېپىللار بىلەن تەڭلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭغا قارىسىڭىز غەرب تەرىپىدىكى سېپىل ئەڭ ئېگىز كۆرۈنىدۇ. قورغان-نىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ، تۆت بۇرجىكىگە ئورنىتىلغان. سېپىلنىڭ ئەڭ ئېگىز جايى 20 مېتىردىن ئاشىدۇ. سېپىل ئۈستىدە قوختا ۋە كۈنگۈرىلەر بار. تارىختا تاشقورغان قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ جاي ئوت ـ چۆپى ۋە سۈيى مول، يايلاقلىرى كەڭ، خەلقى مېھماندوست جاي بولغاچقا، تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن يولۇچىلار بۇ جايدا بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ، يول ئوزۇقلىرىنى تولۇقلاپ ئاندىن يولغا چىقاتتى.

گۇاڭشۈينىڭ 28 ـ يىلى (مىلادىيە 1902 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى تاشقورغاندا پولى تارماق موداپىئە نازارىتى تەسىس قىلدى. بۇ نازارەت يەركەن ئامبال مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. بۇ ئەينى چاغدا بۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈنكى تاشقورغان ناھىيىسى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەينى چاغدا 1562 تۈتۈن، 9201 نوپۇس بار ئىدى.

مىنگونىڭ 2 ـ يىلى ( 1913 ـ يىلى ) پولى نازارىتى پولى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى ۋە قەشقەرگە قارايدىغان بولدى. 1954 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلدى. 1986 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە 11 يېزا، بىر بازار قارايدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 22 مىڭ 700. تاشقورغان بازىرىدا 3423 نوپۇس بار ئىدى.

## تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

تاشقورغان ناھىيىسى « دۇنيا ئۆگزىسى » دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىگە، قارا قۇرۇم، ھىندۇقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ غەربى تاجىكىستان بىلەن، جەنۇبى ئافغانىستان، پاكىستانلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 52 مىڭ 358.8 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇرۇمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1775 كىلومېتىر. يەر شەكلى مۇرەككەپ، ئاساسەن تاغ تىزمىلىرى، ئېگىزلىك ۋە ئېدىرلىقلاردىن تۈزۈلگەن. يېرىنىڭ غەربىي جەنۇبى ئېگىز، شەرقىي شىمالى پەس، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4000 مېتىر ئېگىز. ناھىيە بازىرى دېڭىز يۈزىدىن 3200 مېتىر ئېگىز. قۇرۇم ( كوئېنلۇن )، قارا قۇرۇم، ھىندۇقۇش ۋە تەڭرىتاغلىرى قوشۇلۇپ، بۇ يەردە پامىر ئېگىزلىكىنى ھاسىل قىلغان. قارا قۇرۇم تاغلىرى ئىچىدىكى چوگىر چوققىسى دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 8611 مېتىر ئېگىز. ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى « مۇزتاغ ئاتا » چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7546 مېتىر ئېگىز بولۇپ، يىل بويى مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىش دائىرىسى تەخمىنەن 200 كۋادرات كىلومېتىر. قار ـ مۇزنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 50 ~ 70 مېتىر كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە يەنە چوڭراق ئارشاڭلاردىن يانبۇلاق، تاغارما، ماريان، دەفتەر ئارشاڭلىرى بار. يانبۇلاق ئارشاڭىنىڭ تېمپېراتۇرىسى C° 72 قا، ئېقىن مىقدارى L/s 3.9 قا يېتىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى C° 3.2، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى C° 10.6، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى ئۆلدىن تۆۋەن C° 4.1 بولىدۇ. بىر يىلدا C° 0 تىن

تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق كۈن تۆت ئايغا يېتىدۇ . قىروسىز مەزگىلى 112 كۈن . ناھىيە بويىچە تېرىغىلى بولىدىغان يەر 15 مىڭ 260 گېكتار ، ئوتلاق تەخمىنەن 406 مىڭ 67 گېكتار . ھەرخىل دەرەخ ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرى ، ئارقار ، قوڭۇر ئېيىق ، تۈلكە ، سۆلەيسۈن ، قۇلان ، يىلپىز ، ئۇلار ، شۇڭقار ، بۈركۈت قاتارلىقلار بار ، كان بايلىقلىرىمۇ مول .

تاشقورغاندىن غېجەكبويىغا 142 يول بولۇپ ، بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

تاشقورغاندىن ئاقتامغا 42 يول كېلىدۇ . قۇرۇملۇققا 66 يول كېلىدۇ ، سېرىق جىلغىغا 79 يول كېلىدۇ ، دەفتەرگە 110 يول كېلىدۇ ، چىرەلىككە 125 يول كېلىدۇ . غېجەكبويىغا كەلگەندە يول ئىككىگە بۆلۈنىدۇ : ئوڭغا ماڭسا مىڭتېككە ، سولغا ماڭسا قونجىراپقا بارىدۇ . تارىختا مىڭتېكە يولى يىپەك يولىنىڭ ئاساسىي يولى ئىدى . قونجىراپ يولى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى . غېجەكبويىدىن پەيىككە 20 يول ، مىڭتېكە جىلغا ئاغزىغا 60 يول كېلىدۇ . مىڭتېكە يولى مۇشۇ جايغا كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ : مىڭتېكە جىلغىسى بىلەن ماڭسا مىڭتېكە داۋىنىغا ، قاراچۇر بىلەن ماڭسا كۆكتۇرۇككە بارىدۇ . غېجەكبويىدىن مىڭتېككە 69 يول كېلىدۇ . لوپگەزگە 131 يول كېلىدۇ . مىڭتېكە داۋىنى بېشىغا 161 يول كېلىدۇ . تاشقورغاندىن مىڭتېكە داۋىنى بېشىغا 303 يول كېلىدۇ . قەشقەردىن ھېسابلىغاندا 859 يول كېلىدۇ . مىڭتېكە داۋىنى بېشىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئوشۇق ، ھاۋاسى شالاڭ ، ئىنتايىن جاپالىق ①. مىڭتېكە جىلغىسى ئېغىزىدىن قاراچۇر جىلغىسىنى بويلاپ 45 يول ماڭسا كۆكتۇرۇككە كېلىدۇ . كۆكتۇرۇككە بارغاندا يول يەنە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . سولغا ماڭسا كەشبەل داۋىنى ئارقىلىق كەنجۇتقا بارىدۇ . كۆكتۇرۇكتىن كەشبەلگە 40 يول كېلىدۇ . كۆكتۇرۇكتىن قاراچۇر جىلغىسىنى بويلاپ ئۇدۇل ماڭسا ، ۋاخجىرۇي داۋىنى ئارقىلىق ۋاخاپ رايونىغا بارغىلى بولىدۇ ، كۆكتۇرۇكتىن ۋاخجىرۇي داۋىنى بېشىغا 55 يول كېلىدۇ . بۇ جاي ھازىر جۇڭگو ـ ئافغانىستان چېگرىسىدۇر . غېجەكبويىدىن تاغدۇمباش دەر-

① تاھىر قارى ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە ، قەشقەردىن مىڭتېكە داۋىنى بېشىغا ئاتلىق كىشى ئۈچۈن 15 كۈنلۈك يول ئىكەن . داۋاندىن ئۆتۈپ 14 كۈندە گىلگىتكە بارىدىكەن . داۋان بېشىدا بىر ئۆي بولۇپ ، ئۇ « تاش كەپە » دېيىلىدىكەن .

www.uyghurkitap.com

ياسىنى بويلاپ ماڭسا قونجىراپ ئېغىزىغا بارغىلى بولىدۇ . غېجەكبويىدىن قاشقا سۇغا 60 يول ، قونجىراپقا 76 يول ، قونجىراپ داۋىنى بېشىغا 98 يول ، تاشقورغاندىن قونجىراپ داۋىنى بېشىغا 240 يول كېلىدۇ . قەشقەردىن ھېسابلىغاندا 796 يول كېلىدۇ . قونجىراپ داۋىنى ئارقىلىق كانجۇت ، كەشمىر ۋە ھىندىستانلارغا بارىدۇ . قونجىراپ — پامىر ئېگىزلىكى ئۈستىدىكى بىر ئېغىز بولۇپ ، 1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن . بۇ جايدا جۇڭگو ۋە پاكىستاننىڭ چېگرا بەلگىسى بار . بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 4720 مېتىر ئېگىز .

« مەلىكە قورغان » خەلق ئىچىدە « قىز قورغان » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ قورغان تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ 70 كىلومېتىر جەنۇبىغا ، يەنى غېجەكبويىغا يېقىن جايدىكى ئېگىز تاغنىڭ تۆپىسىگە قۇرۇلغان قورغان بولۇپ ، بۇ قورغان قەدىمدە قاراچۇر جىلغىسى بىلەن ماڭىدىغان قەدىمكى مىڭتېكە كارۋان يولىنى ۋە تاغدۇمباش جىلغىسى بىلەن ماڭىدىغان قونجىراپ يوللىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان مۇھىم چېگرا قورغىنى ئىدى . قورغان جايلاشقان بۇ تاغنىڭ ئۈچ تەرىپى ئۈچ جىلغا بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ . يانلىرى ئۇچار قاناتلارمۇ تەستە ئۆتىدىغان ئىنتايىن تىك يارلار بىلەن ئورالغان ، پەقەت غەرب تەرىپىلا بىر تاغ چوققىسى بىلەن تۇتىشىپ تىك يانتۇلۇق ھاسىل قىلغان ، قورغانغا پەقەت مۇشۇ يانتۇلۇق بىلەنلا چىققىلى بولىدۇ . قورغان جايلاشقان ئورۇننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ . دېمەك ، بۇ ئېلىمىز بويىچە ئەڭ ئېگىز بولغان قەدىمىي قورغاندۇر . تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، بۇ قورغان 1500 يىلدىن ئۇشۇق تارىخقا ئىگە ئىكەن . قورغاننىڭ كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا . قورغان سېپىلى تاغ تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئېللىپس شەكلىدە ياسالغان بولۇپ ، غەرب تەرىپى ئېگىز ، شەرق تەرىپى پەس ، سېپىل سېغىز توپىغا شاخ ئارىلاشتۇرۇپ بىر قەۋەت سېغىز لاي ۋە بىر قەۋەت شاخ - شۇمبىلارنى ياتقۇزۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان . غەرب تەرىپىدە زەمبىرەك ئورنىتىدىغان سۇپىسى بار . بۇ قورغاننى تۇنجى بولۇپ ئەنگلىيە ئارخېئولوگى ئاۋرېل ستەين ئۇچىنچى قېتىملىق ئاسىيا ساياھىتىدە ، يەنى 1913 - يىلى بايقىغان ۋە تەكشۈرۈپ سۈرەتكە ئالغان .

1957 - يىلى قەشقەر - تاشقورغان تاشيول قۇرۇلۇشى باشلىنىپ ،

1958 ـ يىلى پۈتۈپ ئاپتوموبىل قاتنىدى . بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 291 كىلومېتىر كېلىدۇ . 1967 ـ يىلى بۇ قەدىمىي كارۋان يولىنى ئاساس قىلغان ھالدا تاشقورغان ـ قونجىراپ تاشيول قۇرۇلۇشى باشلىنىپ ، 1969 ـ يىلى پۈتۈپ رەسمىي ئاپتوموبىل قاتنىدى . 1986 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قونجىراپ ئېغىزى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن ، بۇ يول قەشقەر بىلەن ئىسلامئابادنى تۇتاشتۇرىدىغان خەلقئارا يول بولۇپ ، « جۇڭگو ـ پاكىستان دوستلۇق تاشيولى » دەپ ئاتالدى . بۇ خەلقئارا يول « قارا قۇرۇم تاشيولى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىر ، بۇنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى قىسمى 415 كىلومېتىر ، قالغان قىسمى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە .

1986 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە ، بۇ يولنىڭ دۆلىتىمىز تەۋەسىدىكى 415 كىلومېتىر قىسمىنى كېڭەيتىپ ئاسفالت ياتقۇزۇپ ، 3 ـ دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈپ ، 1988 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە رەسمىي قاتناش باشلاندى .

قەشقەر ـ مىڭتېكە يولىنىڭ جەنۇبىي يولى قەشقەردىن چىقىپ يېڭىسار ئارقىلىق مېڭىپ ، چىلى گۈمبەزگە كېلىپ يەركەن مىڭتېكە يولىغا قوشۇلىدۇ . قەشقەردىن يېڭىسارغا 153 يول كېلىدۇ .

يېڭىساردىن چىلى گۈمبەزگە 207 يول بولۇپ ، بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ : يېڭىساردىن سۆگەتكە 30 يول ، قىزىلتارغا 66 يول ، ئاقتالاغا 88 يول ، سېرىق تېكەگە 134 يول ، چىلى گۈمبەزگە 207 يول كېلىدۇ .

## تاشقورغان دەرياسى

تاشقورغان دەرياسى مىڭتېكە ۋە قونجىراپ ( تېكىلىك ) داۋانلىرىدىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىپ ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ غېجەكباش باش ، داپتار ، ئاقتام ، تاشقورغانلاردىن ئۆتۈپ چۈشمەنگە كەلگەندىن كېيىن شەرققە بۇرۇلۇپ شىندى ، ئالملىق ۋە تارلازدىن ئۆتۈپ زەرەپشان دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 260 كىلومېتىر . سۇ يىغىش مەيدانى 7780 كۋادرات كىلومېتىر ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 130 مىليون كۇب مېتىر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پايدىلانغان ماتېرىياللار :

1 . « 1 : 100000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى » .
2 . « شىنجاڭ تەزكىرىسى » ، 3 ـ سان ، 45 ـ بەت .
3 . « قەشقەرگە ساياھەت يېتەكچىسى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1988 ـ يىل نەشرى .
4 . « يىپەك يولىغا ساياھەت » ( ژۇرنال ) .
5 . ئا . ستەيىننىڭ « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى » .
6 . « شىنجاڭدا يەرلىك ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە يەر نام- لىرى تەتقىقاتى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل نەشرى .
7 . « تاشيول ئارخىپ ماتېرىياللىرى » .
8 . « قەشقەرىيە » ، خەنزۇچە نەشرى ، 214 ـ ، 215 ـ بەتلەر ۋە 268 ـ ، 270 ـ بەتلەر .
9 . « شىنجاڭغا ساياھەت » ، 123 ~ 128 ـ بەتلەر .
10 . « شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش دوكلاتى » ، 1984 ـ يىل .
11 . « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » ، 1989 ـ يىل 28 ـ نويابىر سانى .
12 . « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى ۋە يەرناملىرى ماتېرىيالى » .
13 . « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلەر توپلىمى » .
14 . بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (88 ) 24 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى .
15 . « ئوكيانوس » ، شاڭخەي لوغەت نەشرىياتى ، 1979 ـ نەشرى .
16 . « بۇلاق » ۋە « بوستان » ژۇرناللىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەز- مۇنلار .
17 . « تۇرپان پەن ـ تېخنىكىسى » ، 1988 ـ يىل ، 3 ـ سان .
18 . « تۇرپان ۋىلايەتلىك رەھبىرىي كادىرلار قوللانمىسى » ، 1987 ـ

يىلى تۈزۈلگەن .
19 . « شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك كىلىمات بايلىقى ۋە ئۇلارنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى » .
20 . « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » ، 1990 ـ يىل 3 ـ دېكابىر سانى .
21 . « شىنجاڭ تەزكىرىسى » ، 1993 ـ يىل 3 ـ سان .
22 . « تارىخىي جەرىدەئى جەدىدە » .
23 . لىيۇ زىشياۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى نەشرى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب

# تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارماق كارۋان يوللىرى

## §1 . قەدىمكى يەركەن ـ ھىندىستان يولى

قەدىمكى يەركەن ـ ھىندىستان يولى قارغىلىق ـ لاداق يولى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . چۈنكى ، بۇ يول يەركەندىن چىقىپ يەركەن ـ خوتەن يولىنى بويلاپ قاغىلىققا كېلىپ ، ئاندىن يەركەن ـ خوتەن يولىدىن بۆلۈنۈپ ، جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ لاداققا كېلىدۇ . يەركەن ـ ھىندىستان كارۋان يولى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئەڭ قەدىمكى مەشھۇر يول بولۇپ ، تارىختا شىنجاڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ ئۆزئارا سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان . بۇ يولدىكى كارۋان قاتنىشى تاكى 1950 ـ يىلىغا قەدەر داۋاملاشقان . تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە ، بۇ يول خەتەرلىك ھاڭلاردىن ، قىش ـ ياز ئېرىمەيدىغان مۇزلۇقلاردىن ئۆتىدۇ . ئۇ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان بەش داۋاندىن ھالقىپ ئۆتىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېگىز داۋان قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزى بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 5533 مېتىر ئېگىز . مەرھۇم ئەخمەت زىيائىنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ زات قارغىلىقنىڭ پوسا دېگەن جايىدىن يولغا چىقىپ لاداققا 26 كۈندە بارغان . قارغىلىقتىن قارا قۇرۇم ئېغىزىغا 871 يول بولۇپ ، يول ئىنتايىن ئەگرى ـ توقاي ، زەرەپشان دەرياسىدىن 40 نەچچە قېتىم نېرى ـ بېرى ئۆتكەن . 6 مەنزىل يول ئىنتايىن ئېگىز بولۇپ ، بۇ جايدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى هايۋان يېسە زەھەرلىنىپ ئۆلىدىكەن . بۇ يول قارغىلىقتىن چىقىپ ، ھازىرقى قارغىلىق ـ شىزاڭ يولىنى بويلاپ مېڭىپ ، قىرغىز جاڭگىلىغا كەلگەندىن كېيىن قاغىلىق ـ شىزاڭ يولىدىن ئايرىلىپ ، زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ

شەرقىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتىدۇ.

## يەركەن ـ ھىندىستان يولىدىكى ئۆتەڭ ۋە جايلار

يەركەندىن پوسكامغا 57 يول، قارغىلىققا 130 يول. قارغىلىقتىن بەشتېرەككە 65 يول، ئامۇتلۇق ۋە كۆكيارغا 135 يول، يەركەندىن پوساغا 151 يول كېلىدۇ. ئۇ يەردىن قورام ئېغىلغا كېلىدۇ. يەركەندىن ئاقمچىتقا 211 يول، ئاقاز داۋىنى بېشىغا 233 يول، خالاستان دەرياسى ۋادىسىغا 259 يول كېلىدۇ. بۇ يەردىن خالاستان دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ كۇدەگە كېلىدۇ. يەركەندىن كۇدەگە 301 يول كېلىدۇ. ئاندىن جوداق، قاراكۆرۇك، سېرىقئارتلاردىن ئۆتۈپ داۋانغا بارىدۇ، داۋان بېشىغا 432 يول، مازارغا 467 يول كېلىدۇ. بۇ يول مۇشۇ جايغا كەلگەندە زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىغا كېلىدۇ. يول شەرققە قاراپ زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەيدۇ. يەركەندىن قىرغىز جاڭگالغا 569 يول كېلىدۇ. يەركەن ـ ھىندىستان يولى بىلەن يەركەن ـ شىزاڭ يولى مۇشۇ جايدا ئايرىلىدۇ. شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىسە جەسەت داۋىنى ئارقىلىق شىزاڭغا بارىدۇ. قىرغىز جاڭگالدىن زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ شەرقىي جەنۇبقا ماڭسا قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدۇ. بۇ يول تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

قىرغىز جاڭگالدىن ھېجىپلەڭگەرگە 250 يول، قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزىغا 302 يول كېلىدۇ. قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزى ئىككى يېقى تىك ۋە ئېگىز قىرغاقلار بىلەن توسالغان تار كارىدور بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئۆتكەل ئىدى.

قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزى ياپچان ۋە سۇسىز داۋاندىن ئۆتۈپ، شيوك دەرياسى ۋادىسى بىلەن ئىلگىرىلەپ لاداققا بارىدۇ. قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزى بىلەن لاداقنىڭ تۈز سىزىق ئارىلىقى 155 كىلومېتىر، يەنى 310 يول كېلىدۇ①.

ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ قەدىمىي كارۋان يولى ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، 50 ـ يىللاردا ياسالغان شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيولى يەنىلا مۇشۇ قەدىمىي يولنى بويلاپ ياسالدى. بۇ يول قارغىلىقتىن باشلىنىپ شىزاڭنىڭ ئالى

---

① لاداقتىن يەركەنگە ئۇلاغلىق 36 كۈنلۈك يول. «قەشقەرىيە»، ئۇيغۇرچە نەشرى 330 ـ بەت.

رايونىغا باردۇ . ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1210 كىلومېتىر كېلىدۇ . قارغىلىقتىن ئالى رايونىغا بارغۇچە 5000 مېتىردىن ئېگىز 10 داۋاندىن ئۆتىدۇ . بۇ يولغا 1954 ـ يىلى 5000 ئادەم سەپەرۋەر قىلىنىپ ئىش باشلاپ ، 1957 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رەسمىي قاتناش باشلانغان .

## §2 . قەدىمكى يەركەن ـ مىڭتېكە كارۋان يولى

يەركەندىن چىقىپ ياقا ئېرىق ، چىلى گۇمبەز ، شىندىلاردىن ئۆتۈپ چۇشمەنگە كېلىپ ، قەشقەر ـ مىڭتېكە يولىغا قوشۇلىدۇ . قەدىمكى يەركەن ـ مىڭتېكە كارۋان يولى توغرىسىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردا ، يەركەندىن تاشقورغانغا 12 مەنزىل بولۇپ ، تەخمىنەن 870 يول كېلىدۇ ، دەپ كۆرسىتىلگەن . بۇنىڭ كونكرېت مۇساپىلىرى تۆۋەندىكىچە :

يەركەندىن ياقا ئېرىققا 80 يول ، توغراققا 160 يول ، ئاپلىققا 230 يول ، گەزگىچە 300 يول ، باقايغا 370 يول ، تاشدەڭگە 440 يول ، چىلى گۇمبەزگە 510 يول ، تۇربۇلۇڭغا 580 يول ، تارباشقا 650 يول ، جىجاققا 720 يول ، شىندىگە 790 يول ، تاشقورغانغا 870 يول كېلىدۇ .

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يول مۇساپىسى مۆلچەر سانلار بولغاچقا ، ئەمەلىي مۇساپىدىن پەرقى خېلى چوڭ بولۇشى مۇمكىن . پېشقەدەملەر تەمىنلىگەن ماتېرىيال ۋە يەر شەكلى خەرىتىلىرىدىن قارىغاندا ، يەركەندىن تاشقورغانغا 650 يول كېلىدىكەن .

## §3 . قەدىمكى شايار ـ كېرىيە يولى

بۇ يول كېرىيە بازىرىدىن چىقىپ ، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ ، تەكلىماكان چۆلىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، چەرچەن ئارقىلىق كۇچارغا كېلىپ ، تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق ماڭىدىغان ئىلى ـ كۇچار يولىغا تۇتىشاتتى . بۇ يول تارىختا « خىزىر يولى » ، « قۇش يولى » ، « ئوغرى يول » ، « دەشتى تەۋەككۇلات » دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان .

بۇ يولنىڭ باش قىسمىدا ( كېرىيە دەرياسىنىڭ باش قىسمىدا ) سۇ ۋە

ئوت ـ چۆپلەر مول ، ئوتتۇرا قىسمىدا كېرىيە دەرياسى ئېقىنىدىن ھاسىل بول‑
غان كۆللەر ۋە كۆلچەكلەر ئۇچرايدۇ . يانتاق ، قومۇش ، چاتقال قاتارلىق
ئۆسۈملۈكلەر ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدۇ . ئاياغ قىسمىدا قۇدۇقلار
ئۇچرايدۇ . ئومۇمەن سۇ ، ئوت ـ چۆپ ۋە يېقىلغۇلار قىس . شۇڭا ،
كىشىلەر پەقەت كۆز ۋە قىش پەسىللىرىدىلا قاتنايتتى . بۇ يولنىڭ كېرىيىدىن
شايارغىچە بولغان قىسمى ئېشەك كارۋىنىغا 24 مەنزىل ، ئاتلىق كارۋانغا 15
مەنزىل ، ئاتلىق ھەربىيلەرگە 10 مەنزىل كېلىدۇ . 1940 ـ يىللارنىڭ باشلىرى‑
دىن كېيىن بۇ يولدا قاتناش توختىغان بولسىمۇ ، چىمەن ، كۆككۆل ، ئۆچكە
ئۆلدى ، قارادۆڭ ، توغراق ئېغىل ، مىسالدى ، قارىغان ، قاچۇن قاتارلىق
سەككىز چوڭ ئۆتەڭنىڭ خارابىلىرى ھېلىمۇ ساقلانماقتا ①.

كېرىيىدىن بەگ مەھەللىگە 1 مەنزىل ، قارىغانغا 2 مەنزىل ، تاقاقتا 3 مەنزىل ، مىسالدىغا 4 مەنزىل ، توغراق ئېغىلغا 5 مەنزىل ، قارادۆڭ كونىشەھەرگە 6 مەنزىل ، جەرەن قۇمغا 7 مەنزىل ، توشقانلىققا 8 مەنزىل ، ئېشەك ئۆلدىگە 9 مەنزىل ، شەھىد مازارغا 10 مەنزىل ، نەم قۇمغا 11 مەنزىل ، قۇمكۆلگە 12 مەنزىل كېلىدۇ . كېرىيە تەۋەسىدىكى قىسمى 12 مەنزىل بولۇپ ، بۇ يەردىن ئۆتسە شايار تەۋەسى باشلىنىدۇ . قۇيۇنلۇققا 13 مەنزىل ، ئوييانتاققا 14 مەنزىل ، بەلقۇمغا 15 مەنزىل ، قۇميارغا 16 مەنزىل ، ئاۋازغا 17 مەنزىل ، قۇم كەپىگە 18 مەنزىل ، شورقۇمغا 19 مەنزىل ، ئۆچكە ئۆلدىگە 20 مەنزىل ، كۆككۆلگە 21 مەنزىل ، كونا چىمەنگە 22 مەنزىل ، شايار بازىرىغا 23 مەنزىل كېلىدۇ . كېرىيىدىن قارا دۆڭگىچە 465 يول ، شايار چېگرىسىغىچە 705 يول ، كۆككۆلگە 719 يول ، شايارغا 783 يول كېلىدۇ .

## §4 . قەدىمكى ئاۋات ـ مارالبېشى يولى

بۇ يول تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ : ئاۋات بازىرىدىن خەلپەمگە 11 يول ، قىيا قۇدۇققا 23 يول ، غورۇچۆلگە 47 يول ، دولانغا 53 يول ، مايشا تاشقا 70 يول ، كەمبەردىگە 140 يول ، يارقوتانغا 228 يول ، شاقۇرغا 312 يول ، بەشقوتانغا 407 يول ، بېلىقلىققا 431 يول ، قىزىلغا 455 يول ، خۇمدانغا

① « شىنجاڭ گېزىتى » . 1991 ـ يىل 2 ـ ئىيول سانى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

474 يول ، سىرىنوشقا 506 يول ، چاچاڭغا 526 يول ، مارالبېشىغا 536 يول كېلىدۇ .

## §5 . قەدىمكى خوتەن ـ ئاقسۇ يولى

تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا ، قەدىمكى خوتەن ـ ئاقسۇ كارۋان يولى ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئىنسانلار دەريالارنى ، ھايۋانات سۆڭەكلىرىنى بەلگىلەپ يول تېپىپ ماڭىدىغان زامانلاردا پەيدا بولغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىپتىدائىي يوللارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ خوتەندىن چىقىپ يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ ، قوشلاش مازار ، تاغلار ئارقىلىق پىچانلىققا كېلىپ يەنە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . سولغا ماڭسا ئۇچتۇرپان بەدەل ئېغىزى ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە ، يەنە بىر يول مۇزئارت ئارقىلىق ئىلى رايونىغا بارىدۇ . ئىككىنچى يول تارىم دەرياسىنىڭ ئوڭ قاسنىقىنى بويلاپ مېڭىپ شايار ۋە كۇچارلارغا باراتتى . بۇ يول دەريا ياقىلاپ داۋاملىشىدۇ . دەريا ئېقىنى ئەگرى ـ توقاي بولغاچقا ، بۇ يول بەزىدە دەرياغا يېقىن داۋاملاشسا ، بەزىدە دەريادىن مەلۇم يىراقلىقتا داۋاملىشىدۇ . دەريا ياقىسىدا توغراق ، چاتقاللار ، قويۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر بار ، يولۇچىلار ئوتۇن ـ ياغاچلاردىن ئانچە قىينالمايدۇ ، كەلكۈن مەزگىللىرىدە دەريا سۈيى مول بولغاچقا سۇدىن قىينالمايدۇ ، باشقا چاغلاردىمۇ دەريا ئىچىدىكى كۆلچەكلەردە توختاپ قالغان سۇلارنى ئىچىپ يولنى داۋاملاشتۇراتتى . يولنىڭ بەزى جايلىرى قۇملۇقلاردىن ئۆتكەچكە مېڭىش ناھايىتى قىيىن ، شۇنىڭدەك بوران كۆپ بولغاچقا ، بۇنداق جايلاردا يول ئىزلىرى كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، بۇ يولدا كۆپىنچە تەجرىبىلىك كارۋانلار يول باشلاپ ، سانجىلغان بادرا ، قۇم دۆۋىسى ، يۇلغۇن دۆۋىسى ، توغراق ، ھايۋان سۆڭەكلىرى قاتارلىق يول بەلگىلىرىگە قاراپ يول تېپىپ ماڭىدۇ .

بۇ يول تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ : خوتەندىن يېڭىئېرىققا 50 يول ، ماياقلىققا 86 يول ، يامانبۆككە 148 يول ، شىپاڭغا 186 يول ، ئاقچالغا 196 يول ، قوشلاشقا 246 يول كېلىدۇ .

***قوشلاش دېگەن ئىسىم توغرىسىدا*** قاراقاش ۋە يۇرۇڭقاش دەريالىرى مۇشۇ جايغا كەلگەندە قوشۇلۇپ ، خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ . شۇڭا ،

قوشلاش ( قوشۇلىدىغان جاي ) دەپ ئاتالغان . قوشلاشتىن چىقىپ ، بۆكسۇمنى بېسىپ مازار تاغقا كېلىدۇ . خوتەندىن مازارتاغقىچە 390 يول كېلىدۇ . بۆكسۇم توغرىسىدا :

قوشلاشتىن ئۆتۈپ ،
بۆكسۇم كۆرۈندى .
قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىدىن ،
كۆكسۇم كۆرۈندى .

دېگەن بىر كۇپلېت تارىخىي قوشاق بار .

خوتەندىن باسقۇرىياغا 534 يول ، قۇم جەينەككە 606 يول ، ئاۋات چېگرىسىغا 624 يول كېلىدۇ ، ئاندىن جىنلىق كاپادىن ئۆتۈپ يالغۇزغا بارىدۇ . يالغۇزغا 684 يول ، پىچانلىققا 732 يول كېلىدۇ . يول مۇشۇ جايغا كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . سولغا ماڭسا ئاۋات ، ئاقسۇ ، ئۇچتۇرپانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بەدەل داۋىنىدىن ھالقىپ ، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە غەرب ئەللىرىگە بارىدۇ . بۇ تارماق يول تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

پىچانلىقتىن ماتانغا 88 يول ، غورۇچۆلگە 112 يول ، ئاۋات بازىرىغا 160 يول كېلىدۇ . خوتەندىن ئاۋاتقا 892 يول كېلىدۇ . ئاۋاتتىن تامتوغراققا 11 يول ، ئۇجمىگە 40 يول ، يەكلىگە 72 يول ، لەڭگەرگە 84 يول ، ئايكۆلگە 101 يول كېلىدۇ . يول مۇشۇ جايغا كەلگەندە ئاقسۇ ــ قەشقەر يولىغا قوشۇلىدۇ . ئاۋاتتىن ئاقسۇ كونىشەھەرگە 188 يول كېلىدۇ . خوتەندىن ئاقسۇغا 1080 يول كېلىدۇ . ئىككىنچى تارماق يول پىچانلىقتىن چىقىپ دەريا ياقىلاپ تارىم ياقىسىغا كېلىپ ، تارىم دەرياسىنى ياقىلاپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ شايارغا كېلىدۇ . بۇ يول تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

پىچان كۆلدىن ئاۋۇت ( تارىم دەرياسى بويى ) قا 85 يول ، ئاقسۇغا 133 يول ، ئارالغا 165 يول كېلىدۇ . ئاندىن نامان كۆكبېشى ، قانجۇق ئۆلدىلەردىن ئۆتۈپ كالۋا دۆڭگە بارىدۇ . كالۋا دۆڭگە 275 يول ، دەرۋازا قۇمغا 297 يول ، قاسقانغا 363 يول ، ئۆچكە ئۆلدىگە 397 يول ، قارىداشقا 425 يول ، ئاققۇرغا 450 يول ، كونا چىمەنگە 474 يول ، شايارغا 500 يول كېلىدۇ . خوتەندىن شايارغا 1232 يول كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 6§ . چارقىلىق ــ دۇنخۇاڭ كارۋان يولى

چارقىلىق ــ دۇنخۇاڭ كارۋان يولى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بىر قىسمى ، شۇنداقلا شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارىدىغان مۇھىم يوللارنىڭ بىرى بولۇپ ، 2000 يىلدىن ئوشۇق تارىخقا ئىگە . بۇ ئادەمزات يوق ، قورغاق ، سۇسىز چۆللەرنى بېسىپ ئۆتىدىغان ، مۇساپىسى ئۇزۇن ئۇلاغ يولى بولۇپ ، ئىنتايىن جاپالىق .

## چارقىلىق ــ دۇنخۇاڭ يولىدىكى ئۆتەڭلەر

چارقىلىق بازىرىدىن ياندىشىقاقتا 65 يول ، مىرەنگە 160 يول ، ئاچچىقدۇقتا 200 يول ، پاختىبۇلاقتا 213 يول ، دۆڭلۈككە 245 يول كېلىدۇ . بۇ ئۆتەڭنىڭ سۈيى ، ئوت ـ چۆپلىرى بار . بۇ يەردىن ئۆتسە شورتاڭلىق باشلىنىدۇ . چارقىلىقتىن قومۇشبۇلاقتا 355 يول ، لاۋزاغا 470 يول ، قوشلەڭزىگە 540 يول كېلىدۇ . ئۇ يەردە ئوت ــ چۆپلەر مول ، لېكىن سۈيى ئاچچىق ، ئادەملەر مۇز ئەكىلىپ ئېرىتىپ ئىچىدۇ . سىپسىقسۇغا 596 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردە ئوت ــ چۆپلەر بار ، سۈيى سىپسىق ، بۇ يەردىن ئۆتسە يەنە شورتاڭلىق باشلىنىدۇ . يۇلغۇنبۇلاقتا 692 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردە ئوت ــ چۆپلەر بار ، سۈيى ئاچچىق . قۇمقۇدۇقتا 756 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردە ئوت ــ چۆپ ۋە سۇلار بار . يانتاققۇدۇقتا 816 يول ، قوشقۇدۇقتا 886 يول ، بەشدەرەخكە 922 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەردە ئوت ـ چۆپلەر بار ، سۈيى ياخشى ئەمەس . شۇياڭگۇەنگە 982 يول كېلىدۇ ، سۈيى بار ، ئوت ـ چۆپلىرى يوق . چىڭشۇيگوغا 1042 يول كېلىدۇ ، ئوت ـ چۆپى ۋە سۇلىرى ياخشى . خو كېڭزىغا 1102 يول ، بۇلوخوغا 1162 يول ، ماچاڭغا 1198 يول ، شوربۇلاقتا 1234 يول ، شياشىنڭغا 1294 يول ، دۇنخۇاڭ ناھىيە بازىرىغا 1330 يول كېلىدۇ . چارقىلىقتىن دۇنخۇاڭغا 22 ئۆتەڭنى ، 1330 يولنى بېسىپ كەلگىلى بولىدۇ .

## §7 . چارقىلىق ـ سايدام كارۋان يولى

چارقىلىق ـ سايدام يولى قەدىمكى يوللارنىڭ بىرى بولۇپ ، چارقىلىق-تىن چىقىپ چوڭ ـ كىچىك چۇماڭ تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆتۈپ ، شەرقىي جەنۇبقا ماڭسا چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىي شىنىڭ شەھىرىگە بارىدۇ . غەربىي جەنۇبقا ماڭسا ، شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى لاساغا بارىدۇ .

### چارقىلىق ـ سايدام يولىدىكى ئۆتەڭلەر

چارقىلىق بازىرىدىن قوشلاشقا 120 يول ، لايدۆڭگە 230 يول ، ياۋا چىمەنگە 370 يول ، مەندارلىققا 430 يول ، تۆمۈرلۈككە 575 يول ، غازكۆلگە ( شوركۆلمۇ دېيىلىدۇ ) 630 يول كېلىدۇ . غازكۆلدىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 50 يول يۈرسە ، قابۇتو بۇلاققا كېلىدۇ . قابۇتو بۇلاقتىن ماڭجىغا 60 يول ، خاشونغا 120 يول كېلىدۇ . چارقىلىقتىن چوماڭ تاغ ئېغىزىغا 900 يول كېلىدۇ . ئىلگىرى چىڭخەي بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگرىسى مۇشۇ جايدا ئىدى .

چوماڭ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ 19 كۈن ماڭسا سايدام ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ شىنىڭغا كېلىدۇ . چوماڭ ئېغىزىدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ 120 يول ماڭسا باشتوقايغا كېلىدۇ . باشتوقايدىن خىلىكخانغا 100 يول ، ۋاڭبا قوشقانغا 220 يول ، قۇمكۆلگە 420 يول كېلىدۇ . بۇ جاي شىزاڭ ـ چىڭخەي چېگرىسى ئىدى . بۇ جاي-دىن لاساغا بىر ئايلىق يول ئىكەن . ئاۋرېل ستەيىننىڭ خاتىرىسىدە چارقىلىقتىن لاساغا 700 ئىنگلىز مىلى ( 1127 كىلومېتىر ) دىن ئوشۇق كېلى-دۇ ، دەپ خاتىرىلەنگەن ①.

## §8 . چارقىلىق ـ كورلا يولى

چارقىلىقتىن توغراقلىققا 4 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا 1916 ـ يىلى 10

① ئاۋرېل ستەيىننىڭ « ئاسىياغا ساياھەت » خەنزۇچە نەشرى . 6 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەچچە ئۆيلۈك ئادەم، ھۆكۈمەت ئۆتەڭگى ۋە بىر نەچچە بوش قورۇ بار ئىدى. ياۋا لاچىن ( دادۇڭزى ) غا 47 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا ياقۇپبەگ ( ئەنجان پاشا ) ياساتقان بىر تۇرا، بىر ئارامگاھ بار. چارقىلىقتىن بوركۆلگە 82 يول، چارقىلىق دەرياسى ياقىسىغا 96 يول كېلىدۇ، ئەينى چاغدا دەريادا بىر چوڭ كۆۋرۈك، تۆت كىچىك كۆۋرۈك بار ئىدى. لوپ ( ھازىرقى لوپ چاڭزا ) غا 106 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا بىر ھۆكۈمەت ئۆتەڭگى بولۇپ، ئۆتەڭ ئالدىدا بىر كۆل بار، ئولتۇراق ئاھالە يوق ئىدى. قاشقوۋۇق ئارقىلىق ماڭىدىغان قەدىمكى يىپەك يولى بىلەن چەرچەن – كورلا، چەرچەن – تۇرپان يوللىرىنىڭ تۈگۈنى مۇشۇ جايدا ئىدى. لوپتىن قورغانغا 50 يول كېلىدۇ، بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

لوپتىن 11 يول ماڭسا شورتاڭلىق باشلىنىدۇ. 22 يول ماڭسا ئويۇقچەگە كېلىدۇ. نامورغا 35 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا بىر ئارامگاھ بار ئىدى. قورغاندىن توقۇمغا 78 يول كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

قورغاندىن 31 يول ماڭسا قىلىن توغراقلىققا، 42 يول ماڭسا يېكەن بۇجمالغا كېلىدۇ، بۇ جايدا كونا ئۆتەڭ خارابىسى بار، ئولتۇراق ئاھالە يوق ئىدى. ئۇڭ تەرەپتە تارىم دەرياسى بار. قورغاندىن تولا تۇغدىغا 62 يول كېلىدۇ، بۇ جاي تارىم دەرياسى ياقىسى بولۇپ، توغراق ۋە يۇلغۇنلار كۆپ ئىدى. توقۇمدىن ئازغانغا 50 يول بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

توقۇمدىن تاركېچىككە 11 يول، ئارمانچوققا 20 يول، ئارغامچىنى بوش ئۆرىگەنگە 36 يول كېلىدۇ. ئازغاندىن يېڭسۇغا 100 يول كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلاردىن ئۆتىدۇ:

ئازغاندىن چىقىپ تارىم دەرياسىدىن ئۆتىدۇ. دەريا كېچىكنىڭ كەڭلىكى 30 نەچچە مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 6 ~ 7 مېتىر كېلىدۇ، بىر - بىرىگە چېتىلغان بەش قولۋاق ئارقىلىق دەريادىن ئۆتىدۇ. ئازغاندىن مازارغا 12 يول كېلىدۇ، بۇ جاي سازلىق بولۇپ، سازلىقنىڭ كەڭلىكى 30 ~ 40 يول كېلىدۇ. ئازغاندىن دوقا ماڭلايغا 44 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا بىر نەچچە ئېغىز ئۆي، پوچتا بېكىتى ۋە ئۆتەڭ ئالدىدا پەسىلىك دەريا بولۇپ، ئۆتەڭ سۈيىنى ئىچكىلى بولىدۇ. دەريا ياقىسىدا تۈگمەن بار. ئازغاندىن ئابدالكۆلگە

76 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي قىلىن توغـراقلىق . ئازغانـدىن ئارا تېرىم دەرياسىغا ( تـارىـم دەريـاسـىـنـىـڭ تـۆۋەنـكى تارمىقى ) 84 يول كېلىدۇ ، مۇشۇ جايدىن بـاشلاپ دەريـا يـاقـىلاپ مـاڭىدۇ . 1916 ـ يىلى بۇ جايدا 77 ئۆيلۈك دېھقان بار ئىـدى . يـېڭىسۇدىن غەربىي شىمالـــغا قاراپ چەكسىز كەتـــكەن سازلىقنى ۋە پـارچـە ـ پارچە كەنتلەرنى ئارىلاپ ماڭىدۇ . يېڭىسۇدىن 10 يول ماڭسا ئارا تېـ رىم دەرياسىنىڭ كېچىكىگە كېلىدۇ . 34 يول ماڭسا چارقىلىق بىلەن لوپنۇرنىڭ پاسىلىغا كېلىدۇ ، ئەينى چاغدا بۇ جايدا چېگرا بەلگىسى بار ئىدى . يېڭىسۇدىن پىچان قورغىنىغا 57 يول كېلـــدۇ ، بۇ قورغان گۇاڭشۈيىنـــڭ 18 ـ يىـلى ( مىلادىيە 1892 ـ يىلى ) ياسالغان بولۇپ ، گۇاڭشۈينىڭ 21 ـ يىلى شىنىڭلىق خۇيزۇ باندىت لوسىپو تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان . يېڭىسۇدىن تىكەنلىككە 81 يـول كـېلـىـدۇ ، بـۇ جايدا 1916 ـ يىلى 140 نەچچە ئۆيلۈك دېھقان بار بولۇپ ، بـۇلار يـەرلـىـك دېـھـقـان ۋە يـېـڭـى دېـھـقـان دەپ ئايرىلاتتى . يېڭى دېھقانلار تـۇرپـانـدىـن كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىدى . تىكەنلىك مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بو- لۇپ ، كـورلا ، تـۇرپان ، توقسۇن ، پىچانلارغا بارىدىغان يوللار مۇشۇ جايدىن ئۆتەتتى .

## تىكەنلىك ـ توقسۇن يولى

تىكەنلىكتىن شەرقىي جەنـۇبقا قـاراپ 60 يول ماڭسا كۆنچى دەرياسىغا كـېـلـىـدۇ . دەريا كېچىكىدە قۇلۋاق بار ، ئۇ يەردە بىر ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . كـېچىكتىن ئۆتۈپ 9 يول ماڭسا ئىسسىقسارغا كېلىدۇ . ئىسسىقساردىن شىندىغا 87 يـول كـېلىدۇ . شىندى ، تىكەنلىك ، توقسۇن ، تۇرپان يوللىرى مۇشۇ جايـ دىـن ئايـرىـلـىـدۇ . شـىـنـدىـدىن قۇرۇق تاغ ئېغىزىغا ( داۋان بېشى ) 63 يول كـېـلـىـدۇ ، داۋان بېشى دېڭىز يۈزىدىن 2767 مېتىر ئېگىز . داۋان بېشىدىن ئو- تـۇنبۇلاققا 42 يول ، ئەسكسارغا ( پوچىڭـــزا ) 61 يول ، قـــۇرۇق كۆلـــگە ( گـەنساۋخۇ ) 97 يول كېلىدۇ . قۇرۇق كۆلدىن چىقىپ خىزىر قىز ۋە ئالاتاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆتۈپ ، قىرغىزتامغا كېلىدۇ . قۇرۇق كۆلدىن قىرغىز تامغا 130 يـول ، كـۆمۈشكە 140 يـول كـېلـىـدۇ . تىكەنلىك ـ توقسۇن يولى كۆمۈشكە كېلىپ ، قارا شەھەر ـ توقسۇن خان يولىغا قوشۇلىدۇ . تىكەنلىكتىن كۆمۈشكە 456 يول كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تىكەنلىك ـ تۇرپان كارۋان يولى

تىكەنلىكتىن شىندىغا 156 يول، ئازغان بۇلاقتا 196 يول، چىڭگىرگە 302 يول، پارچە بۇلاقتا (تۇزلۇق) 367 يول، ئۇزۇن بۇلاقتا 427 يول، ئات ئۆلگەن داۋانغا 492 يول، ئاشاقبۇلاقتا 537 يول، پاقا بۇلاقتا 647 يول، لوزۇنغا 668 يول، تۇرپانغا 677 يول كېلىدۇ. تىكەنلىكتىن لۈكچۈنگە بارىدىغان يول چىڭگىردىن ئايرىلىدۇ. تىكەنلىكتىن چىڭگىرگە 302 يول، چىڭگىردىن باشتوغراق بۇلاقتا 150 يول، ملتوقسۇن بۇلاقتا 173 يول، ئولتۇرغۇچ بۇلاقتا 199 يول، دىغارغا 429 يول، يورموڭغا 449 يول، لۈكچۈنگە 479 يول، تىكەنلىكتىن لۈكچۈنگە 781 يول كېلىدۇ.

## تىكەنلىك ـ كورلا كارۋان يولى

تىكەنلىكتىن 25 يول ماڭسا قۇملۇق ئويمانلىققا كېلىدۇ، 48 يول ماڭسا قۇملۇق توگەپ تۇزلەڭلىك باشلىنىدۇ. يەنە 72 يول ماڭسا كونا كۆزلەك ئۆتەڭگە كېلىدۇ. 1916 ـ يىلى بۇ جايدا ئاھالە يوق ئىدى. 81 يول ماڭسا كۆزلەككە كېلىدۇ. بۇ جايدا 1916 ـ يىلى 40 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ئۈچ ئورۇنغا بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، چارۋا مال كۆپ، تېرىقچىلىقمۇ قىلىناتتى.

كۆزلەكتىن 12 يول ماڭسا قۇرۇق دەريا ئېقىنى ياقىسىغا، 32 يول ماڭسا ياچىكەگە كېلىدۇ. يول ياقىسىدا كۆل بار، لېكىن سۈيى ئاچچىق. 44 يول ماڭسا ئۇلۇغكۆلگە كېلىدۇ، بۇ يەردە 1916 ـ يىلى 30 نەچچە ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. ئۇلۇغكۆلدىن چارەگە (قاراتوغراق) 52 يول كېلىدۇ. بۇ جايدا 1916 ـ يىلى 50 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى. چارەدىن چوڭكۆلگىچە 100 يول ئارىلىقتا توۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

چارەدىن تېپىسققا 8 يول كېلىدۇ. بۇ جايدا 1916 ـ يىلى 50 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى. يول ياقىسىدا بىر تۈگمەن بولۇپ، ئۇ تارىم دەرياسىدىن باشلىنىغان سۇ بىلەن چۆرگىلەيتتى. 28 يول ماڭسا تارىم دەرياسى ياقىسىغا كېلىدۇ، ئاندىن دەريا ياقىلاپ 52 يول مېڭىپ، ئوڭغا بۇرۇلۇپ قۇم تاغدىن ئۆتۈپ كۆل ياقىسىغا كېلىدۇ. چارەدىن چوڭكۆلگە 100 يول كېلىدۇ. بۇ جايدا

1916 ـ يىلى 20 نەچچە ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . چوڭكۆلدىن 4 يول يۈرسە چا-
يان دەرياسىغا كېلىدۇ . دەريا بىر نەچچە غۇلاچ كەڭلىكتە بولۇپ ، دەريادا
كۆۋرۈك بار . 20 يول يۈرسە ئېۋىرغولغا كېلىدۇ ، بۇ جايدا بىر نەچچە ئۆيلۈك
ئاھالە ۋە 6 ~ 7 تاش تۈگمەن بار ئىدى . 48 يول يۈرسە كۆنچى دەرياسى
كېچىكىگە كېلىدۇ . كېچىكىنىڭ كەڭلىكى 12 ~ 15 مېتىر كېلىدۇ . كېچىكتە
ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى كېمە بولۇپ ، يولۇچىلار كېمە ئارقىلىق ئۆتەتتى .
1942 ـ ، 1943 ـ يىللىرى كورلا ـ چارقىلىق تاشيولى ياسىلىپ كۆنچى دەريا-
سىغا ئاددىي كېمە ئۆتكىلى ياسالدى .بۇ جايدىكى دەريا سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى
6 مېتىر ، كەڭلىكى 53 مېتىر ، ئېقىش تېزلىكى $m/s$ 0.52 ئىدى . دەريا تاپىنى
پۈتۈنلەي قۇم ئارىلاش تۇپا بولۇپ ، توپىسى بوش ئىدى . ئەينى چاغدا بىر
نەچچە قولۋاقنى چېتىپ ياسىغان بىر كېمە بار ئىدى . ئۇنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈ-
رۈش ئۆلچىمى 3 توننا بولۇپ ، پەقەت يېنىك تىپتىكى يۈك باسمىغان قۇرۇق
ماشىنىلارنىلا ئۆتكۈزەلەيتتى . كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىدىكى پىرستانى قاتار
قۇزۇق قېقىلىپ شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن مۇستەھكەملەنگەن ، دەريانىڭ ئۇ
قېشىدىن بۇ قېشىغا پولات ئارغامچا تارتىلغان ، كېمە غالتەك ئارقىلىق پولات
سىم ئارغامچىغا چېتىلغان بولۇپ ، كېمە سۇنىڭ ئېقىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ
ئارغامچا ئارقىلىق ئۇ قاشتىن بۇ قاشقا ئۆتەلەتتى . بۇ ئۆتكەل ياسالغاندىن كې-
يىن ، دەريادىن ئۆتۈش مەسىلىسى ھەل بولغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ
كۆتۈرۈشچانلىقى ئاجىز ، ياسىلىشى ناچار بولغاچقا تەلەپنى قاندۇرالمايتتى .

ئىككىنچى قېتىم ياسالغان كېمىنىڭ كۆتۈرۈشچانلىقى 15 توننا بولۇپ ،
ئىككى ماشىنا بىر چاغدا ئۆتەلەيتتى . ئۆتكەلنىڭ ئىككى بېشىغا كۆتۈرۈلۈپ
چۈشەلەيدىغان ھەرىكەتچان پىرستان ئورنىتىلغان ، كېمە يەنىلا پولات ئارغامچا
ئارقىلىق ئۆتەتتى . دەريانىڭ ئىككى يېقىغا بىردىن ئىككى بلوك ( چىغىرىق )
ئورنىتىلغان . چىغىرىقنىڭ ئارغامچىسى غالتەككە ئۇلانغان بولۇپ ، كېمە
شۇنىڭ بىلەن دەريادىن ئۆتەتتى . لېكىن ، ئادەتتە دەريا سۈيىنىڭ ئېقىش تېز-
لىكى ئاران $m/s$ 0.5 قا يېتەتتى . بۇنىڭ ئۈستىگە كېمە ئۆزى بەك ئېغىر
بولغاچقا ، ھەرىكەتلەندۈرۈش قىيىن ئىدى . شۇڭا ، كېمە ياسالغاندىن كېيىن
ئىشلىتىلمىگەن ، كېيىن بۇ كېمىنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1947 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كونا ئۆتكەلدىن 100 مېتىر يۇقىرى ئېقىنغا بىر ئۆتكەل ياسالدى . بۇ جايدىكى دەريانىڭ سۇ گورىزونتى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا دەريا يۈزىنىڭ كەڭلىكى 50 مېتىر ، ئەڭ چوڭقۇر جايى 5 مېتىر ئەتراپىدا بولاتتى . سۇ گورىزونتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا دەريا يۈزىنىڭ كەڭلىكى 58 مېتىر ، سۇ چوڭقۇرلۇقى 7.2 مېتىر ، ئوتتۇرىچە ئېقىش تېزلىكى $m/s$ 0.55 قا يېتەتتى .

ئەينى چاغدا بۇ يەردە ئۆتكەلنى باشقۇرىدىغان 20 ئادەم تۇختاتتىقان .

« خەنىنامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى » دە خاتىرىلىنىشىچە ، بۇگۈنكى لوپنۇر ( كۆنچى ) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە قەدىمكى ۋېيرا دۆلىتىنىڭ ئورنى ئىدى . ئۇنىڭ مەركىزى قاراغالمان قەدىمىي شەھىرى ( ھازىرقى يەنجى ناھىيىسىدىكى تۈز مەيدانى ئەتراپىدا ) ئىدى . گۇاڭشۈينىڭ 24 ـ يىلى ( مىلادىيە 1898 ـ يىلى ) ناھىيە تەسىس قىلىنىپ ، ئۇنىڭغا « شىنپىڭ ناھىيىسى » ( 新平县 ) ①دەپ نام بېرىلدى ھەمدە قارا قۇم ناھىيە مەركىزى قىلىندى ۋە قارا شەھەرگە قارايدىغان بولدى . قاراقۇمدا پەقەت ئامبال مەھكىمىسى بار ، سېپىل يوق ئىدى . ناھىيە بويىچە 837 ئائىلە ، 4905 نوپۇس بار ئىدى . مىنگونىڭ 3 ـ يىلى ( مىلادىيە 1914 ـ يىلى ) ئۇ ھازىرقى ئورۇن ( كۆنچى ) غا كۆچۈرۈلۈپ ، ئەتراپىغا سېپىل سوقۇلۇپ ، يەر ئىسمىنى لوپنۇرغا ئۆزگەرتتى . شۇ يىلى « شىنپىڭ ناھىيىسى » دېگەن نام يۈيلى( 尉犁 ) ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى . شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلار « يۈيلى ناھىيىسى » دەيدىغان ، ئۇيغۇرلار لوپنۇر ناھىيىسى دەيدىغان بولدى . لوپنۇر ناھىيىسى دەسلەپتە قاراشەھەر ۋىلايىتىگە قارايتتى . 1916 ـ يىلى كۆنچىدە 90 ئۆيلۈك ئادەم بار بولۇپ ، ئۇنىڭ بىر ئۆيلۈكى خەنزۇ ئىدى .

1954 ـ يىلىدىن كېيىن ، كورلا ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى . 1960 ـ يىلىدىن كېيىن ، بايىنغۇلىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى .

---

① شىنپىڭ ناھىيىسى — يېڭى تىنچىتىلغان ناھىيە دېگەن سۆز بولۇپ ، بۇ نام يۇننەن ئۆلكىسىدىكى شىنپىڭ ناھىيىسى بىلەن ئوخشاپ قالغاچقا ، كېيىن « يۈيلىشيەن » دەپ ئۆزگەرتىلگەن . « شىنجاڭدا يەرلىك ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتى » . 52 ـ بەت .

1986 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، لوپنۇر ناھىيىسگە بەش يېزا ، بىر بازار قارايدىكەن ، ئومۇمىي نوپۇسى 73 مىڭ 600 .

لوپنۇر ناھىيىسى شىمالدا قۇرۇق تاغدىن باشلىنىپ ، جەنۇبتا تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ . ئۇنىڭ يېرى ئاساسەن شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ ، تاغلىق رايون 13 پىرسەنتنى ، تۈزلەڭلىك 18 پىرسەنتنى ، قۇملۇق 53 پىرسەنتنى ، چۆللۈك 16 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ . بۇ ناھىيىدىكى قۇرۇق تاغ جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ شەرققە سوزۇلغان بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ . ناھىيە تەۋەسىدە تارىم ، كۆنچى دەريالىرىدىن شەكىللەنگەن سۇ سىستېمىسى ، شۇنداقلا تاغ ئارىسىدا ھاسىل بولغان بىر قىسىم بۇلاقلار بار . ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى تەخمىنەن 2 مىليارد 450 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ . ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 21 مىڭ 273 گېكتار ، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق 686 مىڭ 953 گېكتار ، سۇ كۆلىمى 7100 گېكتار بولۇپ ، بۇنىڭ 3433 گېكتارىدا بېلىق بېقىلىۋاتىدۇ . بۇ ناھىيىدە يەنە زولۇكتاش ، فوسفۇر ، تۆمۈر ، سۇرمەتاش ، تاشپاختا قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار . 88 مىڭ 667 گېكتار چۇچۇكبۇيىلىق ، 66 مىڭ 447 گېكتار توغراقلىق ، 86 مىڭ 347 گېكتار سېرىق كەندىرلىك ، ئۇنىڭدىن باشقا قوش لوكىلىق ياۋا تۆگە ، سۇر بۇغا ، ئېيىق چاشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارمۇ بار ① .

لوپنۇردىن قارا قۇرۇمغا 20 يول كېلىدۇ ، 1916 ـ يىلى بۇ جايدا گازارما ، مەكتەپ ، 8 ~ 9 ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . 28 يول ماڭسا بىر خارابە شىپاڭ ئورنىغا ، 56 يول يۇرسە بىر ئۆستەڭگە كېلىدۇ . ئۆستەڭدە كۆۋرۈك بولۇپ ، بۇ جاي ئىلگىرى قاراشەھەر بىلەن لوپنۇرنىڭ پاسىلى ئىدى . 56 يول يۇرسە ، سول تەرەپتە كونا قايىر ئۆتىڭى بار . ئۆتەڭنىڭ بىر قورۇسى بولۇپ ، قورۇ ئىچىدە بىر نەچچە ئېغىز ئۆي بار ئىدى . 60 يول يۇرسە شىنفىغا كېلىدۇ ، 1916 ـ يىلى بۇ جايدا 19 ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . لوپنۇردىن 70 يول يۇرسە يۇقىرىقى شىنفىغا كېلىدۇ ، بۇ جايدا 14 ئۆيلۈك ئادەم ۋە يەنە ئارامگاھ بار ئىدى . 91 يول يۇرسە يەنە بىر ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ، قاراشەھەر تەۋەسىگە كىرەتتى . 105 يول يۇرسە كورلىغا كېلەتتى . چارقىلىقتىن كورلا

① « تارىم غۇنچىلىرى » ، 1993 ـ يىل 3 ـ سان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كونىشەھەرگە 895 يول كېلىدۇ .

## 9§ . قەدىمكى ئاقسۇ ــ پەرغانە ، ئاقسۇ ــ يەركەن ، ئاقسۇ ــ قەشقەر يوللىرى

ئاقسۇ ــــ ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى غەربىي خەن سۇلالىسى يىللىرى ( مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 203 ــــ 26 ــ يىللار ) قۇم دەپ ئاتىلاتتى . كېيىنچە بارقوتان ، ئەردۇبىل دېگەن ناملار بىلەن ئاتالدى . تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىگە ، يەنى 14 ــ ئەسىرگە كەلگەندە ، ئاقسۇ دەپ ئاتالدى . ئاقسۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سۈيى مول ، تۇپرىقى ئۈنۈملۈك ، ئىقلىمى مۆتىدىل ، نۇرغۇن يوللار تۇتىشىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاي بولۇپ ، بۇ يەردىن جەنۇبقا قاراپ يۈرسە ، قەشقەر ۋە يەركەنلەرگە كىرمەيلا خوتەن دەرياسىنى بويلاپ بىۋاستە خوتەنگە ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغىلى بولىدۇ . غەربىي جەنۇبقا قاراپ ماڭسا قەشقەرگە بىۋاستە كىرگىلى ، ئۇ يەردىن يەركەن ، قارغىلىق ئارقىلىق ھىندىستانغا ۋە خوتەنلەرگە بارغىلى بولىدۇ . ئاقسۇدىن غەرب تەرەپكە قاراپ ماڭسا ئۈچتۇرپان ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغىلى بولىدۇ . شىمالغا ماڭسا مۇزئارت ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئىلىغا بارغىلى بولىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، بۇ جاي ئەزەلدىن سەركەردە ، قوماندانلار تالىشىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاي بولۇپ كەلدى . شۇڭا ، بۇ جاي تارىختا « غازىيانە ئاقسۇ » دەپ ئاتالغان .

### قەدىمكى ئاقسۇ ــ پەرغانە يولى

ئۈچتۇرپان ئارقىلىق ماڭىدىغان ئاقسۇ ــ پەرغانە يولى ئەڭ قەدىمكى يوللارنىڭ بىرى بولۇپ ، تارىختا شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دوستانە بېرىش ــ كېلىش ۋە سودا ئالاقە ئىشلىرىدا زور رول ئوينىغان .

تۆۋەندە رۇس گېنېرالى سۇنارگۇلوف ( Сунаргулов ) نىڭ ياقۇپبەگ دەۋرىدە ، يەنى 1877 ــ يىلى 2 ــ ئايدا بۇ يولنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە

يازغان خاتىرىسگە ۋە بەزى پىشقەدەملەردىن ئىگىلىگەن ئەھۋالغا ئاساسەن بۇ يول ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن .

ئاقسۇ كونىشەھەردىن 9 يول يۈرسە شەھەر چېتىدىكى ساكپاچىغا كېلىدۇ . ئاقسۇ شەھىرىدىن چىقىپ 17 يول كېلىدىغان جايغىچە سازلىق ، شال تېرىلىدىغان جاي بولغاچقا ، يول كۆتۈرمە قىلىپ ياسالغان . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتار ــ قاتار سوزۇلغان پاكار سۆگەت بار . يول ياقىسىدا مەھەللىلەر ۋە تارقاق قورۇ ــ جايلار ئۇچراپ تۇرىدۇ . ئۇ يەردىن يەنە 7 يول يۈرسە ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بىرىنچى تارمىقىغا كېلىدۇ . دەريادا يەتتە ئېقىن بار . بىرىنچى تارماق ئېقىندىن يەتتىنچى تارماق ئېقىنغىچە 7 يول كېلىدۇ . بىرىنچى ئېقىندىن كېچىپ ئۆتكىلى بولىدۇ . قالغان ئالتە ئېقىننىڭ تۆتىدە كۆۋرۈك بار . بۇ كۆۋرۈكلەر تار بولسىمۇ ، لېكىن مۇستەھكەم ، پىيادە ۋە ئۇلاغلىقلار بىمالال ئۆتەلەيدۇ . كەلكۈن كەلمىگەن چاغلاردا كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن كېچىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ . كەلكۈن ۋاقتىدا ھارۋا قاتنىشى توختايدۇ . ئىلگىرى ھارۋىلارنى ئۆتكۈزىدىغان كۆۋرۈك بار ئىدى ، كېيىن ئۇرۇشتا بۇزۇۋېتىلگەن . دەريادىن ئۆتۈپ جىگدە ، دەفتەر ، ئۈش ، بارىن ، قارا سۆلارنى بېسىپ توشقان دەرياسىغا كېلىدۇ . توشقان دەرياسىدا ئىككى ئېقىن بار ، كۆۋرۈك يوق ئىدى . يولۇچىلار سۇنى كېچىپ ئۆتەتتى . 5 ــ ئاينىڭ ئاخىرى ، 6 ــ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ كەلكۈن كېلىشكە باشلايدۇ . دەريادىن ئۆتسە يار ئۈستىدە ئاقيار كەنتى بار . ئاقيار ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپاننىڭ پاسىلى بولۇپ ، ئاقسۇغا تەۋە ئىدى . ئاقياردىن ئۆتۈپ ئويتۇر ، ياڭخېلارنى بېسىپ ئاچتاغقا كېلىدۇ . ئاچتاغ ئەتراپىغا ئادەم زىچ جايلاشقان ، چارۋا ــماللار كۆپ ، يەرلىرى ئۈنۈملۈك ، ئاساسەن بۇغداي تېرىلىدۇ . يول بويلاپ رەتلىك تىكىلگەن تېرەك دەرىخى كۆپ بولۇپ ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئاچتاغدىكى تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ قارىسا ، ئاقسۇ كونىشەھەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئاچتاغدىن ئۆتۈپ يېڭىسار ، توقسۇن ، يار كۆۋرۈك ، قاراخوجا ، ئاستىنقى جىگدىلىك ۋە ئۈستۈنكى جىگدىلىكلەرنى بېسىپ ئۇچتۇرپانغا كېلىدۇ . يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قارىسا ، يىراقتا تەڭرىتاغلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . سول تەرەپتە توقسۇن تېغى با[illegible] ئۇچتۇرپانغا كەلگۈچە تېرىلغۇ يەرلەر ۋە مەھەللىلەر ئۈزۈلمەيدۇ . ئاقسۇ كو[illegible] شەھەردىن ئۇچتۇرپانغىچە 175 يول كېلىدۇ .

# ئۇچتۇرپان ناھىيىسى

ئۇچتۇرپان مىلادىيەدىن ئىلگىرى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ( مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 203 — مىلادىيە 26 ـ يىللار ) « ئۇنسۇ » دۆلىتى جايلاشقان يۇرت بولۇپ ، ئۇ چاغلاردا « ئۇنسۇ » دەپ ئاتالاتتى . خەنزۇچە قەدىمكى تارىخىي كىتابلاردا ئۇنسۇ « 温宿 » دەپ خاتىرىلەنگەن ، بۇ ئۇنسۇنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزى . كېيىنچە « ئۇش » دەپ ئاتىلىدىغان بولدى . بۇ ھەقتە « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا « ئۇچ مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى ، توشقان دەرياسى ئۇچ شەھىرىدىكى بىر دەريا » دەپ كۆرسىتىلگەن ① . يەنە شۇ بەتتە « ئۇش ـ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى نامى » دەپ ئىزاھات بېرىلگەن . ئىلگىرىكى ئۇچ ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسى ئورنىدا ئىدى . توشقان دەرياسى ھازىرقى ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ . بۇ دەريا ھازىرمۇ توشقان دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ .

ئاپاق خوجا باشلاپ كەلگەن موڭغۇل ئويراتلىرىنىڭ 17 ـ ئەسىردىكى قىرغىنچىلىقى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1765 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان خەلق قوز. غىلىڭىنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇپ ، يەرلىك خەلقنى قەتلىئام قىلىشى تۈپەيلىدىن ، ئۇچتۇرپاندا ئادەم ئىنتايىن شالاڭلاپ كەتكەنىدى . شۇ يىللاردا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇرپاندىن نۇرغۇن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ بۇ جايغا ئورۇنلاشتۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي « ئۇچتۇرپان » دەپ ئاتىلىدىغان بولدى . ھازىرمۇ پىچان ، قاراخوجا ، توقسۇن ، ياڭخى ( يانقىر ) قاتارلىق تۇرپاندىكى يەر ناملىرى بىلەن ئاتىلىدىغان جايلار بار . 1758 ـ يىلى ( چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى ) ئۇچتۇرپاندا ئىش بېجىرگۈچى ئامبال تەسىس قىلىندى . 1766 ـ يىلى قەلئە سېلىندى . بۇ قەلئە كۋادرات شەكىلدە بولۇپ ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 213 مېتىر كېلىدۇ . سېپىلنىڭ شىمالى سازلىق ، قەلئەنىڭ 430 مېتىر جەنۇبىدا تاغ بار ، بۇ تاغنىڭ غەربىي ئۇچى قەل ئەنىڭ غەربىي سېپىلىغا تۇتاشقان ، شەرقىي ئۇچى ئاقسۇ يولىغا تۇتىشىدۇ . تاغ

---

① « تۈركىي تىللار دىۋانى » . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 49 ـ بەت .

چوقـقىسىدا بىر قاراۋۇلخانا بار . ياقۇپبەگ دەۋرىدە ، بۇ شەھەر ئانچە چوڭ ئە مەس ئىدى . 100 ئائىلىلىك ئادىمى ۋە بىر رەت دۇكانىلىرى بار ئىدى . يەركەن ـ سەئىدىيە خاندانلىقى ۋاقتىدا ، ئۇچتۇرپاننى دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى بازار بولىدىغان جاي قىلىپ بەلگىلىگەن . شۇ كونا ئادەت بويىچە ، دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى بازار بولاتتى . ئۇچتۇرپان رۇسىيىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان مۇھىم قورغان بولۇپ ، ياقۇپبەگ بۇ جايدا 2000 ئەسكەر تۇرغۇزغان .

## ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79° 14′00″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 41° 12′43″ قا توغرا كېلىدۇ . ئومۇمىي كۆلىمى 8560.8 كۋادرات كىلومېتىر ، شىمالى قىرغىزىستان بىلەن تۇتىشىدۇ ، ئۇرۇمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1111 كىلومېتىر كېلىدۇ . يېرىنىڭ غەربىي شىمالى ئېگىز ، شەرقىي جەنۇبى پەس . تاغلىق رايون 59.91 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ . پۈتكۈل زېمىن ئالتە تاغ ، ئۈچ ساي ، بىر ۋادىدىن تەشكىل تاپقان . زاتقىلا چوققىسى ناھىيە بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 5153 مېتىر ئېگىز . ئۇچتۇرپان تەۋەسىدە دەريا ، بۇلاقلار كۆپ ، سۇ مەنبەسى مول ، يىللىق سۇ مىقدارى تەخمىنەن 20 مىليارد 986 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ . ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 91.5 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2003.8 مىللىمېتىر . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃ 9.1 ، 1 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ℃ 9.1 ، 7 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى ℃ 22.1 ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى ℃ 41 ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ℃ 32.2 ، قىروسىز مەزگىلى 183 ~ 206 كۈن .

كان بايلىقلىرىدىن فوسفور ، قوغۇشۇن ، مىس ، ئالىيۇمىن ، سىماب ، ھاكتېشى قاتارلىقلار ، ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز ، جەرەن ، ئارقار ، تۈلكە ، سۇغۇر ، ئۇلار ، تۇرنا ، ئاققۇ قاتارلىقلار بار .

ئۇچتۇرپاندىن 32 يول يۈرسە ، ئاتباش ، ئالسايلاردىن ئۆتۈپ ، قۇرباش قورۇلىغا كېلىدۇ . ئاتباش بىلەن قۇرباش ئارىلىقىدا بىر قورغان خارابىسى بولۇپ ، ئۇ ئاتباش قورغىنى دېيىلىدۇ . ئۇ يەردىن ئۆتسە ، توسما قورۇلىغا

كېلىدۇ . بۇ جايدا تاغ ئۈستىدە بىر قاراۋۇلخانا بار . تاغ باغرىدا بىر مۇنچە ئۆيلەر بولۇپ ، قىرغىزلار ئولتۇرىدۇ . ئۇ يەردىن ئۆتسە باش ئاقمىغا كېلىدۇ . باش ئاقمىغا كەلگەچە يولنىڭ سول تەرىپىدە بەربەر تېغى ، قارا تېكە تېغى ، تۇسما تېغى ۋە باش ئاقما تاغلىرى بار ، ئوڭ تەرەپتە يىراقتا توشقان دەرياسى بار . باش ئاقما بىر كەنت بولۇپ ، يول مۇشۇ يەرگە كەلگەندە شىمالغا بۇرۇلىدۇ . باش ئاقمىدىن چىقىپ توشقان دەرياسىنىڭ كېچىككە كېلىدۇ . دەريادا كۆۋرۈك يوق ، كارۋانلار سۇ كېچىپ ئۆتىدۇ . دەريادىن ئۆتسىلا ئاقيارغا كېلىدۇ . ئاقياردىن ئويتالغىچە ئوت ـ چۆپسىز ، سۇسىز يالغۇز ئاياغ يول بولۇپ ، 38 يول يۈرسە بىر كونا تۇراغا كېلىدۇ ، سولغا بۇرۇلسا دەريا بويىغا كېلىدۇ . دەريانىڭ سول تەرىپىنى بويلاپ ماڭسا ، ئويتال ئۆتىڭىگە كېلىدۇ . بۇ يەرنىڭ سۈيى ياخشى ، يېقىلغۇلارمۇ بار . شۇڭا ، كارۋانلار بۇ جاينى چۈشكۈن قىلىدۇ . ئويتالدىن 7 يول يۈرسە بىر ئېغىزغا كېلىدۇ . ئېغىزنىڭ ئىككى يېنى تىك تاشلىق ياردالڭ ، ئېغىزدىن ئۆتسە شېغىل يولغا چىقىدۇ . 20 يول يۈرسە ، يەنە ئويتال دەرياسى بويىغا كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا يول ئىككى چوڭقۇر جىلغىدىن ئۆتىدۇ . ئويتال دەرياسىغا چۈشىدىغان يول ياقىسىدا بىر قاراۋۇلخانا بار . بۇ ئىبراي قاراۋۇلخانىسى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ قاراۋۇلخانىنى قىرغىزلارنىڭ ئاقساقلى ئىبراي ئىسسىقكۆلدىكى قىرغىزلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن ياساتقانىكەن . بۇ يەردىن 12 يول يۈرسە جىندى سارت ئېغىزىغا كېلىدۇ . ئېغىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن يول ياقىسىدا تاشتا قوپۇرۇلغان چازا بار ، بۇ جاي تۇرداك دېيىلىدۇ ، بۇ چازىنىمۇ تۇرداكتىكى قىرغىزلارنىڭ ئاقساقلى ئىسسىقكۆلدىكى قىرغىزلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن ياساتقانىكەن . جىندى سارت ئېغىزىدىكى يول بىلەن ماڭسا كوكورۇمغا كېلىدۇ . بۇ يەردە ئىسسىقكۆلگە قوي كۆچۈرىدىغان يەنە بىر يول بار . كوكورۇمدا ئۆتەك بار ، ئوت ـ چۆپلەرمۇ تېپىلىدۇ . ئۇ يەردىن ئۆتسە « خوجا بۇغا » غا كېلىدۇ . بۇ جايدا خوجىلاردىن بىرى چىلىك سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ ئۆلگەنىكەن ، شۇڭا بۇ جاي خوجا بۇغا دەپ ئاتالغانىكەن . بۇ يەردىن ئۆتسە بىر ئېغىزغا كېلىدۇ ، بۇ جاي « ئاق مەسچىت » دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ جايدا ئېگىزدىن ئېتىلىپ چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بار ، ئۇ « ئارچا بۇلاق » دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ يەردىن ئۆتۈپ ئاغاچ كۆلگە ( قورغانغا ) كېلىدۇ . بۇ يەردە بىر تاش قورغان بار ، ئىچىدە كارۋان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۇشىدىغان بىر نەچچە ئېغىز ئۆي ۋە بىر ئېغىل بار .

ئويتالدىن باشلاپ يول ئويتال دەرياسىنى ياقىلاپ تاغقا قاراپ ئۆرلەيدۇ . يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ . شىمال تەرىپىدە كوكورۇم تېغى ، جەنۇب تەرىپىدە چالماتا تېغى بار . بۇ يەرگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى يولنىڭ بەزى جايلىرى تار ، يولدا مېڭىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان قالايمىقان تاشلار بار . 3 ـ ئايلاردا سۇ ئاز ، لېكىن ئېقىشى تېز ، 6 ـ ئايلاردا كەلكۈن كەلگەندە جىلغىنى پۈتۈنلەي سۇ قاپلاپ كېتىپ ، بىر مەزگىل قاتناش توختايدۇ . يولنىڭ ئويتال دەرياسىغىچە بولغان قىسمىدا سۇ ۋە يېقىلغۇ قىس ، ئويتالدىن ئۆتكەندىن كېيىن سۇ ، ئوت ـ چۆپ ۋە يېقىلغۇلار مول . ئاغاچ كۆلدىن 6 يول ماڭسا ئاق تېرەك ساي ئېغىزىغا كېلىدۇ . ئېغىز ئىچىدە ئاق تېرەك ساي ئېقىنى بار ، ئۇ ئويتال دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ . 16 يول يۈرگەندىن كېيىن ئورتا قورغانغا بارىدىغان ئۇزۇن ۋە ئىنتايىن تىك داۋان باشلىنىدۇ . ئورتا قورغان ئانچە چوڭ ئەمەس ، قورغاننىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى 50 قەدەمگە يەتمەيدۇ . ئورتا قورغاندىن ئۆتۈپ 9 يول يۈرسە بەدەل ئېغىزىغا بارىدىغان داۋان يولى باشلىنىدۇ . بۇ يول تېخىمۇ تىك ۋە ئۇزۇن بولۇپ ، داۋاندىن چىقىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ، يول ياي شەكىللىك ئەگرى ـ بۈگرى ياسالغان . مېڭىش ئىنتايىن قىيىن ، ئات تېيىلىپ يىقىلغىلى ئارانلا تۇرىدۇ . تاغ ئېغىزى ئۈستىدىكى بىر پارچە تۈزيەردە كىچىك بىر قورغان بار . بۇ يەرگە دائىم كارۋانلار ، يولباشلىغۇچىلار ۋە ئورتا قورغاندىن كەلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر چۈشكۈن قىلىدۇ ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىز . بەدەل تاغ ئېغىزى جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگرىسى ئىدى . بۇ يەردىن ئۆتسە رۇسىيە زېمىنىغا كىرەتتى . يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى قىش ـ ياز مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ . يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى مۇز ئېرىپ بولىدىكەن . بۇ بەدەل ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق پەيت . بۇ يەردە جۇدۇن بولغاندا يول ئېتىلىپ قالىدۇ . كارۋانلار ماڭالماي بەزىدە ئايلاپ تۇرۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ ، بۇنداق چاغدا ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلار ئۆلۈپمۇ قالىدۇ . داۋاندىن نېرىسىغا چۈشۈش ئاسانراق . بەدەل تاغ ئېغىزىدىن 19 يول

يۇرسە سارجان ئېقىنىغا كېلىدۇ . تاغ پۇتۇنلەي يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتىدۇ .
سول تەرىپى تۈز بولۇپ ، تاكى تىپ قاراۋۇلخانىسىغا بارغۇچە « سارچات »
دەپ ئاتىلىدۇ . تىپ قاراۋۇلخانىسىدا بىر بۇلاق بار ، كارۋانلار شۇ سۈنى
ئىچىدۇ . ئاغاچ كۆلدىن تىك يارنىڭ باشلىنىش جايىغىچە تاغقا كىرىش يولى
ئىدى . بۇ يەردە يول ئۈستىدە پۇتلىكاشاك بولىدىغان تاشلار كۆپ ، مېڭىش
ناھايىتى قىيىن ، يول كۆپىنچە تار ۋە پەلەمپەي شەكلىدە . يول بويى يېقىلغۇ
يوق ، تېزەك قالايدۇ . تىپ قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتسە « ئىشتىك باش »قا
كېلىدۇ . 53 يول يۇرسە قارا جىرا ئېگىزلىكىگە كېلىدۇ . بۇ ئېگىزلىك زۇكا
دەرياسىغا تۇتىشىدۇ . 70 يول يۈرگەندىن كېيىن قارا ساي جىلغىسىغا كېلىدۇ .
جىلغىدا قارا ساي دەرياسى بار . قارا سايدىن ئۆتۈپ يۇقىرىسىغا قاراپ خېلى
ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ، ئاق بەل ئېگىزلىكىگە چىقىدۇ . بۇ جاينىڭ ھاۋاسى
شالاڭ ، بۇ جاي ئىسسىقكۆل رايونىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئوتلىقى ، زۇكا ۋە
قاراساي ئېقىنلىرى نارىن دەرياسىغا قويۇلىدۇ . تىپ قاراۋۇلخانىسىدىن ئاق بەل
ئېگىزلىكىگە كەلگۈچە بولغان يول ئۇلاغلىق ماڭىدىغان يالغۇز ئاياغ يول بو-
لۇپ ، مېڭىش ئەڭ قىيىن بولغان قىسمى 15 ~ 19 يول ئارىلىقتىكى تار
پەلەمپەي قىسمى ، بۇ مۇساپىدە يېقىلغۇ يوق ، پەقەت ئىشتىك بىلەن زۇكادىلا
سۇ بار . زۇكا ئېغىزىدىن چىقىپ يۇقىرىسىغا 20 يول يۈرگەندىن كېيىن ئارا
بەل ئېگىزلىكىگە كېلىدۇ . ئارا بەلنىڭ ئېگىزلىكى ئاق بەلگە ئوخشاپ كېتىدۇ .
يولنىڭ سول تەرىپىدە بارسكوي تاغ ئېغىزى بىلەن زوك تاغ ئېغىزى كۆرۈنۈپ
تۇرىدۇ . كارۋان پەقەت ياز كۈنلىرىلا بارسكوي ، زوك ئېغىزلىرى بىلەن
ماڭىدۇ . چۈنكى ، بۇ ئىككى ئېغىزدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئەگىپ مېڭىشقا توغرا
كېلىدۇ . شۇڭا ، پەقەت يازدا تەڭرىتاغلىرى ئۈستىدىكى كۆل سۈيى ئېرىپ ،
قاشقا سۇ تاغ ئېغىزىدىكى قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغان چاغلاردىلا بۇ ئىككى ئېغىز
بىلەن ماڭىدۇ . بۇ كۆل ئېگىز تاغ ئۈستىگە جايلاشقان ، زۇكادىن 38 يول
كېلىدۇ . كۆلنىڭ تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ ، تىك قىرغاقلار
بىلەن چېگرىلىنىدۇ . كۆل يۈزى چوڭ ئەمەس ، كەڭلىكى تەخمىنەن 70
قەدەم ، ئۇزۇنلۇقى 250 قەدەم كېلىدۇ . كۆلدىن ئۆتسىلا قاشقا سۇ تاغ ئېغىزىغا

كېلىدۇ . ئېغىز ئىچىدىكى يول يۇقىرىسىغا ئۆرلەپ ماڭىدۇ ، لېكىن ئۇزۇن ئەمەس . جۇدۇن بولۇپ يولنى قار كۆمۈۋالغاندا ، كارۋانلار بۇ جايدا بىر قانچە كۈن توسۇلۇپ قالىدۇ . بۇ ئېغىزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز تاغنىڭ ئارىلىقى بەك يېقىن ، گويا كارىدورغا ئوخشاش بولغاچقا ، ئاسانلا قار كۆمۈۋا-لىدۇ . قاشقا سۇ تاغ ئېغىزىدىن نېرى تەرەپكە چۈشۈش قىيىن ، يولدا پۈتىلىكاشاڭ بولىدىغان تاشلار كۆپ ، تىكرەك جايلىرىدا ئات ئاسانلا يىقىلىپ چۈشىدۇ . تۆۋىنىگە ماڭىدىغان بۇ يول ئۇزۇن بولغاچقا ، ئاتلىق ئىككى سائەت مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان خەتەرلىك مۇزلار ئۇچرايدۇ . قاشقاسۇ دەرياسىغا كەلگەندە شەمشاد دەرەخلىرى ئۇچرايدۇ . بۇنىڭ ئۇ يېقىدىكى غوللاردا شەمشاد دەرەخلىرى قېلىن . 84 يول يۈرسە زۇكا دەرياسىغا كېلىدۇ . قاشقا سۇ دەرياسى زۇكا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ . مۇشۇ جايدىن باشلاپ ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقى پۈتۈنلەي شەمشاد دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان . يولدا قۇرۇق دەرەخ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلار كۆپ بولغاچقا ، يۈرۈش قىيىن ، 18 يول يۈرسە ئاندىن تۈز يولغا چىقىدۇ . بۇ يەردە زۇكا دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان يەنە بىر ئېقىن بار ( بۇ ئېقىنمۇ قاشقا سۇ دەرياسى دې-يىلىدۇ ) . 132 يول يۈرسە ئىسسىقكۆل رايونىدىكى قىرغىزلارنىڭ بىرىنچى تاغ كەنتىگە كېلىدۇ . بۇ يەرگە كەلگەندە يول ئوڭغا بۇرۇلىدۇ . زۇكا دەرياسى سولغا بۇرۇلىدۇ ، ئۇنىڭ نېرىسىدا دەريا ئۇچرىمايدۇ . بۇ يول ئۇلاغ يولى بولۇپ ، زۇكادىن قاشقا سۇ دەرياسىغا كەلگۈچە يول ئۈستىدە يې-قىلغۇ ۋە سۇ تېپىلمايدۇ ، قاشقا سۇ ئېغىزىدىن تۆۋىنىگە قاراپ ماڭغاندىلا ئاندىن ئوت - چۆپلەر بار ، بىراق مول ئەمەس . ئۇ يەردىن ئۆتۈپ 12 يول يۈرسە سېلفوكنوغا بارىدۇ . ئۇ يەردىن 66 يول يۈرسە قاراكۆلگە كېلىدۇ . قاراكۆلدىن ئۆتۈپ بىشكەك ( فرونزى ) كە بارىدۇ . ئۇچتۇرپاندىن بەدەل تاغ ئېغىزىغا 367 يول ، قارا كۆلگە 731 يول كېلىدۇ .

### قەدىمكى ئاقسۇ - يەركەن يولى

ئاقسۇ - يەركەن يولى ئەڭ قەدىمكى يوللارنىڭ بىرى بولۇپ ، بۇ يول

ئاقسۇ كونىشەھەردىن باشلىنىپ ، مارالبېشىغا كېلىپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى . بىر يول مارالبېشىدىن ئۆتۈپ ئاقساقمارال ، سېرىقبۇيىغا كېلىپ ، يەركەن دەرياسىنى بويلاپ يەركەنگە كېلەتتى ، ئومۇمىي مۇساپىسى 984 يول ، مارالبېشىدىن ھېسابلىغاندا 484 يول كېلەتتى . يەنە بىر يول مارالبېشىدىن ئۆتۈپ پەيزىۋات ، قەشقەر يېڭىشەھەر ، تازغۇن ، يېڭىسار ، ھەزتىم مازارلار ئارقىلىق يەركەنگە كېلەتتى ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1356 يول ، مارالبېشىدىن ھېسابلىغاندا 856 يول كېلەتتى . دېمەك ، بىرىنچى يول 372 يول يېقىن ئىدى .

يەركەن قاتناش تۈگۈنى بولۇپ ، بۇ يەردىن تاشقورغان ئارقىلىق ئىرانغا ، يۇرۇپاغا ، قارغىلىق ئارقىلىق ھىندىستانغا ۋە گۇما ، خوتەن ، لوپ ، چىرا ، كېرىيە ، نىيە ، چەرچەنلەر ئارقىلىق چارقىلىققا كېلىپ ، ئۇ يەردىن تۇرپانغا ۋە دۇنخۇاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغىلى بولاتتى .

## قەدىمكى ئاقسۇ ـ قەشقەر يولى

قەدىمكى ئاقسۇ ـ قەشقەر يولى جەنۇبىي يول ، شىمالىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . جەنۇبىي يول ئاقسۇ كونىشەھەردىن چىقىپ ئاسۇق ( ئاقسۇ يېڭىشەھەر ) ، مارالبېشى ، پەيزىۋات ، يېڭىشەھەر ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىدۇ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 976 يول . شىمالىي يول ئاقسۇ كونىشەھەردىن چىقىپ ، ئۇچتۇرپاندىن ئۆتۈپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، بىر لىنىيىسى توشقان دەرياسىنى ياقىلاپ ماڭىدۇ ؛ يەنە بىر لىنىيىسى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭىدۇ . بۇ ئىككى يول كاتتا يايلاققا كەلگەندە ( ئاتۇشقا بىر كۈنلۈك يول قالغاندا ) قوشۇلۇپ قەشقەرگە بارىدۇ .

توشقان دەرياسىنى ياقىلاپ ماڭىدىغان يول تۈزرەك ، سۇدىن ئايرىلمايدۇ . ھارۋىلىقمۇ ماڭغىلى بولىدۇ ، لېكىن سۇ كېچىپ ماڭىدۇ . توشقان دەرياسىنى ئۈچ قېتىم كېسىپ ئۆتىدۇ . شەرقىي جەنۇب بىلەن ماڭىدىغان يول ئۇچتۇرپاندىن ئۆتۈپ باشئاقما ، سەپەرباي ، كۆيۈك توقاي ، ئاقچى ، بەلويتى داۋىنى ، تىگارىك داۋىنى ، ئويبۇلاق ، جىگدە ، زەيچۆپ ، قىربۇلاق ، سۇغۇنئاغزى ، كاتتايايلاق ، يۇقىرى ياربېشى ، بەشكېرەملەر ئارقىلىق قەشقەرگە

كېلىدۇ . « قەشقەرىيە » دە بۇ يول جەنۇبىي يولدىن ئۈچ كۈنلۈك قىسقا ، دەپ يېزىلغان . شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ماڭىدىغان ئاقسۇ ـ قەشقەر يولى تەخمىنەن 400 كىلومېتىر ، يەنى 800 يول كېلىدۇ .

## قەدىمكى ئاقسۇ ـ يەركەن يولىدىكى ئۆتەڭ ۋە جايلار ئارىسىدىكى مۇساپە

| ئۆتەڭ ۋە جايلار | مۇساپە ( يول ) | ئۆتەڭ ۋە جايلار | مۇساپە ( يول ) | ئۆتەڭ ۋە جايلار | مۇساپە ( يول ) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ كونىشەھەر | 0 | ئاقچۇم | 568 | تېرەكلەڭگەر | 893 |
| ئاقسۇ يېڭىشەھەر | 24 | توزلۇق قاش | 611 | ئېلىشقۇ | 904 |
| چوقتال | 35 | ئاقساقمارال | 622 | تۈگمەن بېشى | 913 |
| پاختىلىق | 46 | ياسىندى | 640 | كۆكچى | 920 |
| ئايكۆل | 86 | چارشەنبە بازار | 662 | توغرىشېرىق | 928 |
| ساي ئېرىق | 102 | شەنبە بازار | 684 | بەش گەمە | 935 |
| شوتا قۇدۇق | 145 | يېڭىباغ | 707 | قۇمۇشباغ | 954 |
| كونا چىلان | 213 | سېرىقبۇيا | 713 | قېتات | 962 |
| چىلان | 227 | يېڭىئۆستەڭ | 743 | قاغۇشئېرىق | 973 |
| يايدى | 266 | ئاقدۆڭ | 756 | يەركەن | 984 |
| قىزىلتام | 294 | تۆۋەن ئاۋات | 770 | | |
| ياقا قۇدۇق | 306 | يېڭى ئاۋات | 780 | | |
| سېرىق قۇدۇق | 329 | يۇقىرى ئاۋات | 790 | | |
| تەڭتوغراق | 364 | شېھىت دۆڭ | 825 | | |
| تومشۇق | 389 | ئېگىزلىك | 839 | | |
| يېڭىمەھەللە | 393 | چۆگە | 851 | | |
| ئۆيقوتان | 439 | دۆڭئۆستەڭ | 858 | | |
| چاھارباغ | 449 | موغال | 874 | | |
| مارالبېشى | 500 | چاقماقكۆل | 884 | | |
| شامالىلىق | 550 | | | | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب

# ئىلىدىن باشلىنىدىغان يوللار

## §1 . ئىلى دەرياسى ، ئىلى ۋادىسى

ئىلى رايونى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، تەڭرىتاغ تىزمىلىرى مۇشۇ رايونغا كەلگەندە شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ . بۇ ئۈچ تاغ تىزمىسى ئارىسىغا ئىلى دەرياسى ۋادىسى ( شەرقىي قىسمى ئېگىز ، غەربىي قىسمى پەس ، شەرقىي قىسمى تار ، غەربىي قىسمى كەڭ ) جايلاشقان . ئىلى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ ئۈچ چوڭ تارمىقى مۇشۇ ۋادىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ مۇنبەت ، گۈزەل بوستانلىق ھاسىل قىلغان .

ئىلى رايونىنىڭ ئىقلىمى مۆتىدىل ، يازدا ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ℃ 30 تىن يۇقىرى بولىدىغان ۋاقىت 65 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ . قىش پەسلىدە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن ℃ 30 بولىدىغان ۋاقىت تۆت كۈنگە يەتمەيدۇ . قىروسىز مەزگىل 180 كۈنگە يەتمەيدۇ . تۇپرىقى مۇنبەت ، سۇ بايلىقى مول ، تەبىئىي شەرت ـ شارائىتى ئەۋزەل .

تارىختا ئىلى رايونى شىمالدا بالقاش كۆلى بىلەن ، غەربتە چۇ دەرياسى ۋە تالاس ئېقىنلىرى بىلەن ، شەرقتە جىڭ بىلەن ( جىڭ ئۇ چاغلاردا ئۇرۇمچىگە تەۋە ئىدى ) ، شەرقىي شىمالدا تارباغاتاي بىلەن ، جەنۇبتا ئاقسۇ بىلەن چېگرىلىناتتى . شەرقتىن غەربكە 1500 يول ، جەنۇبتىن شىمالغا 1100 يولدىن ئاشاتتى . ئىلى رايونى تارىختا ئىلى دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى .

« ئىلى بىر دەريانىڭ ئىسمى ، ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈركىي قەبىلىلەردىن ياغما ، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ . بۇ دەريا تۈركىي ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر . ناھايىتى روشەنكى ، ياغما ، چىگىل ، توخسى قەبىلىلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشىغان قەدىمكى

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقىنى بەرپا قىلغان ئاساسلىق خەلقلەر ئىدى ①. ئۇيغۇرلار (ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تېلې، دىڭلىڭ ۋە هۇنلار) مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردىلا ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان. «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى»، «سۇڭنامە»، «ئىدىقۇت تەزكىرىسى»، «جەنۇبىي چى سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر تەزكىرىسى» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنلا شىنجاڭ رايونىدا دىڭلىڭلار بار ئىدى. ئۇ دەۋردە ئىلى دەريا ۋادىسىدا 90 مىڭ ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە «دىڭلىڭ دۆلىتى مەۋجۇت ئىكەن» ②. «ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى بايان 656 ـ يىلدىن 657 ـ يىلغىچە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئۇرۇش قىلدى.» ③

ئالمالىق شەھىرى 1 ـ ئەسىردە ئېچىلغان قاشقۇۋۇق (خەنزۇچە يۈمېنگۇەن دەپ ئاتىلىدۇ، تارىختا شىنجاڭنىڭ قاشتېشى موشۇ قوۋۇق ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلاتتى، شۇڭا قاشقوۋۇق دەپ ئاتالغان)، قۇمۇل، تۇرپان، ئۈيسۈن، سەمەرقەند ئارقىلىق ئىرانغا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىگە بارىدىغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا سودىسى ئىنتايىن راۋاجلانغان شەھەر ئىدى ④. ئەينى ۋاقىتتا ئالمالىق مۇز داۋان ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، قاراخانىيلار پايتەختى قەشقەر ھەم خوتەن ۋە ھىندىستانلارغا، باي، قىزىل مىڭئۆي، كۇسەن، بۈگۈر قەدىمىي شەھىرى، كىروران ۋە دۇنخۇاڭلار ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان يوللارنىڭ تۈگۈنى ئىدى.

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندىن كېيىن، 1762 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىلى جە-

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 101 ـ بەت. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1989 ـ يىل 31 ـ ئۆكتەبىر سانى.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1988 ـ يىل 4 ـ سان، 75 ـ بەت.

③ لىيۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى، 53 ـ بەت.

④ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 87 ـ يىل 6 ـ سان، 72 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ياڭجۈن مەھكىمىسى ( تولۇق ئىسمى ئىلى ۋە باشقا جايلارنى ئىدارە قىلىدىغان جياڭجۈن ) تەسىس قىلدى . بىرىنچى قېتىم ئىلى جياڭجۈنلىكىگە تەيىنلەنگەن كىشى مىڭرۇي ئىدى . ئىلى رايونى ئىلى جياڭجۈنى تۇرىدىغان يەر بولۇپ ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ، ھەربىي مەركىزى ئىدى . شىنجاڭنىڭ ئالتايدىن باشقا جايلىرى ئىلى جياڭجۈنىگە قارايدىغان بولدى . چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ بۇ يەرگە توققۇز قەلئە سالدۇردى . ئۇلار :

كۈرە قەلئەسى — مىلادىيە 1763 ـ يىلى سېلىنغان ، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى مۇشۇ قەلئەدە ئىدى .

كونا كۈرە قەلئەسى — مىلادىيە 1766 ـ يىلى سېلىنغان ، ئەسلى ئىسمى بايانداي ئىدى .

سۈيدۈڭ قەلئەسى — مىلادىيە 1772 ـ يىلى سېلىنغان ، ئەسلى ئىسمى ئۇقارلىق ئىدى .

گۇاڭرېن قەلئەسى — مىلادىيە 1780 ـ يىلى سېلىنغان ، ئەسلى ئىسمى ئۆكەر بورسۇق ( ھازىرقى لوسگۇڭ ) ئىدى .

جەندي قەلئەسى — مىلادىيە 1780 ـ يىلى سېلىنغان ، ئەسلى ئىسمى چاغانسۇ ( ھازىرقى جىڭخۇازا بازىرى ) ئىدى .

گوڭچېن قەلئەسى — مىلادىيە 1780 ـ يىلى سېلىنغان ، ئەسلى ئىسمى قورغاس ئىدى .

شىچۈن قەلئەسى — مىلادىيە 1780 ـ يىلى سېلىنغان ، ئەسلى ئىسمى قارابۇلاق ( چىلپەنزە ) ئىدى .

تالچى قەلئەسى — مىلادىيە 1761 ـ يىلى سېلىنغان ، ئورنى تالچى تېغىنىڭ جەنۇبىدا ئىدى .

نىڭيۈەن ( غۇلجا ) قەلئەسى — مىلادىيە 1762 ـ يىلى سېلىنغان ، ئەسلى ئىسمى غۇلجا ، ئورنى ھازىرقى غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدە ئىدى . بۇ قەلئەنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدىكى تۆپىلىكتە چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن جۇڭغارلارنى تىنچىتقانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئورنىتىلغان ئىككى خاتىرە تاش بار . غۇلجا لاما كۈرەسى ئامورسانا توپىلىكىدا كۆيۈپ كەتكەن [1].

---

[1] « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1 ـ كىتاب 417 ـ ، 426 ـ بەتلەر .

1760 ـ يىلدىن باشلاپ ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىن بىر بۆلۈك ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقىپ ، بوز يەر ئېچىپ ، ئېتىز ـ ئېرىق بەرپا قىلىپ ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى . بۇنداق سىياسەت قوللىنىشقا مۇنداق تۆت تۈرلۈك ئامىل سەۋەبچى بولدى :

1755 ـ يىلدىن 1759 ـ يىلغىچە ، چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، بىرىنچىدىن ، ئىلى رايونىدا رۇسىيىگە قېچىپ كەتكەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باشلىقى ئامورسانانىڭ ھەر ۋاقىت ھۇجۇم قىلىش خەۋپى بار ئىدى . ئىككىنچىدىن ، چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تەھدىتى مەۋجۇت ئىدى . شۇڭا ، بۇ رايوندىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ، بۇ جايدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش كېرەك ئىدى . ئۈچىنچىدىن ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1755 ـ 1759 ـ يىللىرى شىنجاڭنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ماددىي كۈچ سەرپ قىلدى . ئارقىدىنلا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزدى . بۇ ۋاقىتتا ئەسكىرىي تەمىنات مەسىلىسى چىڭ سۇلالىسى دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى . بۇنى ھەل قىلىشقا ئىقتىسادىي كۈچ يەتمەيتتى . بۇ قوشۇنلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ، دېھقانچىلىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى . تۆتىنچىدىن ، چىڭگىزخان ئىستېلاسى ۋە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقى ، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تۈپەيلىدىن ئادەملەر ئۆلۈپ ، تىرىك قالغانلىرى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە قېچىپ ، ئىلى رايونىدا ئادەم ناھايىتى ئاز قالغانىدى . نۇرغۇن يېزا ـ قىشلاقلار ۋەيران بولۇپ ، يەرلەرنى تېرىيدىغان ئادەم قالماي ، يەر ئىگە ـ چاقىسىز قالغانىدى .

ئۇلۇغ تارىخشۇناس موللا موسا سايرامى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ : « چىڭ سۇلالىسى ئىلىنى ئىگىلىگەن چاغدا 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى ھالاكەتكە گىرىپتار قىلغانىدى . نۇرغۇن ئادەم تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ ، ئىلى ئەتراپىدا ئادەملەر ئاز قالغانىدى . شۇڭا ، ئالتىشەھەردىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ ئىلىغا ئورۇنلاشتۇردى . ئۇلار ھەر قايسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەھەر ۋە كەنتلەردىن ئېلىپ كېلىنگەن تېرىقچىلار بولغاچقا، 《تارانچى》 دەپ ئاتالدى. بۇ ئادەملەرمۇ كۆپايە قىلماي، بېيجىڭ تەرەپتىن يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، بۇ جايغا ئورۇنلاشتۇردى.» ①

بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشتا تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى، بولۇپمۇ ئىلى ۋادىسى نۇقتا قىلىندى. چۈنكى، ئىلىدا يەر كۆپ، سۇ مول، تۇپرىقى مۇنبەت، ئاھالە ئاز، تۇرغۇزۇلغان ئەسكەر كۆپ، ئاشلىققا بولغان ئېھتىياج كۆچلۈك ئىدى.

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاقسۇدىكى ئامبىلى ئاگۇي بىلەن پىچان لۇكچۇنلۇك ئىمىن ۋاڭ ئىلىدىكى 40 مىڭ مانجۇ ئەسكىرىنى بېقىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئىلىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش توغرىسىدا خان ئوردىسىدىن يوليورۇق سورىدى. خان ئوردىسىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇيغۇرلارنى يۆتكەپ چىقىپ دېھقانچىلىق قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەربىيلەر، تۇغلۇقلار، خەنزۇ كۆچمەنلەر، سۈرگۈنلەرنىمۇ بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدا يارلىق كەلدى. يارلىققا بىنائەن ئىمىن ۋاڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇسانى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇيغۇرلارنى يۆتكەپ چىقىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. 1760 ـ يىلى ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچار ۋە سايراملاردىن 300 ئۆيلۈك، قارا شەھەر، كورلا قاتارلىق جايلاردىن 200 ئۆيلۈك بولۇپ جەمئىي 500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر كۆچۈرۈپ كېلىندى. ئىلگىرى چىققان 300 تۇتۇن بىلەن بۇلار قوشۇلۇپ جەمئىي 800 تۇتۇن قايىنۇق، غۇلجا ئەتراپى ۋە بايتوقايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا، بۇلارنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق قىلسا، بىر قىسمى شەھەر سېپىلى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىدى. كىشى بېشىغا بەش ئايلىقتىن زاپاس ئاشلىق بېرىلدى. ھەر بىر تۇتۇنگە 15 كۈرىدىن ئورۇقلۇق، بىردىن ساپان، بىردىن ئورغاق، ئىككى تۇتۇنگە بىردىن ئوتىغۇچ، ئون تۇتۇنگە بىردىن پالتا، بەش تۇتۇنگە بىردىن قازان، بىردىن ئىدىش، تېرىقچىلىققا لازىملىق ئۇلاغلار، يەم ـ خەشەك، دېھقانچىلىق سايمانلىرى بېرىلدى. ھەر بىر تۇتۇنگە ئۈچ ـ تۆتتىن چارۋا مال بېرىلدى. 1761 ـ يىلدىن باشلاپ ئۈچتۇرپان، يەركەن، خوتەن، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئارقا ـ ئارقىدىن

① «تارىخىي ھەمىدى». 140 ـ، 150 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇرلار يۆتكەپ كېلىندى . 1768 ــ يىلىغا بارغاندا 6383 تۈتۈنگە يەتتى . ئۇ-نىڭدىن باشقا غۇلجا رايونىدىن 323 تۈتۈن سەپەرۋەر قىلىندى . 1773 ــ يىلى 6000 ئۆيلۈك ئۇيغۇر توققۇز ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىدى . بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغۇچى دېھقانلارنىڭ تۈتۈن سانى يەرنىڭ چوڭ ــ كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنەتتى . قاينۇققا 600 تۈتۈن ، قاشقا 500 تۈتۈن ، بولوبورغوسقا 1100 تۈتۈن ، جىرغىلاڭغا 900 تۈتۈن ، تاشئۆستەڭگە 400 تۈتۈن ، ئارا ئۆستەڭگە 600 تۈتۈن ، بايتوقايغا 600 تۈتۈن ، خونخايغا 800 تۈتۈن ، دادامتۇغا 500 تۈتۈن ماكانلىشىپ ، تېرىقچىلىق قىلىشقا كىرىشتى . بۇلارنىڭ يەر مەيدانى 90 مىڭ 1 مودىن ئاشاتتى . يىلىغا ھەر بىر تۈتۈن 16 دادەندىن ئاشلىق تاپشۇرىدىغان بولۇپ ، ھەر يىلى جەمئىي 96 مىڭ دادەن ئاشلىق تاپشۇراتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىن يەنە 2000 ئۆيلۈك ئۇيغۇر كۆچۈرۈپ كېلىندى . بۇلار ئىلىقا ، توققۇزتارا قاتارلىق جايلارغا ماكانلىشىپ دېھقانچىلىق قىلدى . كۆچۈرۈلۈپ چىققان ئۇيغۇر دېھقانلىرى « تارانچى » ① دەپ ئاتالدى .

مانجۇلار كۆچۈرۈپ چىققان بۇ ئۇيغۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا باج ــ سېلىق ، ئالۋاڭ ــ ياساق ئېلىشتىكى قولايلىقنى كۆزدە تۇتۇپ ، ھەر 100 ئۆيلۈكنى بىر يېزا قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى . ئەينى چاغدا 100 ئۆيلۈك يېزىدىن 60 ي بار ئىدى . ناۋادا تېرىلغۇ يەر 100 ئۆيلۈككە يەتمىسە ، ئون ، يىگىرمە ، ئوتتۇز ، ئەللىك ئۆيلۈكنى بىر يېزا قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى . بۇلارغا يۈزبېشى ، ئەللىكبېشى دېگەنلەرنى بەلگىلەپ ، شۇ يېزا ، كەنت شۇ بەگلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى . ھازىرغىچە غۇلجا يېزىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان جېلىلىيۈزى ، مۇللاتوختىيۈزى دېگەن يەر ناملىرى شۇ چاغدىكى يۈزبېشىنىڭ نامى بىلەن قويۇلغان ناملاردۇر .

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ئىلىغا چىققاندىن كېيىن ، تاغ سۇلىرى ئېقىپ چىقىدىغان جىلغا ئېغىزلىرىغا ، تۈزلەڭلەردىكى بۇلاق ۋە سازلىق سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان ئېقىن بويلىرىغا جايلىشىپ ، شۇ يەرلەرنى ئېچىپ ، ئاشۇ سۇلاردىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى . ئىلى رايونى تەبىئىي شەرت ــ شارائىت جەھەتتە نۇرغۇن

---

① تارانچى ــــ بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ ، « دېھقان » دېگەنلىك بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈستۈنلۈكلەرگە ئىگە بولغاچقا، كېيىنچە ئۆزلۈكىدىن كۆچۈپ چىقىدىغان ئۇيغۇرلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ سانىمۇ ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى. دېمەك، ئاشلىققا بولغان ئېھتىياج كۈچەيدى. كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن تۈزلەڭلىكلەردىن يەرلەرنى ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

ئىلىدىكى ئاقئۆستەڭ قۇرۇلۇشى 1765 ـ يىلى باشلانغان. دەسلەپتە ئاقئۆستەڭنىڭ تۆۋەن ئېقىنى چېپىلىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ سۇلىرىغا تۇتاشتۇرۇلدى. كېيىنچە تەدرىجىي ئۇزارتىلىپ، 1825 ـ يىلى قاش دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىغا تۇتاشتۇرۇلدى. 1843 ـ يىلى قايتا رېمونت قىلىنىپ توسما ياسالدى. ئاقئۆستەڭنى كېڭەيتىش ۋە ئۇزارتىش ئىشلىرى كېيىنكى يىللاردىمۇ ئىشلەندى. ئاقئۆستەڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى توقاي كەنتىنىڭ يېنىدىن باشلىنىپ يېڭىھايات، ئۇيغۇر ئۈچئۇن يېزىسى، ئالتۇن، ھېدىلىيۈزى، ئونيارىيۈزى، توخوچىيۈزى، موللاتوختىيۈزى، كېپەكيۈزى بۇلاق، دادامتۇ، بايانداي، يېڭىيەر، چەيلەنزەلەردىن ئۆتۈپ كۈرەگە بارىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 90 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئازادلىق ھارپىسىدا، ئاقئۆستەڭنىڭ ئېقىن مىقدارى $40m^3/s$ ئىدى. ھازىرقى سۇغىرىش مەيدانى 1 مىليون 400 مىڭ مو كېلىدۇ.

1864 ـ يىلىغىچە يەنە «ئارا ئۆستەڭ»، «كونسۇل ئۆستەڭ»، «بايتوقاي ئۆستىڭى»، «شاغىلىق ئۆستىڭى» قاتارلىق 30 نەچچە ئۆستەڭ چېپىلدى، ھەتتا قازاقىستانىنىڭ يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى بىر قانچە ئۆستەڭلەرمۇ ئەنە شۇ مەزگىلدە چېپىلغانىدى. 1802 ـ يىلدىن 1808 ـ يىلغىچە، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا 100 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يەنە بىر ئۆستەڭ «چاپچال ئۆستىڭى» چېپىلدى. كەتمەن، گۈرجەك قاتارلىق قالاق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ئارقىلىق مۇنچىلىك كۆپ ۋە ئۇزۇن ئۆستەڭلەرنى پۈتتۈرۈشتە ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۆي ـ ماكانى، بالا ـ چاقىلىرىنى تاشلاپ، كېچە ـ كۈندۈز ئاي دالادا يېتىپ، كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاش دەرياسىنىڭ ئوكىلونى چوڭ، سۈنىڭ ئېقىش سۈرئىتى تېز، دەريادىن سۇ

باشلاش قۇرۇلۇشى شاخ ـ پاخاللاردىن ياسالغان ئاددىي قۇرۇلۇشلار بولغاچقا ، دەريادا سۇ ئاز ، سۇ ئورنى تۆۋەن ئىدى . ئەتىياز ۋە كۈز مەزگىللىرىدە ئۆستەڭگە سۇ باشلاش ئۈچۈن ، نۇرغۇن شال ـ پاخاللار بىلەن تۇرمەللەرنى ياساپ دەريانى توسۇشقا توغرا كېلەتتى . دەريا سۈيى كۆپەيگەن كەلكۈن مەزگىللىرىدە سۇ باشلاش قۇرۇلۇشلىرىنى سۇ بۇزۇپ كېتەتتى . ئۆستەڭنىڭ باش قىسمى 50 ~ 60 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك قاپتاللاردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا ، ئۆستەڭنىڭ شىمال تەرىپى ئېگىز ۋە تىك يار ، جەنۇب تەرىپى 50 ~ 60 مېتىر ئازگال ئىدى . شۇڭا ، كەلكۈن مەزگىللىرىدە ئۆستەڭدە يار ئېلىپ كېتىش ئەھۋاللىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى . بۇنداق چاغلاردا دېھقانلارنى هاشارغا زورلايتتى ، نۇرغۇن ئەمگەك ، شاخ ـ پاخاللار ئالۋاڭ سېلىناتتى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا سۇنى تىزگىنلەش قىيىن بولغان چاغلاردا ، ھەتتا سۇنى توختىتىش ئۈچۈن توختى ئىسىملىك كىشىلەرنى تۇرمەلگە ئوراپ دەرياغا تاشلىغان . يۈسۈپبېك مۇخلىسوفنىڭ « سادىر پالۋان » رومانىدا ، ئەينى يىللاردا توختى ئىسىملىك بىر دېھقاننى ئاقئۆستەڭنىڭ بېشىغا تۇرمەلگە ئوراپ تاشلىغانلىقى بايان قىلىنغان . ھەر قېتىم سۇ باغلاشتا بىرقانچە يۈز هارۋا شاخ ـ پاخال ، بىرقانچە مىڭ ئەمگەك كۈچى سەرپ بولاتتى . شاخ ـ پاخال يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۆۋەن ئېقىندىكى يېزىلاردىن ئۆستەڭ بېشىغا بېرىپ ـ كېلىشتە ئۈچ ـ تۆت كۈن ۋاقىت كېتەتتى .

ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ شۇ دەۋردىكى دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە دەرد ـ پىغانلىرىنى تۆۋەندىكى قوشاقلاردىن كۆرگىلى بولىدۇ .

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق ،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ .
زالىم تۇڭچىسى بەگلەر ،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ .

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر ،
دەسسىسەم لىغىلدايدۇ .
زالىملار چىقىپ كەلسە ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ .

ئۆستەڭ چاپقان خەلقنى ،
دارلاپ قامچىغا ئاستى .
چىدىيالماي قامچىغا ،
ئۆستەڭ ياقىلاپ قاچتى .

ئۆستەڭنى چېپىۋېتىپ ،
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى .
كەمبەغەل هاشا بىلەن ،
ئۆيدىن ئايرىلىپ كەتتى .

هاشا ئېلىش سىلىقتۇر ،
كۆندە ئالۋاڭ غوۋغىسى .
ئىشكىلەردىن كەتمەيدۇ ،
لالما ئىتتەك دورغىسى .

بۇ قوشاقلاردا ئىلى دېهقانلىرىنىڭ يۈرىكىدىكى مۇڭ ـ زارى بايان قىلىنغان . ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1864 ـ يىلىدىكى مانجۇ ئىستىبداتچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئازادلىق قوزغىلىڭى ئۈچ يىل داۋاملىشىپ ، 1867 ـ يىلى غەلبە قىلغان بولسىمۇ ، بىراق كۈرمىڭلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە كەلگەن بۇ ئىنقىلابنىڭ غەلبە مېۋىسى چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن 1871 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قولدىن كەتتى . ئۇلار ئىلىغا هۆكۈمرانلىق قىلغان ئون يىل ئىچىدە ئىلى خەلقىنى هەددى ـ هېسابسىز ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ پۇتۇنلەي هالدىن كەتكۈزدى . 1881 ـ يىلى « جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى شەرتنامىسى » ئىمزالىنىپ ئىلى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلدى . چارروسىيە ئەسكەرلىرى ئىلىدىن چېكىنىپ چىقىش ۋاقتىدا ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى روسىيىگە كۆچۈپ چىقىشقا مەجبۇرلىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە مانجۇ ئىستىبداتچىلىرىمۇ ئىلى خەلقىدىن ئۆچ ئېلىپ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغانلىقتىن ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك روسىيىگە كۆچۈشى باشلاندى . بۇ تارىختا « كۆچ ـ كۆچ » دەپ ئاتالدى . بۇ قېتىمقى كۆچۈش

1881 ـ يىلى كەچكۈزدە باشلانغان بولۇپ، 1883 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاماملاندى. بۇ قېتىمقى كۆچۈشتە، ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇ بولۇپ 10 مىڭ 899 ئائىلە (50 مىڭ 55 جان) يەتتەسۇغا كۆچۈپ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى يېزىلىرى ۋە غۇلجا شەھىرى ناھايىتى چۆلدەرەپ قالدى. 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن، بۇ ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرى موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ ئۆزىنىڭ تۇيغۇ ـ تەسىراتلىرىنى تۆۋەندىكى قوشاقلارغا يىغىنچاقلىغان:

كەتمەكنى ئىرادە ئەيلەپ،
كىمە ياسىدۇق قاشتا.
ئاق خان ① بىلەن قارا خان ②،
ئىتتىپاق ئىكەن باشتا.

ئالمۇتاغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى قىلمايدۇ،
كۆزى كۆك بېشى يۇڭلۇق.

قالدى مىڭ جاپا بىلەن،
قۇرغان باغۇبوستانلار.
يۇرت ـ مەلىدىن ئايرىلدۇق،
يۈرەكتە قالدى ئارمانلار.

ئۆز ئانا ماكانىدىن ئايرىلغان خەلق ئۆز ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىزھار قىلغان:

ۋەلى باينى باي دەيدۇ،
باي قىلسا خۇدا قىلغان.
ئاتمىش مىڭ تارانچىنى،
ئىلىدىن جۇدا قىلغان.

---

① ئاق خان ــ چاررۇسىيە پادىشاھى.
② قاراخان ــ چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلىدىن چىقىپ كېلىپ ،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق .
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلەردىن ،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق .

ئىستىبداتچىلارنىڭ قانلىق باستۇرۇشى ۋە قىرغىنچىلىقى جەبىر ، تىر پۇكمەس ئىلى خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى يوقىتالىغىنى يوق . ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۈرىشى تاكى 1944 ـ يىلى نويابىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ ، 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر توختاپ قالمىدى .

## ئىلى رايونىدىكى مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەر

**ئالمالىق قەدىمكى شەھىرى** 5 ـ ئەسىردە بىنا قىلىنغان « ئالمالىق » شەھىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئىلى رايونىنىڭ مەركىزى ئىدى .

يىپەك يولى ھازىرقى ئۈرۈمچى ـ ئىلى تاشيولىنى بويلاپ ئالمالىق شەھىرىگە كېلىپ ، ئاندىن غەربكە قاراپ داۋاملىشىپ ، ياۋروپاغا باراتتى . ئەينى ۋاقىتتا ئالمالىق يەنە مۇز داۋان ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ قەشقەر ، خوتەن ۋە ھىندىستانلارغا ، باي ، قىزىل مىڭئۆي ، كۈسەن ، بۈگۈر قەدىمىي شەھىرى ، كىرروران ۋە دۇنخۇاڭلار ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان يوللارنىڭ تۈگۈنى ئىدى .

ئالمالىق دەسلەپتە ئىلى رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ، 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە خارابىلىككە ئايلانغان .

**ئالمالىق شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى** « ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى » دا قەدىمىي شەھەر ئالمالىق كونا قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان ، ئۇنىڭ شىمالى كىگەن سايغا ، شەرقى توغلۇق تۆمۈرخان مازىرىغا ، غەربى قارا ئۈيغا تاقاشقان بولۇپ ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر ، يەر كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ ، دېيىلگەن .

**ئىلىبالىق شەھەر خارابىسى** بۇ تۇرپانىيۇزى كونىشەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىلىبالىق سۇي ( مىلادىيە 581 — 618 ـ يىللار ) ، تاڭ سۇلالىسى ( مىلادىيە 618 — 907 ـ يىللار ) دەۋرىدە ، « يىپەك يولى » دىكى مۇھىم بازار ئىدى . « قۇتادغۇبىلىك » تە ئىلىبالىق توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلار بار .

**تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى** شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ( 1352 ـ يىلى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ) 1363 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ جەسىتى ئالمالىق شەھىرى ئەتراپىغا دەپنە قىلىنىدى . ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرغىچە ساقلانماقتا . شىنجاڭ بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مۇھىم ئاسار ئەتىقىلەردىن بىرى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى قورغاس ناھىيە بازىرىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا ، چوڭ بازار مەھەللىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش شەكلى بويىچە ، ئۇ كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ ياسالغان . بۇ مازارنىڭ ئېگىزلىكى 19 مېتىر ، ئاستىنىڭ ئايلانمىسى 60 مېتىرچە كېلىدۇ . مازارنىڭ ئاستى تىك تۆت تەرەپلىك ، يۇقىرىسى ئېگىز مۇناردىن ئىبارەت . مازار قۇرۇلۇشىغا يېشىل رەڭلىك نەپىس كاھىشلار ئىشلىتىلگەن . تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى تۈسىنى ئالغان قۇرۇلۇش ، ئۇ تارىختىكى ئۇيغۇر مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ھېلىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا .

**سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى** سۇلتان ئۇۋەيسخان تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغولىستان خانلىقىنىڭ 5 ـ خانى . ئۇ مىلادىيە 1418 ـ 1428 ـ يىللىرى خان بولغان ، 1428 ـ يىلى جەڭدە ئۆلگەن . جەسىتى ئاۋرال تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بوربوسون غولىنىڭ بويىغا دەپنە قىلىنغان . سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرىنىڭ ئورنى تەخمىنەن 100 مو بولۇپ ، تاغ ۋە سۇ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ، تەبىئىي مەنزىرىسى بەك گۈزەل ① .

## غۇلجا شەھىرى

غۇلجا شەھىرى — ئىلى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان .

---

① « ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلى ، 1988 ـ يىل 6 ـ سان ، 82 ـ بەت .

ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81° 19′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 43° 55′ قا توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 640 مېتىر ئېگىز. هاۋاسى مۆتىدىل، تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول. هازىرقى غۇلجا شەھىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ھەرقايسى جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان گۈزەل باغۇبوستانلىق شەھەر.

غۇلجا ئىلگىرى «ئىلىبالىق» دەپ ئاتىلاتتى. «بالىق» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «شەھەر» دېگەن مەنىدە. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، يەنى جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، جوڭغارلارنىڭ باشلىقى قۇنتەيجى (سەۋان ئارابدان) نىڭ ئوردىسى تۇرۇشلۇق جاي بولغاندىن كېيىن، ئۇ غۇلجا دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. «غۇلجا» ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللار ئورتاق قوللىنىدىغان ئىسىم بولۇپ، «تاغ قوشقىرى» نىڭ خاس ئىسمىدۇر.

16 ـ ئەسىردىن كېيىن ئىلى رايونىنىڭ مەركىزى هازىرقى غۇلجا شەھىرى ئەتراپىغا يۆتكىلىپ، غۇلجا شەھىرى ئۈرۈمچى ـ ئىلى يولىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى موھىم شەھەر بولۇپ قالدى. 1762 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى هازىرقى غۇلجىغا مۇسۇلمانلار ئىشىنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە «ئىلى گۇڭ ـ بەگلىك مەھكىمىسى» تەسىس قىلدى. ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى مۇسانى ئىلىدىكى مۇسۇلمانلار ئىشىنى باشقۇرىدىغان گوڭ ۋە رەسمىي ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. گۇڭ ـ بەگلىك ئوردىسىنىڭ ئىختىيارىدا ھاكىمبەگ، شاغىبەگ، خەزىنىچىبەگ، شاڭبەگ (سودا بېگى)، قازىبەگ، باجگىربەگ، مىرابىبەگ، دۇكانبەگ، بوركبەگ، پاششاپبەگ قاتارلىق 36 بەگ بولۇشى بېكىتىلگەن. بۇ بەگلەرگە ئەمەلگە قاراپ ئىش ھەققى، يەر ۋە يانچى بەلگىلەپ بېرىلگەن. خانلىقتىن «بەگلەر پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان سېلىق ـ مەجبۇرىيەتلەردىن ئازاد قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەچكە، بەگلەر ھۆكۈمەتكە باج ـ سېلىق تاپشۇرمايتتى.

غۇلجا شەھىرىنىڭ سېپىلى 1760 ـ يىلىدىن باشلاپ سوقۇلغان. سېپىل ئىچىگە گۇڭ ـ بەگلىك ئوردىسى ۋە ئۆي ـ ئىمارەتلەر سېلىنىشقا باشلىغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەھەر ئاستا ـ ئاستا كېڭەيگەن. شەھەر سېپىلىنىڭ شەرق تەرىپى هازىرقى «قىزىلبايراق» ماگىزىنىدىن ئوبلاستلىق بانكىغىچە،

غەرب تەرىپى ئوبلاستلىق بانكىنىڭ ئالدىدىن هازىرقى « ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتى » ئالدىغىچە، جەنۇب تەرىپى « ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتى » ئالدىدىن « ئوت يۇلتۇز » كارخانىسى ئالدىغىچە ئىدى. سېپىل ئۇزۇنلۇقى تۆت يېرىم يول كېلەتتى. سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت دەرۋازا بولۇپ، شەرق تەرەپتىكىسى يېزا دېھقانلىرى چۈشىدىغان دەڭلەردە جايلاشقان يەردە بولغانلىقتىن « دەڭ دەرۋازا »، شىمال تەرەپتىكىسى دولان دەرەخلىرى كۆپ ئۆسكەن يەرگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن « دولان دەرۋازا »، غەرب تەرەپتىكىسى كۆرە تەرەپتە بولغانلىقى ئۈچۈن « كۆرە دەرۋازا »، جەنۇب تەرەپتىكىسى ئاھالىلەر ئىچىدىغان سۇ بار تەرەپتە بولغانلىقى ئۈچۈن « سۇ دەرۋازا » دەپ ئاتالغان.

غۇلجا شەھىرىگە ئۆي ـ جاي سېلىشتا، ئالدى بىلەن تۆت دەرۋازىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان توغرا يوللار ئېلىنىپ، ئاندىن يان كوچىلار ئېلىنغان. شەھەرنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا ئەگىشىپ يېڭى ـ يېڭى كوچىلار پەيدا بولدى. مەسىلەن، « موللا روزى ئەلەم » كوچىسى، « هېيتگاھ » كوچىسى، « مەمەتيار يۈزبېگى » كوچىسى، « ئىسهاق خەزىنىچىبەگ » كوچىسى، « سۇلايمان باجگىربەگ » كوچىسى، « موسا مىرابېگى » كوچىسى، « زۇلتيارىبەگ » كوچىسى ۋە « ئابدۇرۇسۇلباي » كوچىسى قاتارلىق كوچىلار پەيدا بولدى.

مۇسا گۇڭ 1766 ـ يىلى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىتى تۇرپانغا ئېلىپ بېرىلىپ ئاستانە قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنىغا موساگۇڭنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى ئورانزىپ ئىلىنىڭ هاكىمبېگى بولدى. موساگۇڭ ۋاقتىدا « هېكىم ئۆستەڭ »، « هېكىم ساڭ »، « شاغلىق ئۆستەڭ » لەر ياسالدى. 1775 ـ يىلى هازىرقى « دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي دوقمۇشىغا زىندان مەھكىمىسى ۋە يەر ئاستى زىندانلار سېلىندى. بۇنىڭ بىلەن بۇ كوچا « زىندان كوچىسى » دەپ ئاتالدى. هېيىت ـ ئايەملەردە گۇڭ ـ بەگلىك ئوردىسىدا ناغرا چالىدىغانغا 20 ئۆيلۈك ناغرىچى هازىرقى ناغرىچى مەھەللىسىنىڭ ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ جاي « ناغرىچى مەھەللىسى » دەپ ئاتالدى. ئەينى يىللاردا يەنە « كەسكەن يار مەھەللىسى » ۋە « بېدەخانا كوچىسى » قاتارلىق جايلار پەيدا بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1800 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلىغا نەمەنگان، مەرغۇلان، ئەنجانلاردىن تىجارەتچىلەر كېلىشكە باشلىدى. بۇلار ھازىرقى «ئۆزبېك مەھەللىسى» ۋە ھەرەمباغ گازارمىسىغا بارىدىغان دۆڭلۈك ئاستىدىكى ئورۇنلارغا ماكانلاشتى. بۇ ئىككى مەھەللە «ئەنجان مەھەللىسى» دەپ ئاتالدى.

ئورانزىپ گۆك 1805 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئاكىسى موسا گۆكنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى مەلىكزات ھاكىمبەگ بولدى.

مەلىكزات ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سازلىقتىن بىر ئۆستەڭ ئېلىپ، دۆڭ مەھەللىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەھەللىلەرنى قۇرۇشقا باشلىدى. بۇ سۇنىڭ غەربىدىكى «كونا چىلپەڭزە» ئالدىدىكى يەرلەرگە يېشىل تۇغلۇق قوشۇن ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ تېرىلغۇ مەيدانلىرى «خەنبىڭ» دەپ ئاتالدى. شەھەر بىلەن خەنبىڭ ئارىلىقىغا بىر كۆۋرۈك سېلىندى. بۇ كۆۋرۈك ھازىرغىچە «باش كۆۋرۈك» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

مەلىكزات 1816 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىتىمۇ تۇرپانغا ئاپىرىپ دادىسى ئورانزىپ گۆكنىڭ يېنىغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى ئوغلى خوشنىزات ھاكىمبەگ بولدى.

خوشنىزات دەۋرىدە ئىلگىرىكى «يۈزبېگى كوچىسى» «خانىقا كوچىسى» غا ئۆزگەرتىلدى. «تېرەك مازار مەھەللىسى» ۋە «ئەلا باي مەھەللىسى» قاتارلىق كوچا ۋە مەھەللىلەر پەيدا بولدى.

خوشنىزات 1818 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە شەھەرنىڭ شىمالىدىكى تاللىق يېنىدىكى دۆڭگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى خالزاتخان ھاكىمبەگ بولدى.

خالزاتخان ئوردا قۇرۇلۇشى ۋە خۇسۇسىي ھەشەمەتلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ تۇرپان، قۇمۇللاردىن ئۇستىلارنى ئەكەلدۈرۈپ، دادىسى خوشنىزات گۆكنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ھەشەمەتلىك گۈمبەز تۇرغۇزدى. بۇ گۈمبەزدە دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، يەركەندىن 40 ئۆيلۈك دەرۋىشنى كۆچۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارغا گۈمبەز ئەتراپىدىن ئۆي ـ جايلىق يەر بەردى. گۈمبەز ئورنى «ئالتۇنلۇق»، دەرۋىشلەر ئورۇنلاشقان جاي

« سوپىم مەھەللىسى » دەپ ئاتالدى . ئەينى يىللاردا يەنە « چىلەك شاگىو مەھەللىسى » ۋە « نوغاي مەھەللىسى » قاتارلىق مەھەللىلەر بەرپا قىلىندى .
خالزاتخان 1855 ـ يىلى ۋاپات بولدى . ئۇنىڭ جەسىتى خەلپەم بوز-رۇكۋارغا قويۇلدى . خالزاتخاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى مەزمەزات ھاكىمبەگ بولدى . بۇ دەۋردە « قازانچى مەھەللىسى » ۋە « شامچى مەھەللىسى » بەرپا قىلىندى . 1864 ـ يىلى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى مەزمەزاتنى « ئۆستۈرمە سېلىقنى تولۇق يىغىپ بەرمىدىڭ » دېگەن باھانە بىلەن زىندانغا تاشلاپ ، ئۇ-نىڭ ئورنىغا ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگنى ۋاقىتلىق ھاكىمبەگ قىلدى . شۇ يىلى سادىر پالۋان قاتارلىق خەلق قەھرىمانلىرى باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ ، ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلدى . ئەلاخان پالۋان سۇلتانلىققا قويۇلدى . ئەلاخان سۇلتانلىققا ئولتۇرغان ۋاقىتتا ، شەھەر سېپىلىنىڭ چالا قالغان ( تېرەك مازاردىن سۇ دەرۋازىغىچە بولغان ) قىسمىنى ياساتقۇزۇپ پۈتتۈردى .
1871 — يىلدىن 1883 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ، ئىلى رايونى چاررۇسىيە ئىشغالىيىتىدە بولدى . بۇ دەۋردە « ھەرەمباغ گازارمىسى » ، « سايبويى گازارمىسى » ۋە « تەشلەپكى » كوچىلىرى بەرپا قىلىندى .
1883 ـ يىلى مەزمەزاتنىڭ ئوغلى ئىلياسخان ( بوۋاق خوجام ) دادىسىنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولدى . بۇ چاغدا ئۇ 30 ياشتا ئىدى .
1888 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ، ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايىتى تە-سىس قىلىنىپ ، غۇلجىغا ئورۇنلاشتى . مۇسا گۆڭ سالدۇرغان كونا ئوردا مەھەللىسى ، « دوتەي يامۇل كوچىسى » ، كەسكەنيار مەھەللىسى « ئوردا مە-ھەللىسى » دەپ ئاتالدىغان بولدى . ئىلى ئامبال مەھكىمىسى ، جىڭ ۋە تارباغاتايلار ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى .
بوۋاق ھېكىم 1892 ـ يىلى 39 يېشىدا ۋاپات بولدى ۋە ئالتۇنلۇقتىكى ئەجدادلىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى . ئۇنىڭ ئورنىغا يالغۇز قىزى نۇرنىسا خېنىم « ھېكىم ئاغىچا » بولدى . ئەمەلىي ئىشلارنى ئۇنىڭ ئېرى غىياسىددىن باشقۇراتتى . شۇڭا ، خەلق ئۇنى « ھاكىمبەگ خوجام » دەپ ئاتايتتى .
1900 ـ يىللىرى ھازىرقى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ئوبلاستلىق پارتكوم ئورۇنلاشقان كوچىلارغا مۇسابايوف ، ياقۇپئاخۇن ياپون ، مېھراباي قاتارلىق كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن ، بۇ يەردە پەيدا بولغان كوچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالدى . 1905 ـ يىلى خۇيزۇلاردىن ۋاڭ قادىر ھا-
زىرقى شەھەرلىك كىتابخانا ئورنىغا جاي سالدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ كوچا
« ۋاڭ قادىر كوچىسى » دەپ نام ئالدى . شۇ يىلى يەنە ئابدۇل مۇتەئالى
خەلپەم تاقىچى مەھەللىسىنىڭ ئارقىسىدىكى سۇ بويىغا جاي سالدى . بۇ مە-
ھەللە « مۇتەئالى خەلپەم كوچىسى » دەپ ئاتالدى . 1909 ـ يىلى مۇسابايوفلار
گېرمانىيىدىن خۇرۇم ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ ، شەھەرنىڭ
غەرب تەرىپىدىكى بوشلۇقتا زاۋۇت قۇردى . بۇ زاۋۇت « ھۈسەنباي
زاۋۇتى » دەپ ئاتالدى . 1918 ـ يىلى « ئىسمايىل ئاخۇنۇم مەھەللىسى » ،
1919 ـ يىلى « ئىسكەندەر ئاخۇنۇم مەھەللىسى » ، 1920 ـ يىلى « تاجىباي
مەھەللىسى » ، « ياقۇپ دوكا مەھەللىسى » ، « غېنى هارۋىكەش مەھەل-
لىسى » ، « ئەختەم موللام مەھەللىسى » ، « زاهىت هاجىم مەھەللىسى » ۋە
« نوۋگورت مەھەللىسى » بەرپا قىلىندى .

1924 ـ يىلدىن 1935 ـ يىلغىچە « ھۈسەين بەگ كوچىسى » ،
« تۆپچى مەھەللىسى » ، « دۆلەتباغ مەھەللىسى » ، « جىگدىلىك
مەھەللىسى » ، « كۆنچى مەھەللىسى » ، « پۇشايمان مەھەللىسى » ، « ئاي-
دىڭ مەھەللىسى » ، « تۆت دۇكان » ، « ئۈچ دۇكان » ، « خوتەن
كوچىسى » ، « ئاغۇ مەھەللىسى » ، « نامەتمەن مەھەللىسى » ، « سۆسەر هاجى
مەھەللىسى » ، « چەمچى ئاخۇن مەھەللىسى » ، « بەشكېرەم مەھەللىسى » ،
«مويكا مەھەللىسى » ، « قارۋاي مەھەللىسى » ، « هاجى بولۇس مەھەللىسى » ،
« شىبە كوچىسى » قاتارلىق مەھەللىلەر پەيدا بولدى .

1935 ـ يىلى « قەلەندەر مەھەللىسى » ، « ئاقسۇ مەھەللىسى » ، « خو-
تەن مەھەللىسى » پەيدا بولدى .

1937 ـ يىللىرى « ھەرەمباغ » كوچىسى ، « ئالتە شوئار مەھەللىسى » ،
« شەرق مەھەللە » لىرى پەيدا بولدى .

1940 ـ يىلى « مىرزا داموللام مەھەللىسى » ، 1941 ـ يىلى « يېڭى هايات
مەھەللىسى » ، 1942 ـ يىلى « ئابدۇللا قازى هاجى مەھەللىسى » پەيدا بولدى .

جۇڭخۇا مىنگو يىللىرىغا كەلگەندە ، « ئىلى ئامبال مەھكىمىسى »
« ئىلى مەمۇرىي رايونى » غا ئۆزگەرتىلدى . ئىلى مەمۇرىي رايونى قارىمىقىدا
غۇلجا ، سۈيدۈڭ ، بورتالا ، جىڭ ، كۈنەس ، قورغاس قاتارلىق ناھىيىلەر ۋە

تېكەس باشقۇرۇش ئىدارىسى بار ئىدى. كېيىن ئىلى باشقۇرۇش رايونى ئىلى ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى قارىمىقىدا غۇلجا، گوڭخا ①، كۈنەس، توققۇزتارا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، نىلقى ②، قورغاس، سۈيدۈڭ، بورتالا، ئارىشاڭ ۋە جىڭ قاتارلىق 12 ناھىيە بار ئىدى. 1952 ــ يىلى غۇلجا شەھىرى ئىلى ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلدى.

1954 ــ يىلى بورتالا، ئارىشاڭ ۋە جىڭ ئۈچ ناھىيە ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى قارىمىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بولۇپ قۇرۇلدى. شۇ يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى. ئوبلاست غۇلجا شەھىرىگە جايلاشتى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى. 1956 ــ يىلى ئىلى ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىلگىرى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق توققۇز ناھىيە ۋە بىر شەھەر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاستە قارايدىغان بولدى. 1966 ــ يىلى سۈيدۈڭ ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1975 ــ يىلى كۈيتۈن شەھىرى قۇرۇلدى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى غۇلجىدىن كۈيتۈنگە كۆچۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى ۋىلايىتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا سەككىز ناھىيە، بىر شەھەر بولدى. 1979 ــ يىلى ئىلى ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سەككىز ناھىيە، بىر شەھەر يەنىلا بىۋاستە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى.

1984 ــ يىلى ئىلى ۋىلايىتى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇ يەنىلا سەككىز ناھىيە، بىر شەھەرنى باشقۇرىدىغان بولدى.

1952 ــ يىلى غۇلجا شەھىرى قۇرۇلدى. غۇلجا ناھىيىسى 1955 ــ يىلى جىلىلىيۈزىگە كۆچۈرۈلدى. غۇلجا شەھىرى يېڭى قۇرۇلغاندا بەش رايون، ئىككى يېزا، 43 كوچا بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئادەم سانى 43 مىڭ 225 ئىدى. 1958 ــ يىلى بەش رايون ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ بەش خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1971 ــ يىلى شەھەر ئىچىدىكى بىر گۇڭشې شەھەر رايونىغا

---

① جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە گوڭخا ناھىيىسى دېيىلىپ، 1953 ــ يىلى نىلقا ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1954 ــ يىلى خەنزۇچە خېتىدە ئۆزگىرىش بولغان.

② جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە نىلقى ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، 1954 ــ يىلى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن.

ئۆزگەرتىلدى . 1974 ـ يىلى شەھەر رايونى يەنە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى رايونغا بۆلۈندى . 1975 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بايانداي گوڭشېسى شەھەرگە قوشۇۋېتىلىپ ، شەھەر ئەتراپى رايونى كېڭەيتىلدى .

ھازىرغىچە غۇلجا شەھىرىدە ئىككى بازار باشقۇرۇش باشقارمىسى ۋە خەنبىنىڭ ، تاشكۆۋرۈك ، توغراق ، قارىدۆڭ ، كېپەكيۈزى ، بايانداي ، يېڭىيەر قاتارلىق يەتتە يېزا بار . 1982 ـ يىلدىكى سانلىق مەلۇمات بويىچە ، غۇلجا شەھىرىدە 48 مىڭ 156 ئائىلە ، 225 مىڭ 24 نوپۇس بار ئىدى . 1983 ـ يىل 4 ـ ئايدىكى سانلىق مەلۇمات بويىچە ، غۇلجا ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇرلار 470 مىڭدىن ئوشۇق ئىدى . بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىلى ۋىلايىتىگە ، جۈملىدىن ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق غۇلجا شەھىرى ۋە غۇلجا ، قورغاس ناھىيىلىرىگە مەركەزلىك ئورۇنلاشقان . غۇلجا شەھىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 115 مىڭ 652 بولۇپ ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ 51.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ .

ھازىرقى غۇلجا شەھىرى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ ، ئۇ غۇلجىدىن ئۈرۈمچى ، ئالتاي ، چۆچەكلەرگە ، قورغاس ئارقىلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە غەرب ئەللىرىگە ، قەدىمىي مۇزئارت داۋىنى ئارقىلىق تەكرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا بارىدىغان يوللارنىڭ تۈگۈنى . 80 ـ يىللاردا يەنە قەدىمىي تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق كۇچارغا بارىدىغان كارۋان يولىنى بويلاپ تاشيول ياسىلىپ قاتناش باشلاندى . ئۇنىڭدىن باشقا ئىلى دەرياسىنىڭ سۇ قاتنىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە . 1950 ـ يىللاردا ئىلى دەرياسىدا بىرقانچە يىل چەت ئەل سودا پاراخوتلىرى قاتنىغانىدى . يەنە ھاۋا قاتنىشىمۇ تەرەققىي قىلغان .

## غۇلجا ناھىيىسى

غۇلجا ناھىيىسى ئىلگىرى نىڭيۈەن ناھىيىسى دەپ ئاتىلاتتى ، ئۇ 1888 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان . غۇلجا شەھىرىمۇ شۇ يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، 22 مىڭ 937 نوپۇس بار ئىدى ، ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايىتى باشقۇراتتى . دەسلەپتە نىڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، ئۇ غۇلجا ، بايانداي ، شىچۈن ( قارا بۇلاق ) قاتارلىق ئىلىدىكى توققۇز قەلئەنىڭ شەرقىي ئۈچ قەلئەسىنى باشقۇرغاندىن تاشقىرى ، يەنە بۈگۈنكى نىلقا ، كۈنەس ، تېكەس ، موڭغۇلكۈرە ۋە چاپچال قاتارلىق ئالتە ناھىيە دائىرىسىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقۇراتتى . جۇڭخۇا مىنگو يىللىرىغا كەلگەندە ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتە ناھىيە نىڭيۈەن ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ، ئايرىم ناھىيە بولدى . ئەينى ۋاقىتتىكى نىڭيۈەن ( غۇلجا ناھىيىسى ) دە 57 كەنت بار ئىدى .

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2 ـ يىلى ( 1913 ـ يىلى ) نىڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ نامى غۇلجا ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى .

1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1 ـ قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ، غۇلجا ناھىيىسىنى غۇلجا شەھىرىدىن ئايرىپ جىلىلىيۈزىگە يۆتكىدى .

1982 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، غۇلجا ناھىيىسىدە 56 مىڭ 925 ئائىلە ، 288 مىڭ 548 ئادەم بولۇپ ، ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، خۇيزۇ ، قازاق ، مانجۇ ، ئۆزبېك ، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلاتتى . 1986 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە ، غۇلجا ناھىيىسىدە 18 يېزا ، ئىككى بازار بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسى 305 مىڭ 800 ئىدى .

غۇلجا ناھىيىسى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان . ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى ئىلى دەرياسىغا ، شىمال تەرىپى كۆك قىرچىن تېغىغا ، شەرقىي شىمال تەرىپى ئاۋرال تېغىغا تۇتىشىدۇ . يېرىنىڭ شىمالىي قىسمى ئېگىز ، جەنۇبىي قىسمى پەس ، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ .

ناھىيە تەۋەسىدە قاش دەرياسى ، ئىلى دەرياسى ، بوربوسون دەرياسى ، جىرغىلاڭ ئېقىنى قاتارلىق 12 دەريا ـ ئېقىن بار . ئاساسەن دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ . تېرىلغۇ يەرلەردىن باشقا ، يەنە 280 مىڭ 267 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق ، 4000 گېكتار تاغ ئورمىنى ، 82 مىڭ 300 گېكتار قايتا كۆكلەنگەن جىلغا ـ ساي ئورمىنى ، 11 مىڭ 300 گېكتار تۇزلەڭلىك سۈنئىي ئورمان ، 200 گېكتار تەبىئىي ياۋا ئالمىلىق بار . يەنە كۆمۈر ، تۆمۈر ، ئالتۇن ، ھاكتېشى ، گەج ، چىرىمتال ، كۋارتس قاتارلىق كان بايلىقلىرى ، ھىڭ ، سوغىگۈل ، قانتېپەر ، بوغا مۈڭگۈزى قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى ، سۇر بوغا ، تۈلكە ، سۇغۇر قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار . ئۇنىڭدىن باشقا ئىلبالىق شەھىرىنىڭ خارابىسى ، سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىقلار بار .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# §2 . ئىلى دەرياسى ۋە بالقاش كۆلى

ئىلى دەرياسى ئاسىيادىكى مەشھۇر دەريالارنىڭ بىرى . بۇ دەريا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ بۇلۇتقا تاقاشقان ئېگىز چوققىلىرىدىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىپ ، قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدىكى قىلىن قارىغايلىق جىلغىلار ۋە رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركەنگەن گۈزەل يايلاقلاردىكى سانسىزلىغان كىچىك ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مەشھۇر ئەزىم دەريادۇر . تېكەس دەرياسى ، كۈنەس دەرياسى ۋە قاش دەرياسى ياماتۇدا قوشۇلۇپ ، ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ .

تېكەس دەرياسى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدىن باشلىنىپ ، موڭغۇلكۈرەدىكى قۇم ئۇيناقنىڭ 6 كىلومېتىر غەربىدە جۇڭگو چېگرىسىغا كىرىپ ، ئۇ يەردىن قازاقىستان ـ جۇڭگو چېگرىسىنى بويلاپ ئېقىپ ، سۈمبە چازىغا كەلگەندە چېگرا لىنىيىسىدىن ئايرىلىپ ، موڭغۇلكۈرە تەۋەسىگە كىرىپ قاراكۆل ، قوتۇرقاي ، ئاقدالا ، چاتمابىل ، ئاقتام ، مىڭبۇلاق ، تېكەس ، مەدىيەن ، ئاقگۈمبەز ، قارادالا ، قارىتوقاي ، كىچىك جىرغىلاڭ ، قىزىل تاللاردىن ئۆتۈپ كۈنەس دەرياسىغا قوشۇلۇپ ، ئاندىن گۆر جىلغىدىن ئۆتۈپ ياماتۇغا كېلىپ ، قاش دەرياسىغا قوشۇلۇپ ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ . تېكەس دەرياسى جۇڭگو تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇزئارت دەرياسى ، ئاقنىياز دەرياسى ، قاساڭ دەرياسى ، مويۇنتاي دەرياسى ، كىچىك جىرغىلاڭ دەرياسى ، چوڭ جىرغىلاڭ دەرياسى ، كۆكسۇ دەرياسى قاتارلىق دەريالار ۋە بىر مۇنچىلغان ئېقىنلار قوشۇلىدۇ . تېكەس دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ ، يىللىق سۇ مىقدارى 8 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر .

كۈنەس دەرياسى يۇلتۇز تاغلىرى بىلەن ئالتاي تاغلىرىدىن باشلىنىپ نارات ، ئارالتۆپە ، قىلى ، قاراسۇلاردىن ئۆتۈپ تېكەس دەرياسىغا قوشۇلىدۇ . كۈنەس دەرياسىغا قونجالىق ، چاقپى دەريالىرى ۋە بىرمۇنچە ئۇششاق ئېقىنلار قوشۇلىدۇ . كۈنەس دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 195 كىلومېتىر ، يىللىق سۇ مىقدارى 2 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر .

قاش دەرياسى ئاۋرال ، ئارشاڭ ، ئىرەن قابىرغا ۋە بولخنۇر تاغلىرىد-

دىكى ئالاستاي ، كوركى ، سايقىندولى ، سارقىلتى ، تورگونچاغان ، زىكوي ،
تېمىرلىك ، بارغايتى ، ئۇلاستاي ، سۇپتاي ، بوربوس دەريالىرىنىڭ ۋە بىر
مۇنچىلىغان ئۇششاق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ . ئۇ
ئاراسوندىن باشلىنىپ ئىسبوغى ، شاتبۇلاق ، يۇقىرى ئۇلاستاي ، خوجى تاي ،
نىلقا ، تۆۋەن ئۇلاستاي ، توقايلاردىن ئۆتۈپ ، ياماتۇغا كېلىپ ئىلى دەرياسىغا
قوشۇلىدۇ . قاش دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 290 كىلومېتىر ، يىللىق سۇ مىقدارى
4 مىليارد كۇب مېتىر .
بۇ ئۈچ دەريانىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئىلى دەرياسى غۇلجا ،
چاپچال ۋە قورغاس ناھىيىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، ھازىرقى قازاقىستان تەۋە-
سىگە كىرىپ ، ئالمۇتانىڭ شىمالى ئارقىلىق بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭ
ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر ، ياماتۇدىن ھازىرقى جۇڭگو ـ قازاقىستان
چېگرىسىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 135 كىلومېتىر ، يىللىق سۇ مىقدارى 13
مىليارد كۇب مېتىر .
تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، ئىلى دەرياسىنىڭ ئورنى شىمالغا
سۈرۈلۈپ تۇرغان . 1765 ـ يىلىدىن 1820 ـ يىلىغىچە بولغان 55 يىل
ئىچىدە ، ئىلى دەرياسى شىمالغا 500 ～ 1000 مېتىر سۈرۈلگەن . 1820 ـ
يىلىدىن 1860 ـ يىلىغىچە بولغان 40 يىلدا 800 مېتىر شىمالغا سۈرۈلگەن .
يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18 مېتىر ئەترا-
پىدا شىمالغا سۈرۈلگەن . 1952 ـ يىلىغا كەلگەندە ، كۈرە قەلئەسىنىڭ تۆتتىن
بىر قىسمىنى ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى ئېقىتىپ بولغان . 1976 ـ يىلدىن 1979 ـ
يىلغىچە بايانداي ئەتراپىدا ئىلى دەرياسى شىمالغا قاراپ 330 مېتىر سۈرۈلگەن .
1970 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ، قاش دەرياسىغا زامانىۋى سۇ ئىنشائات-
لىرى ياسىلىپ ، ئاقئۆستەڭ ، ئارا ئۆستەڭلەرنىڭ تورلىرى بىرلەشتۈرۈلدى ،
شۇنىڭدىن باشلاپ دېھقانلار ھاشاردىن قۇتۇلدى .
ئىلگىرى ئىلى دەرياسىدا كۆۋرۈك يوق ئىدى . ئايدۆڭ ، قاراتام
( تالدى ) ، ياماتۇلاردا زەنجىر ئارغامچىغا ئىلىنغان ياغاچ كېمە بار ئىدى . ئاپ-
تومobil ، ھارۋا ، ئات ـ ئۇلاغ ۋە پىيادىلەر مۇشۇ كېمە ئارقىلىق ئۇ قاشتىن بۇ
قاشقا ئۆتەتتى . 1970 ـ يىللىرى ئايدۆڭدىكى غۇلجا ـ چاپچال كۆۋرۈكى ،
1980 ـ يىللىرى ياماتۇ كۆۋرۈكى ياسىلىپ قاتنىشى باشلاندى .

www.uyghurkitap.com

ئىلى دەرياسىنىڭ سۇ قاتنىشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. گەرچە ئىلى دەرياسىنىڭ سۇ قاتناش تارىخى توغرۇلۇق يازما ماتېرىياللار بولمىسىمۇ، ئەمما ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا سالچىلىق بىلەن جان بېقىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر سالچىلار ئارىسىدىكى چۆچەك تەرىقىسىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ۋەقەلىكلەردىن قارىغاندا، بۇ دەريانىڭ سالچىلىق تارىخى بەش ئەسىردىن كەم ئەمەس. سالچىلار 50 ~ 60 كېمىنى چېتىپ سال قىلىپ، ئۈستىگە ئات، كالا، قوي قاتارلىق ماللارنى ۋە تۈرلۈك چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېلىپ، دەريا ئارقىلىق ھەيدەپ غۇلجىغا كېلەتتى. 1950 ـ يىللىرى ئىلى دەرياسىدا چەت ئەل پاراخوتلىرىمۇ بىر قانچە يىل قاتنىغان.

**بالقاش كۆلى** بالقاش كۆلى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. كۆلنىڭ سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 340 مېتىر ئېگىز، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 600 كىلومېتىر، كەڭلىكى ئوخشاش ئەمەس، ئەڭ كەڭ جايى 74 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلنىڭ سۇ يۈزى 18 ـ 19 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ سۇ ئورنىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سارمۇسىك يېرىم ئارىلى كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن شىمالىي قىرغىقىچە سوزۇلغان بولۇپ، كۆل يۈزىنى ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇرىدۇ. غەربىي يېرىم قىسمى كەڭ ۋە تېيىز، شەرقىي يېرىم قىسمى تار ۋە چوڭقۇر، غەربىي كۆلنىڭ كەڭلىكى 10 ~ 20 كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 25 مېتىر. ئىلى دەرياسى جەنۇب تەرەپتىن كۆلنىڭ غەربىي يېرىم قىسمىغا قۇيۇلىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى كۆلگە قۇيۇلىدىغان ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 75 ~ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۇ كۆلگە قارا تار دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئاياگۇز دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ سۈيىمۇ قۇيۇلىدۇ. غەربىي يېرىم قىسمىغا كىرىدىغان سۇ كۆپ بولغاچقا، سۈيى يىل بويى غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ تۇرىدۇ. غەربىي يېرىم قىسمىنىڭ سۈيى سۈزۈك، شەرقىي يېرىم قىسمىنىڭ سۈيىدە تۇز تەركىبى يۇقىرىراق. ئىككى كۆلنى تار بىر سۇ يولى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقى بالقاش كۆلى ئويمانلىقى بىلەن ئارال كۆلى ئويمانلىقىنىڭ تۇتاشقان جايى، شىمالىي قىرغىقى تاغ جىنسىدىن ھاسىل بولغان ئېگىزلىك، جەنۇبىي قىرغىقى قۇملۇق ئويمان جاي بولۇپ، قومۇشلۇق. بالقاش كۆلى رايونى چوڭ

قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا كىرىدۇ .

1930 — 1967 ـ يىللىرىدىكى مەلۇمات بويىچە ، غەربىي قىسمىنىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ℃ 7 ، شەرقىي قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ℃ 4 . 6 ـ ئايدا غەربىي قىسمىنىڭ تېمپېراتورىسى ℃ 27 ، شەرقىي قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ℃ 22 ، 1 ـ ئايدا غەربىي قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ℃ 18 ، شەرقىي قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن ℃ 25 بولىدۇ . ئوتتۇرىچە سۇ تېمپېراتۇرىسى ℃ 9 ~ ℃10 ئارىلىقىدا بولىدۇ . يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 430 مىللىمېتىر . كۆل سۈيى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى توڭلايدۇ ، كېلەركى يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئېرىشكە باشلايدۇ . كۆل رايونىنىڭ يەر قاتلىمى كاربونات تۇزى تەركىبى يۇقىرى بولغان چۆكمە جىنسلاردىن ھاسىل بولغان . كۆل رايونىدا ھايۋانات كۆپ ، بولۇپمۇ قومۇشلۇق ئارىسىدا ياۋا غاز ، ياۋا ئۆردەكلەر ناھايىتى كۆپ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاققۇ ، ساقاقۇش ، قىرغاۋۇل ۋە ئورمان كەكلىكلىرىمۇ كۆپ . ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا توشقان ، ياۋا توڭگۇز ، بۆرە ، تۈلكە قاتارلىقلار بار . كۆلدە 30 ـ يىللاردىن بۇيان بېلىق بېقىلىۋاتىدۇ . بېلىقچىلىق تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، 20 نەچچە خىل بېلىق يېتىشتۈرۈلىدۇ ، يەنە پاراخوت قاتنايدۇ . بالقاش كۆلى رايونىدىن پويىز ئارقىلىق ئالمۇتا ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەرگە بارغىلى بولىدۇ . 1970 ـ يىلى ئىلى دەرياسىنى توسۇپ ، قاپچاغاي سۇ ئامبىرى ياسىلىپ ، ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ ، سۇ ئامبىرىغا سۇ قاچىلانغاندىن بۇيان ، بالقاش كۆلىنىڭ گىدرولوگىيىلىك ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولماقتا .

## §3 . قەدىمكى ئىلى ـ ئۈرۈمچى يولى

قەدىمكى ئىلى ـ ئۈرۈمچى يولى 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە . مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە ئېچىلغان قاشقوۋۇق ، قومۇل ، تۇرپان ، ئۈيسۇن ، سەمەرقەند ئارقىلىق ئىرانغا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىگە بارىدىغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي قىسمىمۇ موشۇ يولنى ئاساس قىلغان . ھازىرقى ئىلى ـ ئۈرۈمچى تاشيولى ئەنە مۇشۇ قەدىمىي يول لىنىيىسىنى بويلاپ ياسالغان . بۇ يول ئەينى ۋاقىتتا ، رايونىمىزنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەم غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئۆز ئارا سودا ۋە مەدەنىيەت

ئالماشتۇرۇشىدا موھىم رول ئوينىغانىدى. ئەينى يىللاردا، بۇ يولدا تۆگە (تۆگە ئوتتۇرىچە 280 كىلوگىرام يۈك كۆتۈرىدۇ)، ئات، خېچىر، ئېشەك، ھارۋىلار قاتناپتىكەن. جۇڭگونىڭ يىپەك، فارفور بۇيۇملىرى ۋە تۇرپان ئۈزۈمى قاتارلىق داڭدار ماللىرى مۇشۇ يول بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەرب ئەللىرىگە توشۇلاتتى. غەرب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سانائەت بۇيۇملىرى مۇشۇ يول بىلەن ئىچكىرىگە كىرگۈزۈلەتتى، شۇنداقلا مۇشۇ يول ئارقىلىق ئىلى ئېتى، بۇغا مۈڭگۈزى، تۆگە، خېچىر، دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلاتتى. ئىلى رايونىدىن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق، گۆش، ماي، ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ئات، كالا ۋە قوي قاتارلىقلار توشۇلاتتى. ئۈرۈمچى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئىلى رايونىغا يىپەك ماللار، فارفور بويۇملار، كۆچمەنلەر، سۈرگۈن قىلىنغانلار ۋە ھەربىي ئەشيالار توشۇلاتتى.

20 ـ ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ تېرە ـ يۇڭ، ئۈچەي، ئات، كالا، قوي، كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق خام ئەشيالىرى مۇشۇ يول ئارقىلىق رۇسىيىگە چىقىرىلىشقا باشلىدى، شۇنداقلا مۇشۇ يول ئارقىلىق رۇسىيىنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى، بولۇپمۇ يىپنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى.

قەدىمكى ئىلى ـ ئۈرۈمچى يولىدا ئەينى يىللاردا ئادەم شالاڭ، چۆل ـ جەزىرە كۆپ بولغاچقا، ھارۋىكەشلەر ئۈچۈن ئىنتايىن جاپالىق ئىدى، شۇڭا ھارۋىكەشلەر توپ ـ توپ بولۇپ، بىر ـ ئىككى يۈز ھارۋا بىللە ماڭاتتى. بىر ئادەم تۆت ھارۋىنى ھەيدەيتتى. ھەر بىر ھارۋىكەشتە ئالتىدىن سەككىزگىچە ئات بولاتتى. ھارۋىكەشلەر ئەينى يىللاردا تارتقان يول ئازابىنى قوشاق قىلىپ توقۇپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن:

ئىلىغا خەۋەر كەپتۇ،
سوۋ ـ سىن تورگ ①ماڭسۇن دەپ.
ئىلىدىكى كارۋاننى،
كىرسىن مايىنى تارتسۇن دەپ.

---

① سوۋ سىن ـ تورگ ـــ رۇسچە سۆز، سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سوۋ ـ سىن تورگ بىرىپتۇ ،
ھارۋىكەشكە كۆپ پۇتۇك .
غەمدە قالغان باشلارنى ،
ئۇكىلىغان نىزام گۇدۇك .

ئۈرۈمچىنى كۆرمەككە ،
ھارۋا ئالدۇق بەس ـ بەستە .
ئاتنى قوشۇپ يول ئالدۇق ،
كۈن چىقماي سەھەرلىكتە .

بىز ئىلىدىن چىققاندا ،
كارۋان بېشى باش بولدى .
ئاتلار سېمىز تۇلۇمدەك ،
تۇياقلىرى تاش بولدى .

## قەدىمكى ئىلى ـ ئۈرۈمچى يولىدىكى ئۆتەڭ ۋە جايلار

قەدىمكى ئىلى ـ ئۈرۈمچى يولى غۇلجا شەھىرىنىڭ كۈرە دەرۋازىسىدىن چىقىپ باياندايغا كېلەتتى .

**باياندай** باياندای بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقى 25 يول كېلىدۇ . باياندای قەلئەسى 1766 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ ، بۇ يەردە ھەربىي قوشۇن ۋە قوشۇن باشقۇرغۇچى ئامبال تۇرغۇزۇلغان . 1864 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەركەردىسى سادىر پالۋان شۇ يىلى ئىيۇل ئېيىدا 5000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىغا باشلامچىلىق قىلىپ ، يىراقتىن لەخمە كولاپ سېپىلنى پارتلىتىپ باياندای قەلئەسىنى ئالغان . ئەرك سۆيەر ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۆز قەھرىمانى سادىرنى مەدھىيىلەپ شۇ چاغدا تۆۋەندىكى قوشاقنى قوشقان :

چىقىپ سادىر پالۋان ،
قولغا ئالدى تېشىشنى .
كولاپ سېپىل تېگىنى ،

www.uyghurkitap.com

كۆمدى كولاپ دورىنى .

پىلتە بىلەن ئوت ياقتى ،
قىلىپ ئۇبدان ئېپىنى .
گۈمبۈرلىگەن ئوت بىلەن ،
ۋەيران بولدى سېپىلى .

هازىرقى باياندايى غۇلجا شەھىرىگە قارايدىغان باياندايى يېزىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ ، 1986 ــ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، باياندايدا 2142 نوپۇس بار ئىدى . غۇلجىدىن جەيلەگزىگە ①62 يول كېلىدۇ .

**كۈرە** غۇلجىدىن كۈرەگە 76 يول كېلىدۇ . غۇلجىدىن چىققان هارۋا كۈرەدە قونىدۇ . كۈرە دېڭىز يۈزىدىن 610 مېتىر ئېگىز ، غۇلجا شەھىرىدىن 30 مېتىر تۆۋەن . ئەسلىدىكى كۈرە قەلئەسى 1863 ــ يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي ياقىسىغا سېلىنغان بولۇپ ، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ۋە سۇ ئاپىتى تۈپەيلىدىن ، 1871 ــ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي خارابىلىككە ئايلانغان . يېڭى كۈرە قەلئەسى 1882 ــ يىلى ئىلى چاررۇسىيىدىن قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن ، بۇرۇنقى ئورۇندىن شىمالغا ، يەنى 15 يول كېلىدىغان يەرگە قايتىدىن سېلىنغان . ئۇ هازىرقى قورغاس ناھىيىسىدە . ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى شۇ قەلئەدە ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونىدىن باشقا جايلىرىنىڭ ھەممىسى ، جۈملىدىن غۇلجا شەھىرى ئىلى جياڭجۈنىگە بويسۇناتتى . 1944 ــ يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ 4 ــ پولكىنى تارمار قىلىپ كۈرە قەلئەسىنى ئازاد قىلدى . كۈرە هازىر قورغاس ناھىيىسىنىڭ كۈرە يېزىسىغا قارايدىغان بىر كەنت بولۇپ ، 1896 نوپۇس بار .

1929 ــ يىلى تۆمۈر قەپەزگە سولىنىپ ئۈرۈمچىگە پالانغان ئابلاخۇن كۆككۆز بۇ مەنزىلنى مۇنداق قوشاققا قوشقان :

بىز ئىلىدىن چىققاندا ،

---

① چەيلەگزە ــ خەنزۇچە « جيېلياگزى » ( 界梁子 ) دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى بولۇپ ، چېگرا ، ياسىل ، بەل دېگەن سۆز . ئىلگىرى بۇ جايدىكى تاغ سۈيدۈڭ ناھىيىسى بىلەن غۇلجىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، شۇنداق دەپ ئاتالغان .

دەريا ياقلاپ ماڭدۇق .
ئامان بولغىن دوستلار دەپ ،
كۆزىمىزگە ياش ئالدۇق .

كۇرەدىن ئۆكەر بورسوق ( هازىرقى لوسىگۇڭ ) قەلئەسىگە 66 يول بولۇپ ، بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

كۇرەدىن چىقىپ يانبۇلاققا كېلىدۇ .بۇرۇنقى ئىلى ـ قورغاس يولى مۇشۇ جايدىن ئايرىلاتتى .

ئىلىدىن چىقىپ كېلىپ ،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق .
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلاردىن ،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق .

ئىلىدىن چىققان كۈنى ،
يانبۇلاقتا ئوت چالدۇق .
ئۆيدە قالدى بەش بالا .
خۇدايىم سەمىگە سالدۇق .

دېگەن مىسرالار ئىلى ـ ياركەنت يولىنىڭ يانبۇلاققا كەلگەندە بۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

كۇرەدىن ساربۇلاق دەرياسىغا 10 يول كېلىدۇ . ساربۇلاق دەرياسى شەرقىي تالچى تېغىدىن باشلىنىپ سۇيدۇڭ ، كۇرەلەردىن ئۆتۈپ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ ، ئۇنىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 72 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر ، سۇ يىغىش مەيدانى 510 كۇۋادرات كىلومېتىر . 1942 ـ يىلى بۇ دەرياغا تاشيول كۆۋرۈكى سېلىنغان بولۇپ ، كۆۋرۈك ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر ، ئۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 640 مىڭ سوم ئىدى .

كۇرەدىن سۇيدۇڭ ( ئوقارلىق ) گە 16 يول كېلىدۇ ، سۇيدۇڭ دېڭىز يۈزىدىن 630 مېتىر ، كۇرەدىن 20 مېتىر ئېگىز . سۇيدۇڭ قەلئەسى 1772 ـ يىلى ياسالغاندىن كېيىن ، ئوقارلىق دېگەن ئىسىم سۇيدۇڭغا ئۆزگەرتىلىپ خان ئامبال تەيىنلەنگەن . قەلئە ئايلانمىسى 4 يول كېلەتتى . 1888 ـ يىلى ئۇ ناهىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان. ئەينى چاغدا سۈيدۈڭدە 3625 تۈتۈن، 10 مىڭ 465 نوپۇس بار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى 1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سۈيدۈڭنى ئازاد قىلدى. 1966 ـ يىلى سۈيدۈڭ ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قورغاس ناھىيىسىگە قارايدىغان بىر بازارغا ئۆزگەرتىلدى. قورغاس ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سۈيدۈڭ بازىرىغا ئورۇنلاشتى. سۈيدۈڭ بازىرىنىڭ 1986 ـ يىلدىكى نوپۇسى 19 مىڭ 324 ئىدى.

قورغاس ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن قارىغاندا، يېرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، شىمالىي قىسمىغا تەڭرىتاغنىڭ تارمىقى بولغان كۆكقىرچىن تېغى، ئاقتاش (تەلكە) تېغى ۋە كىگەن تاغلىرى جايلاشقان. ناھىيە تەۋەسىدە چوڭ ـ كىچىك دەريا ـ ئېقىنلاردىن 23 ى بولۇپ، ئۇلار جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ ئىلى دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $32.44m^3/s$. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 13 بۇلاق بار. پۈتۈن ناھىيە بويىچە يىللىق ئومۇمىي نورمال ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 167 مىليون 960 مىڭ كۇب مېتىر، بۇلاق سۇلىرى 288 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر.

*ئىزاھات* قورغاس دەرياسى جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرىسىدىكى چېگرا دەريا، ئۇنىڭ ئومۇمىي نورمال ئېقىن مىقدارى 476 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر، دەريا سۈيىدىن ئىككى دۆلەت تەڭ پايدىلىنىدۇ.

ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 51 مىڭ 747 گېكتار، ئوتلاق 17 مىڭ 474 گېكتار، ئورمان 18 مىڭ 533 گېكتار. كان بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، فوسفور قاتارلىقلار چىقىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، جەرەن، ئېيىق، يىلپىز، ئۇلار، ئاققۇ، تاشپاقا قاتارلىقلار بار. تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، ئالمالىق شەھەر خارابىسى ۋە كۈرە جىياڭجۈن مەھكىمىسىمۇ مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىدە.

سۈيدۈڭ دېگەن شەلەرنىڭ،
لەڭگەر دېگەن بازارى بار.
مۇشۇ يەردىن ئۆتكۈچە،
بەگلەرنىڭ ئازابى بار.

باش ھارۋىنىڭ ئوقىنى،

سۈيدۈك يولىدا ئوقلاتتىم .
هارۋىكەش بولۇپ قېلىپ ،
جەبرىنى تولا تارتتىم .

كۈرەدىن شاڭشەنگوڭغا 45 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا 1916 ـ يىلى بىر قاراۋۇلخانا ۋە بىر نەچچە ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . ئۇ چاغدا يول چاغانسۇ ( چىڭسىخوزا ) غا بارمايتتى . شاڭشەنگوڭ چاغانسۇدىن 14 يول شەرققە توغرا كېلىدۇ .

ئۆكەر بورسۇق قەلئەسىگە 66 يول كېلىدۇ . ئۆكەر بورسۇق قەلئەسى دېڭىز يۈزىدىن 800 مېتىر ، ئوقارلىق ( سۈيدۈك ) تىن 170 مېتىر ئېگىز . 1916 ـ يىلى بۇ جايدا 200 ئۆيلۈك ئاهالە ۋە بىر هەربىي گازارما بار ئىدى . 1780 ـ يىلى بۇ جايغا ئۆكەر بورسۇق قەلئەسى سېلىنغاندىن كېيىن ، « ئۆكەر بورسۇق قەلئەسى » دەپ ئاتالغان . هازىر لوسىگۇڭ دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ .

ئۆكەر بورسۇق قەلئەسىدىن قارابۇلاق ( چىلپەنزە قەلئەسى ) قا 18 يول كېلىدۇ . بۇ جاي تەلكە ( كەڭساي ) ئىچىگە كىرىش ئېغىزى . چىڭ سۇلالىسى 1880 ـ يىلى بۇ يەرگە قارا بۇلاق قەلئەسىنى ياسىتىپ قوشۇن تۇرغۇزغان . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، بۇ جايدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى تەكشۈرىدىغان قاراۋۇلخانا ۋە بىر قونالغۇ بار ئىدى . بۇ يەردىن ئۆتسە ئەگرى ـ توقاي تار ھەم تىك تەلكە يولى باشلىنىدۇ . تەلكە ئېغىزى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن ئىلى ۋادىسىغا ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتكەل ، شۇنداقلا قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكەللىرىنىڭ بىرى ئىدى . « چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ئەگرى ـ توقايلارنى تۈزلەپ ، تەلكە سايىغا 48 كۆۋرۈك سالدۇرغان » ① .

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى ، بۇ كۆۋرۈكلەرنىڭ 42 سىنى ئۆزگەرتىپ ياساپ چىققان . ئۇنىڭ ئالتىسى بىر جايدا بولۇپ ، تىك قىيا ياقىسىدا ئىدى ، كەڭلىكى ئاران بىر جاڭ ② كېلەتتى .

1896 ـ يىلى ئىلى جياڭجۈنى مالەڭ ئەگرى ـ توقاي خەتەرلىك جايلارنى چاپتۇرۇپ يولنى قايتىدىن ياسىتىپ ، چوڭ كۆۋرۈكتىن 11 نى ،

---

① « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » ، 1988 ـ يىل 25 ـ ئۆكتەبر سانى .
② 1 جاڭ 3.33 مېتىر بولىدۇ . 150 جاڭ بىر يول بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com

كىچىك كۆۋرۈكتىن يەتتىنى ياساتتى .
تەلكە سايى قارىغاي ، ئارچا ، ياۋا ئالما قاتارلىق دەل ــ دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەن ، سۇيى ، ئوت ــ چۆپلىرى مول ، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ، يېشىللىقتا پۈركەنگەن يايلاق بولۇپ ، بۇ يەردە ياۋا ئالمىلار ناھايىتى كۆپ .
تەلكە سېيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 68 يول كېلىدۇ ، ساي ئوتتۇرىسىدا سۈپسۈزۈك تەلكە ئېقىنى ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدۇ . تەلكە ئېقىنىنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 223 كۋادرات كىلومېتىر ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 163 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر . بۇ ئېقىن تەلكە ئېغىزىدىن چىقىپ كەتمەندۆڭ ، سۈيدۈڭ ، كۆ-رەلەردىن ئۆتۈپ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ .

لوسگۇڭ ئۆتەڭ دەيدۇ ،
تەلكە ئېغىزى بىر قولتۇق .
تەلكىدە كارۋان تولا ،
ئۆتەلمەستىن ئۈچ قوندۇق .

ئۆكەر بورسۇق قەلئەسىدىن كونا كەڭسايغا 28 يول ، تالدىقتا 46 يول ، يېڭى كەڭسايغا ( ئەرتەي ) 66 يول كېلىدۇ . بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 1780 مې-تىر ، ئۆكەر بورسۇق قەلئەسى ( لوسگۇڭ ) دىن 980 مېتىر ئېگىز . ئۆكەر بورسۇقتىن يېڭى كەڭسايغا كەلگۈچە يول پەيدىنپەي ئېگىزلەيدۇ . مۇشۇ ئە-سىرنىڭ باشلىرىدا ، بۇ جايدا قاراۋۇلخانا ۋە بىر قونالغۇ بار ئىدى .
يېڭى كەڭسايدىن 11 يول ماڭسا ئۈچىئاچا بۇلاقتا كېلىدۇ ، مەشھۇر تەلكە داۋىنى ( تاش داۋان ) مۇشۇ جايدىن باشلىنىدۇ . داۋان 9 يول ئۇزۇنلۇقتا . بۇ داۋان توغرىسىدا ئەجدادلىرىمىز تۆۋەندىكى قوشاقلارنى توقۇغان :

تەلكىنىڭ يولى يامان ،
جۇدۇن ــ چاپقۇنى ئاندىن .
يوللاردا جاپا تارتىپ ،
تويۇپ كەتتۇق بۇ جاندىن .

ئىلىدىن چىققان ھارۋا ،
تەلكە داۋانغا ياماشتى .

ئىلنى خىيال قىلسام،
يىغا ماڭا ياماشتى.

تەلكىگە كىرەر كۈنى،
دىگەر بىلەن قوزغالدۇق.
تاش داۋانغا كەلگەندە،
هارۋىغا ياندىق قاتتۇق.

تەلكىنىڭ داۋانىدا،
پىششىپ قاپتۇ تاغ ئۆرۈكى
تەلكە ئاتلاپ ئۆتكۈچە،
يولىدا توققۇز كۆۋرۈكى.

تەلكىنىڭ داۋانىنىڭ،
ئىككى ئۆتىگى تاشلىق.
تاش ئۆتەڭدىن ئۆتكۈچە،
تۆگىشىپ كېتىدۇ ياشلىق.

تەلكىدىن چىقىپ يولغا،
ئەرتەيگە بېرىپ يەتتۇق.
داۋاندا ئات تارتالمسا،
ياندافچى بولۇپ تارتتۇق.

تەلكە دىگەن ئىگىز جاي،
قاپتىلىدا قۇرام تاش.
كېتىپ بارغان كارۋاننىڭ،
كۆزلىرىدىن ئاقار ياش.

تەلكە دىگەن چوڭ داۋان،
يامان يېرى تاش داۋان.
تاش داۋاندىن ئۆتكۈچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇيمىز مىلك سۇبھان .

تاش داۋاندىن ئۆتكۈچە ،
هارۋا ياندىدى باللار .
داۋاندا ھېرىپ قېلىپ ،
ئەجەب قاقشىدى جانلار .

تۆمۈر قەپەز بىلەن يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسيانكار پەرزەنتى ئېلاخۇن كۆككۆز تەلكە ھەققىدە تۆۋەندىكى قوشاقلارنى ئېيتقان :

ئارىدا ئىككى تونەپ ،
تەلكىگە يېتىپ كەلدۇق .
چېرىك تىللىسا مەيلى ،
ناخشىنى ئېيتىپ كەلدۇق .

تەلكە دېگەن داۋاننىڭ ،
مەنزىلى خويمۇ يىراق .
چېرىكلەرگە سۇ دېسەك ،
بىزدىن قاچىدۇ يىراق .

ياڭتوك پونى تىكلەپتۇ ،
تەلكىنىڭ داۋانىغا ،
ئاخۇنۇم دۇئا قىلسۇن ،
ئېلاخۇن ئامانىغا .

تەلكىنىڭ داۋانىدىن ،
كارۋان توختىماي ئۆتتى .
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن ،
ئېلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى .

تەلكىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق ،

ئىلىدىن چىقىپ كەتتۇق .
باشقا چۈشكەن كۈنلەرنى ،
قوشاققا قېتىپ كەتتۇق .

يېڭى كەڭسايدىن 15 يول ماڭسا قىزىل بۇلاققا كېلىدۇ ، بۇ جايدا يول ئاسرىغۇچى كىشىلەر ياتىدىغان تام ئۆي بولۇپ ، ئىچىدە بىر قانچە كىشى تۇرىدۇ . 20 يول ماڭسا داۋان بېشىغا كېلىدۇ ، بۇ جاي تەڭرىتاغنىڭ سۇ بۆلگۈچ ئۆمۈرتقىسى بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 2110 مېتىر ئېگىز . بۇ جاي قورغاس بىلەن بورتالانىڭ پاسىلى ، بۇ جايدىن پەسكە قاراپ 2 يول ماڭسا يېڭى كەڭسايغا ، يېڭى كەڭسايدىن 22 يول ماڭسا سايرام ( سوڭشوتو ) غا كېلىدۇ . ئەينى چاغدا بۇ جايدا بىر قاراۋۇلخانا ، بىر قونالغۇ بار ئىدى .

**گۈزەل سايرام كۆلى** سايرام كۆلى دېڭىز يۈزىدىن 2073 مېتىر ئېگىز . ئۇ شىنجاڭدىكى ئەڭ ئېگىز كۆللەرنىڭ بىرى بولۇپ ، مەشھۇر بۇغدا كۆلىدىنمۇ 93 مېتىر ئېگىز . 1952 ـ يىلىدىن بۇيان ، كۆلنىڭ يۈزى يىلىغا 5 ~ 7 سانتىمېتىردىن يۇقىرى ئۆرلىمەكتە . جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 80° 59′30″ ~ 80° 22′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 44° 29′30″ ~ 44° 10′ ئارىلىقىدا . كۆلنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 29.5 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى 23.4 كىلومېتىر ، ئومۇمىي ئايلانمىسى 86.5 كىلومېتىر ، كۆلنىڭ يۈزى 458 كۋادرات كىلومېتىر ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 90.5 مېتىر كېلىدۇ . ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ . ئەتراپىدىكى 26 تاغ بۇلىقى ۋە 20 نەچچە پەسىل خاراكتېرلىك تاغ ئېقىنى كۆلگە قۇيۇلىدۇ . كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 2.8 پىرسەنتتىن يۇقىرى . ئۇنىڭ سۈيىنى چارۋا ـماللار ئىچسە بولىدۇ ، لېكىن ئادەم ئىچسە بولمايدۇ .

سايرام كۆلى ئېگىز ، سوغۇق تاغلىق رايونغا جايلاشقان . قىشتا ئىسسىق ، يازدا سالقىن بولىدۇ ، هاۋاسى كىشىگە ياقىدۇ . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 1.1 ℃ ، ئەڭ سوغۇق ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 12.3 ℃ ، ئەڭ ئىسسىق ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.3 ℃ بولىدۇ . قار چۈشۈش مەزگىلى ئادەتتە سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېلەر يىلىنىڭ ماي ئايلىرىغىچە سوزۇلىدۇ . يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل ـ يېغىن مىقدارى

www.uyghurkitap.com

300 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرى يىراقتىن قارىسىڭىز تاغ چوققىسىدىكى ئاپئاق قارلار، تاغ قاپتىلىدىكى قويۇق قارىغايلار، تاغ ئېتىكىدىكى ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەرنىڭ تەبىئىي گۈزەل مەنزىرە هاسىل قىلغانلىقىنى كۆرىسىز.

سايرام تارىختا قاشقۇۋۇق، قومۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، سەمەرقەند ئارقىلىق ئىرانغا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىگە بارىدىغان يىپەك يولىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ جايدىن قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە نۇرغۇنلىغان سەيياهلار، ئىلىم ئەهلىلىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرى، جۈملىدىن لىن زېشۈي، سادىر پالۋان، ئىبلاخۇن كۆككۆز قاتارلىق مەشهۇر كىشىلەر ئۆتكەن ۋە بۇ هەقتە قوشاقلار توقۇغان. ئەجدادلىرىمىز بۇ قوشاقلارنى ئاهاڭغا سېلىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئېيتىپ كەلمەكتە.

تەلكىدىن چىقىپ كەلسەك،
سايرام كۆلى كۆرۈندى.
ئايرىلىش يامان ئىكەن،
يۈرەك ئىككى بۆلۈندى.

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
يا ئاقمايدۇ، تاشمايدۇ.
ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى يوقتۇر،
ياش ـ قېرىغا باقمايدۇ.

سايرام كۆلى بىرىنچىدىن، گۈزەل مەنزىرىلىك ياخشى ساياهەت رايونى. ئىككىنچىدىن، ئوت ـ چۆپ ۋە سۇلىرى مول ياخشى يايلاق. ئۈچىنچىدىن، بۇ كۆل ئىلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا، يەنە هاۋانىڭ نەملىكىنى ئاشۇرۇپ، تۇرلۇك دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ قويۇق ئۆسۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. تۆتىنچىدىن، مۇهىم بېلىقچىلىق بازىسى بولۇپ، ئىلگىرى بۇ كۆلدە بېلىق يوق ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېرتىش دەرياسىدىن شىمالىي مۇز ئوكيان بېلىقىنى ئېلىپ كېلىپ سالغاندىن بۇيان، بېلىق مەهسۇلاتى كۈندىن كۈنگە ئاشماقتا. بۇ كۆل

يىقىن كەلگۈسىدە ئىلى رايونىنىڭ ئاساسلىق بېلىق بازىسى بولۇپ قالغۇسى .

**سايرام كۆلى دېگەن ئىسىم توغرىسىدا** « سايرام كۆلى » قەدىمكى تۈركىي تىل بولۇپ ، مەنىسى « تېيىزكۆل » دېگەنلىك بولىدۇ . « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا سايرام دېگەن سۆزنى « تېيىز » دەپ چۈشەندۈرگەن ① . 1952 ــ يىلىدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا ، سايرام كۆلىنىڭ سۇ يۈزى يىلىغا 5 ~ 7 سانتىمېتىر يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىكەن . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، قەدىمكى زاماندا ، يەنى بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇنقى مەھمۇد قەشقىرى زامانىدا بۇ كۆل تېيىز كۆل بولۇپ ، ئەسىرلەر داۋا- مىدا تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ مۇشۇ ھالەتكە كەلگەن ، دەپ قاراشقا بولىدۇ . شۇڭا ، تارىختا « سايرام كۆلى » ( تېيىز كۆل ) دەپ نام ئالغان .

يېڭى كەڭسايدىن 57 يول ماڭسا ئۆتكەن ــ كەچكەنلەرنى تەكشۈرىدى- غان بىر قورۇق بار جايغا ، 61 يول ماڭسا سەنتەي ( ئىلىزوي توبومو ) ② گە كېلىدۇ . بۇ جايدا 1916 ــ يىلى قاراۋۇلخانا ، ئىككى قونالغۇ ۋە 9 ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . سەنتەيدىن قوسبوتۇق ( ستەي ) قا 67③ يول بولۇپ ، بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

سەنتەيدىن چىقىپ 15 يول يەرگىچە يۇقىرىسىغا ماڭىدۇ . سەنتەيدىن 37 يول ماڭسا تاشتىن ياسالغان ھەربىي گازارما بار يەرگە كېلىدۇ . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ، ئۇ يەرنىڭ پەقەت خارابىسىلا قالغان . قوس- بوتۇقتا ئەينى چاغدا بىر قونالغۇ ، بىر ئۆيلۈك ئۆتەڭچى ۋە قاراۋۇلخانا بار ئىدى .

سەنتەي ، ستەي يوللىرى ،
ئوڭغۇل ــ دوڭغۇل تاشلىرى .
جەرەن ئات كۆچەپ تارتىپ ،
لىڭشىپ بارار باشلىرى .

---

① « تۈركىي تىللار دىۋانى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى ، 243 ــ بەت .

② سەنتەي ئىلگىرى موڭغۇلچە « ئىلىزوي توبومو » دېيىلەتتى . « شىنجاڭغا ساياھەت » ، 1994 ــ يىلى نەشرى ، 84 ــ بەت .

③ ستەي ئىلگىرى « قوسبوتۇق » دېيىلەتتى . « شىنجاڭغا ساياھەت » . 1994 ــ يىلى نەشرى ، 84 ــ بەت ) .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەنتەي ، ستەي يەر ئىكەن ،
سۈيى يوقكەن تاش ئىكەن .
بىزنى ئۆيدىن ئايرىغان ،
يۈرەك باغرى تاش ئىكەن .

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار ،
ئاشتۇق قانچە داۋانلار .
چۆلسىرىگەن كېپىكتەك ،
سۇغا تەشنا بۇ جانلار .

قوسبوتۇقتىن 34 يول ماڭسا بىر ئۆتەڭگە كېلەتتى . بۇ جايدا يەنە بىر گازارما خارابىسى بار ئىدى . ئىلگىرى جىڭ بىلەن سۇيىدۇڭنىڭ چېگرىسى مۇشۇ جايدىن ئايرىلاتتى .

توقۇمچى ( ئۇتەي )①غا 70 يول كېلىدۇ . بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 380 مېتىر ئېگىز ، تەلكە داۋىنى بېشىدىن 1730 مېتىر تۆۋەن . بۇ جايدا بىر قونالغۇ ، بىر قاراۋۇلخانا ، يولنىڭ شىمالىدا بۇلاق بار ئىدى . ئۇتەي چۆچەك ، ئىلى ، جىڭلاردىن كەلگەن يوللارنىڭ تۈگۈنى بولۇپ ، مۇھىم ئۆتەڭ ۋە ئەسكەر تۇرغۇزۇلىدىغان قورغان ئىدى . مىللىي ئارمىيە 1945 ـ يىلى كۈزدە ئۇتەينى ئازاد قىلدى . سايرام بىلەن ئۇتەي ئارىسى بوران ـ چاپقۇنلۇق ، سۇسىز تاشلىق جاي ، بولۇپمۇ قوسبوتۇق ، توقۇمچى ئارىلىقى ( بۇ جاي غوجىكىنىڭ غولى دەپ ئاتىلىدۇ ) تېخىمۇ شۇنداق . تاشلىق ئىنتايىن جاپالىق يول ئىدى ، بۇ ھەقتە مۇنداق قوشاق بار :

تەلكىدىن چىقىپ سايرام ،
ئەتراپى بوران ـ قاينام .
ئاتلارنى دەڭگە تارتتۇق ،
ئۇتەيدە ئېلىپ ئارام .

غوجىكىنىڭ يولىنىڭ ،

---

① ئۇتەي ئىلگىرى « توقۇمچى » دەپ ئاتىلاتتى . « شىنجاڭغا ساياھەت » 1994 ـ يىلى نەشرى ، 84 ـ بەت .

ھەممە يېرى قوتۇر تاش .
ھارۋا ئۆرۈلۈپ كەتسە ،
يۆلەلمەيمىز قورساق ئاچ .

سەنتەي ، ئۇتەي ئارىلىقى ،
ئىككى مەنزىل تاشلىق يول .
ئۇتەي دەڭدە كانتو بار ،
سەن ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول .

غوجىكىنىڭ غوللىرى ،
تېشى قوتۇر ، يولى تار .
مەن ـ مەن دېگەن باللارنى ،
يامان يوللار يىغلىتار .

قوسبوتۇقتىن قوشئەمچەك دەرياسىغا ( ھازىر داخېيەنزە دەرياسى دېيىلىۋاتىدۇ ) 97 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 325 مېتىر ئېگىز ، ئۇتەيدىن 55 مېتىر تۆۋەن . داخېيەنزە ئۆتىڭى ( تولى ئۆتىڭى ) 100 يول كېلىدۇ . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى ، بۇ جايدا چوڭ ـ كىچىك 30 دۇكان ، دەڭ ، 80 ~ 90 ئۆيلۈك ئادەم ۋە بىر پوچتا راباتى بار ئىدى . ئەينى چاغدا ، بۇ جاي جىلغا ئاھىيىسىگە قارايدىغان چوڭراق بىر يېزا ئىدى ، ئورنى ھازىرقى تاشيولدىن 10 يول شىمالدا ئىدى .

**داخېيەن دېگەن ئىسىم توغرىسىدا** داخېيەن ئىلگىرى « تولى » دەپ ئاتىلاتتى ①. چىڭ سۇلالىسى يىللىرى بۇ جايغا پوچتا راباتى قۇرۇلۇپ ، داخېيەن راباتى دەپ ئاتالغاندىن كېيىن ، داخېيەن دېگەن نام ئۆزلەشتى . داخېيەن خەنزۇچە دەريا ياقىسى دېگەن سۆز .

**قوشئەمچەك دەرياسى** قوشئەمچەك دەرياسى تەڭرىتاغ داۋانلىرىنىڭ بىرى بولغان قوشئەمچەك داۋىنىدىن باشلىنىپ ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ داخېيەنزە ، شارلىجىن ، شتارالاردىن ئۆتۈپ ، بورتالا دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ

---

① « تولى » تۈركىي تىل بولۇپ ، « تولا ، باياشات » دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ . « شىنجاڭغا ساياھەت »1994 ـ يىلى نەشرى ، 84 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىبنۇر كۆلگە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 1642 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 107 مىليون كۇب مېتىر. بۇ دەريادا كۆۋرۈك يوق ئىدى. 1935 ـــ 1937 ـ يىللىرى ئۈرۈمچى ـ قورغاس تاشيولى ياسىلىپ، 1941 ـ يىلى دەرياغا تاشيول كۆۋرۈكى سېلىنغان بولسىمۇ، هارۋا ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنى ئۆتكۈزۈشكە روخسەت قىلىنمايتتى.

داخېيەنزە دەرياسى ئىلگىرى قوشئەمچەك دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەريا ياقىسىغا پوچتا راباتى قۇرۇلۇپ، ئۇ داخېيەن راباتى دەپ ئاتالغاندىن كېيىن، داخېيەن دېگەن پوچتا راباتىنىڭ نامى ئاستا ـ ئاستا دەريانىڭ نامى بولۇپ قالغان ①.

داخېيەنزىدىن جىڭغا 98 يول بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

داخېيەنزىدىن قومۇشبۇلاققا 50 يول كېلىدۇ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 312 مېتىر ئېگىز، داخېيەنزىدىن 13 مېتىر تۆۋەن. هازىرقى ئىلى ـ ئۈرۈمچى تاشيولى (ساسەنزى) دىن 9 يول شىمالدا ئىدى. بۇ جايدا 9 ـ، 11 ـ ئايلاردا مالچىلار كېلىپ قارا ئۆي تىكىپ ئولتۇرىدۇ. قومۇشبۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاق بولۇپ، بۇ جاي مال بېقىپ، ئات ـ ئۇلاغلارنى دەم ئالدۇ. رۇشقا قولايلىق.

قىزىل زارغا 57 يول، يۈنجىخوغا 64 يول كېلىدۇ. بۇ مۇھىم ئۆتەڭ، كونا ئۈرۈمچى ـ بورتالا يولى مۇشۇ ئۆتەڭدىن بورتالاغا ئايرىلاتتى. 1916 ـ يىلى، بۇ جايدا ئىككى قونالغۇ، توققۇز قورۇ ئاهالە، قاراۋۇلخانا ۋە هەربىي گازارمىلار بار ئىدى. جۇڭخۇا مىنگو يىللىرى، بۇ جاي نۇرغۇن قوشۇن تۇرغۇزۇلغان مۇھىم ئىستىھكام ئىدى. 1945 ـ يىلى 3 ـ سېنتەبىر كېچىسى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى يۈنجىخونى ئازاد قىلدى.

باجاخوغا 80 يول كېلىدۇ. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 315 مېتىر ئېگىز، قومۇشبۇلاقتىن 3 مېتىر ئېگىز. باجاخو توغراقلىق ۋە ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈك، يەر شەكلى مۇرەككەپ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن. گومىنداڭ دەۋرىدە، بۇ يەرگە ئىستىھكام ۋە پوتەيلەر سېلىنىپ، بۇ جايدا كۈچلۈك قوشۇن تۇرغۇزۇلغان. 1945 ـ يىلى 7 ـ سېنتەبىر كېچىسى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بۇ

① «شىنجاڭغا ساياھەت» 1994 ـ يىلى نەشرى، 80 ـ، 84 ـ بەتلەر.

جايدا گومىنداڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ ، جىڭ ناھىيىسىنى ئېلىشقا شارائىت ھازىرلىغان . داخىبېنزىدىن جىڭ دەرياسىغا 95 يول كېلىدۇ .

**جىڭ دەرياسى ( قاراتۆر دەرياسى )** جىڭ دەرياسى تەڭرىتاغنىڭ بىر قىسمى بولغان بولخنۇر تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 4063 مېتىر ئېگىز ئومۇرتقىسىدىكى 5y 432 نومۇرلۇق مۇزلۇقتىن باشلىنىپ ، دۆڭتۇجىن ۋە ئوتۇجىن قىشلاقلىرى ئارقىلىق شىمالغا قاراپ ئېقىپ ، جىڭ ، قارا تۆرە ، قايىندىلاردىن ئۆتۈپ ئېبنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 1419 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر . دەريانىڭ تاغدىن چىقىش ئېغىزىدىكى سۇ پونكىتى 23 يىل ئۇدا ئۆلچەپ چىقارغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $14.7m^3/s$ ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 466 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ كۆپ بولغان يىلى ( 1958 ـ يىلى ) 563 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1967 ـ يىلى ) 373 مىليون كۇب مېتىر بولغان . دەريا سۈيىنىڭ ئەڭ ئاز ۋاقتى 2 ـ ئاي بولۇپ ، ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $3.8m^3/s$ ، ئەڭ كۆپ ۋاقتى 7 ـ ئاي بولۇپ ، ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $43.5m^3/s$ . ئىلگىرى دەريادا كۆۋرۈك يوق ئىدى . دەريا كېچىكى 2 يول كەڭلىكتە بولۇپ ، سۇ يېيىلىپ ئاقاتتى . سۇنىڭ چوڭقۇر يېرى ئادەتتە ئاتنىڭ قورسىقىغا چىقاتتى . 6 ـ ، 7 ـ ، 8 ـ ئايلار تاشقىن مەزگىلى بولۇپ ، بۇ چاغلاردا دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان مەخسۇس كىشىلەر بار ئىدى . 1935 ــ 1937 ـ يىللىرى ئۇرۇمچى ـ قورغاس تاشيولى ياسىلىپ ، 1941 ــ 1942 ـ يىللىرى بۇ دەرياغا تاشيول كۆۋرۈكى سېلىنغان بولسىمۇ ، هارۋا ، ئۇلاغلارنى ئۆتكۈزۈشكە روخسەت قىلىنمايتتى . جاپاكەش يولۇچىلار دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغانلارغا پۇل تۆلەيتتى ، بولۇپمۇ ئېغىر يۈك باسقان هارۋىلارنى ئۆتكۈزۈش بەك قىيىن ئىدى .

**جىڭ دەرياسى دېگەن نام توغرىسىدا** مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، چارۋا ھەيدەپ مۇشۇ ئەتراپنى كۆپ قېتىم كۆرگەن ، بىر ئەسىر ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن روزى قاسساپنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە ، جىڭ دەرياسىنى قاراتۆر دەرياسى دەپمۇ ئاتايدىكەن . چۈنكى ، بۇ دەريانىڭ ئاياغ ئېقىنى قاراتۆرە دېگەن يۇرتقا بارىدىكەن . جىڭ دەرياسى دېگەن نام موڭغۇللارغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا پەيدا بولغان نام بولۇپ ، ئۇ ئەسلى دۆڭتۇجىن ۋە ئوتۇجىن قىشلاقلىرى-

دىن ئېقىپ كەلگەچكە ، دۆڭتۈجىن دەرياسى دەپ ئاتالغان . ييللار داۋامىدا ئۆزگىرىپ جىڭ دەرياسى بولۇپ قالغان . جىڭ ناھىيىسىنىڭ نامىمۇ مۇشۇ دەريا نامىدىن كەلگەن .

## جىڭ ناھىيىسى

داخېيەندىن جەنۇبقا 98 يول ، كۇرەدىن جەنۇبقا 458 يول ، ئىلىدىن جەنۇبقا 534 يول كېلىدۇ . جىڭ دېڭىز يۈزىدىن 310 مېتىر ئېگىز ، باجاخودىن 5 مېتىر تۆۋەن . جىڭ خەن سۇلالىسى ۋە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرلىرىدە هۇنلارغا تەۋە ئىدى . جىڭ سۇلالىسى يىللىرى تېلېلار ( ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ) غا تەۋە بولدى . سۈي ـ تاڭ سۇلالىسى يىللىرى ( مىلادىيە 581 ـــ 907 ـ يىللىرى ) بۇ جاينى غەربىي تۈركلەر ئىگىلىگەن . مىڭ سۇلالىسى يىللىرى بۇ جاي موڭغۇل جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ يايلىقىغا ئايلانغان . چىڭ سۇلالىسى خانى چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى ( 1758 ـ يىلى ) جىڭ دەرياسى يېنىغا ئەنئۇ قەلئەسى سېلىنىپ ، ئۇنىڭغا 4 قوۋۇق ئېچىلدى . قەلئە سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 2.2 يول ( 1100 مېتىر ) كېلەتتى ھەمدە پۈتۈكچى ئامبال تەسىس قىلىنغانىدى . چيەنلۇڭنىڭ 28 ـ يىلى ئەنئۇ قەلئەسىنىڭ شەرقىگە يېڭى قەلئە ياسالدى . شۇنىڭ بىلەن پۈتۈكچى ئامبال ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، باش دىۋان تەسىس قىلىنىپ ، ئۈرۈمچى باش بۇغى ( دۇتۇڭى ) غا قارايدىغان بولدى . گۇاڭشۈينىڭ 14 ـ يىلى ( 1888 ـ يىلى ) جىڭ بىۋاستە قاراشلىق نازارىتى تەسىس قىلىنىپ ، ئۇ ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى . ئەينى ۋاقىتتا ، بورتالا ، ئارشاڭلار جىڭغا قارايتتى . 1913 ـ يىلى جىڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ ، بىۋاستە قاراشلىق نازارەت ئەمەلدىن قالدى . بۇ چاغدا يەنىلا بورتالا ، ئارشاڭلار جىڭغا قارايتتى . بۇ چاغدا جىڭ ، بورتالا ، ئارشاڭلاردا 542 تۈتۈن ، 225 مىڭ نوپۇس بار ئىدى . شەرقتىن غەربكە 380 يول ، جەنۇبتىن شىمالغا 210 يول كېلەتتى . 1920 ـ يىلى بورتالا ئايرىم ناھىيە بولدى . 1939 ـ يىلى ئارشاڭ جىڭدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئايرىم ناھىيە بولدى ①.

① « شىنجاڭغا ساياھەت » ، 1994 ـ يىلى 81 ـ بەت ؛ « شىنجاڭدا يەرلىك ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە يەر ناملىرى توغرىسىدا تەتقىقات » ، 145 ـ ، 146 ـ بەتلەر .

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى 1945 ـ يىلى 7 ـ سېنتەبىر جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلدى. 1954 ـ يىلى جىڭ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى. 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە، جىڭ ناھىيىسىدە ئۈچ يېزا، ئىككى بازار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 93 مىڭ 300، جىڭ بازىرىدا 8160 نوپۇس بار ئىدى.

## جىڭ ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

جىڭ ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81° 46′ ~ 83° 51′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 44° 2′ ~ 85° 10′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 11 مىڭ 275.2 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇرۇمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 425 كىلومېتىر كېلىدۇ. يېرىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس. جەنۇبى تاغلىق بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3500 ~ 3600 مېتىر ئېگىز. ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ دېڭىز يۈزىدىن 4820 مېتىر ئېگىز. ئېبنۇر كۆلى ناھىيىنىڭ ئەڭ پەس جايىدا بولۇپ، كۆل يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 189 مېتىر ئېگىز. ناھىيە بويىچە تاغ رايونى 41%، تۈزلەڭلىك 50% (بۇنىڭ ئىچىدە قۇملۇق تۈزلەڭلىكنىڭ 40 پىرسەنتىنى، سازلىق 10 پىرسەنت) نى، سۇ يۈزى 9% نى تەشكىل قىلىدۇ. تېرىغىلى بولىدىغان يەر 610 مىڭ گېكتار، ئوتلاق 748 مىڭ 267 گېكتار. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى تۈزلەڭلىكتە غەربتىن شەرققە كۆپىيىپ بارىدۇ، ناھىيە بازىرىدا 90.9 مىللىمېتىر، ئېگىز تاغدا 700 ~ 800 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1626 مىللىمېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.2 ℃، 1 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 16.7 ℃، كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2710 سائەت، قىروسىز مەزگىلى 171 كۈن. يىلىغا 8 بالدىن يۇقىرى بوران 32 كۈن چىقىدۇ.

تۇز، مىرابىلىت، مولىبدىن، فوسفور قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار. ئېبنۇر كۆلىنىڭ تۇز زاپىسى 125 مىليون توننا. فوسفور زاپىسى 5 مىليون 540 مىڭ توننا. بۆرە سامسىقى، قانتېپەر، سوغىگۆل، ئېيىق بالدىرغىنى قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى، غولجا، ئارقار، سۈربۈغا، يىلپىز قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار.

جىڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكدە جايلاشقان، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان، يېرى مۇنبەت، بايلىق مەنبەسى كەڭ، چارۋا ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مالغا باي ، سۇ مەنبەسى مول ناھىيە . ناھىيە بويىچە 10 دەريا ــ ئېقىن بولۇپ ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 869 مىليون 290 مىڭ كۇب مېتىر . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە يەتتە بۇلاق بار ، ئۇلارنىڭ نورمال ئېقىن مىقدارى 250 مىڭ كۇب مېتىر .

جىگدىن قۇمبۇلاققا 46 يول كېلىدۇ . بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 230 مېتىر ئېگىز ، جىگدىن 80 مېتىر تۆۋەن . 1916 ــ يىلى بۇ جايدا بىر ھۆكۈمەت قونالغۇسى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئادەمزات يوق ئىدى . قۇمبۇلاق ئەتراپى قۇملۇق ، دۆۋە ــ دۆۋە قۇم بارخانلىرى ۋە توغراقلار بىلەن قاپلانغان جاي . بىراق ، قۇمبۇلاق دەپ ئاتالغان بۇ بۇلاق قۇم دۆۋىسى ئىچىدىكى سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاقتۇر . قۇمبۇلاقتىن كۆلئۆتەڭگە كەلگۈچە يول ئىنتايىن جاپالىق . ئادەتتە بۇ جايدىن ھارۋىكەشلەر كېچىسى ئۆتىدۇ . ئەجدادلىرىمىز بۇ يول ھەققىدە تۆۋەندىكى قوشاقلارنى قوشقان :

قومۇشبۇلاق يودەگزە ،
جىگدىن ئۆتۈپ قۇمبۇلاق .
قۇمبۇلاقتىن ئۆتكۈچە ،
تۈگىشىپ كېتىدۇ ئۇلاغ .

داۋاندىن ئۆتۈپ كەتكەن ،
ئاتلىرىنى داغلايدۇ .
قۇمبۇلاقتا تارتىمسا ،
ئاتقا قاراپ يىغلايدۇ .

ئىلى يولى يامان يول ،
ئوغۇل بالىنى تالالايدۇ .
پايلىماي چىقىپ قويۇپ ،
قۇمبۇلاقتا يىغلايدۇ .

ھارۋىكەش بولغان باللار ،
ئاتلىرىنى تاللايدۇ .
مەن ــ مەن دېگەن ھارۋىكەش ،

قۇمبۇلاقتىن توغراق چارىغا 48 يول ، كۆلئۆتەڭگە 72 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 400 مېتىر ئېگىز ، قۇمبۇلاقتىن 170 مېتىر ئېگىز . كونا كۆلئۆتەڭ هازىرقى كۆلئۆتەڭدىن 6 يول شىمالدا بولۇپ ، هارۋا يولى كونا كۆلئۆتەڭدىن ماڭاتتى . بۇ ئۆتەڭدە توغراقلىق ، چاتقاللىق ، ئوت ـ چۆپلەر مول ئىدى . 1916 ـ يىلى ، بۇ جايدا بىر هۆكۈمەت قونالغۇسى بار بولۇپ ، ئەتراپىدا ئاهالە يوق ئىدى . قۇمبۇلاقتىن تاچوزاغا 102 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 370 مېتىر ئېگىز ، كۆلئۆتەڭدىن 30 مېتىر تۆۋەن . تاچوزا ئۆتىڭى هازىرقى تاشيولدىن 20 يول تۆۋەندە بولۇپ ، جىلغا بىلەن شىخونىڭ چېگرىسى ، بۇ جايدا بىرلا قونالغۇ بار ئىدى . تاچوزىدىن 40 يول ماڭسا ئىپتى دەرياسىغا كېلىدۇ ، دەريادا كۆۋرۈك يوق ، ئۇنىڭ ئورنى هازىرقى تاشيولدىن 12 يول شىمالدا ئىدى ، ئىپتى دەرياسى ( خەنزۇچە گورتو دەرياسى دېيىلىۋاتىدۇ) ① كىچىكىنىڭ كەڭلىكى 5 يول كېلىدۇ ، سۇ يېيىلىپ ئاقىدۇ .

ئىپتى دەرياسى تەڭرىتاغنىڭ بىر قىسمى بولغان بولخنۇر تېغىنىڭ قاپتۇ چوققىسىدىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىپ ، تاللىقتىن 25 كىلومېتىر شىمالغا ئېقىپ بېرىپ ، جىرغىلاڭ دەرياسى ( هازىر چىغشور دەرياسى دېيىلىدۇ ) غا قوشۇلۇپ ، ئاندىن غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ئېقىپ ئېبىنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ ② . ئۇنىڭ يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى 313 مىليون 180 مىڭ كۇب مېتىر . ئىپتى دەرياسىغا 1937 ـ يىلى تاشيول كۆۋرۈكى سېلىنغان بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى 109.9 مېتىر . ئۇ 7.5 مېتىردىن ئىككى ئاراش ، 16.3 مېتىردىن بەش ئاراش بولۇپ ، جەمئىي يەتتە ئاراشلىق ئىدى . ئۇنىڭ كەڭلىكى 4. 65 مېتىر . كۆۋرۈك ئېگىزلىكى 4.45 مېتىر ، ئۇلى 3.85 ~ 5.1 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن سېمونت بىلەن قوپۇرۇلۇپ چىقىلغان تاش ئۇل ، قالغان قىسمى ياغاچ ئىدى . بۇ كۆۋرۈك 1945 ـ يىلى گومىنداڭ ئارمىيىسى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ، 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتى قايتا ياساپ چىققان .

---

① ئىپتى دەرياسى ئىلگىرى « گورد » دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى . « گورد » تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرىنىڭ نامى . « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك » ، 509 ـ بەت .

② « شىنجاڭغا ساياهەت » . خەنزۇچە ، 1994 ـ يىل نەشرى ، 80 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

**ئىبنۇر كۆلى** ئىبنۇر كۆلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەشھۇر كۆللەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82° 50′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 41° 53′ قا توغرا كېلىدۇ. كۆلنىڭ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 189 مېتىر ئېگىز، كۆل يۈزى 1070 كۋادرات كىلومېتىر. ئىبنۇر كۆلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆللەر ئىچىدە چوڭلۇقى جەھەتتىن بىرىنچى ئورۇندا، جايلاشقان ئورنىنىڭ پەسلىكى جەھەتتىن ئايدىڭكۆلدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىبنۇر كۆلى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ پەس جايىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭغا بورتالا دەرياسى، قوشئەمچەك (داخېيەن) دەرياسى، جىڭ دەرياسى، ئېپتى دەرياسى، چىغشور دەرياسى (جىرغىلاڭ دەرياسى)، كۈيتۇن دەرياسى (قاراسۇ دەرياسى) قاتارلىق دەريا - ئېقىنلار قويۇلىدۇ.

ئىبنۇر كۆلى ئىلگىرى «قارا تالا ئېشكى كۆلى» دەپ ئاتىلاتتى. مەنىسى «قارا تۇتنلىق ئۆچكە» دېگەنلىك بولۇپ، كېيىن گورد دەرياسىنى موڭغۇللار «ئېپتى دەرياسى» دەپ ئاتىغاندىن كېيىن، بۇ كۆلمۇ «ئىبنۇر كۆلى» دەپ ئاتالدى.

ئېپتى دەرياسىدىن 3 يول، تاچوزىدىن 43 يول ماڭسا تاللىققا كېلىدۇ. تاللىق دېڭىز يۈزىدىن 450 مېتىر، تاچوزىدىن 40 مېتىر ئېگىز. تاللىق قەدىمىي ئۆتەڭ بولۇپ، بۇ جايدا بىر قونالغۇ بار، ئاھالە يوق ئىدى. تاللىقتىن چىغشورغا 100 يول كېلىدۇ. چىغشور سازلىق، ئوت - چۆپلۈك جاي بولۇپ، موڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان كەنت ئىدى. ئەينى چاغدا، ئۇ شىخونىڭ غەربىدىكى چوڭ بازار بولۇپ، ئۇ يەردە بەش قونالغۇ، 40 نەچچە ئۆيلۈك سودىگەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى دۆڭبۇلاق (گاۋچۈەن) تىن 10 يول شىمالدا. ئىلگىرى بۇ جاي توپىسى شور، چىغلىق جاي بولغاچقا، چىغشور دەپ ئاتالغان.

ئىلىدىن چىغشورغا 782 يول بولۇپ، چىغشور ئۈرۈمچى - ئىلى يولىنىڭ ئوتتۇرىسى ھېسابلىناتتى. ئەينى زاماندا:

توغراق چازا كۆلئۆتەڭ،
تاچوزىدا بىرلا دەڭ.
ئۆتسە تاللىق، چىغشوردىن،

يول بولىدۇ تەڭمۇتەڭ .

دېگەن قوشاقلار تارقالغان .

چىغشوردىن شىخو ( قاراسۇ) غا 76 يول بولۇپ ، بۇ ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

چىغشوردىن 4 يول ماڭسا ، جىرغىلاڭ دەرياسى ( چىغشور دەرياسى دېيىلىۋاتىدۇ ، خەنزۇلار سىكېشۇخې دەپ ئاتايدۇ ) غا كېلىدۇ . بۇ دەريا تەڭرىتاغنىڭ بىر قىسمى بولغان ئېرەن قابىرغا تېغىدىكى ئېپتو ، چاقتۇ ، قۇربان چوققىلىرىدىن باشلىنىپ ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ ئېپتى ، كۇيتۇن دەريالىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئىبنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 921 كۋادرات كىلومېتىر ، 25 يىل ئۆلچەپ خۇلاسىلەنگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $9.14m^3/s$ ، يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 289 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ كۆپ يىلى ( 1962 ـ يىلى ) 376 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1957 ـ يىلى ) 227 مىليون كۇب مېتىر بولغان . دەريا كېچىكنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 5 يول كېلىدۇ ، ئىلگىرى دەريادا كۆۋرۈك يوق ئىدى ، 1936 ـ يىلى تاشيول كۆۋرۈكى سېلىنغان . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 186.8 مېتىر بولۇپ ، 37 ئاراشلىق ئىدى ، ھەر بىر ئاراش 5 مېتىردىن كېلەتتى . كۆۋرۈكنىڭ كەڭلىكى 4.7 مېتىر ، ئېگىزلىكى 3.8 مېتىر بولۇپ ، پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسالغانىدى .

چىغشوردىن پىرتاژىغا 24 يول كېلىدۇ ، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى تاشيولدىن 12 يول شىمالدا . 1916 ـ يىلى بۇ جايدا ئىككى قونالغۇ ، توققۇز ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . گەنخېزىغا 50 يول كېلىدۇ ، گەنخېزىغا كەلگەندە كونا هارۋا يولى ھازىرقى تاشيولغا قوشۇلىدۇ . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى بۇ جايدا بىر قونالغۇ بار بولۇپ ، ئەتراپىدا يۇلغۇن كۆپ ئىدى .

شىخوغا 76 يول كېلىدۇ ، جىڭدىن شىخوغا 324 يول ، ئىلىدىن شىخوغا 858 يول كېلىدۇ . شىخو مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن ، ئۇ ئىلى ، ئالتاي ، چۆچەك يوللىرىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان . بۇ ھەقتە مۇنداق قوشاقلار تارقالغان :

شىخو يولى ئۈچ ئاچا ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرى چۆچەك، ئۈرۈمچى.
ئىلىخودىن بارغانىڭ،
پۇتىدا بار تىزلامچى.

شىخو دېڭىز يۈزىدىن 500 مېتىر، تاللىقتىن 50 مېتىر ئېگىز.

## شىخو ناھىيىسى

شىخو خەن سۇلالىسى ۋە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرلىرىدە ھۇنلارغا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى يىللىرى قاڭقىللار (ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى) غا، جۇ سۇلالىسى يىللىرى تۈركلەرگە، سۇي سۇلالىسى يىللىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئۇنى ئۇيغۇرلار ئىگىلەپ كەلگەن. مىڭ سۇلالىسى يىللىرىغا كەلگەندە، جۇڭغارلارنىڭ مال باقىدىغان جايىغا ئايلانغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى (1762 ـ يىلى)، خان ئامبال تەسىس قىلىنغان ۋە قوشۇن تۇرغۇزۇلغان، 1763 ـ يىلى چىڭسۇي قەلئەسى ياسالغان، 1772 ـ يىلى يەنە ئاغلاقچى ئامبال ۋە ياردەمچى ئامبال تەسىس قىلىنغان. 1783 ـ يىلى چىڭسۇي قەلئەسى يېنىغا يېڭى قەلئە ياسىلىپ، «قاراسۇ» دەپ ئاتالغان. قەلئە سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.1 يول كېلەتتى. ئۇ يەردە كېيىن ياردەمچى ئامبال ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاشلىق باشقۇرغۇچى ئامبال تەسىس قىلىنغان ۋە ئۈرۈمچى باش بۇغىغا قارايدىغان بولغان.

1886 ـ يىلى ئاشلىق ئامبىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «قاراسۇ بىۋاستە قاراشلىق نازارىتى» تەسىس قىلىنىپ، ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولغان. 1913 ـ يىلى قاراسۇ بىۋاستە قاراشلىق نازارىتى «ۋۇسۇ ناھىيىسى» گە ئۆزگەرتىلىپ تارباغاتايغا قارايدىغان بولدى. ئەينى ۋاقىتتا، ناھىيە بويىچە 7 مىڭ 617 تۇتۇن، 3805 نوپۇس بار ئىدى. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى شىخونى ئازاد قىلدى. 1986 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە، ئۇ يەردە 12 يېزا، ئۈچ بازار بار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 147 مىڭ 660. شىخو بازىرىدىكى نوپۇسى 28 مىڭ 660 ئىدى.

**شىخو دېگەن ئىسىم توغرىسىدا** ھازىر شىخو دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بۇ جاي

ئىلگىرى «قاراسۇ» دەپ ئاتىلاتتى. «ۋۇسۇ» ئەسلى «قارا سۇ» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى. تاڭ سۇلالىسى يىللىرى (مىلادىيە 657 ـ يىلى) ئۇ يەردە قورۇل تەسىس قىلىنىپ، ئۇنى «قاراسۇ قورۇلى» دەپ ئاتىغان. ھازىرمۇ شىخوغا قاراشلىق كونا چەيپەيزە يېنىدا قاراسۇ دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر كەنت بار. شىخو ئەسلى ھازىرقى شىخونىڭ 20 يول غەربىدىكى بىر سازلىق كەنتىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ «غەربىي سازلىق» دېگەنلىك بولىدۇ. شىخو دەپ ئاتالغان بۇ يېزا ھازىرمۇ شۇ نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ ①.

## شىخو ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

شىخو ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82°29′ ~ 85°16′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 42°29′ ~ 43°29′ ئارىلىقىغا جايلاشقان، كۆلىمى 13 مىڭ 728.6 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇرۇمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 268 كىلومېتىر، يېرى جەنۇبتىن شىمالغا پەسىيىپ بارىدۇ. تاغلىق رايوننىڭ 3000 مېتىردىن ئېگىز جايلىرى 15.8 پىرسەنتنى، ئوتتۇرا ھال تاغلىق رايوننىڭ 1000 ~ 3000 مېتىردىن ئېگىز جايلىرى 15.76 پىرسەنتنى، ئېدىرلىقنىڭ 500 ~ 1000 مېتىرغىچە ئېگىز جايلىرى 12 پىرسەنتنى، تۈزلەڭلىك 44.6 پىرسەنتنى، قۇملۇق 11.8 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. 1985 ـ يىلىدىكى تېرىلغۇ يەر 35 مىڭ 467 گېكتار، تەبىئىي ئوتلاق 147 مىڭ 580 گېكتار. 1985 ـ يىلىدىكى ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 167.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.2℃، 1 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 16.7℃، 7 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى 28.6℃ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 38.4℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 26℃، قىروسىز مەزگىلى 166 كۈن. ئۇ يەردە يەنە كان مەھسۇلاتلىرى، دورا ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلار تۈرىمۇ كۆپ.

شىخودىن 20 يول ماڭسا كۈيتۇن دەرياسى (قاراسۇ دەرياسى) غا كېلىدۇ. دەريا ئېقىنى 7 ~ 8 يول كەڭلىكتە بولۇپ، كۆۋرۈك يوق ئىدى. يولۇچىلار سۇ كېچىپ ئۆتەتتى. كەلكۈن ۋاقتىدا ۋاقىتلىق قاتناش ئۈزۈلۈپ

① «شىنجاڭدا يەرلىك ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە يەر ناملىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 173 ـ، 174 ـ بەتلەر؛ «شىنجاڭغا ساياھەت»، 1990 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 77 ـ، 78 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

قالدىغان چاغلارمۇ بولۇپ تۇراتتى .

**كۆيتۇن دەرياسى**① تەڭرىتاغنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىرەن قابىرغا تېغىنىڭ بولخنۇر داۋىنىدىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىپ ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ ، شىخو ناھىيىسىنىڭ شەرقى بىلەن ئېقىپ ئۆتۇپ ، قاراسۇ كەنتى ئەتراپىغا بارغاندا غەربكە بۇرۇلۇپ ، باباس كەنتىدىن ئۆتۇپ ، جىرغىلاڭ دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئىبنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 71 كىلومېتىر ، سۇ يىغىش مەيدانى 1945 كۋادرات كىلومېتىر . 18 يىل ئۇدا ئۆلچەپ چىقىرىلغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $20m^3/s$ ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 629 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ كۆپ يىلى ( 1977 ـ يىلى ) 703 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1961 ـ يىلى ) 529 مىليون كۇب مېتىر بولغان .

**كۆيتۇن دەرياسى كۆۋرۈكى** 1937 ـ يىلى كونا كۆيتۇن دەرياسى كېچىكىدىن 15 يول جەنۇبقا كۆيتۇن تاشيول كۆۋرۈكى سېلىندى . 1935 ـ يىلى يازدىن باشلاپ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش باشلانغانىدى . شىخو ناھىيىسىنىڭ ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن 1200 تال ياغاچ توشۇلدى ، توشۇش باھاسى 4 مىليون سەر تەڭگە بولغان . ياللانما ئىشچى 250 نەپەر ، تاش توشۇشقا قاتناشقان هارۋا سەككىز بولغان . شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ماتېرىيال توشۇش ئىشى تاماملىنىپ ، 1937 ـ يىلى كۆۋرۈك پۈتۈپ قاتناش باشلانغان . كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 212.7 مېتىر ، كەڭلىكى 7 مېتىر ، ئېگىزلىكى 3.8 مېتىر بولۇپ ، 10 ئاراشلىق ئىدى . 1940 ـ يىلى بۇ كۆۋرۈكنى يەنە بىر قېتىم ياسىغان . 1942 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كۆيتۇن كۆۋرۈكىنى قايتىدىن ياسىغان . قايتا ياسالغان بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 64 مېتىر ، كەڭلىكى 8 مېتىر ، ئېگىزلىكى 7.1 مېتىر ئىدى . 1945 ـ يىل 8 ـ ئايدا ، كۆۋرۈكنى تاشقىن ئېقىتىپ كەتكەن . 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتى كۆۋرۈكنى قايتا ياساتقان . شىخودىن كۆيتۇنگە 30② يول كېلىدۇ . بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 460 مېتىر ئېگىز ، شىخودىن 40 مېتىر تۆۋەن . كونا كۆيتۇن هازىرقى كۆيتۇن شەھىرىدىن 18

---

① كۆيتۇن دەرياسى ئىلگىرى « قارا سۇ دەرياسى » دەپ ئاتىلاتتى .

② كۆيتۇن — كۆيتۇندىن ئۆزگەرگەن تۈركىي تىل بولۇپ ، « خىلۋەت جاي » دېگەن مەنىدە . « ئۇيغۇرچە ـ تۈركچە لۇغەت » . 477 ـ بەت .

يول غەربتە ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى، بۇ جايدا بىر هارۋا چۈشىدىغان چوڭ قونالغۇ ۋە ئۈچ كىچىك قونالغۇ بار ئىدى. يېقىن ئەتراپتا پاكار - پاكار دەرەخلەر بار ئىدى.

# كۈيتۇن شەھىرى

1755 - يىلى چىڭ سۇلالىسى كۈيتۇندە ھەربىي پونكىت، گازارمىلارنى قۇرغان، كېيىن ھەربىي پونكىت، گازارمىلار بىكار قىلىنىپ رابات تەسىس قىلىنغان. 1912 - يىلى كۈيتۇن راباتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1913 - يىلى شىخو ناھىيىسىگە قارايدىغان بولدى ۋە كۈيتۇن كەنتى دەپ ئاتالدى. 1957 - يىلى بىڭتۇەن 7 - دىۋىزىيىسى تۇرۇشلۇق جاي بولدى. 1975 - يىل 8 - ئايدا، ئىلى ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولدى. شۇ يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى كۈيتۇن شەھىرىگە كۆچۈرۈپ كېلىندى. 1979 - يىل 10 - ئايدا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى يەنە غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈرۈپ كېتىلدى.

## كۈيتۇن شەھىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

كۈيتۇن شەھىرى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 84°47′ ~ 85°15′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 44°20′ ~ 44°47′ ئارىلىقىغا جايلاشقان. شەھەرگە قاراشلىق رايوننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 540 كۋادرات كىلومېتىر، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 247 كىلومېتىر. ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغقا، غەربىي قىسمى كۈيتۇن دەرياسىغا، شىمالىي قىسمى جۇڭغار ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ. يېرى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا پەسىيىپ بارىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 180 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1700 مىللىمېتىر، قىروسىز مەزگىلى 170 ~ 180 كۈن. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7℃، 7 - ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى 26℃، 1 - ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 17℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.8℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 36.4℃ بولىدۇ. كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2690 سائەت. تېرىشقا بولىدىغان يەر 13 مىڭ 330 گېكتار، يايلاق ۋە ئوتلاق 43 مىڭ 330 گېكتار. يەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرى ، شىمالىي قىسمىدا يەر ئاستى سۈيىنىڭ چوڭ-قۇرلۇقى 2 ~ 4 مېتىرلا كېلىدۇ .

كۈيتۈندىن سۇساتارغا 60 يول كېلىدۇ . سۇساتار كۈيتۈن بىلەن يەنسىخەي ئارىسىدىكى سۇسىز چۆللۈك بولۇپ ، ئەينى چاغدا بۇ جايدا سىدىق ئىسىملىك بىر كىشى قۇدۇق قېزىپ ، يولۇچىلارغا سۇ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلغانىكەن . شۇڭا ، بۇ جاي سۇساتار دەپ ئاتالغان . ھارۋىكەشلەر بۇ جاينى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :

كۈيتۈن دېگەن ئۆتەڭنىڭ ،
بەكمۇ يامان پاشىسى .
سۇ ساتارنىڭ چۆلىدە .
قالدى ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى .

سۇساتارنىڭ چۆلىدە ،
بىر قاپاقسۇ بىر تەڭگە .
سەن ۋەدەڭگە ۋاپا قىل ،
ئېپپارىمەن چاشتەڭگە .

يەنسىخەيگە يەتكۈچە ،
سۇساتاردا ھاردى ئات .
سۇساتارنىڭ چۆلىگە ،
يېنىپ كەلمەسمەن پەندىيات .

تورما بىردەم بۇ يەردە ،
ئاتقا يەم بەر ھارۋا قات .
تورۇپ قالساڭ بىرەر كۈن ،
جېنىڭ چىكەر داد ـ پەرياد .

1916 ـ يىلى بۇ جايدا بىر قونالغۇ ، بىر ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى .

شىخودىن يەنسىخەيگە 100 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 440 مېتىر ئېگىز ، كۈيتۈندىن 20 مېتىر تۆۋەن . يەنسىخەي ئۆتىڭى ھازىرقى تاش-

يولىنىڭ يەنسىخەي كۆۋرۈكىدىن 11 يول شىمالىدا . يەنسىخەيدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي كوچا ۋە غەربىي كوچا دەپ ئىككى كوچا بار ئىدى . ئۇنىڭ بىرى دەريانىڭ شەرقىدە ، يەنە بىرى دەريانىڭ غەربىدە . شەرقىي كوچىسى قىسقا ۋە نامرات ، غەربىي كوچىسى ئۇزۇن ۋە باي ئىدى . ئۇ يەردە ئۈچ قونالغۇ ، سودىگەر ۋە ئاھالىلەر بولۇپ ، 40 ~ 50 ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇدۇق بولۇپ ، ئۇنىڭ سۈيى تۇزلۇق ، ئىچىشكە بولمايتتى . ئىچىدىغان سۇنى ئۇلاغ بىلەن توشۇپ كېلەتتى . ئۇ يەردە يەنە قاراۋۇلخانا ۋە ئەسكەرلەر بار ئىدى .

**بايىنغۇل دەرياسى** ئېرەن قابىرغا تېغىنىڭ مۇزلۇقلىرىدىن باشلىنىپ ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ كېگەن كۆرە ، يەنسىخەي ، شايېدىلەردىن ئۆتۈپ ، ماناس دەرياسىغا قوشۇلۇپ ماناس كۆلىگە قۇيۇلاتتى . ھازىر ئۇ باش قىسمىدىلا تىزگىنلىنىپ كېتىدىغان بولدى . بايىنغۇل دەرياسىنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 1579 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر . 21 يىل ئۇدا ئۆلچەپ چىقىرىلغان ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $9.82m^3/s$ ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 310 مىليون كۇب مېتىر . ئەڭ كۆپ يىلى (1962 ـ يىلى ) 404 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1975 ـ يىلى ) 282 مىليون كۇب مېتىر بولغان . ئىلگىرى دەريادىن كېچىپ ئۆتەتتى . 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى دەرياغا تاشيول كۆۋرۈكى سېلىندى . بۇ كۆۋرۈكلەردىن ھارۋا ۋە ئۇلاغلارنى ئۆتكۈزمەيتتى .

يەنسىخەيدىنساندۇخوزىغا ( يېڭى ساۋەن ) 62 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 525 مېتىر ، يەنسىخەيدىن 85 مېتىر ئېگىز . يەنسىخەي بىلەن ساندۇخوزا ئارىلىقىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىستىھكاملىرى بار ئىدى .

## ساۋەن ناھىيىسى

ساۋەن ناھىيىسى ئىلگىرى ماناس ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى . 1915 ـ يىلى ئايرىم ناھىيە بولۇپ ، ساۋەن ناھىيىسى دەپ ئاتالدى . دەسلەپتە ناھىيە مەركىزى ھازىرقى قاراماي شەھىرى ئەتراپىدىكى شاۋگەينىڭ خېشى دېگەن يېرىدە ئىدى . 1955 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلىرى نازارىتى ساۋەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنى شاۋگەيدىن ساندۇخوزىغا يۆتكەش توغرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى. 1974 ـ يىلدىن ئىلگىرى، ساۋەن ناھىيىسى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قارايتتى، 1975 ـ 1977 ـ يىللىرى شىخەنزە رايونىغا قارىدى. 1978 ـ يىلىدىن بۇيان يەنە تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى. 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە، ساۋەن ناھىيىسىدە 13 يېزا، بىر بازار بار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 154 مىڭ 600، ساندۇخوزا بازىرىدا 13 مىڭ 82 نوپۇس بار ئىدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ جاي بىر ئۆتەڭ بولۇپ، قونالغۇ ۋە 20 ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. 1945 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە مىللىي ئارمىيە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى ساندۇخوزىدا بولغان.

ساۋەن ئەسلى ھازىرقى ساۋەندىن 80 يول شىمالدىكى بىر يېزىنىڭ نامى بولۇپ، يېڭى قۇرۇلغان ناھىيىگە شۇ نامى بەرگەن.

## ساۋەن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

ساۋەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى تەڭرىتاغقا، شىمالى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ. ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 84° 57′ ~ 86° 09′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 43° 20′ ~ 45° 56′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىڭ 991.5 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە تەۋەسىدە بىڭتۇەننىڭ 12 دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 338 مىڭ 400 گېكتار يېرى بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 23.59 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 185 كىلومېتىر. يېرىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، دېڭىز يۈزىدىن 256 ~ 5242 مېتىر ئېگىز تاغلىق رايون 13.3 پىرسەنتىنى، تاغ ئالدىدىكى ئېدىرلىق 18.5 پىرسەنتىنى، يەلپۈگۈچسىمان تىنما يەر 17.3 پىرسەنتىنى، تىنما تۈزلەڭلىك 14.9 پىرسەنتىنى، قۇملۇق 12 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.5°C، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 43.1°C، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 42.3°C، كۈننىڭ يورۇش ۋاقتى 2878 سائەت. قىروسىز مەزگىلى 160 ~ 190 كۈن. ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 140 ~ 350 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2223 مىللىمېتىر. ئۇ يەردە يەنە كۆمۈر، ھاكتېشى، تۆمۈر قاتارلىق كان بايلىقلىرى، بۇغا، جەرەن، ئۇلار، سۇغۇر قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ماناس دەرياسى ماناس ناھىيىسى بىلەن ساۋەن ناھىيىسىنىڭ چېگرا دەرياسى بولۇپ، ساۋەن ناھىيىسى ئۇنىڭدىن 74%، يەنى 962 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر سۇ ئالىدۇ.

ئۆنـــگـدــن باشقا ناھىيە تەۋەسىدىكى 11 دەريا ۋە 11 بۇلاقنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 724 مىليون 70 مىڭ كۇب مېتىر .

ساۋەنـدــن ئالائۇسـۇنغا 98 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 440 مـېتـىر ئېگىز ، ساندۇخوزىدىن 85 مېتىر تۆۋەن . 1916 ـ يىلى بۇ جايدا ئىككى قـونالغۇ ، دۇكان ۋە 20 نەچچە ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . ئالائۇسۇن يەر شەكلى ئويمان جاي . بۇ جايدا ئەينى چاغدا مۇنداق قوشاق تارقالغان :

ساندۇخوزا ، ئالائۇسۇن ،
ھارۋىكەشكە نېمە يول .
شىخەنزىدە ، ماناستا ،
سەن ئۆزۈڭگە مەھكەم بول .

ئالائۇسۇندىن ماناسقا 66 يول ، شىخەنزىگە 34 يول كېلىدۇ .

## شىخەنزە شەھىرى

شـىخەنزە شەھىرى دېڭىز يۈزىدىن 460 مېتىر ، ئالائۇسۇندىن 20 مېتىر ئېگـىـز . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى شىخەنزىدە قونالغۇ ، دۇكان ۋە 20 نەچچە ئۆيـلـۈك ئادەم بـار ئىـدى . ئۈچ ۋىلايـەت ئىنقىلابى يىللىرى مىللىي ئارمىيە ئالـدىـنـقـى سـەپ پـولـك شـتـابى مۇشۇ جايدا تۇرغان . 1950 ـ يىلدىن باشلاپ ، شـىـنـجاڭ ئىشـلـەپچىقىرىـش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 8 ـ دىۋىـزىيـەسىنىڭ بوز يـەر ئـۆزلـەشـتـۈرۈش رايـونـى بـولـدى . 1976 ـ يـىـل 1 ـ ئايدا ، شىخەنزە ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى . ۋىلايەت مەركىزى جايلاشقان شىخەنزىگە شىخەنزە شـەھـىرى تـەسىس قىلىندى . 1978 ـ يىلى شىخەنزە ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلـۇپ ، شـىـخـەنـزە شـەھـىرى ئاپـتـونـوم رايونغا بىۋاسىتە قارايدىغان ناھىيە دەرىـجـىـلـىك شەھەر بولدى . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، شىخەنزە شەھـىرى تـەۋەسـىـدە بـىـر يـېـزا ، تـۆت مەھەللە ئىش باشقارمىسى بار ، ئومۇمىي نوپۇسى 210 مىڭ ئىدى .

### شىخەنزە شەھىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

شـىـخـەنـزە شـەھىرى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86° 02′10″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 41° 18′00″ قا توغرا كېلىدۇ ، دېڭىز يۈزىدىن 460 مېتىر ئېگىز . ئومۇمىي كۆلىمى 460 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۇزۇنچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 150 كىلومېتىر . يېرىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا يانتولۇقى 100 ∕ 2 ، شەرقتىن غەربكە يانتۇلۇقى 1000 ∕ 9 . تېرىلغۇ يەر 30 مىڭ 173 گېكتار بولۇپ ، ئومۇمىي يەرنىڭ 65.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ . ئورمان 8860 گېكتار ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 19.29٪ ، شەھەرنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 33.8٪ كە يەتكەن ، سۈيى مول . ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 42.8 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 39.8 ℃ ، قىروسىز مەزگىلى 165 كۈن ، كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2809 سائەت . ئالائۇسۇندىن ماناس دەرياسىغا 60 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ( 1945 — 1949 - يىللىرى ) ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭنىڭ چېگرىسى ئىدى . ماناس دەرياسى تەڭرىتاغ ئوموڕتقىسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 4900 مېتىر ئېگىز مۇزداۋان ۋە چاغانسالا داۋانلىرىدىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىپ ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ ماناسنىڭ شەرقى بىلەن ئۆتۈپ ، غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ ماناس كۆلگە قۇيۇلىدۇ . ئۇنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 5156 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 190 كىلومېتىر . 24 يىل ئۇدا ئۆلچەپ چىقىرىلغان ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $40.5m^3 / s$ ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 300 مىليون 270 مىڭ كۇب مېتىر ، ئەڭ كۆپ يىلى ( 1969 - يىلى ) 1 مىليارد 560 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1976 - يىلى ) 1 مىليارد 90 مىليون كۇب مېتىر بولغان .

ماناس دەرياسى ئىلى - ئۈرۈمچى يولىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا بولۇپ ، ئىلگىرى ئۇنىڭدا كۆۋرۈك يوق ئىدى . كەلكۈن مەزگىلىدە قاتناش توختاپ قالاتتى . 1930 - يىلى قىشتا ماناس دەرياسىغا تۇنجى كۆۋرۈك ياسالغان . 1939 - يىلىدىن باشلاپ قايتىدىن كۆۋرۈك ياساشقا كىرىشىپ ، 1941 - يىلى تاماملانغان . كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 241 مېتىر ، ئېگىزلىكى 10 مېتىر ، ئۈلى سېمونت بىلەن تاشتىن قويۇرۇلغان . ئۈلىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 4 مېتىر . كۆۋرۈك دىڭگەكلىرى كەلكۈن ۋاقتىدىكى سۇ يۈزىدىن ئېگىز قىلىپ ياسالغان . كۆۋرۈك ئۈستى قىسمى ياغاچتىن ياسالغان . ئۇنىڭغا سەرپ قىلىنغان

گـۈڭ 70 مـىـڭ ، ئـەمـەلـىـي چـىقىم 310 مىڭ 588 سوم 94 تىيىنبولغان ① . كـۆۋرۈك 1945 ـ يـىـلـى بـۇزۇۋېـتـىـلـگـەن ، 1950 ـ يـىـلـى يـاسـاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن .

ئابدۇلكام چولاق دەيدۇ ،
مۇشۇ شەھەردە ئېتى بار .
ماناسلىقتىن سوراپ باق ،
كۆۋرۈكىدە خېتى بار .

## ماناس ناھىيىسى

مـانـاس خەن سۇلالىسى ۋە ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرلىرىدە ھۇنلارغا ، شىـمـالـىـي ۋېـي سـۇلالـىـسـى يىللىرىدا قاڭقىللارغا ، شـىـمالـىـي سۇلالە دەۋرىـدە تـۈركـلەرگە ، سۇڭ سۇلالىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلـىـرىـغا تەۋە بولغان ، مىڭ سۇلالىسى يىللىرى موڭغۇللارنىڭ يايلىقى بولغان . 1763 ـ يـىـلـى بۇ يەرگە سۈيلەي قورغىنى ياسالدى . 1777 ـ يىلى يانبالىغ شۇن قـەلئەسـى خـارابـىـسـىـنىڭ غەربىگە يەنە ئىككى قەلئە ياسالدى . شىمالدىكىسى كاڭجى قەلئەسى ، جەنۇبتىكىسى سۈينىڭ قەلئەسى دەپ ئاتالدى . ئەينى چاغدا ئـىـكـكى قەلئە ئارىسىدا بىر چوڭ قوۋۇق بار ئىدى . 1778 ـ يىلى سۈيلەي ناھىـيـىـسـى تـەسـىـس قـىـلـىـنـىـپ ، ئۈرۈمچى ئايمىقىغا قارايدىغان بولدى . ئامبال مـەھـكـىـمـىـسى كاڭجى قەلئەسىگە كۆچۈرۈلدى . سۈيلەي ناھىيىسى يېڭى قۇرۇلـغـانـدا بـۇگـۈنكى ماناس بىلەن ساۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . 1884 ـ يىلى كـاڭـجى ، سۈينىڭ ۋە سۈيلەي قەلئەلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر قەلئە قىلىنىپ ، ئۇ سـۈيـلەي قەلئەسى دەپ ئاتالدى . ئامبال مەھكىمىسى كاڭجىدىن ئەسلىدىكى سۈينىڭ قەلئەسى ئورنىغا كۆچۈرۈلدى . 1915 ـ يىلى ساۋەن ئايرىلىپ چىقىپ ئايـرىـم نـاھـىـيـە بـولـدى . سـۈيـلـەي دېـگـەن ئـىـسىم مەنە جەھەتتىن ياخشى بـولـمىغاچقا ، 1953 ـ يىلى ماناس ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن . ماناس ناھىيىسى 1914 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە تەۋە ئىدى . 1958 ـ يىلدىن كـېيىن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولدى . 1986 ـ يىلدىكى

① « شىنجاڭ گېزىتى » ، 1941 ـ يىل 25 ـ ئىيۇل سانى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەلۇمات بويىچە ، ماناس ناھىيىسىدە توققۇز يېزا ، ئىككى بازار بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسى 139 مىڭ 400 ، ماناس بازىرىدا 19 مىڭ 572 نوپۇس ئىدى .

## ماناس ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

ماناس ناھىيىسى ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86° 12′40″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 44° 18′22″ قا جايلاشقان ، دېڭىز يۈزىدىن 470 مېتىر ئېگىز . ئومۇمىي كۆلىمى 1192.5 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۇرۇمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 126 كىلومېتىر . يېرىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئېگىز ، شىمالىي قىسمى پەس ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بولغان ئېرەن قابىرغا تېغى ھېسابلىنىدۇ . ئەڭ ئېگىز چوققىسى 5222.4 مېتىر . بۇ تاغ ئېسىل يايلاق ۋە كۆزلەكتۇر . ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكىدىكى يانتۇ تۈزلەڭلىك بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 350 ~ 630 مېتىر ئېگىز . ئۇ ناھىيىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ . شىمالىي قىسمى قۇملۇق بولۇپ ، قۇربان توڭغۇت قۇملۇقىغا تەۋە . قۇملۇق ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 53 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ . ناھىيە تەۋەسىدە ماناس دەرياسى ۋە تاش دەرياسى بار . ئۇنىڭدىن باشقا بۇلاق سۇلىرى بار ، ئومۇمىي سۇ مىقدارى 5 مىليارد 640 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.9 °C ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 42 °C ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 38 °C ، 1 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 16.8 °C ، 7 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى 25.6 °C بولىدۇ . قىروسىز مەزگىلى 165 ~ 172 كۈن . ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 173.3 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1803.5 مىللىمېتىر . كۆمۈر ، تۆمۈر ، زۇمرەت ، مىس ، ئارسىن ، كۈمۈش ، ئالتۇن ، قاشتېشى ، تۇز قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار . يەنە ياۋا ئېشەك ، سۆلەيسۇن ، سۇر بۇغا ، چىپار بۇغا قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرى كۆپ .

ماناستىن باۋجيادەنگە 20 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 480 مېتىر ، ماناستىن 10 مېتىر ئېگىز . بۇ جايدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى دۇكان ۋە ئۆيلەر بولۇپ 20 ئۆيلۈكتەك ئادەم بار ئىدى .

تاش دەرياسى قورغىنىغا 36 يول كېلىدۇ . دەريانىڭ شەرقىدە ئەينى زاماندا بىر تاش قورغان بار ئىدى ، ھازىر بۇ جاي بىر كەنت . ئىلگىرى تاش

دەرياسى بۇ قورغاننىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى.

تاش دەرياسىنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 664 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 49 كىلومېتىر. 17 يىل ئۇدا ئۆلچەپ خۇلاسىلەنگەن ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $7.16m^3/s$، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 226 مىليون كۇب مېتىر.

لوتۇيىگە 42 يول كېلىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ جايدا دۇكاندار ۋە ئاھالىلەر بولۇپ 30 نەچچە ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. لوتۇيىدىن 4 يول ماڭسا قۇتۇبى چېگرىسىغا كېلىدۇ، 62 يول ماڭسا تۇغلۇققا كېلىدۇ. بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 540 مېتىر، باۋجيادەندىن 60 مېتىر ئېگىز بولۇپ. ھازىرقى تاشيولدىن 1 يول شىمالدا. تۇغلۇق ھازىر توخولۇ دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.

**ئېشەك سويدى** ① تۇغلۇق بىلەن قۇتۇبى ئارىلىقىدىكى بىر جاي. ماناستىن قۇتۇبى دەرياسىغا 114 يول كېلىدۇ، بۇ دەريا تەڭرىتاغنىڭ مىڭغىت داۋىنىدىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ قۇتۇبى بازىرىنىڭ غەربى بىلەن ئۆتۈپ، قازانقۇم چۆلگە سىڭىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 2948 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى 120 كىلومېتىر. بەش يىل ئۇدا ئۆلچەپ خۇلاسىلەنگەن ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $15.1m^3/s$. يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 477 مىليون كۇب مېتىر، ئەڭ كۆپ يىلى ( 1958 ـ يىلى ) 568 مىليون كۇب مېتىر، ئەڭ ئاز يىلى ( 1957 ـ يىلى ) 419 مىليون كۇب مېتىر بولغان.

# قۇتۇبى ناھىيىسى

## قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

قۇتۇبى ناھىيىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق $86°05' \sim 87°$ ۋە شىمالىي كەڭلىك $43°07' \sim 45°20'$ ئارىلىقىغا توغرا جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 8743.5 كۋادرات كىلومېتىر، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 76 كىلومېتىر. يېرى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ. جەنۇبىدىكى تاغلىق رايون ئوتتۇرا ھېساب بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 2400 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز، كۆلىمى 2969.3 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، يەر كۆلىمىنىڭ 31.6 پىرسەنتىنى

---

① ئېشەك سويدى — ھازىر « ۋۇگوڭ » دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى »، 1995 ـ يىل 20 ـ سېنتەبىر سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىگىلەيدىغان ياخشى ئوتلاق ھېسابلىنىدۇ . ئوتتۇرا قىسمى تىنما تۆزلەڭلىك ، كۆلىمى 4058.3 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، يەر كۆلىمىنىڭ 43.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ ھەمدە ناھىيىنىڭ ئاساسلىق تېرىقچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ . شىمالىي قىسمى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ بىر قىسمى ، ئۇنىڭ كۆلىمى 2366 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، يەر كۆلىمىنىڭ 25.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ . تېرىلىشقا بولىدىغان يەر 619 مىڭ 333 گېكتار ، ئورمان 24 مىڭ گېكتار . ئەڭ ئېگىز چوققىسى خېۋەن چوققىسى بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 5290 مېتىر ئېگىز . ناھىيە بويىچە ئىككى دەريا ، يەتتە بۇلاق بار . ئىككى دەريانىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 521 مىليون 220 مىڭ كۇب مېتىر . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 2.9℃ ~ 6.8℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 36℃ ~ 43.1℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 30℃ ~ 42.8℃ ، قىروسىز مەزگىلى 129 ~ 176 كۈن ، كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2900 سائەت . ھۆل - يېغىن مىقدارى 110 ~ 400 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2300 مىللىمېتىر . ناھىيە تەۋەسىدە كۆمۈر ، ئوتقا چىداملىق توپا ، كىپەك ئالتۇن ، قاشتېشى قاتارلىقلار بار ، يەنە سۇر بۆغا ، يىلپىز ، ياۋا ئېشەك ، ياۋا چوشقا ، ئۆلار ، ئاققۇ قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ھەمدە ھەرخىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى بار .

قۇتۇبى ئىلگىرى ئۇيغۇرچە « قۇتتاپا » ( بەخت تاپار ) ، خەنزۇچە « 古塔巴 » ( گۇتابا ) دەپ ئاتىلاتتى . « يۈەن سۇلالىسى تارىخى . جۇغراپىيە تەزكىرىسى » دە « 古塔巴 » دەپ خاتىرىلەنگەن . « گۇتابا » قۇتتاپانىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر .

قۇتۇبىدىن قارىياغاچلىققا ( ھازىر يۈيشگو دېيىلىدۇ ) 44 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 11 ئۆيلۈك ئادەم ۋە قونالغۇ بار ئىدى . قۇتۇبىدىن 55 يول ماڭسا قومۇشلۇق ( ھازىر لۇساۋگو دەيدۇ ) قا كېلىدۇ . بۇ جايدا ئەينى يىللاردا بىر خارابە قورغان ، قورغاننىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى يول ياقىسىدا ئىككى ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى .

سەنتوڭخې دەرياسى 64 يول كېلىدۇ . سەنتوڭخې دەرياسى ( ئوتقۇلۇن دەرياسى — دوراگۇل دەرياسى دېگەن مەنىدە )

خەنزۇچە « 洛克伦河 » ( لوكېلۇنخې ) دەپ ئاتىلاتتى ①. لوكېلۇن « ئۆتقۇلۇن » نىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. سەنتۇڭخې دېگەن خەنزۇچە يەر نامىغا كەلسەك، 1777 ـ يىللىرى چىڭ سۇلالىسى ھازىرقى تۇدۇڭخې ( سانجى دەرياسى )، ئەرتۇڭخې (سەنتۇڭخېنىڭ بىر تارمىقى)، سەنتۇڭخې ( ئۆتقۇلۇن دەرياسى ) دەريالىرى ئەتراپىغا ئاھالە كۆچۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلغان چاغلاردا قويغان ناملار بولۇپ، تۇدۇڭخې « بىرىنچى بوز يەر ئېچىش دەرياسى »، ئەرتۇڭخې « ئىككىنچى بوز يەر ئېچىش دەرياسى »، سەنتۇڭخې « ئۈچىنچى بوز يەر ئېچىش دەرياسى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سەنتۇڭخې دەرياسى تەڭرىتاغدىكى تەڭگىر داۋىنىنىڭ غەربىدىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ، سانجىنىڭ غەربى بىلەن ئۆتۈپ، قۇربان تۇڭغۇت چۆللىگە قويۇلىدۇ. بۇ دەريانىڭ 13 يىل ئۇدا ئۆلچەپ خۇلاسىلەنگەن ئوتتۇرچە ئېقىن مىقدارى $9.85m^3/s$ ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 311 مىليون كۇب مېتىر، ئەڭ كۆپ يىلى ( 1966 ـ يىلى ) 404 مىليون كۇب مېتىر، ئەڭ ئاز يىلى ( 1974 ـ يىلى ) 230 مىليون كۇب مېتىر بولغان. بۇ دەريالاردا ئىلگىرى كۆۋرۈك يوق ئىدى. 1930 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى تاشيول كۆۋرۈكى سېلىنغان. قۇتۇبىدىن سانجىغا 78 يول كېلىدۇ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 610 مېتىر، قۇتۇبىدىن 90 مېتىر ئېگىز.

## سانجى شەھىرى

سانجى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە قاڭقىللارغا، شىمالىي خانلىقلار دەۋرىدە تۈركلەرگە تەۋە بولغان. ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بەش شەھىرىنىڭ بىرى ئىدى. مىڭ سۇلالىسى يىللىرىغا كەلگەندە، موڭغۇللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27 ـ يىلى ( مىلادىيە 1762 ـ يىلى ) بۇ جايغا نىڭبيەن قەلئەسى ياسالدى. ئورنى ھازىرقى سانجى ناھىيىسى ئەرلىيۇگۇڭ يېزىسى ئورنىدا ئىدى. قەلئە ئايلانمىسى ئۈچ يېرىم يول كېلەتتى. شۇ يىلى

① « شىنجاڭغا ساياھەت »، 1994 ـ يىلى نەشرى، 72 ـ بەت ۋە « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى »، 1995 ـ يىل 20 ـ سېنتەبىر سانى.

www.uyghurkitap.com

دەسلەپتە نىڭبىيەن ئايماق بېگى تەسىس قىلىندى . كېيىن سەييارە ئامبال تەسىس قىلىندى . 1773 ـ يىلى نىڭبىيەن قەلئەسى ئورنىدا سانجى ناھىيىسى تەسىس قىلىندى . كېيىن ناھىيە ئامبال مەھكىمىسى ھازىرقى ئورنىغا ( شەھەرگە ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇنقى كونا ناھىيە قەلئەسى ئورنىغا ) يۆتكەلدى . ئەينى چاغدا سانجى ناھىيىسىدە 1 مىڭ 768 تۈتۈن ، 9 مىڭ 801 نوپۇس بار ئىدى . ئۇ شەرقتىن غەربكە 80 يول ، جەنۇبتىن شىمالغا 390 يول كېلەتتى . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى سانجى بازىرىدا دۇكاندار ۋە ئاھالىلەر بولۇپ 200 ئۆيلۈكتەك ئادەم بار ئىدى .

سانجى دەسلەپتە ئۈرۈمچىنىڭ بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىغا ، كېيىن ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە ، ئۈرۈمچى مەمۇرىي رايونىغا ، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قارىدى . 1954 ـ يىلدىن كېيىن سانجى خۇيزۇ ئوبلاستىغا قارىدى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ كەلدى . 1983 ـ يىلى سانجى ناھىيىسى سانجى شەھىرىگە ئۆزگەرتىلىپ ، سانجى ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، سانجى ناھىيىسىدە سەككىز يېزا ، بەش مەھەللە ئىش باشقارمىسى بار . ئومۇمىي نوپۇسى 236 مىڭ 500 ، شەھەردىكى بەش مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 61 مىڭ 594 نوپۇس بار ئىدى .

## سانجى شەھىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

سانجى شەھىرى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86° 24′ ~ 87° 37′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 43° 06′ ~ 45° 20′ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ ، كۆلىمى 7725.6 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 35 كىلومېتىر . يېرى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ ، تاغلىق ، تۈزلەڭلىك ۋە قۇملۇق دەپ ئۈچ قىسمغا ئايرىلىدۇ . تاغلىق جايلار ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونى ، تۈزلەڭلىكلەر دېھقانچىلىق رايونىدۇر . شىمالىي قىسمى مۇقىم قۇم بارخانلىرىدىن ئىبارەت . شەھەر تەۋەسىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا تەڭگىر چوققىسى بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 4562 مېتىر ئېگىز . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6°C ، 1 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 17°C ، 7 ـ ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى 24.6°C ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 42°C ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 38.2°C ، كۈندىلىك چۈشۈش

ۋاقتى 2833 سائەت ، قىروسىز مەزگىلى 160 كۈن . شەھەر تەۋەسىدە كۆمۈر ، ئالتۇن ، گۈڭگۈرت قاتارلىق كان بايلىقلىرى ھەممە ئېيىق ، بۇغا ، جەرەن ، ياۋا توڭگۇز قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار .

سانجى ناھىيىسىنىڭ ئىككى دەريا ۋە بۇلاقلاردىن ئالىدىغان ئومۇمىي سۇ مىقدارى 419 مىليون 730 مىڭ كۇب مېتىر . سانجى دەرياسى (تۇدۇڭخې دەرياسى ) ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن سانجى ناھىيىسىنىڭ چېگرا دەرياسى بولغانلىقى ئۈچۈن ، سانجى دەرياسىدىن سانجىغا 108 مىليون 730 مىڭ كۇب مېتىر ، ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە 126 مىليون 540 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تەقسىم قىلىنىدۇ .

سانجىنىڭ ئەسلى ئىسمى « ياڭىبالىق » ( يېڭىشەھەر ) ئىدى ①. كېيىنچە تۈرلۈك تىللاردا تەلەپپۇز قىلىنىش جەريانىدا « سانجى » غا ئۆزگەرگەن . مەھمۇد قەشقىرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا ياڭىبالىق بەش ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ بىرى ، دەپ كۆرسەتكەن ②.

سانجىدىن ئۈرۈمچىگە 73 يول بولۇپ ، ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

سانجىدىن سانجى دەرياسىغا ( ھازىر تۇدۇڭخې دەرياسى دېيىلىۋاتىدۇ ) 8 يول كېلىدۇ . سانجى دەرياسى تەڭرىتاغدىكى تەڭگىر داۋىنى ۋە مۇز داۋانىدىكى مۇزلۇقلاردىن باشلىنىپ ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ ، سانجىنىڭ شەرقى بىلەن ئېقىپ ئۆتۈپ ، سەنتۇڭخې دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ قۇربان تۇڭغۇت كۆلىگە قۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 1562 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 116 كىلومېتىر . 24 يىل ئۇدا ئۆلچەپ خۇلاسىلەنگەن ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $7.44 m^3 / s$ ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 235 مىليون كۇب مېتىر . ئەڭ كۆپ يىلى ( 1966 ـ يىلى ) 315 مىليون كۇب مېتىر ، ئەڭ ئاز يىلى ( 1974 ـ يىلى ) 163 مىليون كۇب مېتىر بولغان .

سانجىدىن تۇدۇڭ گەيزىگە 10 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئاشخانا ۋە قونالغۇلار بار ئىدى . شاۋدىۋوپۇ ( ئېگىز كۆل ) غا 34 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي

---

① « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 151 ـ ، 153 ـ بەتلەر .

② « شىنجاڭدا يەرلىك ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى » ، 126 ـ . 127 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

دېڭىز يۈزىدىن 695 مېتىر ، سانجىدىن 14 مېتىر ئېگىز . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باش-لىرىدا ، بۇ جايدا قونالغۇ ۋە توققۇز ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . يولۇچىلار بۇ جايدا تاماق يېگەچ دەم ئېلىپ ئۆتەتتى . شاۋدۇوپۇ ئىلگىرى « ئېگىز كۆل » دەپ ئاتىلاتتى . چۈنكى ، بۇ جايدا شۇ زامانلاردا ئادەم بويى ئۆسىدىغان ئىگىر بار ئىدى .دېھقانلار كۆل سۈيى ئىچەتتى . دادىۋوپۇغا 47 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 695 مېتىر ، شادىۋوپۇدىن 71 مېتىر ئېگىز . مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، بۇ جايدا ئون ئۆيلۈك ئادەم ۋە ئاشخانىلار بار ئىدى . دادىۋوپۇ ئىلگىرى « قۇمۇش كۆل » دەپ ئاتىلاتتى . چۈنكى ، بۇ جايدىكى كۆل-لەردە 5 ~ 6 مېتىر ئېگىزلىكتە قېلىن قومۇشلار ئۆسەتتى .

يىقىلغان تاشقا 58 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا تاغدىن دومىلاپ چۈشكەن ئۆيدەك چوڭلۇقتىكى تاشلار بولغاچقا ، « يىقىلغان تاش » ئاتالغان .

پوشكال گەنزەگە 65 يول كېلىدۇ ، ئۇنىڭ ئورنى هازىرقى كوچا ئاپ-تومۇبىل شىركىتى ئالدىدا ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا بۇ جايدا كىچىك بىر ئاشخانا بولۇپ ، مەخسۇس پوشكال ساتاتتى . ئۈرۈمچىدىن چىققان يولۇچىلار بۇ جايدا ئەتىگەنلىك ناشتا قىلاتتى .

ئۈرۈمچى چوڭ كۆۋرۈككە 73 يول ، ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە 1393 يول كې-لىدۇ . هارۋىكەشلەر ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگۈچە يەم ـ خەشەك ، بوغۇزلىرى تۈگەپ ، ئاتلىرى جۈدەپ ئاران كېلەتتى . يول بويى دەڭلەردە يېتىپ چىقىمدار بولۇپ ، تەييارلىغان ئىقتىسادلىرىدىن ئايرىلاتتى . بەزى قول ئىلكىدە بار ، ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغانلار ۋاقتىدا قايتىپ كېتەلەيتتى . ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغانلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ، يەنە ئالۋاڭغا تۇتۇلۇپ ، تۇر-پان ، قومۇللارغا مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى . پۇلى يوق، كۆپ ئىش كۆرمىگەن هارۋىكەشلەر ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن ئايرىلىپ يۇرتىغا كېتەلمەي ، يازلىقى مەدى-كارچىلىق قىلاتتى . بەزىلىرى دېھقانلارغا يىللىقچى بولاتتى ، قىش كۈنلىرى خاڭلاردا ئىشلەيتتى . بەزىلىرى ئوقەتىنىڭ يولىنى تاپالماي ، تۈرلۈك يامان يوللارغا كىرىپ كېتەتتى . ئەينى يىللاردىكى هارۋىكەشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى تۆۋەندىكى قوشاقلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن :

سايرام بويىنى بويلاپ ،
سىتەيدىنمۇ قايرىلدۇق ،

ئۈرۈمچىگە كەلگۈچە ،
ئات ـ ئۇلاغدىن ئايرىلدۇق .

ھارۋىكەشنىڭ ئاتلىرى ،
دەڭلەرگە قاراپ تارتقان .
خىجالەتكە چىدىماي ،
زاپاس ئاتلارنى ساتقان .

ھارۋىكەش بىچارىلەر ،
ئۇزۇن يوللاردا پىيادە .
دەڭلەردە تولا يېتىپ ،
راسخوتلىرى زىيادە .

ئىلى يولىدا گەنزە ،
داخېيەنزە يودەنزە .
ھارۋىكەشنى ئازدۇرغان ،
ئۈرۈمچىدە مابەنزە .

ئۈرۈمچىدە چالىدۇ ،
ساتار بىلەن داپ ، غىجەك .
ھارۋىكەشنى شۇلىدى ،
ئايىم پۇچۇق ھەم تاجەك .

ئىلىخودا ئات سېمىز ،
ئۈرۈمچىدە ئات ئورۇق .
ئىلىغا كېتەي دېسەك ،
قويمايدۇ ھۆكۈم ـ بۇيرۇق .
شىڭ شىسەي دېگەن توڭگۇز ،
ھارۋىكەشنى خو دەيدۇ .
ئالارىنى ئېلىۋېلىپ ،
بىر كۈن تۈرما زو دەيدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەرزگە بۇغولۇپ قالدۇق ،
دەڭجاغىمۇ پۇل لازىم .
يېنىڭدا داچەن بولمىسا ،
دەڭجا بىگىمگە كىم لازىم .

ئۇرۇمچىمۇ شەھەر ئىكەن ،
ئىلىخومۇ شەھەر ئىكەن .
ياندا پۇلۇڭ بولمىسا ،
غېرىبلىق يامان ئىكەن .

ئۇرۇمچىگە كىرگەندە ،
دەڭدە داڭزىغا ئالدى زىش
بىر دەمدە چېرىك كېلىپ ،
سەيسگە ھەيدەپ سالدى .

تاشلىقتا تولا مېڭىپ ،
تۇگىدى ئاتىنىڭ تاقىسى .
ئەلەم بولدى بىزلەرگە ،
شىڭ دوبەنىنىڭ سەيسىسى .

ئۇرۇمچىنىڭ تۇمانى ،
خۇدا قىلسۇن ئامانى .
بىدە نەدە بىزلەردە ،
ئالتۇن بولدى سامانى .

ئىلىغا كېتەلمىگەن هارۋىكەشلەر ئەل ـ يۇرتىنى ياد ئېتىپ تۆۋەندىكى قوشاقلارنى قوشقان :

ئاق قوشقاچمۇ سايرايدۇ ،
سېرىق قوشقاچمۇ سايرايدۇ .
جانىمغىنە شۇ ئانام ،

مىنىڭ يولۇمغا قارايدۇ .

كۆكلەك كىيدىم تاۋادا ،
گۇللىرى ئۇچار ھاۋادا .
جانىمغىنە شۇ ئانام ،
يىغلاپ قالغان تالادا .

بۇگۈن كۈنگە پەيشەنبە ،
ئات ھارۋاڭنى قوش ئەمدى .
بىز ئىلىغا كېتىمىز ،
ئەل ـ ئاغىنە خوش ئەمدى .

## §4 . قەدىمكى ئىلى ـ كۇچار كارۋان يولى

ئىلى ـ كۇچار كارۋان يولى ئىلىدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتىدىغان مۇھىم يوللارنىڭ بىرى . يول لىنىيىسى نۇرغۇن دەريا ـ ئېقىنلار- دىن ، خەتەرلىك ھاڭلاردىن ، قىش ـ ياز قار ـ مۇزلار قاپلاپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك چوققىلاردىن ، گۈزەل يايلاقلاردىن ئۆتىدۇ . تارىختا بۇ يولدا ئات ، قوتاز ، تۆگە ، ئېشەك كارۋانلىرى قاتنايتتى ، ھارۋا قاتنىمايتتى .

ئىلىدىن جىرغىلاڭغا 15 يول كېلىدۇ ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ جايدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن باج ئالىدىغان قاراۋۇلخانا ، ئۈچ تۈگمەن ، بىر قانچە ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى . ھىزبەك تامغا 36 يول كېلىدۇ ، ئەينى يىللاردا بۇ جايدا 40 نەچچە ئۆيلۈك دېھقان ، يېقىن ئەتراپتا 60 نەچچە ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى . شاغلىق تامغا 72 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا تەخمىنەن 60 ئۆي- لۈك ئادەم بار ئىدى . قىشلاق تامغا 84 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي ئەينى چاغدا كەنت ئىدى . كالىچى تامغا 105 يول ، ياماتوغا 108 يول كېلىدۇ . 1916 ـ يىلى بۇ جايدا ئىلى ئورمانچىلىق شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتى ، ئەتراپىدا 20 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ، دەريانىڭ جەنۇبىدىمۇ 20 ئۆيلۈكتەك ئاھالە ۋە بىر قو- نالغۇ بار ئىدى .

ياماتو ئەسلى « ياماتا » دىن ئۆزگەرگەن . « ياماتا » قەدىمكى تۈركىي

تىل بولۇپ ، مەنىسى « سۈيۈق خېمىر » . بۇ يەردىكى كۆچمە مەنىسى سۈيۈق پاتقاقلىق دېگەن مەنىدە ① .

ياماتۇ كېچىكىدە پولات ئارغامچىغا ئېسىلغان ئىككى كېمە بولۇپ ، يولۇچىلار كېمە ئارقىلىق دەريادىن ئۆتەتتى . 1980 ـ يىللىرى ، بۇ جايغا زامانىۋى تۆمۈر بېتون كۆۋرۈك ياسالدى . ياماتودىن گۆر جىلغىغا 28 يول ، تىنك ئېرىقىغا 46 يول ، يېڭىتامغا 53 يول ، تاشتۆبىگە 75 يول ، توققۇز تاراغا 85 يول كېلىدۇ .

ئەلىدىن توققۇزتاراغا 193 يول كېلىدۇ . 1916 ـ يىلى بۇ جايدا يېڭى مانجۇ يىڭنىڭ گازارمىسى بولۇپ ، بۇ كىچىك گازارما دەپ ئاتىلاتتى . گازارما سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 3 يول بولۇپ ، تۆت دەرۋازىسى بار ئىدى . سېپىل ئىچىدە 200 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ، سېپىل سىرتىدا شەرق تەرەپتە 20 نەچچە ئۆيلۈك سودىگەر بار ئىدى . 12 يول شەرقتە بىر گازارما بولۇپ ، ئۇ چوڭ گازارما دەپ ئاتىلاتتى .بۇمۇ يېڭى مانجۇ يىڭنىڭ گازارمىسى ئىدى . بۇ گازارما سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى كىچىك گازارمىنىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ كېلەتتى ( بۇ چوڭ ۋە كىچىك گازارمىلار چاڭگېڭ ئەلى جياڭجۈنى بولغان چاغدا ياسالغان ) . ياردەمچى ئەمىر مۇشۇ گازارمىدا تۇرغاچقا ، چوڭ گازارما دەپ ئاتالغان . گازارما ئىچىدە 100 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ، يېقىن ئەتراپتا يەنە 30 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى .

## توققۇزتارا ناھىيىسى

توققۇزتارادا تارىختا ئۇسۇنلار ۋە ساك ، تۈرك ، ئۇيغۇر ، موڭغۇل قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر ياشىغان . 1885 ـ يىلى سۈيدۈڭ ناھىيىسىگە تەۋە بولغان . 1930 ـ يىلى كۈنەس ، تېكەس ، موڭغۇلكۈرەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ ، توققۇزتارا دەپ ئاتالغان . كېيىن تېكەس ، كۈنەسلەردە باشقۇرۇش ئىدارىلىرى تەسىس قىلىنىپ ، توققۇزتارادىن ئايرىلىپ چىققان . يەنە بىر قىسىم جايلىرى چاپچال ۋە غۇلجا ناھىيىلىرىگە قوشۇۋېتىلگەن . 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، توققۇزتارا ناھىيىسىدە يەتتە يېزا ، بىر

① « تۈركىي تىللار دىۋانى » . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى . 520 ـ بەت .

بازار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 117 مىڭ، توققۇزتارا ناھىيە بازىرىدا 12 مىڭ 451 نوپۇس بار ئىدى.

توققۇزتارا تۈركچە سۆز بولۇپ، توققۇز ئېقىن دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ نام توققۇز تارانىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن قويۇلغان نامدۇر. توققۇزتارانىڭ خەرىتىسىگە قارايدىغان بولسىڭىز، جىرغىلاڭ دەرياسى جىرغىلاڭ سېيىدىكى توققۇز ئېقىندىن ھاسىل بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز.

## توققۇز تارا ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

توققۇزتارا ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا، كۈنەس دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 34′ 81° ~ 35′ 83° ۋە شىمالىي كەڭلىك 54′ 42° ~ 38′ 43° ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، كۆلىمى 4515.3 كۋادرات كىلومېتىر.

توققۇزتارا ناھىيىسى تاغ باغرىغا، دەريا بويىغا جايلاشقان. شەرقىدە تەڭرىتاغنىڭ بىر تارمىقى بولغان نارات تېغى بار. غەربى ئىلى ۋادىسى تۈزلەڭلىكىگە تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمى ئېگىز، غەربىي شىمال قىسمى پەس، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 42 كىلومېتىر، ئوتتۇرا قىسمى تار بولۇپ، ئەڭ تار يېرى 6 كىلومېتىرلا كېلىدۇ. تاغ رايونلىرى دېڭىز يۈزىدىن 1000 ~ 4000 مېتىر ئېگىز، تۈزلەڭلىرى دېڭىز يۈزىدىن 700 ~ 900 مېتىر ئېگىز. تاغ رايونى 58 پىرسەنتىنى، تۈزلەڭلىك 27.2 پىرسەنتىنى، ئېدىرلىق 14.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ كۆلىمى 54 مىڭ گېكتار، تەبىئىي ئوتلاق 276 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 61 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. توققۇزتارا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مەشھۇر ياغاچ چىقىدىغان رايون بولۇپ، تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 84 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. ياغاچ زاپىسى 19 مىليون 160 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي ياغاچ زاپىسىنىڭ 8.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %14.74.

سۇ مەنبەسى مول بولۇپ، ناھىيە تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك دەريا - ئېقىنلاردىن 41 ى بار. تېكەس ۋە كۈنەس دەريالىرى ناھىيە تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئىقلىمى مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. 1985 - يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى C° 8.5، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېم-

www.uyghurkitap.com

پېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 12 ℃ ، 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 22 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 34.6 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 23.8 ℃ ، كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2826.7 سائەت ، قىروسىز مەزگىلى 113 كۈن ( ئىلگىرىكى يىللارنىڭ قىروسىز مەزگىلى 142 ~ 150 كۈن بولغانىدى ) . يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 259 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1437.3 مىللىمېتىر .

توققۇزتارادىكى تاغ جىلغىلىرى ياۋا مېۋە ماكانى بولۇپ ، ئۇ يەردە ياۋا ئالما ، ياۋا ئۆرۈك ، ياۋا گىلاس ، ياۋا ياڭاق قاتارلىق قىممەتلىك مېۋىلىك دەرەخلەر ھەمدە جىگدە ، مالىنا ، قومۇش ، چۇچۇكبۇيا ، سوغىگۈل ، تاغ لەيلىسى قاتارلىق 200 نەچچە خىل قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ . ياۋايى ھايۋانلاردىن چوڭ ئاققۇ ، غۇلجا ، ئارقار ، بۆركۈت ، قارا تايغان ، بۇغا ، ئاق توشقان ، قۇندۇز قاتارلىق قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلار ، كان بايلىقلىرىدىن كۆمۈر ، تۆمۈر ، مىس ، تاشپاختا ، ئۇران ، ھاك ، كۋارتس ، بېرىل ، بارىت قاتارلىق مەدەن بايلىقلىرى بار . ناھىيە تەۋەسىدە ئىككى تەبىئىيتى مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان رايون بار : بىرى ، كۆلدىبىنىڭ تەبىئىيتى مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان رايونى ، يەنى 8670 گېكتار كېلىدىغان قارلىق چوققا شەمشاد تەبىئىيتى مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان رايونى ؛ يەنە بىرى ، جاڭگالساي ياۋا ياڭاقزارلىق تەبىئىيتى مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان رايونى بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆلىمى 1130 گېكتار كېلىدۇ .

توققۇزتارادىن ئويتامغا 11 يول ، ماينىڭگۇرەگە 26 يول كېلىدۇ . ماينىڭگۇرە موڭغۇلچە سۆز بولۇپ ، ئېگەر دېگەن مەنىدە . چۈنكى ، بۇ جاينىڭ شەرقىدىكى بىر داۋان خۇددى ئېگەرگە ئوخشىغاچقا شۇنداق ئاتالغان ① . تېكەس دەرياسىغا 50 يول كېلىدۇ. ئەينى يىللاردا تېكەس دەرياسىدا كېمە ئۆتكىلى ۋە يالغۇز كىشى ئۆتىدىغان ئاددىي ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى . ھارۋا ۋە باشقا يۈك ـ تاقلار كېمە ئارقىلىق ئۆتەتتى . دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدا بىر ئېغىز ئاددىي ئۆي بولۇپ ، ئۇنىڭدا كۆۋرۈككە قارايدىغان ئىككى ئادەم تۇراتتى . تېكەس دەرياسىدىن قازاق قەبرىستانلىقىغا 7 يول ، جىرغىلاڭغا 30 يول كېلىدۇ . ئەينى يىللاردا ، بۇ جايدا موڭغۇللارنىڭ تۇرغۇت

① « شىنجاڭغا ساياھەت » ، 1994 ـ يىل نەشرى ، 99 ـ بەت .

قەبىلىسىنىڭ تۆت نەپەر يۈزبېشى تۇراتتى ، 30 نەچچە مىڭ چارۋا مېلى ، ئەتراپىدا دۇكان ۋە قونالغۇ بولۇپ 30 نەچچە ئائىلە بار ئىدى .

جىرغىلاڭدىن چىقىپ جىرغىلاڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ 27 يول ماڭغاندىن كېيىن ، جىرغىلاڭ دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ . بۇ ياغاچ كۆۋرۈك بولۇپ ، يان تەرىپىدە رىشاتكىسى يوق ، كەڭلىكى 8 ~ 9 مېتىر كېلەتتى . ئاقبۇلاققا 40 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي ئەينى يىللاردا مىڭبېشى سېتىۋالدىنىڭ تۇرار جايى بولۇپ ، ئۇ 11 نەپەر يۈزبېشىنى باشقۇراتتى ، مال ـ چارۋىسى 20 مىڭدىن ئاشاتتى . بۇ جايدىن شەرققە بۇرۇلۇپ تاغ ئىچىگە كىرىدۇ . يول يۇقىرىسىغا قاراپ ئۆرلەيدۇ . ئۇلۇغ بۇلاق داۋىنى بېشىغا 44 يول كېلىدۇ . داۋاندىن چۈشىدىغان يول ناھايىتى تىك ۋە تار ، گوياكى بىر تال تانىغا ئوخشايدۇ . كەڭلىكى يېرىم مېتىر كېلىدۇ . ئوڭ تەرىپى تىك قىيا ، ئادەم ياكى ئۇلاغلار چۈشۈپلا كەتسە كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كېتىدۇ . بىر يول ماڭغاندىن كېيىن خەتەرلىك تىك داۋان تۈگەپ ، يول سەل تەكشىرەك جايغا كېلىدۇ . بۇ جايدا بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ سازلىق ۋە يەكەنلىكلەرنى ھاسىل قىلغان . يول سول تەرەپتىكى تاغ باغرىنى بويلاپ تۆۋەنلەيدۇ . ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپى چوڭقۇر جىلغا ، قىرغاقلىرى تىك ، ئىككى ياقتا قازاقلارنىڭ قىشلاق ئۆيلىرى بار . داۋان بېشىدىن 10 يول ( جىرغىلاڭدىن 50 يول ) ماڭسا ساي تەدرىجىي كېڭىيىپ ، كەڭ كەتكەن قۇمۇشلۇققا كېلىدۇ . جىرغىلاڭدىن 76 يول ماڭسا تاغ ئېغىزىدىن چىقىدۇ . يولنىڭ سول تەرىپىدە ئىككى جايدا قازاق قەبرىستانلىقى بار . شەرققە بۇرۇلۇپ ئوڭ تەرەپتىكى تاغ باغرىنى بويلاپ 26 يول ، جىرغىلاڭدىن ھېسابلىغاندا 102 يول ماڭسا تالدىغا كېلىدۇ . بۇ جايدا ئورۇنباسار مىڭبېشى لوقتى بەگنىڭ ئاۋۇلى ، يەنە سەككىز ئۆيلۈك ئاھالە بار ، بەش تاش تۈگمەن ، ئالتە سودىگەر ، ئەتراپىدا 100 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار . ئۈچبۇلاققا 112 يول ، چاقپى ئۆزەنگە 127 يول ، ئىلىدىن چاقپىغا 400 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا مىڭبېشى ماخسۇت 14 نەپەر يۈزبېشىنى باشقۇراتتى . ئۇنىڭ 33 مىڭدىن ئوشۇق چارۋىسى بار ئىدى .

ھازىرقى كونەس ناھىيىسى چاقپىدىن 6 يول شىمالدا ، ئىلگىرى بۇ جاي چەكمەن دەپ ئاتىلاتتى . قەدىمكى كارۋان يولى ھازىرقى كونەس بازىرىغا كىرمەي چاقپى بىلەن ئۇدۇل ئۆتۈپ كېتەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆنەس ناھىيىسى

كۆنەستە 1939 ـ يىلى چەكمەن باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان. 1942 ـ يىلى كۆنەس باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1946 ـ يىلى كۆنەس ناھىيىسى قۇرۇلۇپ (خەنزۇچە نامى «新源»)، ئىلى ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان. 1986 ـ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە، كۆنەس ناھىيىسىدە سەككىز يېزا، ئىككى بازار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 225 مىڭ 200، كۆنەس بازىرىدا 25 مىڭ 169 نوپۇس ئىدى.

## كۆنەس ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

كۆنەس ناھىيىسى ئىلى رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82°28′ ～ 84°27′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 43°03′ ～ 43°40′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

كۆنەس ناھىيىسى تار، ئۇزۇنچاق شەكىلدە بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ نارات، ئاۋرال، ئارىشاڭ دېگەن تارماق تىزمىلىرىنىڭ جىلغىلىرى ئارىسىغا جايلاشقان. شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپلىرى تاغلىق، غەرب تەرىپى ئويچۇقچىلىق، شەرقى ئېگىز، غەربى پەس، جەنۇبى تىك، شىمالى يانتۇ، كۆنەس دەرياسى ئۇنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. چاقپى دەرياسى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئېقىپ، شىمالغا بۇرۇلۇپ كۆنەس دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. بۇ ھال ئۈچ تاغ، ئىككى جىلغىنى ھاسىل قىلغان. تاغ رايونى 73.2 پىرسەنتنى، تۈزلەڭلىك 21.1 پىرسەنتنى، ئېدىرلىق 5.7 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. شەرقتىكى ئېگىز چوققا دېڭىز يۈزىدىن 4380 مېتىر ئېگىز، غەربتىكى ئەڭ پەس يېرى دېڭىز يۈزىدىن 795 مېتىر ئېگىز. تېرىلغۇ يەر 53 مىڭ 460 گېكتار، ئوتلاق 533 مىڭ 340 گېكتار. قار ـ مۇز كەتمەيدىغان تاشلىق يەر 6960 گېكتار، ئورمانلىق 60 مىڭ 660 گېكتار، تاغ رايونىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 10.95%. مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل، سۈيى مول. ناھىيە تەۋەسىدە ئۈچ مۇھىم دەريا بار، يەنى كۆنەس دەرياسى، چاقپى دەرياسى ۋە ناھىيە تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تېكەس دەرياسى قاتارلىقلار.

ئىقلىمى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى يېرىم قۇرغاق ئىقلىمغا كى-

رىدۇ . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.5 °C ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ
يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 39.8 °C ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن
35.7 °C ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 270 ~ 880 مىللىمېتىر ، پارغا ئايلى-
نىش مىقدارى 1300 ~ 2000 مىللىمېتىر ، قىروسىز مەزگىلى 140 ~ 180 كۈن .
كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2400 ~ 2700 سائەت . قار ئېرىمەيدىغان كۈن يىلىغا
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 93 ~ 139 كۈن .

ناھىيە تەۋەسىدە سۇر بۇغا ، ئېيىق ، يىلپىز ، ئاق تۈلكە ، ئۇلار ،
جەرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار ، ياۋا دورا ماتېرىياللىرىنىڭ خىللىرى
كۆپ ، مەنبەسى مول ، بۇغا مۈڭگۈزى ، سۇغىنگۈل داڭلىق . كان
مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر ، تۆمۈر ، مىس ، ئالتۇن ، گەج قاتارلىقلا بار .

چاقپىدىن ئالمىلىق بۇلاققا 72 يول كېلىدۇ ، ئارىلىقتا تۆۋەندىكى
جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

چاقپىدىن چىقىپ چاقپى دەرياسىدىن ئۆتىدۇ . دەريادا كۆۋرۈك يوق
بولۇپ ، سۇ ئاتنىڭ قورسىقىغا چىقاتتى . دەريادىن ئۆتسە كەڭ كەتكەن تۈز-
لەڭلىك باشلىنىدۇ . بەشتۆپە ① گە 25 يول ، ئاشىربۇلاق ( شوربۇلاق دېگەن
مەنىدە ) قا 46 يول ، ئالمىلىق بۇلاققا 72 يول كېلىدۇ . ئەينى يىللاردا بۇ جايدا
مىڭبېشى ئارىس باينىڭ ئاۋۇلى بولۇپ ، 40 مىڭغا يېقىن چارۋىسى بار ئىدى .
ئالمىلىق بۇلاقتىن 7 يول ماڭسا كۆنەس دەرياسى كېچىكگە كېلىدۇ ، كېچىك-
نىڭ كەڭلىكى يېرىم يول بولۇپ ، سۇنىڭ ئېقىشى تېز ، كەلكۈن ۋاقىتلىرىدا
ئاتلىق ئۆتۈشمۇ قىيىن .

ئارالتۆپىگە 17 يول كېلىدۇ . ئارالتۆپىدىن 12 يول ( ئالمىلىقتىن 29
يول ) مېڭىپ ، ئاندىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ كۆنەس دەرياسىدىن ئۆتىدۇ . دەريا
بىر يول كەڭلىكتە بولۇپ ، سۇنىڭ ئېقىشى تېز . دەريادىن ئۆتۈپ 3 يول ماڭسا
تابارسۇ باغرىغا كېلىدۇ ، ئۇ يەردىن داۋان باشلىنىدۇ . يول ئىنتايىن تىك بو-
لۇپ ، تاغ باغرىنى ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ . 6 يول ماڭغاندىن كېيىن
بىرئاز تۈز جايغا كېلىدۇ . يەنە 2 يول ماڭسا داۋان تۈگەپ پەسلەيدۇ . ئۇ يەر-
دىن 14 يول ، يەنى ئالمىلىقتىن ھېسابلىغاندا 51 يول ماڭسا كۆنگەيگە كېلىدۇ .
بۇ جايدا بىر ئۆيلۈك سودىگەر بولۇپ ، ئۇ موڭغۇللارغا ئۇن سېتىپ تىرىكچى-

① كۆنەسنىڭ ئەسلى ئىسمى « بەشتۆپە » ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

لىمك قىلاتتى . كۇنگەيدىن چاقپى دەرياسىنى بويلاپ شەرققە ماڭسا نارات داۋىنىدىن ھالقىپ ، كىچىك يۇلتۇز ئارقىلىق قاراشەھەر ۋە تۇرپانلارغا باردۇ .

*نارات دېگەن ئىسىم توغرىسىدا* نارات ئەسلى يۇلتۇز تاغلىرىدىكى بىر داۋاننىڭ ئىسمى بولۇپ ، « نار + ئارت » دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن ، ئەسلىدىكى ئاتىلىشى نارئارت ئىدى ، كېيىنچە ناراتقا ئۆزگەرگەن . نار ئۇيغۇرچە ئېگىز دېگەن مەنىدە . مەسىلەن ، نار تۆگە ( ئېگىز تۆگە ) ، گۈلنار ( ئېگىز گۈل ) دېگەنلەرگە ئوخشاش . ئارت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ ، داۋان دېگەن مەنىدە . جۈملىدىن ھازىرقى نارات كەنتى مەشھۇر نارات داۋىنىغا يېقىن بولغاچقا ، نارات دەپ ئاتالغان .

ناراتتىن جەنۇبقا قاراپ ماڭسا داغات داۋىنىدىن ھالقىپ ، چوڭ يۇلتۇز ئارقىلىق كۇچارغا باردۇ . كۇنگەيدىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ چاقپى دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، داغات جىلغىسى ئارقىلىق 45 يول ماڭسا ، داغات داۋىنى بېشىغا چىقىدۇ . داۋان بېشى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن ئېگىز . داۋان بېشى قىش ـ ياز قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ . قىش كۈنلىرى داۋاننى قار بېسىۋېلىپ يول ئېتىلىپ قالىدۇ ، داۋان بېشىدىن پەسكە قاراپ بىر يول ماڭسا داۋان تۈگەپ ، ئاندىن جىلغا بويلاپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ .

كۇنگەيدىن باينبۇلاق ( يۇلتۇز) قا 78 يول ، ئىلىدىن باينبۇلاققا ( يۇلتۇزغا ) 600 يول كېلىدۇ . 1772 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ تۇرغۇت قەبىلىسى دېنپىر قىرغاقلىرىدىن كېلىپ بۇ جايدا ماكانلاشقان . بۇ يەردىن قاراشەھەرگە بارىدىغان بىر چوڭ يول ۋە ئىككى كىچىك يول بار . 1877 ـ يىلى پرژېۋالسكىي كورلىدىن چىقىپ مۇشۇ يول ئارقىلىق مېڭىپ ، قاپچىغاي ، نارات داۋانلىرىنى بېسىپ ئىلىغا بارغان . پرژېۋالسكىينىڭ خاتىرىسى بويىچە ، كورلىدىن غۇلجىغىچە بولغان ئومۇمىي مۇساپە 530 چاقىرىم ، يەنى 1130 يول كېلىدۇ . قاپچىغاي داۋىنى دېڭىز يۈزىدىن 2855 مېتىر ، نارات داۋىنى 2989 مېتىر ئېگىز ① .

باينبۇلاق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ يۇلتۇز دەپ ئاتىلىپ كەلگەن . بۇ ھەقتە « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن : « يۇلتۇز

---

① « قەشقەرىيە » ، 14 ـ بەت .

كـۆل ـــ كـۇچار بىلەن 〈 كىنگىت 〉 ۋە ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر كۆلنىڭ ئىبـتـى . »①بـۇ يـەردە كـۆرسـىـتـىـلـگـەن كۆل هازىرقى بايىنبۇلاق كۆلى دەپ ئاتـىـلىۋاتقان كۆلدۇر . بۇ كۆل ئىلگىرى مەشھۇر كۆللەردىن بولۇپ ، ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزگىرىپ كىچىكلەپ كەتكەن ۋە بىر مۇنچىلىغان ئۇششاق كۆللەرگە ئايلانـغـان . « يـۇلتۇز » سۆزى « يول + تۇز » دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلـ گـەن ئـىـسـىـم ، « يـول » ـــ قەدىمكى تۈركىي تىل بولۇپ ، « بۇلاق » دېگەن مـەنىدە ، « تـۇز » ـــ « يۇرت » دېگەن مەنىدە ① . « يۇلتۇز » دېگەن ســۆز « بـۇلاق يۇرتى » دېگەن مەنىدە . بايىنبۇلاق موڭغۇلچە « كۆپ بۇلاق » دېگەن سـۆز بـولـۇپ ، مەنە جەھەتتىن يۇلتۇزغا ئوخشاش ② . بۇ جايدا موڭغۇللارنىڭ بـۇتـخـانـىـسى ۋە لاماسى تۇراتتى . ھەر يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ ، 16 ـ كۈنلىرى تـۇرغۇتلارنىڭ جەنۇبىي قەبىلىسىنىڭ تۆت تۈغ 54 سۇمۇل قىسمى مۇشۇ جايدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ، تۇرلۇك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزەتتى .

بايىنبۇلاقتىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ 4 يول ماڭسا ، ئۇلانئۇسۇ ئېقىنىدىن ئۆتـۈپ يۇقىرىسىغا قاراپ ماڭىدۇ . 15 يول ماڭسا ، داۋاندىن چۈشۈپ داغات ئېـ قـىـنـىـدىـن ئۆتـۈپ ، كەڭ كەتكەن ئوتلاققا كېلىدۇ ۋە ئۈچ كىچىك ئېقىندىن ئۆتىدۇ . جەنۇب تەرەپتىكى تاغ يىراق ، قار قېلىن ، شىمالدىكى تاغ يېقىن ، قار نـېـپـىـز . ئۇ يـەردىـن 33 يول ماڭسا كىچىك ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا كىرىدۇ . تـاغـدىـن ئۆتـسـە يـەنە تۈزلەڭ باشلىنىدۇ . بايىنبۇلاقتىن 83 يول ماڭسا ، چوڭ يـۇلتۇز دەرياسىنىڭ باش قىسمىدىن ئۆتىدۇ . يولئالاغا 87 يول كېلىدۇ ، يولئالاـ دىـن غـەربـىـي جـەنـۇبـقـا قـاراپ چەكسىز ئوتلاق بىلەن ماڭىدۇ . ئوتلاقنىڭ كەڭلىكى 100 يولدىن ئوشۇق ، ئۇ يەردىن 44 يول ماڭسا كىچىك ئۈچ داۋاندىن چـۈشـىـدۇ . 47 يـول ماڭسا كۆكئېنەك ئېقىنىدىن ئۆتىدۇ . كىچىكتە سۇنىڭ ئېـ قـىـشـى نـاھايـىتى تېز بولغاچقا ، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى پەرق ئېتىش ناھايىتى قـىـيـىـن بـولـۇپ ، كېچىكتىن ئۆتۈشتە چارۋىچىلار يول باشلاپ ئۆتكۈزۈپ قوـ يـاتـتـى . غەربكە قاراپ دەريا ياقىلاپ 14 يول مېڭىپ ، يولئالادىن ئۆتۈپ ، يەنە 61 يـول مـاڭـسا كۆكئېنەككە كېلىدۇ . بۇ ئەتراپ تۇرغۇت قەبىلىلىرىنىڭ قىشـ لىقى بـولـۇپ ، ئوت ـ چۆپلىرى مول ، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى .

---

① « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 3 ـ توم ، 186 ـ ، 3 ـ ، 169 ـ بەتلەر .

② « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » ، 1990 ـ يىل 19 ـ مارت سانى .

كۆكئېنەكتىن چىقىپ ساغان سالا ① ئېقىنىنىڭ شەرقىي قاسنىقىنى بويلاپ مېڭىپ، 5 يول ماڭسا بايىنغول ئېقىنىغا كېلىدۇ. بۇ ئېقىننى موڭغۇللار بولىچىن دەرياسى دەيدۇ. بولىچىن موڭغۇلچە «بىلەي تاش چىقىدىغان ساي» دېگەن سۆز. 17 يول ماڭسا بىر جىلغىدىن ئۆتۈپ ساغان سالا جىلغىسىغا چۈشىدۇ. بۇ يەردىن 27 يول ماڭسا ساغان سالا، تۇن سالادىن ۋە بىر قانچە تاغ جىلغىلىرىدىن كەلگەن سۇلار قوشۇلىدىغان جايغا كېلىدۇ. كۆكئېنەكتىن 35 يول ماڭسا تاغ ئېغىزىغا كېلىدۇ. كۇچارغا بارىدىغان يول مۇشۇ جايدىن ئايرىلىپ، جەنۇبقا قاراپ تاغ ئىچىگە كىرىپ 10 يول، كۆكئېنەكتىن ھېسابلىغاندا 45 يول ماڭسا ئارچا داۋان، موللاقچى داۋانلاردىن ئۆتىدۇ. ئاندىن تۇن سالا ئېقىنىنى بويلاپ يەنە تەلەمەت②داۋىنىدىن ھالقىيدۇ، مەشھۇر تەلەمەت داۋىنى مۇشۇ جايدىن باشلىنىدۇ. بۇ داۋان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغا ئۆتىدىغان مەشھۇر داۋانلارنىڭ بىرى، يولى ئىنتايىن جاپالىق، تىك داۋانلار كۆپ. ئەجدادلىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق قوشاقلارنى قوشقان:

تەلەمەتكە ماڭغاندا،
پۇتلىرىمدىن ئايرىلدىم.
ماڭماسلىققا نە ئىلاج،
بىر ئاللاغا يىلىندىم.

تەلەمەتكە ماڭغاندا،
يولدا ئۆلدى ئاتلىرىم.
قاتتى باشنىڭ ئىچى ـ تېشى،
كۆككە يەتتى ئاھلىرىم.

ئۈششۈپ كەتتى پۇت ـ قوللار،
تەلەمەت داۋىنىدا.

---

① ساغان سالا ــ موڭغۇلچە «ئاق جىلغا» دېگەن سۆز.

② تەلەمەت ــ ئەسلى قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «تەلەپ ئەت» دېگەن مەنىدە. چۈنكى، بۇ داۋان ئىنتايىن خەتەرلىك بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز بۇ يەردىن ئۆتكۈچە ئاللادىن ئامانلىق تىلەپ خۇدا يولىدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىكەن.

قانداق قىلىمىز دوستلار ،
سوغۇقنىڭ يامانىدا .

چىرىكلەرنى ئۈچ كۆردۈم ،
تەلەمەتنە چۈش كۆردۈم .
كېچە يېتىپ ئۇيقۇدا ،
بالىلىرىمنى بەش كۆردۈم .

تەلەمەتنىڭ جاپاسى ،
زېمىستاندۇر ھاۋاسى .
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ ،
دەردمەنلەرنىڭ داۋاسى ؟

ئۇۋىلاپ كەتتى گەمدە ،
قارا ـ قارا قوڭغۇزلار .
ئەزدى جاننى قاقشىتىپ ،
رەھمسى يوق توڭگۇزلار .

سەن بىزنى ئۇرغان بىلەن ،
ئۇرما سىم قامچا بىلەن .
خۇدايىم كېسەر قولۇڭنى ،
شۇ تۆمۈر قايچا بىلەن .

تەلەمەتنىڭ جاپاسى ،
بىزلەرگە يوق ۋاپاسى .
بۇندا ئېغىر ھازاسى ،
بارمۇ دەردمەن داۋاسى ؟

داۋان يولى تىك ۋە خەتەرلىك بولۇپ ، چىقىپ ـ چۈشۈش ناھايىتى قىيىن ، تۈن سالا ئېقتى بويىدا بۇركۇتلەر كۆپ ھەم چوڭ ، ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 20 نەچچە جىڭ كېلىدۇ . ئۇ كىچىك بوۋاقلارنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىدۇ . كۆكئېنەكتىن 108 يول ماڭسا چوڭكۆلگە كېلىدۇ . چوڭكۆلدىن جەنۇبقا قاراپ ئۈچ يول ماڭسا كىچىك بىر داۋاندىن ھالقىيدۇ . بۇ يەرنىڭ قارىغايلىرى ناھايىتى كۆپ ھەم سۈپەتلىك ، 2.5 يول ماڭسا قارىغاي داۋىنىنىڭ ئاساسىي چوققىسىغا چىقىدۇ . يول ناھايىتى تىك بولسىمۇ ، دەرەخزارلىق بىلەن ماڭغاچقا ، ئادەم خەتەر ھېس قىلمايدۇ . بۇ يەردىن 2.5 يول ماڭسا چوققىغا چىقىدۇ ، بۇ يەردە يولنى توسۇپ تۇرىدىغان بىر قوۋۇق بار . ئۇ ئەنجان پاشا ( ياقۇپبەگ ) سالدۇرغان قورغاننىڭ قوۋۇقى . چوققىدىن ئۆتۈپ پەسكە قاراپ 2.5 يول ماڭسا تۈز يەرگە كېلىدۇ ، بۇ جايدا بىر ئېگىز ئۆي بار . يىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن ، يەنە داۋانغا قاراپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ . يىرىم يول ماڭسا داۋان بېشىغا چىقىدۇ . ئۇ يەردىن ئۈچ يول ماڭسا داۋاندىن تۈز يەرگە چۈشۈپ بولىدۇ ، قىراق دەرياسىغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئولتۇراق ئاھالە يوق . ئۇ يەردىن ، يەنى سۇدىن ئۆتۈپ كىچىك دۆڭگە چىقىدۇ ، بۇ جاي قورغان دەپ ئاتىلىدۇ . بۇنى ياقۇپبەگ سالدۇرغان ، ئايلانمىسى تەخمىنەن يېرىم يول كېلىدۇ ، ئىككى قاسنىقى ئېگىز تاغ ، تاغ ئۈستىدە تۇرا بار . قىراق دەرياسى بىلەن ئۆچكەباش دەرياسى بۇ جايدا قوشۇلۇپ ، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ ، كۆكئېنەك دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ . بۇ دەريا كۇچارنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دىنار داۋىنىدىن باشلىنىدۇ . ئۇ غەربىي جەنۇبقا قاراپ كۆكئېنەك قاراۋۇلخانىسىنىڭ غەربىي بىلەن ئېقىپ ئۆتىدۇ . تاللىق ئېقىنى غەربىي شىمالدىن كېلىپ قوشۇلۇپ غەربىي جەنۇبقا ئاقىدۇ . 10 يول يەرگە بارغاندا شوخبۇلاق سۈيى بار ، بۇ سۇ يەنە غەربىي جەنۇبقا ئاقىدۇ . ئۇ يەردىن 80 يول يەرگە بېرىپ مىس كان تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، قىزىل قوتان سۈيى غەربتىن كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ، كۇچار دەرياسىنى ھاسىل قىلىپ ، كۇچارنىڭ شىمالىغا كېلىپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ . ئەنجان پاشا قورغىنى قىراق ئېقىنى بىلەن ئۆچكەباش دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش جايىغا ياسالغان . بۇ جاي ئىلىدىن كۇچارغا ئۆتىدىغان بىردىنبىر مۇھىم ئۆتكەل ۋە ئىستراتېگىيىلىك جاي . 1916 ـ يىللىرى بۇ جايدا ئىككى ئۆيلۈك ئۇيغۇر بار ئىدى . بۇ جايدىن 7 يول ماڭسا يول ياقىسىدا بىر ياغاچ ئۆي بار جايغا كېلىدۇ ، بۇ جايدا بىرقانچە چارۋىچى تۇراتتى . بۇ جايدىن 3 يول ماڭسا بىر سۇدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ، جىلغا بويلاپ دەرەخزارلىق بىلەن مېڭىپ ، تەدرىجىي ئېگىزلەپ بىر

ئېگىزلىككە چىقىدۇ. بۇ جايدا پاناھلىنىدىغان ئورۇن بار، لېكىن ئوت ـ چۆپ ۋە سۇ يوق. بۇ يەردىن 11 يول مېڭىپ غەربكە بۇرۇلىدۇ. 1 يول ماڭسا شوخبۇلاققا كېلىدۇ. شوخبۇلاق 66 يول كېلىدۇ.

شوخبۇلاقتىن كۆكسۇغا 26 يول، تىكمەككە 66 يول، قوزغۇنغا 86 يول، ئېغىز ئاغزىغا 106 يول، مىس كانغا 120 يول كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى يىللىرى بۇ جايدا مىس كېنى ئېچىلغان. مىس كانىدىن يۇقىرىقى ئىشخىلاغا 20 يول، كۆكگۇمبەزگە 35 يول، كۇچار كونىشەھەرگە 47 يول، ئىلىدىن كۇچارغا 1090 يول كېلىدۇ.

1970 ـ يىللىرى كۇچار ـ مايتاغ ۋە كۇچار ـ ئىلى تاشيوللىرى ياسالدى. كۇچار ـ مايتاغ تاشيولى (تەڭرىتاغ تاشيولى) شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى مايتاغدىن باشلىنىپ، شىخو، نىلقا، كۈنەس، خوتۇنسۇمۇل قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ تەۋەسىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال ياقىسىدىكى كۇچارغا تۇتىشىدۇ. تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 560 كىلومېتىر. تەڭرىتاغ تاشيولى قۇرۇلۇشىدا 1974 ـ يىلى ئاۋغۇستتا رەسمىي ئىش باشلىنىپ، توققۇز يىلغا يېقىن ۋاقىتتا پۈتكەن. تەڭرىتاغ تاشيولى قارلىق ئېگىز تاغلار، خەتەرلىك ھاڭ، مۇزلۇق، كەڭ كەتكەن سازلىق قاتارلىق تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولغان جايلاردىن ئۆتكەن بولۇپ، قۇرۇلۇشىنىڭ مۇرەككەپلىكى جەھەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ تاشيول قۇرۇلۇش تارىخىدا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ دېيىشكە بولىدۇ. بۇ تاشيول مەشھۇر مۇز داۋان، تەلەمەت داۋىنى قاتارلىق تۆت چوڭ داۋاندىن ئۆتىدۇ. بۇ تاشيولدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3325 مېتىر كېلىدىغان ئۈچ تونېل، 65 چوڭ ـ كىچىك كۆۋرۈك، قار گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشتىن ساقلىنىدىغان 259 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كارىدور، 1300 دىن كۆپرەك سۇ ئۆتكۈچ قاتارلىقلار ياسالغان. پۈتكۈل قۇرۇلۇش ئۈچۈن 300 مىليون يۈەندىن ئارتۇق راسخوت كەتكەن. يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى 6.5 مېتىر بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئاسفالىتلاشتۇرۇلغان. بۇ تاشيول قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمىگە يەتكەن ①.

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1990 ـ يىل 11 ـ ئىيول سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# §5 . قەدىمكى ئىلى ــ ياركەنت يولى
# ( چوڭ كۆچۈش يولى )

قەدىمكى ئىلى ــ ياركەنت يولى ئىلىدىن رۇسىيە ۋە غەرب ئەللىرىگە بارىدىغان مۇھىم يول بولۇپ ، 1881 ــ يىلى چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى تەرىپىدىن ياركەنتكە مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن كۆچمەن خەلق مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان . بۇ يول غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆرە دەرۋازىسىدىن چىقىپ ، قەدىمكى ئىلى ــ ئۈرۈمچى يولىنى بويلاپ ، بايانداي ، كۆرەلەردىن ئۆتۈپ غەربكە بۇرۇلۇپ ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى بىلەن ماڭاتتى . ئىلىدىن باياندايغا 25 يول كېلىدۇ . چەيلەنزەگە 62 يول ، كۆرەگە 76 يول كېلىدۇ . غۇلجىدىن چىققان يولۇچى كۆرەدە قونىدۇ . كۆرەدىن يانبۇلاققا 3 يول كېلىدۇ . يول مۇشۇ جايغا كەلگەندە ، ئىلى ئۈرۈمچى يولىدىن ئايرىلىپ غەربكە بۇرۇلىدۇ .

ئىلىدىن چىقىپ كېلىپ ،
يانبۇلاقتىن ئايرىلدۇق .
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلاردىن ،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق .

دېگەن مىسرالار يول يانبۇلاققا كەلگەندە غەربكە بۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . كونا سەندوخوزا 43 يول① كۆرەدىن ئاچالغا 53 يول كېلىدۇ ، يول مۇشۇ جايغا كەلگەندە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ : ئوڭغا ماڭسا كونا قورغاسقا ، سولغا ماڭسا ياركەنتكە بارىدۇ . كۆرەدىن موخۇرغا 70 يول كېلىدۇ ، كونا موخۇر ھازىرقى موخورنىڭ شىمالىدا ، ئۇ يەردە قونالغۇ ، ئۆتەڭلەر بار ئىدى . موخوردىن دەۋرگە 18 يول كېلىدۇ . ھازىرقى جۇڭگو ــ قازاقستان چېگرا لىنىيىسى 20 يول ، قورغاس دەرياسى كېچىكى 28 يول ، تۆۋەن پەنجىم 70 يول كېلىدۇ .

---

① سەندوخوزا ئەسلى سەنداۋخې (三道河)دېگەن خەنزۇچە سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى بولۇپ ، « ئۈچ دەريا » دېگەن سۆز . بۇ جاي ئوتتۇرا ئاقسۇ ، چوڭ شىگو ، قاراسۇ قاتارلىق ئۈچ دەريانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان .

ئەيـنـى چـاغـدا ئۇ يـەردىمۇ كەنت ۋە قونالغۇ ئۆتەڭلەر بار ئىدى . تۆۋەن پەنـ
جىمدىن ئاق كەنتكە 11 يول ، سادىقيۈزىگە 22 يول ، ياركەنتكە 38 يول كېلىدۇ .
يـاركـەنـت دېڭـىز يـۈزىـدىـن 640 مـېتىر ئېگىز ، يەنى غۇلجا شەھىرى بىلەن
ئوخـشاش ئېگىزلىكتە ، كۆرەدىن 30 مېتىر ، سۈيدۈڭدىن 10 مېتىر تۆۋەن . قەـ
دىـمكى يول لىنىيسى بويىچە ئىلىدىن ياركەنتكە 262 يول ، يەنى 131 كىلومېتىر
كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

# ئۈرۈمچى

## §1 . ئۈرۈمچىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى

ئۈرۈمچى ① شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ، پەن ـ تېخنىكا ، ئۇچۇر مەركىزى ، شۇنداقلا قاتناش تۈگۈنى .

### ئۈرۈمچىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

ئۈرۈمچى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86° 40′ ~ 88° 55′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 43° 15′ ~ 44° 20′ ئارىلىقىغا ، يەنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان .ئۇ دۇنيا بويىچە دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ئەڭ يىراق جاي ، نوپۇسى 1 مىليوندىن ئوشۇق ئىچكى قۇرۇقلۇق شەھىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دېڭىز قىرغىقى بىلەن بولغان ئارىلىقى 2250 كىلومېتىر .

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى تېپىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ، بىر يىلغا يېقىن جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ، ئاخىر تۈنجى قېتىم ئىلمىي ئۆلچەپ ـ ھېسابلاپ ، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەركىزىي . نۇقتىسى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 37° 19′52″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 43° 40′ 37″ ئارىلىقىغا

① ئۈرۈمچى ـــ موڭغۇلچە سۆز ئەمەس ، ساكچە « تالالىق » دېگەن سۆز . « بىز-نىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » ، 181 ـ بەت .

توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى . بۇ يەر ئۈرۈمچى شەھىرىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ ، ئۇنىڭ كونكرېت ئورنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە قاراشلىق يۇڭفېڭ يېزىسىنىڭ باۋجىياساۋزى كەنتىدە ئىكەن ①.

ئۈرۈمچىنىڭ شەرق ، غەرب ، شىمال تەرەپلىرى سانجى ئوبلاستى بىلەن ، جەنۇبى تۇرپان ۋىلايىتى ، بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 11 مىڭ 440 كۋادرات كىلومېتىر . بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر رايونىنىڭ شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 2 ~ 6 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر ، ھازىرقى كۆلىمى 50 كۋادرات كىلومېتىر ، پىلاندىكى كۆلىمى 1600 كۋادرات كىلومېتىر .شەرق ، غەرب ، جەنۇب تەرەپلىرىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ . شىمالى پايانسىز چۆكمە جىنسلىق تۈزلەڭ . يېرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپى ئېگىز ، غەربىي شىمال تەرىپى پەس ، تەبىئىي يانتۇلۇقى 12% ~ 15% . ئەڭ ئېگىز جايى بوغدا چوققىسى بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 5445 مېتىر ئېگىز . ئەڭ پەس جايى تۇ-دۇڭخې دەرياسىنىڭ ئاياغ قىسمىدىكى سۇ ئامبىرىغا سۇ باشلاش ئۆستىڭىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 490.6 مېتىر ئېگىز . شەھەر رايونى دېڭىز يۈزىدىن 680 ~ 920 مېتىر ،ئۇلانباي باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئالدى دېڭىز يۈزىدىن 1035 مېتىر ، ئۇلانباي قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى ئالدىدىكى يول 960 مېتىر ، گۇلساي قەبرىستانلىقى 1050 مېتىر ، ئاقمىچىتنىڭ ئالدى 839.9 مېتىر ، خانتەڭرى جامەسى ئالدى 883.8 مېتىر ، خەلق مەيدانى 882.3 مېتىر ، چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپى 859.6 مېتىر ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سارىيى ئالدى 810 مېتىر ، باجياخو 782.9 مېتىر ، مىچۈەن بازىرىدىكى تۆت كوچا ئېغىزى 600 مېتىر ، ۋېيخۇلياڭ 745 مېتىر ، چىداۋان 730 مېتىر ، باداۋان 725 مېتىر ، يىقىلغان تاش ئالدىدىكى يول 785 مېتىر ، تۇدۇڭخابا 850 مېتىر ، سانجى شەھىرىنىڭ تاللىق كوچا يېنىدىكى تۆت كوچا ئايلانمىسى 566 مېتىر ئېگىز .

ئۈرۈمچىنىڭ يەر شەكلى تاغ رايونى ، ئېدىرلىق ، ئويمانلىق ، تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ .

---

① « شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى » ، 1992 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى سانى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۈرۈمچىدىكى تاغلار

ئۈرۈمچىنىڭ شەرق تەرىپىدە بوغدا تېغى، كۆكتاغ ( دۇڭشەن ) ۋە قارىتاغلار بار.

**بوغدا تېغى** بوغدا تېغى ( ئۇيغۇرچە تۆپە ئاتا تېغى ① دېيىلىدۇ ) تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ، ئۇ جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرغۇچى پاسىل تاغ. ئۇ شەرقتە يەتتىقۇدۇق تاغ ئېغىزىدىن باشلىنىپ، غەربتە داۋانچىڭ ئېغىزى ( قىرچىندغول ) غىچە سوزۇلغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىز بولۇپ، 5000 مېتىردىن ئوشۇق چوققىدىن يەتتىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە بوغدا چوققىسى ئەڭ ئېگىز بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 5445 مېتىر ئېگىز، قار سىزىقى 3800 ~ 3900 مېتىر ئېگىز. مۇزلۇق كۆلىمى 80 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

جەنۇبىي قىسمىدا ئوت ئېقىن تېغى، ئېرەن قابىرغا تېغى، تۆگە داۋان تېغى قاتارلىق تاغلار بولۇپ، بۇلار قوشۇلۇپ نەنشەن دېيىلىدۇ. بۇ تاغلار شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، 4000 مېتىردىن ئوشۇق چوققىدىن 27 سى بار. ئەڭ ئېگىز چوققىسى 4433 مېتىر، قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 3700 مېتىر. مۇزلۇق كۆلىمى 66.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ غايەت زور تەبىئىي قاتتىق سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ.

غەربىي قىسمىدا يامالىق تېغى، قاراجال تېغى، شىشەن ( قىبلە تاغ ) قاتارلىق تاغلار بار. بۇ تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1000 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، پاكار تاغلار ھېسابلىنىدۇ.

**يامالىق تېغى** يامالىق تېغى ئۈرۈمچى شەھەر رايونىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 9 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى، يەنى ياشلار چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 1397.6 مېتىر ئېگىز. تۇرا جايلاشقان ئورۇننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 957 مېتىر. شە

---

① تۆپە ئاتا تېغى ـــ «تاغلارنىڭ ئەڭ ئېگىزى» دېگەن مەنىدە.

ھەر رايونىدىن نىسپىي ئېگىزلىكى 500 مېتىردىن ئوشۇق .

**قاراجال تېغى** بۇ تاغ قىزىل گىلتاش ، قۇمتاش ۋە ئەشمە قۇمتاشلاردىن تۈزۈلگەچكە ، قىزىلتاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ . شەرقتە مايبۇلاقتىن باشلىنىپ ، غەربىي ئۇچى سانجى دەرياسىدىن ھالقىپ غەربكە سوزۇلغان . ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى دېڭىز يۈزىدىن 1283.6 مېتىر ، تاغ ئومۇرتقىسى ئومۇمەن 1000 مېتىردىن ئېگىز .

**شىشەن تېغى** شىشەن خەنزۇچە « غەربىي تاغ » دېگەنلىك بولىدۇ . بۇ تاغ ئۈرۈمچىنىڭ غەربىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان . ئۇيغۇرلار بۇ تاغنى « قىبلە تاغ » دەپ ئاتايتتى . بۇ تاغ قاراجال تېغىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن پاراللېل ، غەربىي ئۇچىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا دېڭىز يۈزىدىن 1287 مېتىر ئېگىز . بۇ تاغنىڭ شەرقىي ئۇچى سىداۋسا ( ئاچال ) دىن باشلىنىپ ، غەربىي ئۇچى سانجى دەرياسىغا قەدەر سوزۇلغان ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر ئەتراپىدا . بۇ تاغنىڭ كۆمۈر قەۋىتى قېلىن ، زاپىسى مول ، كۆمۈلۈشى تېيىز ، شۇڭا يەرلىك ئۇيغۇرلار قىبلە تاغنىڭ كۆمۈرىنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ ئېچىۋالغىلى بولىدۇ ، دەپ تەسۋىرلەيدۇ .

**قىزىلتاغ** بۇ تاغ ئۈرۈمچىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قاسنىقىغا جايلاشقان . ئۇنىڭ غەربىي ئۇچى قىزىلتاغ تۇمشۇقىدىن ( مۇنار بار جايدىن ) باشلىنىپ ، شەرقىي ئۇچى بۇلاقتاغقا تۇتىشىدۇ . ئۇ غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5.3 كىلومېتىر ، كەڭلىكى 1 كىلومېتىر ئەتراپىدا . ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى بۇلاقتاغ ياقىسىدا بولۇپ ، دېڭىز يۈزىدىن 935.5 مېتىر ئېگىز . قىزىلتاغ تۇمشۇقىدىكى مۇنار جايلاشقان ئورۇن دېڭىز يۈزىدىن 918.6 مېتىر ئېگىز . 1779 ــ يىلى قىزىلتاغ ئۈستىگە بىر بۇتخانا سېلىنغان بولۇپ ، بۇ بۇتخانا « يۈيخۇاڭمياۋ » دەپ ئاتىلاتتى . 1781 ــ يىلى قىزىلتاغ ئاستىغا يەنە بىر بۇتخانا سېلىندى . ھەر يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە 4 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنى خەنزۇلار بۇ جايدا سەيلە ــ ساياھەت قىلاتتى ۋە تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينايتتى . بۇ بۇتخانا 1933 ــ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن . 1788 ــ يىلى ( چيەنلۇڭنىڭ 53 ــ يىلى ) قىزىلتاغ ئۈستى بىلەن يامالىق تېغى ئۈستىگە بىردىن مۇنار ياسالدى ، مۇنار ئېگىزلىكى 8 مېتىر كېلەتتى . يامالىق تېغى ئۈستىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنار 1970 ـ يىلى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ، 1986 ـ يىلى يەنە باشقىدىن ياساپ تۇرغۇزۇلغان . 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ، 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ، گومىنداڭ ئارمىيىسى قىزىلتاغ ئاستىنى دورا بىلەن پارتلىتىپ مۇداپىئە ئۆڭـ كۈرى ياسىغان . بۇ ئۆڭكۈر ھېلىمۇ بار . 1959 ـ يىلى قىزىلتاغ ئۈستىگە سەككىز بۇرجەكلىك بىر شىپاڭ ياسالدى ، شۇنىڭدىن باشلاپ تاغ ئۈستىگە دەرەخ تىكىش باشلاندى . 1984 ـ يىلى تاغ ئۈستىگە يەنە ئىككى كىچىك شىپاڭ ياسالدى ھەم تاغ چوققىسىغا چىقىدىغان تاش پەلەمپەي ياسالدى . 1985 ـ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ قىزىلتاغ باغچىسى قۇرۇلۇپ ، ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى . 1990 ـ يىلى قىزىلتاغ ئۈستىگە لىن زېشۈينىڭ ھەيكىلى ئورنىـ تىلدى ، شۇنداقلا 1992 ـ يىلى ئۈچ قەۋەت كۆركەم راۋاق ، كونا مۇنار ئاستىغا يەنە بىر كىچىك شىپاڭ ياسالدى . ھازىر قىزىلتاغ باغچىسىدا 45 مىڭ تۈپ دەـ رەخ بار ، باغنىڭ كۆلىمى 50.8 گېكتار كېلىدۇ .

**يىقىلغان تاش** ( خەنزۇچە خېيشەنتۇ دېيىلىدۇ ) بۇ ئالتاي يولىنىڭ غەربىي قاسنىقىغا ، ماي توشۇش كالونىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ ، جەـ نۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.8 كىلومېتىر ، كەڭلىكى 500 مېتىر . جەنۇبىي ئۇچىدىكى تاغ بېشىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايى دېـ ڭىز يۈزىدىن 859.8 مېتىر ئېگىز . بۇ تاغنىڭ ئېتىكىدە ئەينى چاغدا تاغدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيدەك چوڭلۇقتىكى تاشلار بولغاچقا ، « يىقىلغان تاش » دەپ ئاتالغان .

**تاشبۇلاق تاغ** ( خەنزۇچە خېيجياشەن دېيىلىدۇ ) ئىلگىرى بۇ جايدا تاش ئارىسىدىن چىقىدىغان بىر بۇلاق بولغاچقا ، « تاشبۇلاق تاغ » دەپ ئاتالغان . بۇ تاغ ئۈرۈمچى شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىردىن ئوشۇق ، كەڭلىكى 500 مېتىرغا يېقىن ، نىسپىي ئېـ گىزلىكى 25 مېتىر كېلىدۇ .

**يومىلاق تاغ** ( خەنزۇچە لىيۋيشەن دېيىلىدۇ ) شىنجاڭ تىببىي ئىنىستىتۇتىنىڭ شىمالىدىكى تاغ « يومىلاق تاغ » دەپ ئاتىلىدۇ . چۈنكى ، بۇ تاغنىڭ باش تەرىپى دۈپدۈگىلەك گۈمبەزگە ئوخشاش ئۈچلۈق چوققا بولۇپ ، يىراقتىن قارىسىڭىز يۇپيۇمىلاق كۆرۈنگەچكە ، « يومىلاق تاغ » دەپ ئاتالغان .

تاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 853 مېتىر ئېگىز. چوققىنىڭ ئارقىسى پەس كەتكەن دۆڭلۈك.

**توپىتاغ** (خەنزۇچە پىڭدىڭشەن دېيىلىدۇ) ھازىرقى شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتىنىڭ ئارقىسىدىكى تاغ «توپىتاغ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلگىرى كونا ئۈرۈمچى شەھىرى شاپتۇللۇقتا (جۇجياۋەندە) ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۆي ـ جاي سالىدىغان، خىش ـ كېسەك قۇيىدىغان توپىنى مۇشۇ تاغنىڭ جەنۇبى ئېتىكىدىن ئالاتتى. كېيىن 1772 ـ يىلى نىڭگو قەلئەسى سېلىنغان چاغلاردىمۇ بۇ جايدىن توپا ئېلىنغان. ئازادلىق ھارپىسىدىمۇ بۇ يەردە خىش ـ كېسەك قۇيۇپ ساتىدىغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. دېمەك، توپىتاغ توپا ئېلىنىدىغان تاغ بولغاچقا، «توپىتاغ» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ كەڭلىكى 500 مېتىر ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقى 1300 مېتىر، نىسپىي ئېگىزلىكى 50 مېتىر، شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 1300 مېتىر، كەڭلىكى 500 مېتىر، ئەڭ ئېگىز جايىنىڭ (شەرقىي جەنۇبىي تۇمشۇقىنىڭ) دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 876 مېتىر، نىسپىي ئېگىزلىكى 50 مېتىر.

**سۇ مۇنارى تېغى** شۇيمۇگو (سۇ بېشى) جىلغىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن 1 ـ ئىيۇل توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ فابرىكا رايونىغىچە سوزۇلغان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 867 مېتىر، تاغ ئۈستىدە ئۈچ سۇ يىغىش كۆلچىكى بار. 1984 ـ يىلى ئۇنىڭغا «سۇ مۇنارى تېغى» دەپ نام بېرىلگەن.

**بۇلاقتاغ** (خەنزۇچە چىڭچۈەنشەن دېيىلىدۇ) شۇيمۇگو ئېقىنىنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 865 مېتىر. 1975 ـ يىلدىن تارتىپ كۆكەرتىلگەن بولۇپ، كۆكەرتىلگەن مەيدانى 24 گېكتارغا يېتىدۇ. بۇ تاغ شۇيمۇگو ئېقىنىنىڭ مەنبەسىدۇر.

**ئارشاڭ تاغ** بۇ تاغ شۇيمۇگو ئېقىنىنىڭ شەرقىي قاسنىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1.2 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 864.7 مېتىر. بۇ تاغدا ئارشاڭ بولغاچقا، 1984 ـ يىلى ئارشاڭ تاغ دەپ نام بېرىلگەن.

## ئۈرۈمچىدىكى ئويمانلىقلار

سەيۋوپو ئويمانلىقى ئېرەن قابىرغا تېغى بىلەن بوغدا تېغى ئوتتۇرىسىغا

جايلاشقان . بۇ ئويمانلىق يەر پوستىنىڭ ئۆزۈلۈپ چۆكۈشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ، ئەڭ ئۇزۇن يېرى 114 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى ( ئەڭ كەڭ يېرى ) 34 كىلومېتىر ، ئويمانلىقنىڭ تاپان قىسمى 2800 كۋادرات كىلومېتىر ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1100 ~ 1300 مېتىر . ئويمانلىقنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب قىسىملىرى تاغ ئالدىدىكى چۆكمە جىنسلاردىن ھاسىل بولغان يانتۇ تۈزلەڭلىك ، ئوتتۇرا قىسمىدا كۆل ۋە ئېدىرلىق ، ئورمانلىقلار بار .

## ئۈرۈمچىدىكى ئېدىرلىقلار

شەھەر ئىچىدە شاۋدۇڭلياڭ ، نەنلياڭ ، قىزىلتاغ ئېدىرلىقلىرى بار . ئۇنىڭ ئەتراپىدا توپىتاغ ، يېقىلغان تاش ، يۇملاق تاغ ئېدىرلىقلىرى ، شەرقىي شىمال قىسمىدا تۇتاش كەتكەن ليۇداۋان ، چىداۋان ، باداۋان ، كازىۋەن ئېدىرلىقلىرى بار . بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ چىداۋان ئېدىرلىقى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ ئېدىرلىقلار ئارىسىدا كىچىك ساي ، جىلغا ۋە ئويمانلىقلار بار .

## ئۈرۈمچىدىكى تۈزلەڭلىكلەر

شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمى تۈزلەڭلىك بولۇپ ، ئۇ ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ چۆكمە جىنسلىرىدىن ھاسىل بولغان . ئۇنىڭ جەنۇبىي ئۇچى قىزىلتاغ تۇمشۇقىدىن باشلىنىپ ، شىمالىي ئۇچى مىڭجىلىڭ سۇ ئامبىرىغىچە بارىدۇ ، ئۇزۇنلۇقى 32 كىلومېتىر ، غەربتە سانجى دەرياسىدىن شەرقتە چىداۋان ئېدىرلىقىغىچە بولغان كەڭلىكى 28 كىلومېتىر . يەر يۈزى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ . دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 500 ~ 850 مېتىر .

## ئۈرۈمچىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى

نەنشەن تېغى بىلەن بۇغدا تېغى ئاساسەن قەدىمكى ھايات ئېراسى ( پالېئوزوي ئېراسى ) دىكى گېنىس ، گرانت ، دىئورىت ، كىرمنىي ، ھاكتېشى ، قېتىشقان ھاك جىنس قاتارلىق جىنسلاردىن تۈزۈلگەن . قىزىلتاغ ، ياماللىق تاغلىرى ئاساسەن پېر دەۋردىكى سىلانىس ، نېفتلىك جىنس ، قاتتىق قۇمتاش ،

قورام تاش قاتارلىق جىنسلاردىن تۈزۈلگەن . سەيۋوپۇ ئويمانلىقى بىلەن ئۈرۈمچى تاغ ئالدى تۈزلەڭلىكى نەچچە يۈز مېتىر قېلىنلىقتىكى تۆتىنچى دەۋردىكى بوش قۇم ۋە قورام تاشتىن تۈزۈلگەن . شەھەر رايونىدىكى بوش قۇم ۋە قورام تاش قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 10 ~ 70 مېتىر كېلىدۇ ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ قېلىنلىقى ئېشىپ بارىدۇ . شەھەر رايونىنىڭ ئاستىدا ئۈزۈلگەن چاكلار كۆپ بولۇپ ، كۆپىنچىسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان . قىزىلتاغ ۋە يامالىق تاغلىرىنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ سوزۇلغان بىر چوڭ يېرىلغان زونا بار .

## ئۈرۈمچىنىڭ ئىقلىمى

ئۈرۈمچى شەھىرى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلباغ چوڭ قۇرۇقلۇق قۇرغاق كلىماتىغا كىرىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ، قۇرغاق ۋە ھۆل - يېغىنلار ئاز ، تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشى تېز ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ ، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.3℃ ، ئەڭ ئىسسىق ئاي ( 7 - ئاي ) دىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 23.5℃ ماكسىموم يۇقىرى تېمپېراتۇ- رىسى 1944 - يىلى 11 - ئىيۇل كۆرۈلگەن بولۇپ ، 43.4℃ قا يەتكەن . ئەڭ سوغۇق ئاي ( 1 - ئاي ) دىكى ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 15.34℃ قا چۈشكەن . قىروسىز مەزگىلى 179 كۈن ، كۈننىڭ يىللىق چۈ- شۈش ۋاقتى 2821 سائەت ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى 10.37℃ . ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرى قىسقا ، ياز ۋە قىش پەسلى ئۇزۇن . 4 - ئاينىڭ بېشىدىن 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئەتىياز بولۇپ ، ئادەتتە تېمپېراتۇرىسى 10℃ ~ 12℃ بولىدۇ . 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9 - ئاينىڭ بېشىغىچە ياز بولۇپ ، تېمپېراتۇرىسى 30℃ ئەتراپىدا بولىدۇ . 9 - ئاينىڭ بېشىدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە كۈز بولۇپ ، تېمپېراتۇرا 25℃ تىن تەدرىجىي تۆۋەنلەپ 0℃ قا چۈشىدۇ . 11 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 3 - ئاينىڭ بېشىغىچە قىش بولۇپ ، ئادەتتە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 20℃ ~ 10℃ بولىدۇ . كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 194 مىللىمېتىر ، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2266 مىللىمېتىر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈرۈمچىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى

## سۇ بايلىقى

ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز تاغ رايونىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 261 مىللىمېتىر، تاغ يېرىدىن ھاسىل بولىدىغان ئومۇمىي سۇ مىقدارى 2 مىليارد 780 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ بىر قىسمى تاغ رايونىدىكى مۇزلۇقلارنى تولۇقلاش (مۇزلۇق كۆلىمى 164 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولىدىغان سۇ 124 مىليون كۇب مېتىر) ۋە ئوتلاقلاردىكى تۇپراقنى نەمدەش، يەر ئاستىغا سىڭىپ يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلاش، پارغا ئايلىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. قالغان قىسمى تاغ ئېغىزلىرىدىن ئېقىپ چىقىپ ئۈرۈمچى دەرياسى، سانجى (تۇدۇڭخابا) دەرياسى، تېرەك ئېقىن، سەيۋوپو، داۋانچىڭ سۇلىرىدىن ئىبارەت تۆت سۇ سىستېمىسىنى ۋە چوڭ ـ كىچىك 41 ئېقىننى ھاسىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى 917 مىليون كۇب مېتىر.

**ئۈرۈمچى دەرياسى** ئۈرۈمچى دەرياسى تارىختا تەڭرىتاغلىرىنىڭ غول ئۇمۇرتقىسى ئۈستىدىكى مۇز داۋان (بىرىنچى نومۇرلۇق مۇزلۇق) دىكى ئوتېكىن جىلغىسىنىڭ بېشىدىن باشلىنىپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ خۇشيا، تېرەكتى، چيەنشا، بەنفاڭگو، يوڭفېڭچۈي، ئۇلانباي، ئۈرۈمچى، ئەنەنچۈي، سەندۇبا، ئوتتۇنكوزىلار ئارقىلىق جوڭغار ئويمانلىقىدىكى قۇربان تۇڭغۇت كۆلىگە قۇيۇلاتتى. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسى دېڭىز يۈزىدىن 3800 مېتىر ئېگىز بولۇپ، دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 190 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى دائىرىسىدىكى قىسمى 80 كىلومېتىر، شەھەر رايونى دائىرىسىدىكى قىسمى 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە نورمال ئېقىن مىقدارى 237 مىليون كۇب مېتىر، كەلكۈن كۆپ بولغان يىللىرى 300 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. سۇ ئەڭ ئاز كەلگەن يىللىرى 180 مىليون كۇب مېتىر بولىدۇ. ئۇنىڭ سۇ يىغىش مەيدانى 952 كۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 50 مېتىر، دەريا ۋادىسى 4500 كۋادرات كىلومېتىر.

ئۈرۈمچى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئاساسلىق تارماق ئېقىنلار : ئوتېكىن جىلغىسى ، داۋانساي ، سارساي ، بولات ، بوختى ، ساغاننۇر ، قارساي ، كېپىلەك ، موسىك ، ئېيىق جىلغا ، تاشلىقساي ، باش تېرەكساي ، غەربىي تېرەكساي ، شۈيشىگۇ ، ئۈلانباي ، داشىگۇ ، شۈيمۇگو ، تېرەك ئېقىن ( بەيياڭگۇ ) قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك 35 ئېقىندىن ئىبارەت .

**سانجى دەرياسى** سانجى دەرياسى ئىلى ـ ئۈرۈمچى يولىدا بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمىز .

**تېرەك ئېقىن** بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىكى تېرەنغول ( گويازى ) ، ئاقسۇ ، قاراڭغۇغول ( خېگۇ ) ئېقىنلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ ، داۋانچىنىڭ ئېغىزىدىكى قىرچىنغول ۋە توقسۇنلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئايدىڭكۆلگە قۇيۇلىدۇ . يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 138 مىليون كۇب مېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 180 كىلومېتىردىن ئوشۇق ، ۋادىسى 2650 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . قاراڭغۇغول ئاساسىي ئېقىن بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $1.7m^3/s$ ، ئۇ سەيۋوپو ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئېدىرلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ، داۋانچىڭنىڭ يۇقىرىسىغا كېلىپ ، ئاقسۇ ۋە تېرەنغول ئېقىنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تېرەك ئېقىننى ھاسىل قىلىدۇ . ئاقسۇ ئېقىنىنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $2.31m^3/s$ ، تېرەنغولنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى $1.90m^3/s$ .

**سۇ بېشى ( شۈيموگو ) ئېقىنى** سۇ بېشى ئېقىنى شۇ جايدىكى بۇلاق سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئېقىن بولۇپ ، تارىختا ئۇ شۈيمۇگو جىلغىسىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ ئېقىپ ، ۋېيخۇلياڭ ، چىداۋان ، كازىۋەنلەردىن ئۆتۈپ ، گومۇدىغا بېرىپ ، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قوشۇلاتتى . ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر ، يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 50 مىليون كۇب مېتىر . 1940 ـ يىللاردىن كېيىن دەل ـ دەرەخلەر كېسىلىپ ، ئەخلەتلەرنى قالايمىقان تۆكۈش جەريانىدا بۇلاق كۆزلىرى ئېتىلىپ ، سۇ مىقدارى ئازىيىپ ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 40 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالدى . ئىلگىرى تۆۋەن ئېقىندىكى كازىۋەن ، گومۇدىلاردا ئۇيغۇرلار ئاساسىي سانىنى ئىگىلەيتتى .

ئىلگىرى يەرلىك ئۇيغۇرلار شۈيموگونى « سۇ بېشى » دەپ

www.uyghurkitap.com

ئاتايتتى ①. چىلك سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى خەنزۇچە لوڭكو-چۈەن دەپ ئاتالدى. كېيىنچە بۇ يەرگە تۈگمەن ياسالغاندىن كېيىن، شۈيموگو دەپ ئاتالدى. ئۇيغۇرلار تۆت تۈگمەن دەپ ئاتايدىغان بولدى. شۈيموگو دېگەن نام چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ يىللىرى بۇ جىلغىدا تۈگمەن پەيدا بولغاندىن كېيىن قويۇلغان نامدۇر.

شۈيموگو ئېقىنى بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان، قىش ــ ياز ئېقىپ تۇرىدىغان، قىشتا مۇز قاتمايدىغان، سۈيىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 6 ℃ تىن يۇقىرى بولىدىغان ئېقىن بولۇپ، تۇپرىقى مۇنبەت، مەنزىرىسى گۈزەل جايلاردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا، 200 نەچچە يىل ئىلگىرىلا ئۇ يەرگە كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ، تۈگمەنلەرنى ياساپ، ئېرىق ــ ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلىپ كەلگەن. ھازىر شۈيموگو ئېقىنى سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان سۈنى تەمىنلەشتىن باشقا، يەنە تەخمىنەن 50 مىلك مو يەرنى سۇغىرىدۇ.

## ئۈرۈمچىدىكى تەبىئىي كۆللەر ۋە سۇ ئامبارلىرى

ئايدىڭكۆل ②(سەيۋوپو كۆلى) نىڭ سۇ يۈزى 31 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ چوڭقۇرلۇقى 6 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر جايى 9 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇ تۇز تەركىبى ئاز كۆل ھېسابلىنىدۇ. ھازىر بۇ كۆل ئۈرۈمچىنىڭ ياخشى ساياھەت رايونى بولۇپ قالدى، كۆلدە بېلىق بېقىلىۋاتىدۇ.

**تۇزكۆل** ئايدىڭكۆلدىن 14 كىلومېتىر شەرقتىكى تۇزكۆل شىنجاڭدىكى مەشھۇر تۇز مەھسۇلاتى كۆلى بولۇپ، كۆل يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 1. 071 مېتىر ئېگىز، كۆل يۈزى 23.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ تۇز تەركىبى 25 پىرسەنتتىن يۇقىرى، كۆلدە ناترىي تۇزى (ئاشتۇزى) بىلەن شور زاپىسى مول، ئۇنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى يۈز نەچچە مىڭ توننىغا يېتىدۇ.

**تەڭرىكۆلى (بوغدا كۆلى)** تەڭرىتاغدىكى مەشھۇر كۆللەرنىڭ بىرى

---

① «شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى» ژۇرنىلى، 1988 ــ يىل 6 ــ سان، 51 ــ بەت.

② ئايدىڭكۆل ئىككى بولۇپ، بىرى تۇرپاندىكى ئايدىڭكۆل. يەنە بىرى سەيۋوپودىكى ئايدىڭكۆل.

بولغان تەڭرىكۆلى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان داڭلىق ساياھەت رايونى بولۇپ، 1982 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن بىرىنچى تۈركۈمدىكى قوغدىلىدىغان، مەنزىرىسى گۈزەل بولغان مەشھۇر جايلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. تەڭرىكۆلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 110 كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز يۈزىدىن 5445 مېتىر ئېگىز بولغان بوغدا چوققىسىنىڭ قاپيىلىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 80° 07′ 34″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 43° 53′ 33″ قا توغرا كېلىدۇ. كۆلنىڭ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 1980 مېتىر ئېگىز. تەڭرىكۆلنىڭ يۈزى سايرام كۆلنىڭ يۈزىدىن 93 مېتىر تۆۋەن، باركۆلنىڭ يۈزىدىن 395 مېتىر ئېگىز، كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1 كىلومېتىر ئەتراپىدا، ئايلانمىسى 8 كىلومېتىر. كۆلنىڭ شەكلى ھىلال ئايغا ئوخشايدۇ، ئومۇمىي مەيدانى 49 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ يۈزى 2.45 كۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 40 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر جايى 105 مېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي سۇ مىقدارى 160 مىليون كۇب مېتىر. تەڭرىكۆلى رايونىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 2℃، قىروسىز مەزگىلى 88 كۈن، نىسپىي نەملىكى 56% ~ 64%، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 530 مىللىمېتىر. قىشتا قار قېلىن ياغىدۇ، كۆل سۈيى مۇز تۇتىدۇ. مۇزنىڭ ئەڭ قېلىن جايى 1 مېتىردىن ئاشىدۇ. ھەر يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە مۇز تۇتىدۇ، 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە مۇز ئېرىيدۇ. كۆل سۈيى خۇددى قاشتېشىدەك سۈزۈك. كۆلنى بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرىدىغان، قار ـ مۇزلىرى قىش ـ ياز ئېرىمەيدىغان تاغ چوققىلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. كۆلنىڭ ئەتراپى قېلىن ئورمانلار بىلەن قاپلانغان. بۇ جايدا قارىغاي، ئارچا، قېيىن، تاغ تېرىكى قاتارلىق دەرەخ تۈرلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قار لەيلىسى، نىلۇپەر، رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرى قويۇق ئۆسۈپ، گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەڭرىكۆلى رايونىدا ئاققۇ، ياۋا ئۆردەك، قىرغاۋۇل، كەكلىك، ئۇلار قاتارلىق 40 نەچچە خىل قىممەتلىك قۇش ۋە بۇغا، كېيىك، يىلپىز قاتارلىق 20 نەچچە خىل ياۋايى ھايۋان بار.

بۇ كۆل تارىخنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلىرىدە

www.uyghurkitap.com

تەڭرىكۆلى ①، بوغدا كۆلى، تيەنچى، تۆپەئاتا كۆلى دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى.

### ئۈرۈمچى دەرياسىدىن سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلىش

1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزدى. ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىدە ئاھالە ئاز، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كىچىك بولغاچقا، بۇنچىلىك كۆپ قوشۇننى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ كېتەلمەيتتى. شۇڭا، يەنە شەنشى، گەنسۇلاردىن بىر تۈركۈم خەنزۇ دېھقانلارنى ۋە سۈرگۈنلەرنى كۆچۈرۈپ چىقىپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى تۇگۇڭ، ئەرگۇڭ، سەنگۇڭ، باجياخو، جۇجياۋەن، ئەرداۋان، ليۇداۋان، چىداۋان، نيەنزىگو، ساڭفاڭگو، ئەنەنچۇي، شياۋدۇۋپو، نەنشەن رايونى (يوڭفېڭچۇي، تەيپىڭچۇي، گوڭچىڭچۇي) قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئوزۇقلۇق ئاشلىق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇقلۇق ۋە قەرز پۇل بېرىپ، ئۇلارنى بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

1762 ـ يىلى خۋاڭچۇي ② ئۆستىڭى ياسالدى. بۇ ئۆستەڭ ساڭفاڭگونىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ، توپىتېرەك، سايباغ، نيەنزىگو، نەنلياڭپو، لاۋمەنچېڭ، شىگەل ئارقىلىق جۇجياۋەنگە باراتتى. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 1.2 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر، ئېقىن مىقدارى 300 L/s ~ 500 L/s كېلەتتى. بۇ ئۆستەڭ دادىۋوپۇنىڭ جەنۇبىدىكى خاڭتەنگىچە ئۇزارتىلغان. ھازىر 6400 مو يەرنى سۇغىرىدۇ.

1765 ـ يىلى شەھەر دۆڭ ئۆستىڭى (ھازىرقى تىنچلىق ئۆستىڭى شۇ ئۆستەڭ ئاساسىدا ياسالغان) ياسالغان. ئۇ ھازىرقى 1 ـ ئاۋغۇست

---

① تيانشان دېگەن نامنىڭ تەڭرىتاغ دېگەن نامدىن كەلگىنىگە ئوخشاش، بوغدا كۆلى، تيەنچى دېگەن ناملارمۇ تەڭرىكۆلى دېگەن نامدىن كەلگەن. تيەنچى كۆلى، بوغدا كۆلى دېگەن سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى يەنىلا تەڭرىكۆلى، خۇدا كۆلى دېگەنلىك بولىدۇ. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1988 ـ يىل 1 ـ ئۆكتەبىر سانى.

② خۋاڭچۇي ـــ ئۇيغۇرلار بۇ ئۆستەڭنى «شاپتۇللۇق ئۆستىڭى» دەيتتى.

ئۇن زاۋۇتــىنىڭ يۇقىرىســپدىن باشلىنىپ ، سايباغ ، نيەنزىـــگو ، شۇىرغان مەھەللىسى ، تۇگۇك ، يىقىلــغان تاشـــلاردىن ئۆتۈپ ، ئىككـــگە بۆلۈنۈپ ، بــىرقــىسمى شەھەر دۆڭگە ، يەنە بىر قىسمى دادىۋوپو ، ھازىرقى نېفىت مەھەلـلــىسى ئەتــراپــى ۋە شىيادىۋوپولارغا باراتتى . ئۇنىڭ ئومۇمي ئۇزۇنلۇقى 35 كىلومېتىر ئىدى .

**تــىنچلــىق ئۆستىڭى** تىنچلىق ئۆستىڭى 1946 ـ يىلى 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىپ يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا پـىلانلــنــىپ ، 1947 ـ يـىلى 3 ـ ئايدا ئىش باشلىنىپ ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى تـامـاملانـغـان . بـۇ ئۆستەڭ ئەسلىدىكى شەھەردۆڭ ئۆستىڭىنى ئاساس قىلغان ھالدا ياسالغان بولۇپ ، خۇگيەنچى سۇ ئامبىرىدىن ئەنەنچۇيگە باراتتى . ئۇنىڭ ئومـۇمـي ئۇزۇنـلـۇقـى 46 كـىلومېتىر ئىدى . بۇ ۋاقىت دەل گومىنداڭ بىلەن كـومـمـۇنىستىك پارتىيە « تىنچلىق سۆھبىتى » ئۆتكۈزۈۋاتقان ، پۈتۈن مەملـكـەت مـىـقـيـاسىدا ، جۈملىدىن شىنجاڭدىمۇ تىنچلىق تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان مـەزگـىـل بـولـغـاچـقا ، بۇ ئۆستەڭگە « تىنچلىق ئۆستىڭى » دەپ نام بېرىلـگـەن . لېكىن يەرلىك خەلق يەنىلا « شەھەردۆڭ ئۆستىڭى » دەپ ئاتاۋەردى . 1950 ـ يـىـلى قايتىدىن كېڭەيتىپ ياسىلىپ ، تاش ياتقۇزۇپ چىقىلدى . لايىھەلەنگەن ئېقىن مىقدارى $8m^3/s$ قا يەتتى .

1976 ـ يــىـلـى ئۆسـتـەڭنىڭ شەھەر رايونى دائىرىسىدىكى 8 كىلومېتىر قـىسمى كېڭەيتىپ يـاسىلىپ لايىھىلەنگەن . ئۇنىڭ ئېقىن مىقدارى $15m^3/s$ قا يەتكۈزۈلگەن . تاپىنىغا تاش ياتقۇزۇلۇپ ئاتكوسى بېتوندىن ئىشلەنگەن قىسمى 32 كىلومېتىرغا يەتكەن .

1959 ـ يىلى دەريا ئېقىنى ئىچكە يېڭىدىن بىر ئۆستەڭ چېپىلىپ بېتون يـاتـقـۇزۇلـدى . ئۆسـتـەڭ 1 ـ ئاۋغـۇسـت ئۇن زاۋۇتــىـنىڭ يۇقىرىسىدىنراق بـاشـلـىنىپ ، پوشكال گەنزىسگىچە ( ھازىرقى تۇگۇك ئاپتوبۇس شىركىتى ) كـېـلـىپ ، غەربىي تىنچلىق ئۆستىڭىگىچە قوشۇلىدۇ . ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 كـىلومېتىر ، لايىھىلەنگەن ئېقىن مىقـدارى $25m^3/s$ بولۇپ ، بۇ ئۆستەڭـــگە « شـەرقـىي تىنچلىق ئۆستىڭى » دەپ نام بېرىلگەن . شۇنىڭ بىلەن « شەرقىي تىنچلىق ئۆستىڭى » ، « غەربىي تىنچلىق ئۆستىڭى » دېگەن نام پەيدا بولدى . ھازىـر تـىـنـچـلـىـق ئۆسـتىڭى ۋۇجياچۇيگىچە ئۇزارتىلدى . ئۇنىڭ سۇغىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەيدانى 500 مىڭ موغا يېتىدۇ .

***ئۈرۈمچى دەرياسىنى تىزگىنلەش*** ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدىكى جىلغىلاردىن ئاقىدۇ . تاغدىن چىققاندىن كېيىن ، ئۇلانبايغا كەلگۈچە دەريانىڭ ئىككى قاسنىقى ئېگىز ۋە تىك يار بولغاچقا ، دەريا ئېقىنى مۇقىم ، ئۇلانبايدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاساسەن تۈز بولۇپ ، ئىككى قاسنىقىدا روشەن قىرغاق يوق بولغاچقا ، دەريا ئېقىنى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . بىر يىل ئوڭ تەرەپكە ئاقسا ، بىر يىل سول تەرەپكە ئاقاتتى ، ھەتتا بىر يىل ئىچىدە گاھى ئوڭغا ، گاھى سولغا يۆتكىلىپ ئاقاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغلاردا ھۆل ـ يېغىنلار كۆپ بولاتتى . بەزىدە بىر ھەپتە، ھەتتا ئون كۈنلەپ توختىماي ياغاتتى . قىش كۈنلىرى قارمۇ ناھايىتى قېلىن ياغاتتى . ئادەتتە ئېتىزلاردىكى قار ئاتنىڭ قورسىقىغا كېلەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قىشلىق دەريا سۈيىنى باشلايدىغان ئورۇن بولمىغاچقا ، دەريانى 2 ~ 3 مېتىر قېلىنلىقتا مۇز قاپلاپ كېتەتتى . ئەتىيازلىقى قار ـ مۇزلار ئېرىگەندىن كېيىن ، ھۆلچىلىك ۋە سۇ ئاپىتى ئېغىر بولاتتى . بولۇپمۇ 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا كەلكۈن كۆپ كېلەتتى . پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەڭ كۆپ كەلگەن يىللىرى 400 ~ $500^3m/s$ يېتەتتى . 1953 ـ يىلى $360^3m/s$ قا يەتكەن . ئۇ چاغلاردا كەلكۈن سۈيىنى باشلايدىغان سۇ ئامبىرى يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريا ئېقىنىدا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئىنشائاتلار بولمىغاچقا ، كەلكۈننىڭ زىيىنى ئېغىر بولاتتى . خەلقنىڭ ھاياتى ، ئۆي ـ جاي ۋە مال ـ مۈلۈكلىرى زىيانغا ئۇچرايتتى ، نۇرغۇن زىرائەتلەر نابۇت بولاتتى ، مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەر بۇزۇلاتتى ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر خاراب بولاتتى . ئەينى چاغدا دەريادا كۆۋرۈك بولمىغاچقا ، كەلكۈن ۋاقتىدا دەريانىڭ ئۇ قاسنىقىدىن ـ بۇ قاسنىقىغا ئۆتكىلى بولمايتتى . 1945 ـ يىل 8 ـ ئايدىكى چوڭ كەلكۈن دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى نۇرغۇن ئۆيلەرنى ئېقىتىپ كەتكەن . سۇ خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي يېنىدىكى مۇداپىئە دامبىلىرىنى ئېقىتىپ ، كونىچە سېلىنغان بىنانىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغان . باغچىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىنى ( تۆمۈر دەرۋازا ئىدى ) ئېقىتىپ كەتكەن . چوڭ كۆۋرۈكتىن نۇرباغقا بارىدىغان كوچا ( ھازىرقى دوستلۇق يولى ) دا ئادەمنى ئېقىتىپ كەتكۈدەك تاشقىن ئاققانىدى .

1935 يىلىدىن 1940 يىلىغىچە ، دەريانىڭ شەھەر رايونى ئىچىدىكى قىس-

مىغا (مۇتەلجان قارىياغاچلىقىدىن تاكى نۇرباغنىڭ ئۇدۇلىغىچە) كەڭلىكى 3 ~ 4 مېتىر، ئېگىزلىكى 2 ~ 2.5 مېتىر كېلىدىغان مۇداپىئە دامبىلىرى ياسالغان. دامبا شاخ بىلەن تاشتىن ياسىلاتتى. 1942 ـ يىلى خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى ياسالغاندىن كېيىن، بىر بۆلۈم تاشقىن سۇ ئامبارغا كىرگۈزۈلىدىغان بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن، 50 ـ يىلى شەھەر خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دامبىلار باشقىدىن ياسالدى. بۇ دامبىلار شاخ بىلەن ئەمەس، بەلكى لىم ۋە چەگزىلەردىن ياسالدى، يەنى لىم ۋە چەگزىلەرنى ئۆزئارا تۇرۇم ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ، تىك تۆت بۇلۇڭلۇق قەپەزسىمان شەكىل ھاسىل قىلىپ ئىچىگە تاش قاچىلانغان. 1950 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلىغىچە خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى كېڭەيتىپ ياسالغاندىن كېيىن، كەلكۈن باشلاش ئىقتىدارى ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن كەلكۈن خەۋپى ئازايدى. 1961 ـ يىلى ئۇلانباي سۇ ئامبىرى پۈتۈپ، كەلكۈن سۇ پۈتۈنلەي تىزگىنلەنگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى رايونى كەلكۈن خەۋپىدىن قۇتۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ دەريا ئىچىگە نۇرغۇن قۇرۇلۇشلار سېلىندى ۋە ساي يولى ياسىلىپ، ئەتراپىغا دەل ـ دەرەخ قويۇلۇپ، بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈرۈلدى.

***خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى (چوڭ كۆل)*** خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرىنىڭ ئورنى ئىلگىرى كىچىك شوركۆل بولۇپ، كۆلدىن ئاشتۇزى چىقىدىغان بولغاچقا، شوركۆل دەپ ئاتىلاتتى. كۆل ئەتراپى سازلىق بولۇپ، مال بېقىلىدىغان يايلاق ئىدى. كۆلدە ياۋا ئۆردەك، تۇرنا قاتارلىق ئۇچار قۇشلار بار ئىدى. 1942 ـ يىلى بۇ جايغا سۇ ئامبار قۇرۇلدى. ئامبارغا « خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى » دەپ نام بېرىلدى. سۇ ئامبىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار چوڭ كۆل دەپ ئاتايدىغان بولدى. سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ سىغىمچانلىقى 10 مىليون كۇب مېتىر ئىدى. سۇغىرىش مەيدانى 5000 مودىن ئوشۇق ئىدى. 1950 ـ 1953 ـ يىللىرى سۇ ئامبىرى كېڭەيتىپ ياسالدى. سۇ سىغىمچانلىقى 50 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇغىرىش مەيدانى 160 مىڭ موغا يەتتى.

ھازىر سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ يۈزى 4.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەڭ چوڭ سۇ سىغىمچانلىقى 53 مىليون كۇب مېتىر. توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 22 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 430 مېتىر كېلىدۇ. بۇ سۇ ئامبىرى ئۇلانباي رايونىنىڭ قىشلىق بۇلاق سۇلىرى بىلەن ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ يازلىق كەلكۈن سۈيىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يىغىدۇ .

**قىزىل قىيا سۇ ئامبىرى** قىزىل قىيا سۇ ئامبىرى ۋاڭجياگو جىلغىسىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان ، ئامبارنىڭ سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 928 مېتىر ئېگىز ، سۇ سىغىمچانلىقى 27 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ ، 180 مىڭ مو يەر سۇغىرىلىدۇ . ئامباردا يەنە بېلىق بېقىلىدۇ . ئامبارنىڭ سۇ مەنبەسى داچۈەن ۋە شاۋچۈەنلەردىكى بۇلاق سۇلىرى بىلەن كەلكۈن سۈيى ۋە ئەتىيازدىكى قار ـ مۇز ئېرىندىلىرىدىن ئىبارەت .

قىزىل قىيا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى 1966 ـ يىلى باشلىنىپ ، 1972 ـ يىلى تاماملانغان .

**ئۇلانباي سۇ ئامبىرى** ئۇلانباي سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى 1959 ـ يىلى باشلىنىپ ، 1961 ـ يىلى پۈتكەن . بۇ ئۈرۈمچى دەرياسى ئېقىنىغا ياسالغان ئامبار بولۇپ ، توسمىسىنىڭ ئېگىزلىكى 24 مېتىر ، ئۇزۇنلۇقى 900 مېتىر ، چۈشۈرگە توسمىسىنىڭ ماكسىمال ئېقىن مىقدارى $75m^3/s$ ، كەلكۈن ئېقىتىش ئۆستىڭىنىڭ ماكسىمال ئېقىن مىقدارى $300m^3/s$ ، سۇ يۈزى 4.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ . ماكسىمال سۇ سىغىمچانلىقى 40 مىليون كۇب مېتىر ، سۇ چوڭقۇرلۇقى 19 مېتىر ، سۇغىرىش مەيدانى 500 مىڭ مو .

1978 ـ يىلى ئىككىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى باشلانغان . ئىككىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى ـــ توسمىنى 2 مېتىر ئېگىزلىتىش ۋە توسمىنى ئۇزارتىپ 1100 مېترغا يەتكۈزۈش ، ئامبارنىڭ سۇ سىغىمچانلىقىنى 50 مىليون كۇب مېترغا يەتكۈزۈش ئىدى . ھازىر بۇ قۇرۇلۇش ئاساسەن تاماملاندى .

1987 ـ يىلىدىن بۇيان ، بۇ جاي سۇ ئۈستى ساياھەت باغچىسى قىلىپ ياسالدى . بۇ سۇ ئامبىرى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ، سۇغىرىش ۋە بېلىق بېقىش رولىنى ئوينايدۇ ، شۇنداقلا يېقىن كەلگۈسىدە ياخشى ساياھەت رايونى بولۇپ قالغۇسى .

**ئۆچتاش سۇ ئامبىرى** ئۆچتاش سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى 1965 ـ يىلى باشلىنىپ ، 1967 ـ يىلى تاماملانغان . 1968 ـ يىلى « خوڭۋېيبىڭ سۇ ئامبىرى » غا ئۆزگەرتىلگەن . 1979 ـ يىلى يەنە ئەسلىدىكى « ئۆچتاش سۇ ئامبىرى » دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن .

ئامبارنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 520 كۋادرات مېتىر ، سۇ يۈزى 230 مىڭ كۇپ مېتىر ، ماكسىمال سۇ سىغىمچانلىقى 1 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ ، ئامبارنىڭ سۈيى شەھەرنىڭ كۆكەرتىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .

## ئۈرۈمچى دەرياسىدىكى كۆۋرۈكلەر

**چوڭ كۆۋرۈك** ئىلگىرى ئۈرۈمچى دەرياسىدا كۆۋرۈك يوق ئىدى . 1765 ــ يىلى هازىرقى شەھەرلىك هۆكۇمەت ئالدىدىكى دەريا كۆۋرۈكى ئورنىغا ئاددىي بىر ياغاچ كۆۋرۈك سېلىنغانىدى . كېيىن بۇ كۆۋرۈكنى سۇ ئېلىپ كەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە قېتىم كۆۋرۈك سېلىنغان بولسىمۇ ، بەك ئاددىي بولغاچقا ، سۇ ئېلىپ توختاتمىدى . 1906 ــ يىلىغا كەلگەندە ، بىرقەدەر مۇستەھكەم ياغاچ كۆۋرۈك سېلىندى . بۇ كۆۋرۈك « چوڭ كۆۋرۈك » دەپ ئاتالدى . خەنزۇچە « گوڭنىڭ كۆۋرۈكى » دېيىلەتتى . كۆۋرۈكنىڭ لىمى مۇستەھكەم ئورنىتىلمىغاچقا ، 1914 ــ يىلى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى . 1918 ــ يىلى ئەسلىدىكى كۆۋرۈك ئورنىغا يەنە بىر كۆۋرۈك سېلىندى . كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىغا زىننەت دەرۋازىسى ياسالدى . كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ، ئىككى يېنىغا ئىككى كۆزىتىش راۋىقى ياسالدى . كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنىدا رېشاتكا ۋە ئادەم ئولتۇرۇپ دەم ئالىدىغان جايلىرى بار ئىدى . بۇ كۆۋرۈك ناهايىتى ھەشەمەتلىك ياسالغان بولسىمۇ ، پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسالغاچقا ، 1940 ــ يىلى سۇ يەنە ئېلىپ كەتتى . بۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلى بولۇپ ، بۇ خەلقئارا يول ئۈستىدىكى كۆۋرۈك بولغاچقا ( ئۇ چاغلاردا بۇ كۆۋرۈكتىن سوۋېت ھەربىي ماشىنىلىرى توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى ) ، هۆكۇمەت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، بۇرۇنقى كۆۋرۈكنىڭ 10 مېتىر جەنۇبىغا 10 تونىنا يۈك كۆتۈرىدىغان بىر كۆۋرۈك سالدى . بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى دىڭگەكلەر تاش بىلەن سېمونتتىن ياسالغان ، قالغان قىسمى ياغاچ ئىدى . بۇ كۆۋرۈكنى مەسۇم مۇجاڭ ياسىغان . ئۇ كىشىگە ئىش ھەققى ۋە ماتېرىيال ھەققى ئۈچۈن شۇ يىلى 8 ــ ئايدا هۆكۇمەتتىن 30 مىليون سەر تەڭگە بەرگەن .

1953 ــ يىلى 8 ــ ئايدا ، ئۈرۈمچى دەرياسىغا ئاز كۆرۈلىدىغان چوڭ كەلكۈن كەلدى . كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتكەن كەلكۈن سۇ مىقدارى 360 كۇب مېتىر ــ سېكونتقا يەتتى . ئۇچتاش دىڭگەكنى پۈتۈنلەي سۇ ئېلىپ كەتتى .

خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي تۈتۈش قىلىپ، قاتناشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈردى.
ھازىرقى تۆمۈر بېتون كۆۋرۈك 1959 ـ يىلى ياسالغان. بۇ تۆت ئاراشلىق تۆمۈر بېتون كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، ئاپتوموبىل ماڭىدىغان يول كەڭلىكى 14 مېتىر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى ياندا 3 مېتىر كەڭلىكتە پىيادىلەر يولى بار ئىدى. لايىھىلەنگەن كۆتۈرۈشچانلىقى ئاپتوموبىل 18 توننا، پىرتىسسىپ 80 توننا بولۇپ، كۆۋرۈك پۈتكەندىن كېيىن كۆۋرۈككە قارايدىغان مەخسۇس ئادەم بەلگىلەنگەنىدى. بىرىنچى قېتىم كۆۋرۈككە قاراشقا بەلگىلەنگەن ئادەم توختى ئىسمىلىك ياشانغان كىشى بولۇپ، شۇ يىللاردا 62 ياشتا ئىدى. ئۇ كىشى كۆۋرۈكنى كېچە ـ كۈندۈز ياخشى باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلىنىپ، بېيجىڭغا بېرىپ دۆلەت بايرىمىغا قاتنىشىپ، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن.

***ئوتتۇرا كۆۋرۈك*** داشىمىندىن نىيەنزىگوغا بارىدىغان يولدىكى دەريانىڭ كۆۋرۈكى «ئوتتۇرا كۆۋرۈك» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ كۆۋرۈك 1946 ـ يىلى ياسالغان ياغاچ كۆۋرۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر، كەڭلىكى 8.5 مېتىر بولۇپ، ئىككى قاسنىقىدا 0.75 مېتىردىن پىيادىلەر يولى بار ئىدى. 1953 ـ يىلى ئۇنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن، 1954 ـ يىل 11 ـ ئايدا قايتا ياسالغان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئىككى ياندىكى پىيادىلەر يولى 1.5 مېتىردىن قىلىپ ياسالغانىدى. 1968 ـ يىلى چۇۋۇپ تاشلىنىپ، تىنچلىق ئۆستىڭگە كەڭلىكى 18 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 7 مېتىر كېلىدىغان بىر ياغاچ كۆۋرۈك سېلىنىدى.

1984 ـ يىلى كونا ئوتتۇرا كۆۋرۈكتىن 100 مېتىر يۇقىرىغا بىر تۆمۈر بېتون ئۆتۈشمە كۆۋرۈك ياسىلىپ، 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قاتناش باشلاندى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 83.86 مېتىر، كەڭلىكى 31 مېتىر، كۆۋرۈك يۈزى 2600 كۋادرات مېتىر ئىدى.

***باش كۆۋرۈك*** سەنشىخاگزىدىن سايباغقا بارىدىغان يولدىكى دەريانىڭ كۆۋرۈكى «باش كۆۋرۈك» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ كۆۋرۈك 1942 ـ يىلى ياسالغان. كۆۋرۈكنىڭ چوڭلۇقى ۋە ياسىلىشى ئوتتۇرا كۆۋرۈككە ئوخشايتتى. 1953 ـ يىلى ئۇنى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن. 1954 ـ يىلى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە

كەلتۈرۈلگەن. كېيىن دەريا سۈيى يۇقىرىدىن تىزگىنلىنىپ، دەريا قۇرۇپ پەقەت تىنچلىق ئۆستىڭىلا قالغاچقا، 1980 ـ يىلى بۇ كۆۋرۈكنى چۇۋۇپ، ئورنىغا كەڭلىكى 18 مېتىر، كۆتۈرۈشچانلىقى 15 توننىلىق تۆمۈر بېتون كۆۋرۈك سېلىندى.

***ئۈرۈمچى دەرياسىدىكى تۈگمەنلەر*** تارىخىي ماتېرىياللاردا 190 نەچچە يىل بۇرۇن ئۈرۈمچىدە تۈگمەن بارلىقى بايان قىلىنغان. ئادەم سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تۈگمەن كۆپىيىشكە باشلىغان. ئازادلىق هارپىسىدا ئۈچتاشتىن نۇرباغنىڭ ئايىغىغىچە بولغان 48 ئورۇندا 65 تۈگمەن بار ئىدى. ئۇلارنىڭ جايلىشىشى تۆۋەندىكىچە:

ئۈچتاشتىن داشمېنغىچە 24 تۈگمەن بولۇپ، تاش سانى 32 ئىدى. داشمېندىن چوڭ كۆۋرۈككىچە 18 تۈگمەن بولۇپ، تاش سانى 30 ئىدى. چوڭ كۆۋرۈكتىن نۇرباغقىچە 23 تۈگمەن بولۇپ، تاش سانى 32 ئىدى.

## ئۈرۈمچىنىڭ تەبىئىي كان بايلىقلىرى

### ئۈرۈمچىنىڭ كۆمۈر بايلىقى ۋە ئىلگىرىكى كۆمۈر سانائىتى

ئۈرۈمچىنىڭ كۆمۈر زاپىسى 9 مىلىيارد توننا بولۇپ، قازغىلى بولىدىغان كۆمۈر قاتلىمىنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى 80 مېتىردىن ئوشۇق. سۈپىتى ياخشى، سورتى كۆپ. ئۇلاردىن ئاساسلىقى كوكس كۆمۈرى، ياغلىق كۆمۈر، گاز كۆمۈر، يېپىشقاقلىقى ئاجىز كۆمۈر، ئوتى كۈچلۈك كۆمۈر، ئىسسىز كۆمۈر قاتارلىقلار بار.

***ئۈرۈمچىنىڭ ئىلگىرىكى كۆمۈر سانائىتى*** ئۈرۈمچىنىڭ كۆمۈر مەنبەسىنىڭ كۆپلۈكى ۋە كۆمۈر قاتلىمىنىڭ تېيىزلىقى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇللاردا كۆمۈر ئىشلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسى يىللىرىدىلا ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ماكانلاشقان تېلې قەبىلىلىرى ئۈرۈمچىدە خالىغانچە كۆمۈر قېزىپ، تۆمۈر تاۋلىغان[1]. شۇنىڭدىن بۇيان، بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەر خالىغانچە كۆمۈر قېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە

---

[1] «ئۈرۈمچى تارىخى ماتېرىياللىرى»، 12 ـ قىسىم. 27 ـ بەتكە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەگىشىپ ، كۆمۈر ئېھتىياجى ئېشىپ باردى . بۇنىڭغا ماس ھالدا كۆمۈر كانلىرىمۇ كۆپىيىپ باردى .

50 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ، ئۈرۈمچىدە پەقەت بىرلا ھۆكۈمەت خاڭى بار ئىدى . قالغانلىرى يەرلىك خاڭ ئىگىلىرى ئاچقان خاڭلار ئىدى . ئاساسلىق خاڭ رايونلىرى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى باداۋان ، چىداۋان ، لىيۇداۋان ، دۇڭشەن ، پاقابۇلاق ، شىشەن ، لوساۋگو ، لىيۇخۇاڭگو قاتارلىق جايلار ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا سانجى ، مىچۈەن ، فۇكاڭ ، قۇتۇبى قاتارلىق جايلاردىمۇ يەرلىك خەلقلەر ئاچقان كىچىك تارقاق خاڭلار بولۇپ ، بۇلاردىن پەقەت يەرلىك خەلقلەرلا پايدىلىناتتى . يول يىراق بولغاچقا ، ئۈرۈمچىگە ئەكەلمەيتتى .

**باداۋان كۆمۈر خاڭى** باداۋان كۆمۈر خاڭنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، كۆلىمى چوڭ بولۇپ ، باداۋاننىڭ ئىلگىرىكى ( 1950 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ) خاڭ ئىگىلىرى ۋە پېشقەدەم خاڭچىلاردىن كېرەم قۇربان ، مەڭلىك ئىسلام قاتارلىقلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، باداۋاندىكى خاڭ ئىگىلىرى ئۇيغۇرلاردىن ئارزاڭ باي ، ئايىت ، ئابامۇسلىم ، سىيىت شاڭيۇ ، ھوشۇر خاۋازا ، توختى نىياز ، نەمەتباي ، باتۇر ، ھەمدۇل ئاكا ، دوگامەت ، يۈسۈپ ، ئولمايىت ، ئانايىتاخۇن ، ئابدۇل پوچى ، توقسۇن روزى قاتارلىقلار ؛ خەنزۇلاردىن جى جيا ؛ خۇيزۇلاردىن ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ بىر تۇغقان لودا ، لوئېر ، لوسەنلەر ئىكەن . باداۋان كۆمۈر خاڭى ئۈرۈمچىنى تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق كان رايونى ئىدى .

**لىيۇداۋان ، ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر خاڭلىرى ۋە خاڭ ئىگىلىرى** شەخسىي خاڭ ئىگىلىرىدىن توختىنىياز ، كېرەم ئاكا ، ماموتئاخۇن ، تۇرسۇنئاخۇن ، بارات قارىغا ، قادىر ئاكا ، رەقىپئاخۇن ، ئەمەت ، سەيپۇل قاتارلىقلار بار ئىدى . 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرى « دۆلەت ئىگىلىكىدىكى لىيۇداۋان كۆمۈر كانى » ئېچىلىپ ، ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ كۆمۈر بازىسىغا ئايلاندى .

**شىشەن كۆمۈر خاڭى ۋە خاڭ ئىگىلىرى** شەخسىي خاڭ ئىگىلىرى غوپۇرئاخۇن ، سىيىت گەيجاڭ ، ھىيىت جىڭگوك ، رەھىم نىياز شاڭيۇ ، مەڭلىكئاخۇن ، ئىربو ( شىشەن كۆمۈر كانى ئورنىدا ئىدى ) قاتارلىقلار ئىدى . كوكس كۆيدۈرىدىغانلاردىن مۇن جيەنتاڭ ياۋا شاڭيۇ ، ما ۋېنبىڭلار بار ئىدى . بۇ جايدىن قالايدىغان كۆمۈر ۋە ئاشخانىلاردا ئىشلىتىدىغان كوكس

كۆمۈرى چىقاتتى.

**باقا بۇلاقتىكى خاڭچىلار** توختى يورغا، ئابدۇل پوچى، قاۋۇل ئاكا، ھېبىيت شاڭيۇ، قاسىم ئاكا قاتارلىقلار.

**لوخاڭگو كۆمۈر خاڭى ۋە خاڭ ئىگىلىرى** بۇ جايدا يەتتە خاڭ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئالتىسى شوروزى قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ، بىرى خەنزۇلارنىڭ ئىدى. بۇ جايدىن ياغاچقا ئوخشاش پارقىراق، ئاسان كۆيىدىغان، ئوتى كۈچلۈك، يېرىلىپ كۆيىدىغان كۆمۈر چىقاتتى. ھازىر بۇ جايدا دۆلەت ۋە كوللېكتىپ خاڭلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا جۇزىسەن كۆمۈر كانىدا ئۈچ خاڭ بار ئىدى. ئىككىسى ئۇيغۇر ئايىتاخۇننىڭ خاڭى بولۇپ، ئۇ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنى كۆمۈر بىلەن تەمىنلىگەن. بىرى ما ۋېنسۇنىڭ خاڭى بولۇپ، خاڭنى 1944 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 5 ـ دىۋىزىيىسىگە ساتقان.

**خوشاۋگو كۆمۈر خاڭى** خوشاۋگو ئۈرۈمچىدىن 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان كۆيۈپ كېلىۋاتقان كۆمۈر قاتلاملىرى بار بولغاچقا، «خوشاۋگو» (كۆيۈك جىلغا) دەپ ئاتالغان. بۇ جايدىن كۆمۈر توشۇيدىغان ھارۋا، ئۇلاغ، ئادەملەر ئورنىتىلغان يول بەلگىسىگە قاراپ ئېھتىيات بىلەن ماڭمىسا، چوڭقۇر كۆيۈك قاتلامدىكى يالقۇن ئىچىگە چۈشۈپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، بۇ جايدا خاڭ ئىگىلىرىدىن زايىر مەمەت، سىبىت، شۈي خوگۈەن، خې لوبا (شۈيجۇلۇق) لار بار ئىدى. ھەربىر خاڭدىن كۈنىگە تۆت ـ بەش ھارۋىدىن كۆمۈر چىقىرىلاتتى. كۆمۈرى پارقىراق، ئاسان ياندىغان، كۈلى ئاز، يېرىلىپ كۆيىدىغان ياخشى كۆمۈر ئىدى.

**جەنگو كۆمۈر خاڭى** جەنگو خاڭنىڭ (ھازىر 103 ـ پولكنىڭ 3 ـ مەيدانى) كۆمۈر قېزىۋاتقان جايىنىڭ ئارىلىقى ئۈرۈمچىدىن 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، بۇ جايدا ئۈچ خاڭ بار بولۇپ، بۇ جايدىن چاتا كۆمۈر چىقاتتى، سۈپىتى ياخشى، ئوتى كۈچلۈك، ئۇزۇن كۆيىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئاھالىلەر تالىشىپ ئالاتتى. ھەربىر خاڭدىن كۈنىگە بەش ـ ئالتە ھارۋا كۆمۈر قېزىلاتتى. ئۈچ خاڭدىن كۈنىگە 30 تونىنا ئەتراپىدا كۆمۈر چىقىرىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

**لوساۋگو ۋە دۇڭشەن كۆمۈر خاڭلىرى** لوساۋگو بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 36 كىلومېتىر كېلىدۇ . ئىلگىرى بۇ جايدا تۆت ـ بەش ئۆيلۈك خاڭ ئىگىسى بار ئىدى . گومىنداڭ دەۋرىدە ( 1943 — 1949 ـ يىللىرى ) ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى بۇ يەردە « دۇڭشەن كۆمۈر كانى » ئاچقان . لوساۋگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شياۋخۇڭگو ، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى داخۇڭگولاردا شەخسلەر ئاچقان ئۈچ خاڭ بار ئىدى . هازىر بۇ جايدا ئۈرۈمچى ۋە مىچۈەن ناھىيىلىرىنىڭ خاڭلىرى بار . داخۇڭگونىڭ شىمالىدىكى تېجاڭگودا شەخسلەرنىڭ ئىككى خاڭى بار ئىدى . هازىر ئۇ يەردە مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ خاڭلىرى بار .

## ئازادلىقتىن بۇرۇنقى خاڭ باشقۇرۇش تۈزۈملىرى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ، خاڭلار ئاساسەن شەخسىي خاڭ ئىگىلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغاچقا ، خاڭ ئىشچىلىرى خاڭ ئىگىلىرىگە ياللىنىپ ئىشلەيتتى . ئۇ چاغدا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قالاق بولغاچقا ، ئەمگەك ئېغىر ، ئىش شارائىتى ناچار ، خەتەر كۆپ ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن ئىدى . خاڭ قېزىشتا پۈتۈنلەي ئادەم كۈچى بىلەن تەۋەر ۋە مىتىن ئىشلىتىلەتتى . قېزىلغان كۆمۈرنى سېۋەت ياكى تاغارلارغا ئۇسۇپ ، قۇدۇق ئاغزىغا يۈدۈپ چىقىراتتى ، ئاندىن يەنە يۈدۈپ كۆمۈر مەيدانىغا ئاپىرىپ تۆكەتتى . كېيىنچە قۇدۇق ئاغزىغا بۇل ئورنىتىپ ، ئۇزۇن ئارغامچا باغلاپ ، ئات ، كالا بىلەن تارتىپ چىقىرىدىغان بولدى . 1940 ـ يىللاردىن كېيىن ، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن هالدا ، بەزى خاڭلاردا كالا ياكى ئات بىلەن چۆرگىلەيدىغان چىغىرىق ئارقىلىق كۆمۈر تارتىدىغان بولدى . ئۇنىڭغا ئىككى ئارغامچا بېكىتىلگەن بولۇپ ، بىرى چىقسا ، بىرى پەسكە چۈشەتتى . خاڭنىڭ چوڭقۇرلۇقى 18 ~ 25 جاڭ ( 60 ~ 85 مېتىر ) كېلەتتى . ئىككى سىمبا بولۇپ ئىشلەيتتى . هەر بىر قۇدۇق كۈنىگە بەش ـ ئالتە هارۋا كۆمۈر چىقىراتتى . تۆت ئاتلىق هارۋىغا ئادەتتە 20 ~ 25 سېۋەت كۆمۈر قاچىلايتتى . بىر سېۋەت كۆمۈر كونا جىڭ هېسابىدا 150 جىڭ كېلەتتى . كۆمۈر كولاشتا ، ئالدى بىلەن چۆرىدەپ كولاپ ، ئوتتۇرىغا كۆمۈردىن تۈۋرۈك قالدۇرۇلاتتى . تۈۋرۈكنىڭ ئەتراپىدىكى كۆمۈر ئېلىنىپ

بولغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا تۆۋرۈك كۆمۈر چېپىپ ئېلىۋېتىلەتتى ئاندىن ناھايىتى چوڭ بىر پارچە يەردىكى كۆمۈر ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى، ھەربىر قېتىم ئۆرۈلگەن كۆمۈر 10 ~ 100 هارۋىغىچە چىقاتتى. تۆۋرۈك ئۆرىگەندە خەتەر كۆپ يۈز بېرەتتى. شۇڭا، كۆمۈر ئۆرۈشكە مەلىكلىك ئىشچىلار مەسئۇل بولاتتى. قېزىش ۋە كۆمۈر يۆدۈشتە كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلاتتى. كولىغان كىشى كولىغان گەز سانىغا، يۆدۈگەن كىشى يۆدۈگەن سېۋەت ياكى تاغار سانىغا قاراپ پۇل ئالاتتى. قۇدۇق ئاستىدىكى ئىش ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى باشقىلاردىن 2 ~ 3 ھەسسە ئۈستۈن بولاتتى. خاڭدا ئىشلەيدىغانلار كۆپىنچە ئالتىشەھەر، تۇرپانلاردىن كەلگەن يېتىمچىلەر ئىدى. ئۇلار ياز كۈنى ئورما ئورۇش، قورۇلۇش قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ياللانسا، قىشتا خاڭدا ئىشلەيتتى. «خاڭ يېتىمچىلارنىڭ قىشلىق ئۆچىكى» دېگەن تەمسىل بار ئىدى. چۈنكى، خاڭدا تاماقنى قانچە يېسە ئىختىيار ئىدى، تاماققا چەك قويۇلمايتتى. تاماق، ياتاقلارغا پۇل ئالمايتتى. ئون كۈندە بىر قېتىم مال ئۆلتۈرۈپ، پولو بېرەتتى. ئايلىقمۇ يۇقىرى بولۇپ، شۇ زامان ھېسابى بويىچە 30 سەر پۇل ئالاتتى. قىش كۈنلىرى خاڭلار ئاۋات ئىدى. ھەرخىل مېۋە ـ چېۋە، گۆش ـ ياغ ساتقۇچىلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ھەربىر خاڭدا بىردىن يوغان ئۆي بولاتتى. ئۇنى «داجاڭ» دەپ ئاتايتتى. داجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۈلخان يېنىپ تۇراتتى. خاڭچىلار، هارۋىكەشلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئوت سۇناتتى. يوغان داشقازانغا گاڭپەن دۈملەپ قويۇلاتتى. كەلگەن ـ كەتكەنلەر ئىختىيارىي يەيتتى، يېگەنگە پۇل ئالمايتتى. داجاڭلاردا قىمار تاۋكاللىرى ئېچىلاتتى. كېچە ـ كۈندۈز قىمار بولۇپ تۇراتتى. خاڭلارنىڭ ئىش شارائىتى ناچار، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى قالاق بولغاچقا، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى، ھەرخىل كەسپىي كېسەللىكلەر دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. كۆمۈر شەھەرگە هارۋا، ئېشەك، تۆگە، قېنچىرلار بىلەن توشۇلاتتى. تۆت ئاتلىق هارۋا 20 ~ 25 سېۋەت، بىر ئاتلىق هارۋا 5 ~ 6 سېۋەت قاچىلايتتى. ئاتلىرى سېمىز، تۆت ئاتلىق هارۋىلار كونا جىڭ ھېسابىدا 4000 جىڭ كۆمۈر قاچىلايتتى، بىر ئېشەككە بىر سېۋەت كۆمۈر ئارتاتتى. ئۇ چاغلاردا يول ناچار بولغاچقا، هارۋىكەشلەر بەك جاپا تارتاتتى، بولۇپمۇ ئەتىياز پاتقاق چاغلاردا تولىمۇ جاپالىق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈرۈمچىدە يەنە ھاكتېشى زاپاس مىقدارى 104 مىليون توننا ، گېپس زاپاس مىقدارى 2 مىليارد 200 مىليون توننا ، نېفت زاپاس مىقدارى 468 مىليون توننا ، گلائوبېر تۇزى زاپاس مىقدارى 110 مىليون توننا ، ئاشتۇزى زاپاس مىقدارى 250 مىليون توننا . يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، يەنە مىس ، كېپەك ئالتۇن ، تەبىئىي گاز ، تۆمۈر ، مانگان ، فوسفۇر قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار .

## ئېنېرگىيە بايلىقى

قۇياش نۇرى ئېنېرگىيىسى . ھەربىر كۋادرات سانتىمېتىر يەر يۈزىگە چۈشىدىغان يىللىق قۇياش رادىئاتسىيىسى 125.2 ~ 137.2 كىلوكالورىيە بولۇپ ، بۇنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە سۇندۇرغاندا 101 مىليون 700مىڭ كىلوۋاتقا تەڭ . سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى 185 مىڭ كىلوۋات .

شامال ئېنېرگىيىسى . يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى $2m/s \sim 3$ ، ئەڭ چوڭ شامال تېزلىكى $12.8m/s$ ، ئۇلانبايدىن داۋانچىڭغىچە بولغان ئارىلىق شامال رايونى بولۇپ ، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى $6.1m/s$ ، ھەربىر كۋادرات يەر يۈزىگە چۈشىدىغان ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى 2000 ~ 3000 كىلوۋات ــ سائەت .

يەر ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى . شۇيموگو ئارىشاڭنىڭ كۆنلۈك ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 220 كۇب مېتىر ، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 28 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى .

## ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى

خەن سۇلالىسى يىللىرى ئۈرۈمچىدە 326 تۈتۈن ، 1887 ئادەم بار ئىدى . چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 ــ يىلى ( 1909 ــ يىلى ) دىكى مەلۇمات بويىچە ، ئۈرۈمچى ناھىيىسىدە ( ھازىرقى ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن مىچۈەن ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى ) 7342 تۈتۈن ، 38 مىڭ 994 نوپۇس بار ئىدى . ئازادلىق ھارپىسىدا ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كۆلىمى 10 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتمەيتتى ، نوپۇسى ئاران 100 مىڭ ئىدى . 1985 ــ يىلدىكى مەلۇمات بويىچە ، ئۈرۈمچىدە 1

مىلىيون 172 مىڭ نوپۇس بار ئىدى. شەھەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 11 مىڭ 440 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 49.3 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. 1990 ـ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نوپۇسى 1 مىلىيون 384 مىڭ 195 ئىدى. ئىلگىرى شەھەر رايونى ھازىرقىدىن كۆپ كىچىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 250 ~ 2000 مېتىرچە كېلەتتى. ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تۆگمەن ئۆستەڭگى ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىۋا زاۋۇتىنىڭ يۇقىرىسىدىن باشلىنىپ، 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئارقا تەرىپى، رۇس كۇلۇبى ئالدى، نوغاي مەسچىت ئىچى، سوۋېت كونسۇلى ئىچى، ھازىرقى تەڭرىكۆلى مۇنچىسىنىڭ يېنى، سەھىيە نازارىتى قورۇسىنىڭ ئىچى، كۆنچى مەھەللىسى ئىچى، داشىمېن سودا مەركىزى بىناسىنىڭ ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە سارىيى قورۇسى، ھەيرانباغلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۈرۈمچى دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. ئۆستەڭنىڭ شەرقى شەھەر رايونى ئىدى. غەربى دەريا ۋادىسى ئىدى. ھازىرقى دۆڭكۆۋرۈكتىكى تەڭرىكۆلى مېھمانخانىسىنىڭ غەربىدىن تاكى يامالىق تېغىغا بارغۇچە دەريا ئېقىنى ئىدى. يامالىق تېغى ياقىسى، ھازىرقى شىنجاڭ مېھمانخانىسى، ئىلى ئىش بېجىرىش ئورنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرى قېلىن دەرەخلىك ئىدى. چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئايىغىدا قاتار كەتكەن تۆگمەنلەر، ئاندا ـ ساندا ئۆيلەر ئۇچرايتتى. ھازىرقى نۇرباغنىڭ ئاياغ تەرىپى پۈتۈنلەي تېرىلغۇ يەرلەر ئىدى. ھازىرقى ئۆپكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ شەرقى سازلىق ئىدى. جەنۇبىي تىنچلىق يولىنىڭ شەرقى زاراتگاھلىق ئىدى. ئىتتىپاق تىياترىنىڭ ئارقىدىكى تاشقى سودا قورۇسى ئورنى، سەھىيە نازارىتى ئورنى، بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ئورنى تېرىلغۇ يەرلەر ئىدى. ھازىرقى نۇرلۇق يولىنىڭ شىمالىي تەرىپى پۈتۈنلەي زاراتگاھلىق ئىدى. ئۇ چاغدا ئۈرۈمچى رايونىدا ئورمان كۆپ ئىدى. ھازىرقى نىيەنزىگۇ، ساڭفاڭگۇ، ئۇلانبايلاردا ئورمان ناھايىتى قېلىن ئىدى. يەنئەن يولى ئەتراپى، شامالباغلاردىمۇ دەل ـ دەرەخلەر قېلىن ئىدى. تۆگمەن ئۆستىڭىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىز ئۆسكەن تېرەك ۋە سۆگەتلەر كۆپ ئىدى. نۇرباغنىڭ ئاياغ تەرىپى تېرىلغۇ يەر ۋە ئورمانلىق بولۇپ، دەل ـ دەرەخلەر ناھايىتى قېلىن ئىدى. شۈيموگۇ، چىداۋانلارمۇ دەرەخلىك جايلار ئىدى. ئۇ

چاغدا ھۆل ـ يېغىن كۆپ ئىدى . ياز كۈنلىرى يامغۇر قاتتىق ياغاتتى ، بەزىدە تۆت ـ بەش كۈن توختىماي ياغاتتى . شۇ چاغدا ھۆكۈمەت بۇلۇتنى قاچۇرۇپ يامغۇرنى توختىتىش ئۈچۈن ئاسمانغا زەمبىرەك ئاتاتتى . قىش كۈنلىرى قار قېلىن ياغاتتى ، ئېتىز ۋە داللاردا قار 1 مېتىردىن ئاشاتتى ، ئېتىزدىكى قار ئاتىنىڭ قورسىقىغىچە كېلەتتى . شەھەردە مەخسۇس قار توشۇپ جان باقىدىغان ئادەملەر بار ئىدى . ئەتىياز ۋە ياز كۈنلىرى كەلكۈن كۆپ كېلەتتى . ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى دائىم كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرايتتى . ئۈرۈمچىدە سۇ ناھايىتى مول بولۇپ ، يەر ئاستى سۈيى يۇقىرى ، ھەممىلا جايدا بۇلاق بار ئىدى . ھازىرقى شىخابا ، نۇرباغ ، ياشلار باغچىسى ، شامالباغ ، سايباغ ، خۇڭشۇيبېيىڭ سۇ ئامبىرى ، مۇتەلجان قارىياغاچلىقى قاتارلىق جايلاردا بۇلاق كۆزلىرى كۆپ ئىدى . خەلق باغچىسىنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي دېڭىزدەك بۇلاق بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئېگىز قومۇشلار ئۆسەتتى . شەھەر ئىچى ۋە شەھەر سىرتىدا خالىغان جايىنى ئىككى ـ ئۈچ غۇلاچ كولىسا سۇ چىقاتتى .

ھاۋادا بولغىنىش ئاز ، ئاسمان سۈپسۈزۈك كۆرۈنەتتى . كېچىسى يۇلتۇزلار شۇنداق پارقىراق ، ئاي نۇرىمۇ يورۇق ئىدى . نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئۈرۈمچىگە تەرەققىيات ئېلىپ كېلىپ ، ئۈرۈمچىنى گۈزەل سانائەت شەھىرىگە ئايلاندۇردى . ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلى ئۆستى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېكولوگىيە جەھەتتىن بەزى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ئورمانلار ، تېرىلغۇ يەرلەر ئازايدى . ھاۋا ۋە سۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاندى ، بولۇپمۇ سۇنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر بولماقتا . شەھەردىن يىلىغا چىقىدىغان 1 مىليون 270 مىڭ توننا ئەخلەت ، 48 مىليارد 360 مىليون كۇب مېتىر سانائەت كېرەكسىز گازى ۋە 53 مىليون توننا سانائەت پاسكىنا سۈيى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىغاچقا ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى زىيانلىق ماددىلارنىڭ يەر ئۈستى ، يەر ئاستى سۇلىرىنى بۇلغىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشماقتا . يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولغاچقا ، يەر ئاستى سۈيى جىددىي تۆۋەنلىمەكتە .

1964 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى گېدورولوگىيىلىك كۆزىتىش قۇدۇقلىرى ئارقىلىق كۆزىتىلگەن يەر ئاستى سۇ گورىزونتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭ .

## ئۈرۈمچىنىڭ 1964 — 1984 - يىللاردىكى يەر ئاستى سۇ گورىزونتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرستىش جەدۋىلى

| ئورنى | قۇدۇق نومۇرى | يىللار | ئۆزگىرىش مىقدارى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| ئۇلانباي | 241 A | 1978—1965 | +0.25 | سۇ ئامبىرى تەسىرىدىن سۇ گورىزونتى كۆتۈرۈلگەن |
| ئىۋىرغول | 283<br>239 | 1984—1966<br>1984—1964 | —1.53<br>6.02 - | |
| ئۇچتاش | 291 | 1984—1966 | —14.88 | |
| ئۇچتاش | 186 | 1979—1963 | —7.85 | |
| قىزىلتاغ | 250 | 1984—1964 | —4.80 | |
| ئەرگۈك | 68<br>261 | 1979—1957<br>1984—1964 | —8.80<br>—4.44 | |
| ساگفاگگۇ | 2352 | 1984—1964 | +0.10 | |
| باجياخۇ | AC | 1984—1964 | —0.54 | |
| لومەنچېك | 141 | 1966—1961 | —0.15 | |
| تېببىي ئىنستىتۇت | | 1961—1957 | —4.56 | |

دېمەك ، يەر ئاستى سۇيىنىڭ يىللىق تۆۋەنلىشى 30 ~ 70 سانتىمېتىر بولغان . يېقىنقى يىللاردىكى ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا ، يەر ئاستى سۇيى يىلىغا ئوتتۇرىچە 0.50 مېتىردىن تۆۋەنلىمەكتە .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مۇھىت بولغىنىشىنى چەكلەش مەقسىتىدە نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ياخشى نەتىجىلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىرىشتى ، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى ئىچچۆبتىلگەن شەھەر دەپ ئېلان قىلىنىپ ، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ۋە سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغاندىن بۇيان ، مۇھىتنى ياخشىلاش ، شەھەر قىياپىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش ، يېڭى سۇ مەنبەسىنى ئېچىش جەھەتلەردە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلمەكتە .

## §2 . ئۈرۈمچى ــ ئارا يۇلتۇز كارۋان يولى

ئۈرۈمچى ــ ئارا يۇلتۇز يولى شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم يول بولۇپ ، ئۇ جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . جەنۇبىي يول ئۈرۈمچىدىن چىقىپ تۇرپان ، پىچان ، يەتتىقۇدۇق ، قۇمۇللار ئارقىلىق ئارا يۇلتۇزغا بارىدۇ . شىمالىي يول ئۈرۈمچىدىن چىقىپ فۇكاڭ ، گۇچۇڭ ، مورىلار ئارقىلىق يەتتىقۇدۇقتا بىرىپ جەنۇبىي يولغا قوشۇلىدۇ .

### ئۈرۈمچىدىن ئارايۇلتۇزغا بارىدىغان جەنۇبىي يول

ئۈرۈمچىدىن چىقىپ ، ئۈرۈمچى ــ قەشقەر يولىنى بويلاپ 81 يول مېڭىپ ، سەيۋوپوغا كەلگەندە يول ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . بىر يول داۋانچىڭ ئارقىلىق تۇرپانغا بارىدىغان خان يولى ، يەنە بىر يول يوغانتېرەك ئارقىلىق تۇرپانغا كىرىدىغان يول . بۇ يول ئەينى چاغدىكى داۋانچىڭ ( بەل قورغان ) ① دىكى هۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىشىدىن قورققان كىشىلەر ماڭىدىغان ئۇلاغ يولى بولۇپ ، « ئوغرى يول » دەپ ئاتىلاتتى . بۇ يول تۆۋەندىكى جايلاردىن ئۆتەتتى :

سەيۋوپودىن قاراغۇ غولغا 65 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي سەيۋوپو ، تۇرپان ۋە داۋانچىڭ ، گۇچۇڭ يوللىرىنىڭ تۇتىشىدىغان جايى بولۇپ ، چىلىق سۇلالىسى يىللىرى بۇ جايدا بىر ئۆتەڭ ۋە قاراۋۇلخانا بار ئىدى . قاراغۇ غولدىن ئاقسۇغا 23 يول ، تىرەنغولغا 47 يول ، دۇگىغۇغا 57 يول ، يوغانتېرەككە 109 يول كېلىدۇ . بۇ يول يوغانتېرەككە كېلىپ ئاندىن تۇرپان ــ بەشبالىق يولىغا

---

① داۋانچىڭ ــ ئەسلى « داۋانچى » دىن ئۆزگەرگەن . « تارىخىي جەرىدەئى جەدىدە » . 18 ــ بەت .

قوشۇلىدۇ .
سەيشۈوپۇدىن يوغانتېرەككە 174 يول ، يوغانتېرەكتىن تۇرپانغا 131 يول ، سەيشۈوپۇدىن تۇرپانغا 305 يول ، ئۈرۈمچىدىن ھېسابلىغاندا 386 يول كېلىدۇ .
داۋانچىڭ ئارقىلىق تۇرپانغا بارىدىغان يول تۆۋەندىكى جايلاردىن ئۆتەتتى :
سەيشۈوپۇدىن چىقىپ 79 يول ماڭسا داۋانچىڭغا ، داۋانچىڭدىن 33 يول ماڭسا قىرچىنغول ( خۇگو ) غا كېلىدۇ . ئۈرۈمچى ــ قەشقەر يولى بىلەن ئۈرۈمچى ــ تۇرپان يولى مۇشۇ جايدىن ئايرىلىدۇ . چىڭ سۇلالىسى يىللىرى ھۆكۈمەت پوچتىلىرى ئۈرۈمچىدىن تۇرپانّغا توقسۇن ئارقىلىق باراتتى . ئادەتتىكى يولۇچىلار توقسۇنغا بارماي قىرچىنغولدىن ئايرىلىپ كۆكبۇقا ( بايانخو ) ئارقىلىق ماڭاتتى .
داۋانچىڭدىن قىرچىنغولغا 33 يول ، كۆكبۇقىغا 55 يول كېلىدۇ . بۇ جايدا ئەينى چاغدا بىر بۇلاق ۋە بىر كۆل ، بىر قونالغۇ ۋە تاماقخانا بار ئىدى . ئىلگىرى ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپاننىڭ پاسلى مۇشۇ جايدا بولۇپ ، بىر تاش بەلگە بار ئىدى . داۋانچىڭدىن قوۋۇرغىغا 89 يول ( ئۆتەڭ ) كېلىدۇ ، بۇ جايدا بىر قونالغۇ ۋە تۆت بۇلاق بار ئىدى . بۇ جاينىڭ بورىنى ئىنتايىن يامان ئىدى . ئەينى زاماندا ئۇ يەردە تۆۋەندىكىدەك قوشاق تارقالغان :

داۋانچىڭدىن ئۆتكەندە ،
بايانخوغا يەتكەندە .
چېرىكلەر تۇتۇۋېلىپ ،
خۇيمۇ قىلدى دەپسەندە .

بىر ھارۋىدا بەش چېرىك ،
ئوگدىسىغا ياتىدۇ .
دېگىنىنى قىلمىساڭ ،
مىلتىق بىلەن ئاتىدۇ .

توشۇدۇققۇ توشۇدۇق ،
چېرىكلەرنى توشۇدۇق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چېرىكلەر ئۆيدە يېتىپ ،
بىز تالادا ئۈششۈدۇق .

داۋانلارغا چىققاندا ،
چاققا قويدۇق يوغان تاش .
چېرىك يەيدۇ توخۇ گۆش ،
بىز ماڭىمىز قورساق ئاچ .

دەڭلەرگە يېتەلمەستىن ،
تۇمان باستى قاراڭغۇ .
ئۆيىنىشى بەش لەك قەغەز ،
چېرىك ئەمەس ساراڭغۇ .

قوۋۇرغىدىن توغرىسۇغا 17 يول ، كىندىككە 62 يول كېلىدۇ . كىندىك چوڭقۇر يار ياقىسىدىكى بىر ئۆتەڭ بولۇپ ، ئۇ يەردە بىر كارىز ۋە بىر قونالغۇ بار ئىدى . يولۇچىلار كارىز سۈيى ئىچەتتى . كىندىكتىن يار ئېغىزىغا ( يارغول قەدىمىي شەھىرى ) 24 يول ، يارغا 33 يول كېلىدۇ . بۇ جاي كەنت . تۇرپان كونىشەھەرگە 46 يول كېلىدۇ ، ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا 375 يول كېلىدۇ .

## تۇرپان

يەر شارى تەخمىنەن 4 مىليارد 600 مىليون يىللىق تارىخقا ئىگە . بۇنىڭدىن 230 مىليون يىل ئىلگىرىكى پالئوزوي ① ئېراسىدا ، شىنجاڭ پايانسىز دېڭىز ئاستىدا بولۇپ ، پەقەت پۇگۇنكى تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىلا سۇ ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى چوڭ ئارال ئىدى . تۇرپان بۇ چاغلاردا دېڭىز ئاستىدا ئىدى . پالئوزوي دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ، قۇرۇم تاغلىرى ( كوئېنلۇن تاغلىرى ) ، تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تاغلىرى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى ، شۇنىڭ بىلەن دېڭىز سۈيى چېكىنىپ خىلى ئۇزۇن زامانغىچە شىنجاڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەممە يېرىنى خىلمۇخىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە بۆك —

---

① پالئوزوي — قەدىمكى ھايات ئېراسى .

باراقسان دەرەخلەر قاپلىغان دەۋر ھۆكۈم سۈرگەن. مىزوزوي ① ئېراسىغا كەلگەندە، تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىدا چۆكۈش يۈز بېرىپ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا چۆكمە جىنىسلار توپلىنىپ تىندۇرما قەۋەت ھاسىل قىلغان. بۇنىڭدىن 50 مىليون يىل ئىلگىرى، كاينوزوي ئېراسى (يېڭى ھايات ئېراسى) نىڭ 3 ـ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، ھىمالايا تاغلىرى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق قۇرغاق رايونغا ئايلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان ئاستا ـ ئاستا قاقاس چۆللۈككە ئايلانغان.

## تۇرپاننىڭ تەبىئىي شارائىتى

تۇرپان ئويمانلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ئەڭ يىراق جايلارنىڭ بىرى. دېڭىز يۈزىدىن 3500 ~ 4000 مېتىر ئېگىز بولغان ھەيۋەتلىك، مەشھۇر تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئويمانلىقنى شەرق، شىمال ۋە غەرب تەرەپلەردىن يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئوراپ تۇرىدۇ. جەنۇب تەرىپىدە دېڭىز يۈزىدىن 600 ~ 1800 مېتىر ئېگىز بولغان چۆلتاغ ۋە ئايغىر بۇلاق تاغلىرى بار. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان 100 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىدىقۇت تېغى ئويمانلىقنى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئويمانلىقنىڭ شىمال تەرىپى ئېگىز، جەنۇب تەرىپى پەس، غەرب تەرىپى كەڭ، شەرق تەرىپى تار بولۇپ، ئىككى ئۇچى تار، ئوتتۇرىسى كەڭ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 245 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كەڭلىكى 75 كىلومېتىر ئەتراپىدا، ئومۇمىي يەر مەيدانى 50 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئوشۇق. ئويمانلىقنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايى ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىدىكى ئايدىڭكۆل بولۇپ، كۆلنىڭ سۇ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن. يېقىنقى يىللاردىكى ئۆلچەش ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، كۆلنىڭ تېگى دېڭىز يۈزىدىن 161 مېتىر تۆۋەن ئىكەن. ئويمانلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن قىسمى 4000 كۋادرات كىلومېتىردىن ئوشۇق بولۇپ، ئويمانلىقنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ

---

① مىزوزوي ــ ئوتتۇرا ھايات ئېراسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدە دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەنلىكى 100 مېتىردىن ئاشىدىغان قىسمى 2000 كۋادرات كىلومېتىر . ئويمانلىقنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ ، گويا قازانغا ئوخشاش ئوتتۇرىسى ئويمان بولغاچقا ، كۈن نۇرى چۈشكەندىن كېيىن ناھايىتى تېز ئىسسىپ كېتىدۇ ، يەنە كېلىپ ئىسسىق ھاۋا ئاسان تارقىلالمايدۇ . شۇڭا ، بۇ جاي باشقا جايلارغا قارىغاندا ئالاھىدە ئىسسىق . ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 29.9℃ ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 49.6℃ ، يەر يۈزىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 76.6℃ ، قۇم بارخانلىرى ئۈستىدىكى ئەمەلىي ئۆلچەنگەن يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 82.3℃ ئىكەن . ئۇ يەردە ئوتتۇرىچە 8 بالدىن يۇقىرى بوران يىلىغا 31 قېتىم چىقىدۇ ، بوران ئېغىزلىرىدا 100 قېتىمدىن ئاشىدۇ . بوران كۆپ چىقىدىغان توقسۇن ناھىيىسىدە 1961 ـ يىلى 8 بالدىن يۇقىرى بوران 135 قېتىمغا ، بورانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى 40 مېتىر ـ سېكۇنتقا يەتكەن . ۋىلايەت بويىچە كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 16.6 مىللىمېتىر ، ئەڭ كۆپ يېغىن مىقدارى ( 1958 ـ يىلى ) 48.1 مىللىمېتىر ، ئەڭ ئاز يېغىن مىقدارى ( 1968 ـ يىلى ) 2.9 مىللىمېتىر ، ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2844.9 مىللىمېتىر بولغان .

تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يەر ئۈستى سۇ سىستېمىسى تەڭرىتاغ سۇ سىستېمىسى ۋە قىزىلتاغ ( ئىدىقۇت تېغى ) سۇ سىستېمىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ .

1 . تەڭرىتاغ سۇ سىستېمىسى . ئاساسىي ئېقىنلاردىن تېرەك ئېقىنى ، يوغانتېرەك ئېقىنى ، قارايۈز ئېقىنى ، قاراڭغۇغول ئېقىنى ، چالقان ئېقىنى ، ئۆرتەڭ ئېقىنى ، كۆكيار ئېقىنى ، كەرچى ئېقىنى ، ئالغوي ئېقىنى ، ئۈستىنغول ئېقىنى ، زورمۇتا ئېقىنى ، ئۆرغول ئېقىنى قاتارلىق 13 ئېقىن بار . بۇنىڭدىن بىرنەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ، تۇرپاننىڭ ھاۋاسى ھازىرقىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى . تاغلاردىكى قار ـ مۇز سىزىقلىرى تۆۋەن ئىدى . ھاۋاسى نەمخۇش ، ھۆل ـ يېغىنلار كۆپ ئىدى . ئۇ چاغلاردا بۇ ئېقىنلارنىڭ سۇيىمۇ ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى . بۇ ئېقىنلار ئەسىرلەر داۋامىدا نۇرغۇنلىغان قۇم ـ شېغىل ، لاي ـ لاتقىلارنى ئېقىتىپ كەلگەن . بۇ لاتقىلار تەركىبىدىكى يىرىك جىنسلار تاغدىن چىقىپلا چۆكۈپ ، تاغ باغرىدىكى

جايلاردا سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى كۈچلۈك ، بىر قەۋەت يىرىك قۇم ـ شېغىللىق تىندۇرما قەۋەت ھاسىل قىلغان . لاي ـ لاتقىلىق ئۇششاق جىنسلار سۇ بىلەن تۆۋەنگە ئېقىپ كېلىپ ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا سېغىز توپىلىق تىندۇرما قەۋەت ھاسىل قىلغان . گېئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن دەريالار ئۆز ئېقىنلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، بىر مەزگىل ئوڭغا يۆتكىلىپ ئاقسا ، بىر مەزگىل سولغا يۆتكىلىپ ئېقىپ ، ئۆز ۋادىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ تۇرغاچقا ، تىندۇرما قەۋەت دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بارغان . شۇڭا ، تاغدىن سۇ باشلايدىغان سىمونت ئۆستەڭلەر ياسىلىشتىن ئىلگىرى ، تىرەك ئېقىنىدىن باشقا ئېقىنلارنىڭ سۈيى تاغدىن چىقىپلا يەرگە سىڭىپ تۈگەيتتى . پەقەت پەۋقۇلئاددە چوڭ كەلكۈن بولغان چاغلاردىلا تۆۋەنگە ئاز ـ تولا ئېقىپ كېلەتتى . لېكىن ، ۋاقتى بىر ھەپتىدىن ئاشمايتتى .

2 . ئىدىقۇت تېغى سۇ سىستېمىسى .بۇ تەڭرىتاغ سۇ سىستېمىسىنىڭ يەر ئاستىغا سىڭگەن سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان ، يامغۇرلۇق ① ، چوڭ ياغ ② ، كىچىك ياغ ③ ، يارغول ئېغىزى ، بۇيلۇق ( بورلۇق ) ، قۇرۇتقا ، تاللىقبۇلاق ، مۇرتۇغ ، تۇيۇق ئېغىزى ، ھوڭ ، لەمجىن ، سىڭگىم ئېغىزى قاتارلىق ئون ئېقىن بولۇپ ، بۇلارنىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 147 مىليون كۇب مېتىر . بۇ ئېقىنلار ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ، تۇرپان خەلقى ئەڭ قەدىمكى ۋاقىتلاردا مۇشۇ سۇلارنى ياقىلاپ ماكانلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن . كېيىنچە نوپۇس ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەچكە ، بۇ سۇلار ئېھتىياجنى قامدىيالمايدىغان بولغان . شۇنىڭ بىلەن ، يېڭى سۇ مەنبەسىنى ئېچىش كۈن تەرتىپكە قويۇلغان . تەڭرىتاغ ئېقىنى پەسىل خاراكتېرلىك ، ئۆزگىرىشچان بولۇپ ، ئۇنىڭ سۇ مىقدارى تۇراقسىز ، بەزىدە 5 ~ $6m^3/s$ قا چۈشۈپ قالىدۇ . كەلكۈن ۋاقىتلىرىدا بىرنەچچە 10 $m^3/s$ سۇ بىراقلا نۇرغۇن قۇم ـ لاتقىلارنى سۆرەپ كېلىپ ، سۇ ئالىدىغان ئېغىزلارنى بۇزۇپ ، ئۆستەڭلەرنى تۈزلىۋېتىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن بۇ سۇلار تاغدىن چىققاندىن كېيىن ، سۇ سىڭىشچانلىقى يۇقىرى بولغان قىلىن قۇم ـ شېغىل قاتلاملىق جايلاردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلمىغان ، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان ئەينى زاماندا ، بۇ

①②③ جاي ناملىرى .

www.uyghurkitap.com

سۇلارنى ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا باشلاپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۇلار قىشتا تاغدىن چىقمايلا توڭلاپ كەتكەچكە تۆۋەنگە ئېقىپ كېلەلمەيتتى. تارىختا ھەرقايسى خانلىقلار بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. ئۆتمۈشتىكى ئاشۇ ئۆستەڭلەرنىڭ خارابىسى ھېلىمۇ بار. بۇ غايە پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشتى.

ئەينى ۋاقىتتا، كارىز چېپىپ يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش يۈگەنسىز تاغ سۈيىنى باشلاپ كېلىشتىن ئاسان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كارىز سۈيى مۇقىم بولىدىغانلىقى، قىش - ياز توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغانلىقى، پايدىلىنىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ يەر ئۈستىگە چىقىدىغانلىقى، كارىز قۇرۇلمىسىنىڭ ئاددىيلىقى، ئۇنى ئادەتتىكى قوراللار بىلەن قازغىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىدى. كارىز يەنە مۇھىم مۇداپىئە ئىنشائاتىدۇر. تارىختىكى ئۈزلۈكسىز يۈز بەرگەن قانلىق قىرغىنچىلىقلاردا تۇرپان خەلقى كارىزدىن مۇداپىئە ئىنشائاتى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن.

كارىز چوڭقۇر سۇلۇق قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيىنى يەر يۈزى يانتۇلۇقىنىڭ چوڭلۇقىدىن پايدىلىنىپ، يەر ئاستى ئېرىقلىرى ئارقىلىق ئېقىتىپ يەر يۈزىگە ئېلىپ چىقىدىغان بىرخىل سۇ ئىنشائاتى بولۇپ، ئۇ ھاۋاسى قۇرغاق، يەر ئۈستى سۈيى كەمچىل، ھۆل - يېغىنلار ئاز جايلاردا قوللىنىلىدۇ. تۇرپاننىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا ئاساسەن تۇرپان خەلقى كارىزدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە سۇ ئىنشائاتىنى ئىجاد قىلغان.

## تۇرپان كارىزلىرى

جۇڭگودىكى چوڭ قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولغان سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6700 كىلومېتىر، بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1794 كىلومېتىر. شۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولغان تۇرپان كارىزلىرىغا كەلسەك، 1957 - يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە، تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ سانى 1237 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. كارىزلارنى قېزىش ئۈچۈن كەتكەن ئەمگەك كۈچى 50 مىلليوندىن ئارتۇق بولۇپ، ھەر يىلى كارىزلارنى رېمونت قىلىشقا كەتكەن

ئەمگەك كۆچى بۇ سانغا كىرمەيدۇ . ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا ئىشلىتىشتىن قالغان ، كۆمۈلۈپ كەتكەن كارىزلارنى قوشقاندا ، كارىزلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1600 دىن ئاشىدۇ .

« تۇرپان كارىزلىرى جۇڭگودىكى قەدىمكى مەشھۇر ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇشنىڭ بىرى بولۇپ ، قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى ، ئىلمىيلىك دەرىجىسى ، ئەقىل - پاراسەتنى نامايان قىلىشى ، تارىختىن بۇيان ئوينىغان رولى جەھەتلەردىن قارىغاندا ، تۇرپان كارىزلىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ . » ①

1884 — 1890 - يىللىرى ، تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان رۇسىيە ئالىمى گرۇم گرژىمايلو تۇرپان كارىزلىرى توغرىسىدا : « ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجايىپ پاراسەت بىلەن تۇرپاندا ئىجاد قىلغان ھەيۋەتلىك قەدىمىي كارىز سۇ ئىنشائاتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىلا يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ كارىزى ، مىسىرلىقلارنىڭ ئەل ئېھرامىدىن قېلىشمايدىغان قايىل قىلارلىق كۆچكە ئىگە سۇ ئىنشائاتىدۇر » ② دېگەنىدى .

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، كارىز — جۇڭگودىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە ئويمانلىقى ، پاكىستاندىكى بېلوجىستان ، ئىران ۋە كاسپىي دېڭىزى بويلىرى ، ئىراق ، تۈركىيە ، ئافغانىستان قاتارلىق جايلارغا تارقالغان . شىنجاڭدا كارىزنىڭ ئەڭ كۆپ تارقالغان جايى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى تۇرپان ، پىچان ، توقسۇن ناھىيىلىرى ، قۇمۇل ۋە گۇچۇڭلار بولۇپ ، ئۇنىڭدىن باشقا قۇكاڭ ، گۇما ، كۇچار ، ئاقسۇ كونىشەھەر ، قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىمۇ كارىز خارابىلىرى بار ، بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدا ئەڭ كۆپ .

## تۇرپان كارىزلىرىنىڭ تارىخى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن تارىخشۇناس ۋاڭ گوۋېي « غەربىي يۇرتتىكى كارىزلارنى تەكشۈرۈش » دېگەن كىتابىدا « شىنجاڭدىكى كارىزلار بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى خەن دەۋرىدىلا بار

① « تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى » ، خەنزۇچە نەشرى ، 251 - بەت .
② « شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى » ، 29 - سان ، 367 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى » ① دەپ يازغان.

« ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » دا ، تۇرپان ئويمانلىقىدا شۇ جاي-نىڭ كىلىماتى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا باب كېلىدىغان سۇ ئىنشائاتلىرى خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەنىدى . ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇ خىل سۇ ئىن-شائاتلىرىنىڭ ئۇنۇمى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇلدى ۋە تېخىمۇ كېڭەيتىلدى . شۇ ئارقىلىق خانلىقنىڭ بۇ رايوندىكى سۇغىرىش ئىشلىرى كاپالەتكە ئىگە قى-لىنىدى . كارىز مۇشۇنداق سۇ ئىنشائاتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرىدۇر ② دەپ خاتىرىلەنگەن .

يۇقىرىقى يازما ماتېرىياللار ۋە يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخې-ئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ، بۇنىڭدىن 2300 يىل بۇرۇنقى تۇرپان ئىدىقۇت كونا شەھىرى ئەتراپىدىن تېپىلغان كارىز قۇدۇقىنىڭ خارابىسى ، تۇرپان سىڭگىم ئېغىزى سۇ ئامبىرى يېنىدىكى قەدىمي شەھەر ئەتراپىدىن تېپىلغان 1500 يىللىق تارىخقا ئىگە كارىز خارابىسى ③ ۋە توقسۇن كۆكجاي قىياتاش رەسىملىرى تۇرپان كارىزلىرىنىڭ 2000 يىلدىن ئوشۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

كېيىنچە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، تۇرپان كارىزلىرى سان جەھەتتىن كۆپىيىپ ، سۈپەت جەھەتتىن تاكامۇللىشىشقا قاراپ ماڭدى . « يەركەن — سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ، تۇر-پان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىمۇ ناھايىتى روشەن بولدى . ھەممىدىن بۇرۇن تۇرپاندا ئاساسلىق سۇغىرىش تۈرى بولغان كا-رىزلار 16 — ئەسىردىن كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ④ .

قاتار - قاتار ۋە ئۆزئارا پاراللېل جايلاشقان كارىزلار ئەنە شۇ دەۋردە بەرپا قىلىنغان . پىچان يانقىردىكى تۈيغۇننىڭ كارىزى 1576 - يىلى ، زىرىپنىڭ كارىزى 1626 - يىلى ، قازاقنىڭ ⑤ كارىزى 1578 - يىلى ، نامراتنىڭ كارىزى

---

① « تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى » ، خەنزۇچە نەشرى ، 252 - بەت .

② « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، 130 - بەت .

③ « شىنجاڭ سوتسىيالىرى » ژۇرنىلى ، 1990 - يىل 5 - سان ، 3 - بەت .

④ ليۇ زىشياۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ، 769 - ، 771 - بەتلەر .

⑤ قازاق — كارىز ئىگىسىنىڭ لەقىمى . چۈنكى ئۇ كىشى قازاق يۇرتىغا بېرىپ سودا - سېتىق قىلىدىكەن .

1628 ـ يىلى ، قۇرۇتقا كارىزى 1830 ـ يىلى ، دىغاي كارىزى ھىجرىيە 1202 ـ يىلى قېزىلغان .

كارىز ئەڭ دەسلەپتە قەيەردە پەيدا بولغان ؟

كارىزنى قايسى دۆلەت بىرىنچى بولۇپ كەشپ قىلغانلىقى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن كۆزقاراش يوق . بەزىلەر تۇرپان كارىزلىرىنى تۇرپان خەلقى ئۆزى ئىجاد قىلغان دېسە ، بەزىلەر كارىز تېخنىكىسى تۇرپانغا ئىراندىن كىرگەن دەيدۇ ، يەنە بەزىلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگەن دەيدۇ ، ھەتتا بەزىلەر كارىزنى لىن زېشۈي بىلەن باغلايدۇ . تۆۋەندە بۇ قاراشلارنى بىر ـ بىرلەپ تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى .

بىرىنچى ، تۇرپان كارىزلىرىنى تۇرپان خەلقى ئۆزلىرى ياراتقان .

تۇرپان كارىزلىرىنى ، تۇرپاننىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا ئاساسەن ، تۇرپان خەلقى ئۆزلىرى ئىجاد قىلىپ ، ئۇنى ئەسىرلەر داۋامىدا مۇكەممەل سۇغىرىش تورىغا ئايلاندۇرغان . ھۆكۈمەت تەرەپ ئېلان قىلغان ھۆججەت ، تارىخىي كىتابلاردا بۇ نۇقتا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن . مەسىلەن ، « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » دېگەن كىتابتا مۇنداق يېزىلغان : « تۇرپان كارىزلىرىنى بەزىلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن دەيدۇ ، بەزىلەر ئىراندىن كەلگەن دەيدۇ ، بۇنداق گەپلەرگە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ . بۇ ھەقتىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىزاھات مۇنداق بولۇشى كېرەك : كارىزنى مۇشۇ يەردە ياشىغۇچى ئەمگەكچى خەلق مۇشۇ يەرنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەيدىنپەي ئىجاد قىلغان ، لېكىن بۇنىڭدا ئۇلار باشقا جايلارنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن . »①

« ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » ( خەنزۇچە نەشرى ) دېگەن كىتابتا مۇنداق يېزىلغان : « شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى ئىككى خىل ، بىرى ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى چېپىپ تاغلاردىكى ئېرىگەن قار ـ مۇز سۇلىرىدىن پايدىلىنىش . يەنە بىرى ، كارىز چېپىپ يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش ، كارىز شىنجاڭغىلا خاس بولغان سۇغىرىش ئىنشائاتى ، كارىزنىڭ سۇ مەنبەسى قارلىق

① « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1 ـ كىتاب ، 6 ـ بەت .

تاغلاردىن ئېرىگەن قار سۇلىرىنىڭ تاغ ئېتەكلىرى ئارقىلىق شېغىل قەۋىتىگە سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان يەر ئاستى دەرياسى ۋە يەر ئاستى سۇيىدىن ئىبارەت.» ① بۇ خۇلاسە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا چىقىرىلغان توغرا خۇلاسە. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان خەلق رىۋايەتلىرىدە كارىزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق بايانلار بار: بۇلاق سۈيىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە سۇنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ ئېرىق كولاش نەتىجىسىدە ئاۋۋال تىلما، ئاندىن تەشمە، ئاخىرىدا قۇدۇق پەيدا بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر قۇدۇقلۇق ئىپتىدائىي كارىز پەيدا بولغان. ئىپتىدائىي كارىزلار ئەسىرلەر دا ۋامىدا تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن. بۇ خۇلاسە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن.

دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كارىز ھەققىدە يازغان بېغىشلىمىلىرى



---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 319 ـ، 320 ـ بەتلەر.


坎儿井
新疆人民的創造
酷旱地區生命線

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى ، كارىز تېخنىكىسى تۇرپانغا ئىراندىن كىرگەنمۇ ؟ ياپونىيەلىك چىچى چاڭ ، ئامېرىكىلىق ئۇئنس ، فرانسىيىلىك پېللىئوت ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇتەخەسسىسى خۇاڭ شېڭجاڭ قاتارلىقلار كارىز تېخنىكىسى تۇرپانغا ئىراندىن كىرگەن ، دەپ قارايدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، تۇرپان يېپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ، كارىز تېخنىكىسى بۇ جايدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئارقىلىق تارقالغان بولۇشى مۇمكىن ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۇيغۇرچە كارىز دېگەن سۆز بىلەن ئىران تىلىدىكى كانات (Kanats) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭى بىر بولۇپ ، بۇ كارىزنىڭ ئىراندىن كىرگەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىكەن .

بۇ خىل كۆزقاراش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ . چۈنكى : (1) شىنجاڭنىڭ يېپەك يولىغا جايلاشقانلىقى كارىزنىڭ ئىراندىن كىرگەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ . (2) كارىز سۆزى ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى مۇستەقىل خاس ئىسىم بولۇپ ، ئاھاڭ جەھەتتىن « كانات » بىلەن زور دەرجىدە پەرقلىنىدۇ . (3) ئۇيغۇر تىلى يېپىشقاق تىل بولۇپ ، ھەرقانداق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلالايدۇ ، شۇڭا ئۇيغۇرلار چەت ئەلدىن كىرگەن ھەر قانداق ئاتالغۇنى ئەينەن قوبۇل قىلىشنى بىرخىل ئەنئەنىۋى تىل ئادىتىگە ئايلاندۇرغان ، ئەگەر كارىز ئىراندىن كىرگەن بولسا ، ئۇيغۇرلار ئۇنى كانات دەپ قوبۇل قىلغان بولاتتى . (4) كارىز ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى H · B · كونىنتىن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىدە : « شىنجاڭ كارىزلىرى قۇرۇلمىسى ۋە پايدىلىنىش تېخنىكىسى جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىرانلارنىڭكىدىن ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە » دەپ يازىدۇ . دېمەك ، بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، كارىز شىنجاڭغا ئىراندىن كىرگەن ئەمەس .

ئۈچىنچى ، بەزىلەر كارىز شىنجاڭغا شەنشى ئۆلكىسىدىن تارقالغان دېيىشىدۇ . بۇ خىل قاراشتىكىلەر چىلىك سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن ۋاڭ گوۋېي ۋە گا جاۋ ئەپەندىلەردۇر . ۋاڭ گوۋېي « غەربىي يۇرتتىكى قۇدۇق ـ ئۆستەڭلەر تەتقىقاتى » ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە : « ‹ تارىخىي خاتىرىلەر . دەريا ـ ئۆستەڭلەر تەزكىرىسى › دە خاتىرىلىنىشىچە ، خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى يىللىرىدا 10 مىڭدىن ئارتۇق ھاشار ئېلىپ ، ئېرىق

چىپىپ لۇشۈي دەرياسىنىڭ سۈيىنى جىڭ دېگەن يەردىن شاڭيەنشەن تېغىنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ بارغاندى، كېيىن ئۆستەڭنىڭ قېشى ئۆرۈلۈپ توختىمىغاچقا، تىك قۇدۇقلارنى قېزىپ ئۇلارنى تەشمە ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇش بىلەن سۇ باشلىغان. بۇ قۇدۇق ئۆستەڭ 〈 لۇڭشۈي ئۆستىڭى 〉 دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ كونستروكسىيىسى ۋە چېپىلىش تەرتىپى كارىز بىلەن ئوخشاش. بۇ كېيىن دۇنخۇاڭغا ۋە لوپنۇر كۆلى يېنىدىكى بەيلۇڭ تۆپىلىكىگە تارقالغان» دەيدۇ. ئۇ يەنە: « خەن خانلىقى چياڭلارنى يوقىتىش سانغۇنى شىن ۋۇشيەننى 500 ئەسكەر بىلەن دۇنخۇاڭغا بۇيرىدى. يوللارغا بەلگە قويۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىلدى. بىتخۇ قۇدۇقنىڭ غەربىگە ئۆستەڭلەرنى ئۇلاپ، ئاشلىق جۇغلاپ، يۈرۈشكە ھازىرلىق كۆردى » دەپ يېزىپ، بۇ ماتېرىيالدىن قارىغاندا، بىتخۇ قۇدۇقى ماھىيەتتە كارىزغا ئوخشايدۇ، بۇ كارىزنىڭ شىنجاڭغا ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگەنلىكىنىڭ دەلىلى، دەيدۇ.

بەزىلەر يەنە « تارىخىي خاتىرىلەر » دە خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، يەرلىك خەلقلەر تېخى قۇدۇق قېزىشنى بىلمەيتتى. پەقەت 1262 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى ئەلچىسى لىيۇ يازغان « غەربكە ئەلچىلىك خاتىرىسى » دىلا قۇدۇق توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. دېمەك، جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدا بۇرۇنلا قۇدۇق بار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، قۇدۇق ناھايىتى كېيىن پەيدا بولغان، دەيدۇ. يەنە كارىز چېپىشتا ئىشلىتىلىدىغان لۇلۇ (辘轳)، جازا (架子)، جوتۇ (掘土)، كەنكەن (砍砍) قاتارلىق قوراللارنى ئۇيغۇر كارىزچىلار خەنزۇچە ئاتايدۇ. دېمەك، بۇ كارىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. تۆۋەندە بۇ كۆزقاراشلارنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

1. شەنشەندىكى خەن دەۋرىگە ئائىت قۇدۇق ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىنى باشلايدىغان قۇرۇلۇش بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتىن يەنىلا ئۆستەڭ. شۇڭا، شۇ زاماندا ئۇنىڭغا « لۇڭشۈي ئۆستىڭى » دەپ نام بېرىلگەن. بۇنىڭ كارىز بىلەن قىلچە ئوخشاشلىقى يوق. ۋەھالەنكى، يەر ئۈستى سۈيىنى باشلايدىغان بۇ خىل قۇرۇلۇشلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا بار ئىدى.

2. بۇ قۇدۇق ئۆستەڭ خەن سۇلالىسى يىللىرىدا پەيدا بولغان بولۇپ، خەن سۇلالىسى يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ئەمەلدىن قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

بۇ خىل ئۆستەڭ چىپىلمىغان، ئۇ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ تارقالمىغان. دېمەك، ئۆز جايىدا جەلپ قىلىش كۈچى بولمىغان بۇخىل قۇرۇلۇشنىڭ قاتناش تەرەققىي قىلمىغان، يوللار خەتەرلىك بولغان شۇ زامانلاردا نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شىنجاڭغا تارقىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

3. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە شىن ۋۇشيەنىنىڭ بىتخۇ قۇدۇقىنىڭ غەربىگە قازدۇرغىنى كارىز ئەمەس، بەلكى ئۆستەڭ. ئۇنىڭدا «بىتخۇ قۇدۇقى ھەم ئۆستەڭدۇر. بىتخۇ قۇدۇقى ئەسلى بەيلۇڭ تۆپىلىكىنىڭ شەرقىدىكى توپا تاغ ئاستىدىن چىقىدىغان ئالتە قاينام بۇلاقنىڭ سۈيى قۇيۇلىدىغان ئۆستەڭدۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ئۇنىڭ كارىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق.

بۇ ھەقتە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇتەخەسسىسى خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەندى مۇنداق قارايدۇ:

黄盛璋认为,考古上发现汉代关中井渠道遗迹,从表面上好象和新疆的坎儿井相似,而在实际上两者却毫不相干,开凿的目的和用途完全不一样。井渠开凿的目的主要是开渠取土方便,坎儿井是为了引取地下水而开凿,黄先生说,汉代的井渠起源于龙首渠,应用于白渠,但汉代以后并没有发展下去,连历代兴修不断一直运用到现代的径渠,都没有用于井渠之法,从地区上看来,井渠也没有传到关中盆地以外去。

خۇاڭ شېڭجاڭ: «ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە بايقالغان ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قۇدۇق ئۆستەڭ، سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن شىنجاڭدىكى كارىزغا ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئىككىسى بىر ــ بىرىگە قىلچە ئوخشىمايدۇ، قېزىش مەقسىتى ۋە ئىشلىتىش ئورنىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئۆستەڭدىن قېزىلغان توپىلارنى سىرتقا تاشلاش قولاي بولغانلىقى ئۈچۈن قۇدۇق ئۆستەڭ قېزىلغان. كارىز بولسا يەر ئاستى سۈيىنى يەر ئۈستىگە چىقىرىش ئۈچۈن قېزىلغان» دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە: «خەن دەۋرىدىكى قۇدۇق ئۆستەڭ لۇڭشۇي ئۆستىڭىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ سۈيى بەيچۈي ئۆستىڭى (ئادەتتىكى سۇغىرىش ئۆستىڭى) گە قۇيۇلىدۇ. لېكىن، خەن دەۋرىدىن كېيىن ئومۇملاشتۇرۇلمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ياسالغان جىڭچۈي

ئۆستىڭدىن تاكى ھازىرقى زامانغىچە پايدىلىنىپ كەلگەن. بۇ دەۋردىكى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا قۇدۇق ئۆستەڭ ئۇسۇلى قوللىنىلمىغان، رايون جەھەتتىن ئالغاندا، قۇدۇق ئۆستەڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئويمانلىقنىڭ سىرتىغا تارقالمىغان» دەيدۇ.

黄先生说：王国维据《汉书·匈奴传》及孟康注，把辛武贤所穿卑革是候井作为坎儿井，绝属理解错误，第一，辛武贤“遣使者按行”，所“表穿”者为“候井以西”之道而不是卑革是候井。第二，《汉书》下文明确交待，“欲通转谷积居庐仓讨之”，开凿目的于运粮，是所通之道为地上明渠，坎儿井是不能用于运粮的。第三，卑革是候井也不是坎儿井，卑革是地名，乃是为屯戍候守而凿之井，与坎儿井毫无关系。

خۇاڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ۋاڭ گوۋېينىڭ 〈خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى〉 ھەم مېڭ كاڭنىڭ ئىزاھىغا ئاساسەن، شىن ۋۇشيەننىڭ بىتخۇ قۇدۇقىنى تۇتاشتۇرغانلىقىنى كارىز دېيىشى مۇتلەق چۈشەنچە خاتالىقىدىن ئىبارەت. بىرىنچىدىن، شىن ۋۇشيەننىڭ 〈ئەۋەتكەن ئادىمى يول ساياھەتچىلەردۇر〉، 〈بەلگە قويۇپ تۇتاشتۇرۇلغىنى〉 بولسا، 〈قۇدۇقنىڭ غەربىدىكى〉 ئۆستەڭ لىنىيىسى بولۇپ، بىتخۇ قۇدۇقى ئەمەس. ئىككىنچىدىن، 〈خەننامە〉 دە 〈ئۆستەڭلەرنى تۇتاشتۇرۇش، ئاشلىق يۆتكەپ ۋە جۇغلاپ يۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن〉 دەپ ئېنىق بايان قىلىنغان، ئۆستەڭ كولاشتىن مەقسەت ئاشلىق توشۇش بولۇپ، تۇتاشتۇرۇلغان ئۆستەڭ يەر ئۈستىدىكى ئۇچۇق ئۆستەڭدىن ئىبارەت، كارىز بىلەن ئاشلىق توشۇغىلى بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، بىتخۇ قۇدۇقى كارىز ئەمەس. بىتخۇ يەر ئىسمى، بىتخۇ قۇدۇقى مۇداپىئەدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن كولانغان بولۇپ، كارىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدۇر①.»

4. «غەربىي خەن سۇلالىسى پادىشاھى سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلغاندا، سەمەرقەندتە قۇدۇق يوق ئىدى. ئۇلار قۇدۇق كولاشنى بىلمەيتتى. پەقەت 1262 ـ يىللىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن كارىز توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىلگەن. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قۇدۇق كولاشنى ناھايىتى كېيىن ئۆگەنگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ» دېگەن كۆزقاراشنى ئالىدىغان بولساق، (1)

① «شىنجاڭ سۇئىشلىرى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 2 ـ سان.

ئەينى ۋاقىتتا سەمەرقەندتە قۇدۇقنىڭ يوقلۇقى قۇدۇق كولاشنى بىلمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئۆستەڭ سۈيى شەھەر ئىچىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، قۇدۇق قېزىش زۆرۈرىيىتى بولمىغان. بۇ ھەقتە «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان: «پەرغانىنىڭ پايىتەختىدە قۇدۇق يوق بولۇپ، ئۇلار پۇتۇنلەي شەھەر سىرتىدىن ئېقىپ كېلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلىنەتتى». (2) يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا، مىلادىيەدىن ئۇچ ئەسىر بۇرۇن قۇرۇلغان تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھىرىدىن قەدىمكى قۇدۇق خارابىسى تېپىلدى. دېمەك، بۇ پاكىت ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى 13 ــ ئەسىردىن بۇرۇن قۇدۇق كولاشنى بىلمەيتتى، دېگەن كۆزقاراشنىڭ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

5. ئۇيغۇر كارىزچىلار لولو، جازا، جوتو، كەنكەن قاتارلىق ئەمگەك قوراللىرىنى خەنزۇچە ئاتايدۇ، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، دەرۋەقە بىر قىسىم كارىزچىلار بەزى قوراللارنى خەنزۇچە ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. بۇنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىكى يوق. دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولغاچقا، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا تىل جەھەتتە بىر ــ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش پۈتۈنلەي نورمال ئەھۋال. بۇنىڭلىق بىلەن كارىز ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگەن بولۇپ قالمايدۇ. خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا سىڭگەن ئاتالغۇلار تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا ئۆزلەشكەن سۆزلەرمۇ يوق ئەمەس. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئىنگلىز، رۇس، ئەرەب، پارس، فىرانسۇز تىللىرىمۇ ئاز ئەمەس. ۋاھالەنكى، بۇ سايمانلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسىمۇ يوق ئەمەس. ئۇيغۇر كارىزچىلىرى تارىختىن بۇيان لولونى «بۇل»، جازىنى «تاختىپەر»، جوتونى «تەۋەر»، كەنكەننى «مىتىن» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ.

6. كارىز چېپىشنى لىن زېشۈي ئۆگەتكەن دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، تۆۋەندىكى پاكىت ئۇنىڭغا جاۋاب بولالايدۇ:





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تۇرپان كارىزلىرىنىڭ 1949 — 1986 - يىللاردىكى ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

( ئېقىن مىقدارىنىڭ بىرلىكى $m^3/s$ )

| يىللار | | جەمئىي | تۇرپان | پىچان | توقسۇن | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | كارىز سانى | 1084 | 440 | 478 | 116 | |
| | ئېقىن مىقدارى | 17 | 8.00 | 6.64 | 3 | |
| 1957 | كارىز سانى | 1237 | 557 | 487 | 193 | |
| | ئېقىن مىقدارى | 17.85 | 7.66 | 5.78 | 4.42 | |
| 1961 | كارىز سانى | 1089 | 493 | 417 | 179 | |
| | ئېقىن مىقدارى | 18.53 | 7.23 | 6.29 | 5.01 | |
| 1962 | كارىز سانى | 1174 | 522 | 471 | 18 | |
| | ئېقىن مىقدارى | 18.57 | 7.28 | 6.29 | 5 | |
| 1966 | كارىز سانى | 1161 | 530 | 457 | 174 | |
| | ئېقىن مىقدارى | 20.95 | 8.5 | 6.69 | 5.50 | |
| 1973 | كارىز سانى | 983 | 447 | 369 | 167 | |
| | ئېقىن مىقدارى | 16.13 | 6.05 | 8.28 | 3.76 | |
| 1979 | كارىز سانى | 724 | 364 | 277 | 83 | |
| | ئېقىن مىقدارى | 14.06 | 4.98 | 7.20 | 1.88 | |
| 1986 | كارىز سانى | 813 | 409 | 336 | 68 | |
| | ئېقىن مىقدارى | 14.63 | 5.60 | 7.40 | 1.63 | |

تۇرپاندىن چاتقالغا 26 يول كېلىدۇ، چاتقال بىر كەنت ئىدى. چاتقالدىن ئۆتسە كۆتى يوغان دېگەن يەرگە كېلىدۇ، «كۆتى يوغان» ياقۇپبەگ تەرىپىدىن سېلىنغان بىر تۇرا. تۇرپاندىن ئاۋاتقا 60 يول كېلىدۇ، ئۇ جاي بىر مەھەللە. تۇرپاندىن ئاستانىغا 70 يول كېلىدۇ. «ئاستانە» ئۇيغۇرچە ئىسىم بولۇپ، پايتەخت دېگەنلىك. ئاستانە ئىلگىرى تۇرپان رايونىنىڭ مەركىزى بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئىدىقۇت قەدىمي شەھىرى مۇشۇ جايغا جايلاشقان، خارابىسى ھېلىمۇ ساقلانماقتا. ئىدىقۇت قەدىمي شەھىرى ئاساسەن چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئايلانمىسى 5 كىلومېتىر، كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ قېلىنلىقى 12 مېتىر، ئېگىزلىكى 11 مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ شەھەر ئومۇمەن تاشقى شەھەر، ئىچكى شەھەر ۋە ئوردا شەھىرىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

ئىدىقۇت قەدىمي شەھىرى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلدىن مىلادىيە 23 ـ يىلىغىچە) دىن تارتىپ ياسىلىشقا باشلىغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ شەھەر «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم تۈگۈنى، جۈملىدىن يىپەك يولىدا توشۇلغان تاۋارلار توپلىنىدىغان ۋە تارقىلىدىغان جايلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. مىلادىيە 500 ـــ 640 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا تۇرپان رايونىدا قۇرۇلغان قۇس ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ، مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى بولغان، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە تاشلىنىپ خارابىلىككە ئايلانغان ①.

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىل 1 ـ سان، 77 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

# تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى

| ئاسارئەتىقە جايلاشقان يەر نامى | ئاسارئەتىقە تۈرى | جۇغراپىيىلىك ئورنى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | شەرقىي ئۇزۇنلۇق | شىمالىي كەڭلىك | دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى (m) |
| بەش غار | بۇددا غارى | 89° 31′ 26″ | 42° 58′ 27″ | 229 |
| بېزەكلىك | مىڭئۆي | 89° 32′ 25″ | 42° 57′ 19″ | 154 |
| سىڭگىم ئېغىزى | مىڭئۆي | 89° 33′ 42″ | 43° 55′ 19″ | 32 |
| سىڭگىم ئېغىزى | تۇر | 89° 33′ 34″ | 43° 55′ 10″ | 20 |
| چىغان كۆل | بۇددا غارى | 89° 35′ 30″ | 42° 57′ 11″ | 200 |
| ئاستانە | قەبرىستانلىق | 89° 31′ 37″ | 42° 52′ 47″ | -29 |
| تۇيۇق | مىڭئۆي | 89° 41′ 44″ | 42° 51′ 50″ | 130 |
| تاللىق بۇلاق | بۇددا غارى | 89° 12′ 00″ | 42° 59′ 37″ | 120 |
| تاللىق بۇلاق (شەرقى) | بۇددا غارى | 89° 12′ 27″ | 42° 59′ 40″ | 180 |
| لەمپۇگوڭشاڭ | قورغان | 89° 13′ 21″ | 42° 10′ 07″ | -107 |
| يېڭى كارىزنىڭ غەربىي شىمالى | تۇر | 89° 27′ 43″ | 43° 00′ 48″ | 343 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| -59 | 42° 42′ 03″ | 89° 42′ 44″ | ۋالڭ ئوردىسى | دالانكارىز |
| -30 | 42° 54′ 33″ | 88° 51′ 46″ | تۇر | قوتان تۇر |
| 60 | 42° 56′ 30″ | 89° 03′ 59″ | قەبرىستانلىق | يارغول |
| —60 | 42° 53′ 33″ | 89° 06′ 56″ | قەبرىستانلىق | ئىرزا |
| -138 | 42° 35′ 40″ | 89° 37′ 22″ | قورغان | چوڭھسار |
| -127 | 42° 36′ 19″ | 89° 38′ 45″ | قورغان | كىچىكھسار |
| -20 | 42° 44′ 31″ | 89° 45′ 29″ | ۋالڭ ئوردىسى | لۈكچۈن |
| -11 | 42° 45′ 52″ | 89° 46′ 31″ | قەبرىستانلىق | يالغۇز جۈجەم |
| 300 | 42° 51′ 08″ | 89° 55′ 47″ | قەبرىستانلىق | لەمجىن يەتتەقىز |
| 500 | 42° 59′ 05″ | 90° 39′ 37″ | قورغان | داتڤان شەھىرى |
| 840 | 43° 06′ 38″ | 88° 13′ 01″ | قىياتاش رەسىمى | پەنجىر تاغ |
| 400 | 42° 37′ 46″ | 88° 34′ 25″ | قورغان ۋە ئۆتەڭ | ئاياغ سۇ بېشى |
| 600 | 42° 35′ 19″ | 88° 32′ 54″ | قورغان ۋە ئۆتەڭ | يۇقىرى سۇ بېشى |
| 1200 | 42° 29′ 22″ | 88° 31′ 30″ | ئۆتەڭ | ئايغىر بۇلاق |
| 1390 | 42° 28′ 17″ | 88° 31′ 34″ | قورغان ۋە ئۆتەڭ | سۇلۇق ئېغىز |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىدىقۇت | قەدىمىي شەھەر | 89° 31′ 20″ | 42° 50′ 35″ | 53 - |
| سۇلايمان مۇنارى | مۇنار | 89° 12′ 03″ | 42° 56′ 13″ | 5 |
| بۆرى بۇلاق | ئۆتەڭ | 90° 34′ 06″ | 42° 58′ 55″ | 500 |
| يارغول | قەدىمىي شەھەر | 89° 04′ 16″ | 42° 57′ 00″ | 61 |

تۇرپاندىن پىچانغا بارىدىغان يول ئاستانىغا كەلگەندە شەرقىي يول، غەربىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شەرقىي يول ئاستانىدىن چىقىپ تۆۋەندىكى جايلار ئارقىلىق پىچانغا كېلىدۇ:

ئاستانىدىن قاراخوجىغا 7 يول كېلىدۇ، بۇ جاي بىر مەھەللە. سىڭگىم ئېغىزىغا 16 يول كېلىدۇ، بۇ جاي ئەينى چاغدا ئۆتەڭ بولۇپ، مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى ئىدى. پەيزىۋاتقا 35 يول، سۇبېشى مەھەللىسىگە 56 يول كېلىدۇ. سۇ بېشى مەھەللىسىدىن لەمجىنگە 85 يول كېلىدۇ، بۇ جاي بىر مەھەللە بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى، ئۇ يەردە ھارۋا چۈشىدىغان قونالغۇ، ئون دۇكان ۋە 100 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى. «لەمجىن» دېگەن نام ئەسلى «نەمچىم» دىن ئۆزگەرگەن ①.

لەمجىندىن جۇۋاڭقىرغا 9 يول كېلىدۇ، بۇ جاي مەھەللە. ئاچچىققا 52 يول كېلىدۇ، بۇ جايمۇ مەھەللە ئىدى. لەمجىندىن پىچانغا 70 يول كېلىدۇ. تۇرپاندىن پىچانغا 225 يول كېلىدۇ. غەربىي يول ئاستانىدىن چىقىپ تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ پىچانغا كېلىدۇ:

ئاستانىدىن يانقىر ② ئاياغ مەھەللىگە 32 يول، لۈكچۈنگە 52 يول كېلىدۇ. لۈكچۈن قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. يەركەن ــ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، ئۇ تۇرپان رايونىنىڭ مەركىزى بولغان.

---

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1990 ــ يىل 21 ــ نويابىر سانى.
② يانقىر ــ ھازىر ياڭخى دېيىلىدۇ.

لۈكچۈندىن ئامانشاغا 12 يول ، لەڭگەرگە 71 يول ، كېچىككە 81 يول ، پىچانغا 92 يول كېلىدۇ .

# پىچان ناھىيىسى

## پىچان ناھىيىسىنىڭ تەبئىي شارائىتى

پىچان ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمى بولغان بۇغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە ، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 89° 30′ ~ 91° 54′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 41° 12′~ 43° 33′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 38 مىڭ 314.8 كۋادرات كىلومېتىر .يېرىنىڭ شىمالى ئېگىز ، جەنۇبى پەس ، شەرق ، جەنۇب ، شىمال تەرەپلىرى تاغلار بىلەن ئورالغان . غەربىي قىسمى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، پەس ھەم تۈز ، بۇ پەس تۈزلەڭلىكنىڭ ئەڭ پەس يېرى دېڭىز يۈزىدىن 150 مېتىر پەس . شىمالىدىكى تاغلىق رايون دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز . ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە تاغلىق رايون 7.8 پىرسەنتنى ، تۈزلەڭلىك 8.1 پىرسەنتنى ، چۆل ـ باياۋان 74 پىرسەنتنى ، قۇملۇق 10.1 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ .

سۇ بايلىقى جەھەتتە تەڭرىتاغ سۇ سىستېمىسىغا كىرىدىغان ئۆتەك كۆكيار ، كەرچى ئېقىنى بىلەن ئىدىقۇت تېغى سۇ سىستېمىسىغا كىرىدىغان تۇيۇق ، لەمجىن ، چىقتىم ئېقىنلىرى ۋە چوڭ ـ كىچىك 11 بۇلاق بار . بۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى تەخمىنەن 127 مىليون كۇب مېتىر ، ئۇنىڭدىن باشقا 254 كارىزنىڭ يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى 110 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر . ئېقىن ۋە كارىز سۇلىرىنى قوشقاندا يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى 237 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر .

ھازىرقى پىچان ناھىيىسى ئەسلى غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان قوغۇر ( 狐胡 )دۆلىتى ئىدى ، غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى پىشامشان دۆلىتى پىچان ناھىيىسىدە ئەمەس ، بەلكى ھازىرقى چارقىلىقتا ئىدى . شەرقىي خەن سۇلالىسى يىللىرىغا كەلگەندە ، ئۇ ئالدىنقى قاڭقىل دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمى بولدى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پىچاننىڭ ھازىرقى ئورمان كۆلىمى 20 مىڭ مودىن ئاشىدۇ. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.04% ، ئىقلىمى مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاق ئىقلىمغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.8℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 42℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 21.3℃ ، يىللىق ھۆل ــ يېغىن مىقدارى 12.6 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2727 مىللىمېتىر. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 3112 سائەت، قىرووسىز مەزگىلى 187 كۈن بولىدۇ.

كان بايلىقلىرىدىن نېفىت، كۆمۈر، مىرابىلىت، تۆمۈر، فوسفور، ھاكتېشى، تۇز، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئېيىق، ئارقار، كېيىك، سۆسەر، ياۋا توڭگۇز، جەرەن، ئۆلار، ياۋا تۆگە قاتارلىق ھايۋانلار بار. ئۆسۈملۈكلىرىدىن باشقا يانتاق شېكىرى قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى بار.

پىچاندىن چوقتامغا 2 يول كېلىدۇ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 400 مېتىر ئېگىز. تېتىرغا 8 يول، قوش تۆگمەنگە 17 يول، قاغاتۇرغا 30 يول كېلىدۇ. ئەينى چاغدا، بۇ جايدا بىر تورا ۋە تۆت ــ بەش ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئائىلىسى بار ئىدى. سولتوغا 46 يول، كىچىك كارىز (تەنزە) غا 66 يول، بۆرە بۇلاققا 79 يول، چىقتىمغا 87 يول كېلىدۇ. 1916 ــ يىلى بۇ جايدا بۇلاق سۈيى ۋە 30 دىن ئوشۇق كارىز بولۇپ، ئەتراپىدا 80 نەچچە ئۆيلۈك ئائىلە بار ئىدى.

چىقتىم ئەسلى «چىغتىم» دىن ئۆزگەرگەن ①. پىچان ــ قۇمۇل يولى مۇشۇ جايغا كەلگەندە جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. جەنۇبىي يول تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

چىقتىمدىن چىقىپ قوش (شىسەنجەنفاڭ) ② قا 115 يول كېلىدۇ، بۇ جاي ئۆتەڭ ئىدى. يانبۇلاق (سەنجەنفاڭ) قا 220 يول، لياۋدۇڭغا 315 يول، جىگدىبۇلاققا 390 يول، چوڭبۇلاققا 412 يول، توغۇچىغا 432 يول كېلىدۇ. جەنۇبىي يول توغۇچىغا كەلگەندە شىمالىي يولغا قوشۇلىدۇ. شىمالىي يول

---

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1989 ــ يىل 4 ــ فېۋرال سانى.

② شىسەنجەنفاڭ ــ ئېلگىرى قوش دەپ ئاتىلاتتى. «شىنجاڭغا ساياھەت»، 33 ــ بەت.

چىقتىمدىن چىقىپ يەتتىقۇدۇق، جامبۇلاقلار ئارقىلىق توغۇچىغا كېلىپ جەنۇبىي يول بىلەن قوشۇلىدۇ.

چىقتىمدىن قىرىقتا ① 32 يول، غەربىي تۇز كۆلگە (شيەنچى) 122 يول كېلىدۇ. بۇ جاي تاغ ئارىسى بولۇپ، ئۇ يەردە بىر قونالغۇ بار، ئاھالە يوق ئىدى. غەربىي تەرىپىدە بىر كەنت بار. غەربىي تۇز كۆلدىن داۋان بېشىغا 28 يول كېلىدۇ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 1643 مېتىر ئېگىز. قۇمۇل چېگرىسى مۇشۇ جايدىن ئايرىلىدۇ. خويجىگۈزىغا 41 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا بىر خارابە قورۇ بار، ئادەم يوق. شەرقىي تۇز كۆل (قەدىمكى نامى مازا) ② گە 82 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا بىر قونالغۇ ۋە قەبرىلەر بار. غەربىي تۇز كۆلدىن يەتتىقۇدۇققا 107 يول كېلىدۇ. بۇ جايدا تۆت شەخسىي قونالغۇ، ھۆكۈمەت قونالغۇسى ۋە ئۈچ ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. بۇ جايدا ئەينى زاماندا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى تەكشۈرىدىغان قاراۋۇلخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئون ئەسكەر تۇراتتى. بۇ جايدا يەنە يەتتە قۇدۇقلۇق بىر كارىز بولۇپ، ئۇ كارىزنىڭ سۈيى 400 مو يەرنى كۆكەرتەتتى. ئۈرۈمچى ـ ئارايۇلتۇز يولىنىڭ شىمالىي يولى مۇشۇ جايغا كەلگەندە جەنۇبىي يولغا قوشۇلىدۇ، جەنۇبىي يول بويىچە ھېسابلىغاندا ئۈرۈمچىدىن يەتتىقۇدۇققا 921 يول كېلىدۇ. ئۈرۈمچى ـ ئارا يۇلتۇز يولىنىڭ شىمالىي يولى تۆۋەندىكى جايلاردىن ئۆتىدۇ:

ئۈرۈمچى سېپىلىنىڭ شەرقىي قوۋۇقىدىن چىقىپ 10 يول ماڭسا شۈيموگۇ (بۇلاقتاغ) غا كېلىدۇ، ئەينى يىللاردا، بۇ جايدا ئون نەچچە ئۆيلۈك ئادەم ۋە تۆت تۈگمەن بار ئىدى. بۇ جاي بۇلاقلىق ھەم دەل ـ دەرەخلىك، ھاۋالىق جاي ئىدى. ئىلگىرى بۇ جاي بۇلاقتاغ، سۇ بېشى دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. خەنزۇلار لۇڭكوچۈەن دەيتتى. 1775 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى بۇ جايغا تۈگمەن پەيدا قىلغاندىن كېيىن، خەنزۇچە نامى شۈيموگۇ (تۈگمەن جىلغىسى) بولدى. ئۇيغۇرلار «تۆت تۈگمەن» دەپ ئاتايدىغان بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۆت تۈگمەن دېگەن نام ئاستا ـ ئاستا ئىستېمالدىن قېلىپ، شۈيموگو دېگەن نام ئومۇملاشتى، ھازىر شۈيموگو ئۈرۈمچىنىڭ بىر رايونى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق سانائەت بازىسىغا

---

① خەنزۇچە نامى «تودوگزى».
② خەنزۇچە نامى «دوگيەنچى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايلاندى. ئۈرۈمچىدىن توپا شەھەر (چىداۋان) گە 20 يول كېلىدۇ. ئەينى چاغدا بۇ جايدا 30 ~ 40 ئۆيلۈك ئادەم ۋە كىچىك بازار، بىر قورغان بار ئىدى. گومودى (هازىرقى مىچۈەن بازىرى) غا 40 يول كېلىدۇ. 1876 ـ يىلى بۇ جايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ياقۇپبەگ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، نەچچە تۈمەن ئادەم ئۆلگەن، سېپىللار ۋەيران بولغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ جاي بىر بازار بولۇپ، 50 ~ 60 ئۆيلۈك ئاھالە، قاراۋۇلخانا، پوچتىخانا، بەش قونالغۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا 500 ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى.

ئۈرۈمچى بىلەن فۇكاڭ ئارىلىقى 130 يول كېلىدۇ.

# فۇكاڭ ناھىيىسى

فۇكاڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 87° 46′ ~ 88° 44′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 43° 45′ ~ 45° 30′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 8247.6 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 57 كىلومېتىر.

## فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

يېرىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئېگىز، شىمالىي قىسمى پەس بولۇپ، شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا پەسىيىپ بارىدۇ. جەنۇبىي قىسمىدا ئېگىز تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. شىمالىي قىسمى بىپايان قۇملۇق. ئۇنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى مۇنداق ئۈچ قىسىمغا ئايرىش مۇمكىن: جەنۇبىي قىسمى تاغ رايونى، ئەڭ ئېگىز چوققىسى بوغدا چوققىسى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 5445 مېتىر ئېگىز. ئېگىز تاغ رايونىدا تەخمىنەن 54 چوڭ ـ كىچىك مۇزلۇق بار. مۇز زاپىسى 1 مىليارد 840 مىليون كۇب مېترغا يېتىدۇ. بۇ رايون ئومۇمەن دېڭىز يۈزىدىن 700 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز. بۇ رايون ئاساسلىق ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. تاغ ئالدىدىكى قىيپاش تۈزلەڭ رايون دېڭىز يۈزىدىن 450 ~ 850 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئومۇمىي يەر

كۆلـىمىنىڭ 26.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ رايون ناھىيىنىڭ ئاشلىق، يـاغلـىـق زىـرائەت بـازىـسـى. شـىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇق رايون جەنۇبتىن شىمالغا ئېگىزلەپ بارىدۇ. بۇ جاي قۇم بارخانلىرى بىلەن قاپلانغان. جەنۇبىي قـىـسـىـم رايوندا تۆۋەن دەرىجىلىك جاڭگال ئوت ــ چۆپلىرىدىن باشقا، سۆكسۆك، يـۇلغـۇن قـاتـارلـىـق چاتقاللار ئۆسىدۇ. بۇ رايون ناھىيىنىڭ قىشلاقى ھېسابلىنىدۇ.

ئـىـقـلـىمى چوڭ قۇرۇقلۇق قۇرغاق ئىقلىمغا كىرىدۇ. دېھقانچىلىق رايونـىـنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6℃، 1 ــ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نـۆلـدىن تۆۋەن 17℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 37℃، 7 ــ ئايـدىـكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.6℃، ئەڭ يۇقىرى تېمـــپېراتـۇرىسى 41.5℃، قـىـروسـىـز مەزگىلى 165 كۈن، كۈنىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى تاغ رايونىدا 2598.9 سائەت، تۈزلەڭلىكتە 2932.7 سائەت، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ــ يـېغىن مىقدارى 188.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىك دەرىجىسى 59%، ئوتـتـۇرىـچە شامال كۈچى $2.4m/s$، ئەڭ يۇقىرى شـــامـــال تېزلىكى $24m/s$. نـاھـىـيە تـەۋەسـىـدە تەڭرىتاغ تىزمىسىدىن باشلىنىدىغان سەككىز دەريـا ئېـقـىنى بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى 202 مىليون كۇب مېترغا يـېـتـىدۇ. يەنە 12 بۇلاق بولۇپ، يىللىق سۇ مىقدارى 4 مىليون 984 مىڭ كۇب مـېترغا يېتىدۇ. يەر ئاستى ھەرىكەتچان سۇ زاپىسى 180 مىليون كۇب مېتىر. تـېـرىـلـغـۇ يەر 460 مىڭ مو، ئوتلاق 170 مىڭ مو، ئورمان 742 مىڭ 500 مو، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 5.78%.

كـان بـايـلـىقلىرىدىن كۆمۈر، ھاكتېشى، ئېرىتكۈچ ھاكتېشى، تۆمۈر، فـوسفور، مىرابىلىت، نېفىت، گەج، زەمچە، دانىكا، مايلىق سىلانىس قاتارلىقلار بـار، بـۇنـىـڭ ئىچىدە كۆمۈر زاپىسى 7 مىليارد توننا. ئۇنىڭدىن باشقا، ياۋايى ھايـۋانلاردىـن بـۇغـا، قـاپلان، ئۈلار، بۆكەن، يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، تۈلكە، بـۆرە قـاتـارلـىـقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، ئېيىق بالدىرغـىـنـى، قـانـتـېـپـەر، پـەرىـون، تاغ لەيلىسى، گۈلبۇغۇن، قىزىل چوغلۇق، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار①.

**فـۇكـاڭ دېگـەن يـەر نامى توغرىسىدا** فۇكاڭ ــــ قەدىمكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېـ-

---

① «شىنجاڭ يىلنامىسى»، 86 ــ يىل نەشرى، 256 ــ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىنىڭ بەش شەھىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ يايلاق يولى ( مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە ئېچىلغان ) بويىدىكى مۇھىم جاي ئىدى. « يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شىنروننىڭ تەرجىمىھالى » دا فۇكاڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بەش شەھىرىنىڭ بىرى بولۇپ، « تىڭجەر » (腾竭儿) دەپ ئاتالغانلىقى بايان قىلىنغان ①. تىڭجەر قەدىمكى تۈركىي تىل بولۇپ، بوز يەر دېگەنلىك بولىدۇ. ئويراتلار تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ( 1620 ــ 1629 ــ يىللىرى )، « دۇنسى » (墩刺)، « ئېررەنزى » (尔然则) دەپ ئاتالدى، كېيىن « تېناگىر » (特纳格尔) دەپ ئاتالدى. تېناگىر موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، كەڭ ۋە تۈز جاي دېگەن مەنىدە. چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى ( مىلادىيە 1772 ـ يىلى ) فۇكاڭ سېپىلى ياسالدى ۋە تىناگىر دېگەن ئىسىم فۇكاڭغا ئۆزگەرتىلدى. سېپىل ئايلانمىسى 3.5 يول، ئېگىزلىكى بىر جاڭ 6 چى ( 5.33 مېتىر ) كېلەتتى. فۇكاڭ خەنزۇچە سۆز بولۇپ، « باياشات، خەلقى ساغلام » دېگەن مەنىدە. شۇ يىلى فۇكاڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىندى.

فۇكاڭدىن جۈيۈنگەيگە 20 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا بىر قورغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئايلانمىسى 2 يول كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئەينى چاغدا 20 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە، ئەتراپىدا 200 نەچچە ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى ②.

« جۈيۈنجې » ( 九运街 )فۇكاڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى كىچىك بىر بازار بولۇپ، گۇاڭشۈينىڭ 2 ـ يىلى ( مىلادىيە 1876 ـ يىلى ) زو زوڭتاڭ قوشۇنى فۇكاڭ ئەتراپىغا جايلىشىپ تېرىقچىلىق قىلغاندا، بۇ جاي شۇ قوشۇننىڭ 9 ـ يىڭىغا بۆلۈپ بېرىلگەن. بۇ جايغا 9 ـ يىڭ قورغان سېلىپ جايلاشقان. قورغان سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى 2 يول كېلەتتى. شۇڭا، « جۇيىڭ » (九营) دەپ ئاتالغان. كېيىنچە يىڭ بىلەن يۈن ئاھاڭ جەھەتتىن يېقىن بولغاچقا، جۈيۈن (九运) گە ئۆزگەرگەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇ جايدا ئادەم كۆپىيىپ ئۆي ـ جاي، دۇكان، ئاشخانا قاتارلىقلار پەيدا بولۇپ، ئۇ يەر كىچىك بازارغا ئايلانغان. فۇكاڭدىن داچۈەنگە 45 يول كېلىدۇ، ئۇ جايدا ئەينى يىللاردا ئىككى كىچىك قونالغۇ ۋە بىر ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى.

---

① « فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى تەزكىرىسى »، 9 ـ ۋە 11 ـ بەتلەر.

② « فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ يەر ـ جاي نارملىرى تەزكىرىسى »، 80 ـ بەت.

ئۇ يەردە بۇلاق بولۇپ ، سۈيى تاتلىق ئىدى . شياچۇەن ( يىكەن بۇلاق ) گە 65 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي دەرەخلىك ۋە چاتقاللىق بولۇپ ، خارابە ئۆيلەر بار ئىدى .

زىنچۇەنزى ( پاتقاق بۇلاق ) گە 90 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى 20 ~ 30 ئۆيلۈك ئادەم ، ئەتراپتىكى كەنتتە 100 نەچچە ئۆيلۈك دېھقان بار ئىدى .

زىنچۇەنزىدىن قىرقىغا 30 يول كېلىدۇ ، جىمسار بىلەن فۇكاڭنىڭ پاسىلى مۇشۇ جايدا ئايرىلىدۇ . بۇ جايدا ئەينى چاغدا ئىككى قونالغۇ ، بىر نامرات ئائىلە بار ئىدى . كونا سەنتەيگە 60 يول كېلىدۇ ، يول ياقىسىدا تۇرا ۋە خارابە ئۆيلەر بار ئىدى .

زىنچۇەنزىدىن تۆگىقوتانغا 65 يول ، سەنتەي ( چۆل ئۆتەڭ ) گە 75 يول كېلىدۇ . بۇ جاينىڭ بازىرىدىكى دۇكانلار رەتلىك بولۇپ ، ئۇ جايدا 30 ~ 40 دۇكان ، باج ئىدارىسى ۋە پوچتا پونكىتى بار ئىدى . ئەتراپتا 300 نەچچە تۈتۈن دېھقان بار ئىدى . توغراقلىققا 80 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا يول ياقىسىدا بىرمۇنچە ئۆيلەر بار ئىدى .

ساڭساخېزىغا 105 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا 50 ~ 60 ئۆيلۈك ئادەم ، يەنە شىنجاڭ بويىچە داڭلىق جىمسار كۆمۈر كانى بار ئىدى . جىمسارغا 135 يول كېلىدۇ .

# جىمسار ناھىيىسى

## جىمسار ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

جىمسار ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتەكگە ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 88° 30′ ~ 89° 30′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 43° 30′ ~ 45° 30′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ ، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 171 كىلومېتىر ، ئومۇمىي كۆلىمى 7569 كۋادرات كىلومېتىر .

**جىمسار دېگەن ئىسىم توغرىسىدا** جىمسار دېگەن ئىسىم قەدىمكى تۈركىي تىل بولۇپ ، « تىنچ قورغان » ( جىمجىت قورغان ) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

جىمساردىن چىغ ئۆتەڭگە 15 يول كېلىدۇ، ئۇ جايدا 1916 ـ يىلى توققۇز ئۆيلۈك ئادەم ۋە بىر قونالغۇ بار ئىدى. تۇگۇڭغا 23 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا ئالتە ـ يەتتە ئۆيلۈك ئادەم، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بۇت بار ئىدى. سايئۆتەڭ (داچەن) گە 38 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا ئەينى چاغدا ئۈچ قونالغۇ ۋە بەش ـ ئالتە ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. بۇ جاي جىمسار بىلەن گۇچۇڭنىڭ پاسلى ئىدى. شياۋتۇنگە 55 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا ئىككى قونالغۇ بار ئىدى. گۇچۇڭ ① غا 73 يول، ئۈرۈمچىدىن گۇچۇڭغا 428 يول كېلىدۇ.

# گۇچۇڭ ناھىيىسى

گۇچۇڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 89° 35′ 10″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 44° 01′ 38″ قا توغرا كېلىدۇ. شەرقىي شىمال قىسمى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. كۆلىمى 18 مىڭ 873 كۋادرات كىلومېتىر، ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 207 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ تەبئىي شارائىتى

ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمى بولغان چالقان تېغى، شىمالدا بەيتىڭ تېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. يېرىنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىي ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولۇپ، خۇددى ئېگەرگە ئوخشايدۇ. يەر شەكلى تاغلىق، ئېدىرلىق، تۈزلەڭ، قۇملۇققا ئوخشاش بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. جەنۇبتىكى چالقان چوققىسى (نامسىز چوققا) دېڭىز② يۈزىدىن 4014 مېتىر ئېگىز، شىمالدىكى ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇم ئېقىن ئەڭ پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 506 مېتىر ئېگىز. شىمالىي قىسمى قۇملۇق بولۇپ، جىياگجۇن گوبى چۆللۈكى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئوتتۇرا

---

① گۇچۇڭ ـــ ئەسكىھىسسار خارابىسىنىڭ خەنزۇچە نامى. ھازىر «گۇچۇڭ» ياكى «چىتەي» دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان بۇ يۇرتنىڭ ئەسلى نامى «توقماق» ئىدى.

② ھازىر خەرىتىلەردە نامسىز چوققا دېيىلىدۇ، يەرلىك خەلقلەر «چالقان چوققىسى» دەپ ئاتايدۇ.

قىسمى تەڭرىتاغ تۈزلەڭلىكىگە كىرىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە قار سۈلىرىدىن شەكىللەنگەن 12 ئېقىن بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ مىقدارى 470 مىليون كۇب مېتىر، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 906 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۈزلەڭلىكتە بەش بۇلاقلىق يەر بار. ئىقلىمى ئوتتۇراھال مۆتىدىل بەلباغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.7℃، 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 23.5℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41℃، 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 18.4℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 42.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە نىسپىي نەملىك دەرىجىسى 60%، يىللىق ئوتتۇرىچە قىرووسىز مەزگىلى 155 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 175 مىللىمېتىر، سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2141 مىللىمېتىر، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 3076 سائەت.

كان بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، خرومستال، سۇرمەتاش، مىرابىلىت، ھاكتېشى قاتارلىقلار؛ دەرەخ تۈرلىرىدىن ئاساسەن شەمشاد، بال قارىغىيى؛ ياۋا دورا ماتېرىياللىرىدىن ئالقات، سوغىڭۆل قاتارلىق 300 نەچچە خىل ئۆسۈملۈك؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن ئولار، يىلپىز، ئارقار، غازبويۇن بۆكەن، ياۋا ئېشەك قاتارلىقلار بار.

گۇچۇڭدىن لاۋچىتەيگە 77 يول، سەنشىلىسۇغا 20 يول، قىرىق ئۆزەڭگە 42 يول كېلىدۇ، بۇ جاي ئۆتەڭ بولۇپ، بۇ يەردە قونالغۇ ۋە ئولتۇراق ئاھالە بار. 1916 ـ يىلى بۇ جايدا 200 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى. لاۋچىتەيدىن شىجىرغا 21 يول، كاتتادەڭگە 41 يول كېلىدۇ. بۇ جايدا ئەينى چاغدا كەنت ۋە ئۆتەڭ بار ئىدى. دۇڭچىڭغا 52 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا ئەينى چاغدا ئالتە ـ يەتتە ئۆيلۈك ئادەم، دەل ـ دەرەخلەر بار ئىدى. مورىغا 84 يول كېلىدۇ، 1916 ـ يىلى مورى بازىرىدا 200 ئۆيلۈككە يېقىن ئادەم ۋە يېقىن ئەتراپتا 1000 دىن ئوشۇق دېھقان بار ئىدى.

## مورى ناھىيىسى

### مورى ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ شىما-

www.uyghurkitap.com

لىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي شىمال تەرىپى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 90° 16′ 42″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 43° 49′ 20″ قا توغرا كېلىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 12 مىڭ 789 كۋادرات كىلومېتىر. مورىنىڭ ئىقلىمى مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاق ئىقلىمغا كىرىدۇ. قىش پەسلى سوغۇق بولىدۇ ھەم ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. ياز پەسلى قىسقا ھەم سالقىن بولىدۇ. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى تاغلىق رايونلاردا 450 مىللىمېتىر، قۇملۇقلاردا 150 مىللىمېتىر، تۈزلەڭلەردە 250 مىللىمېتىر، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2181 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 1.5℃، 1-ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 10℃، 7-ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 20.5℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 36.9℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 31.8℃ بولىدۇ. ناھىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چۆرىن رايونىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 42℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 31.8℃. ناھىيە بويىچە قىروسىز مەزگىلى 136 ~ 154 كۈن بولىدۇ. مورىدا غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە سىبىرىيىدىن كىرگەن سوغۇق ھاۋا دائىم قاتتىق بوران پەيدا قىلىدۇ ۋە تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىدۇ. شامال كۈچى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 12 بالغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 1مىليون 608 مىڭ 500 گېكتار ئوتلاق بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 72.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دېھقانچىلىق يەر كۆلىمى 74 مىڭ 973 گېكتار بولۇپ، 3.4 پىرسەنتىنى، ئورمان كۆلىمى 97 مىڭ 733 گېكتار بولۇپ، 4.9 پىرسەنتىنى، ساي ۋە تاغ جىنسلىق يەر كۆلىمى 424 مىڭ 993 گېكتار بولۇپ، 19.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تەبىئىي بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۇز، كېپەك ئالتۇن، فتورىد، مىس، خروم، سىنىك، خروستال، چىرىمتال، تاشپاختا قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار. كۆمۈر زاپىسى تەخمىنەن 400 مىليون توننا، تۇز ئاز كەم 10 مىڭ توننا. قىممەتلىك دورا ماتېرىياللىرىدىن تاغ لەيلىسى، سۆسۈن گۈللۈك سوغىگۈل، بۇغا مۈڭگۈزى، ئېيىق ئۆتى، يىلپىز سۆڭىكى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن بۇغا، سۇر بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، غاز بويۇن بۆكەن،

ئارقار، تاغ ئۆچكىسى، چىپار بۆكەن، جەرەن، سىرىق قۇش، ئاق مۇشۇكياپىلاق، سۆلەيسۇن، سۇ چاشقىنى قاتارلىقلار بار.

**موري دېگەن نام توغرىسىدا** موري ئەسلى مۇرۇرىي دېگەن تۈركچە سۆزدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، لۇغەت مەنىسى يول خېتى، يول بېجى دېگەنلىك بولىدۇ①. بۇنىڭ ئىستېمال مەنىسى يول خېتى تەكشۈرىدىغان، باج ئالىدىغان جاي دېگەن مەنىدە. چۈنكى، بۇ جاي قەدىمكى يىپەك يولى لىنىيىسىنىڭ ئوتلاق يولى لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ، چاڭئەندىن چىقىپ قاشقوۋۇق، قۇمۇل، يەتتىقۇدۇق، موري، ئىلى ئارقىلىق غەربكە ماڭىدىغان يول بىلەن گۇيخۇا (ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوت شەھىرى) دىن چىقىپ باركۆل، موري، ئىلى ئارقىلىق غەربكە بارىدىغان يوللارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلىدىغان تۈگۈنگە جايلاشقان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن ئىدى.

موريدىن تۈگگان قاپاققا 30 يول، ئۈچبۇلاق (سەنگچەنزە) قا 75 يول كېلىدۇ، ئەينى چاغدا، بۇ جايدا بىر ھۆكۈمەت قونالغۇسى، ئىككى شەخسىي قونالغۇ، بىرنەچچە ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى.

ئۈچبۇلاقتىن قار كۆمگەنگە 35 يول، داشتوغا 85 يول كېلىدۇ، بۇ جاي تۆت تاغنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان جايى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى كەڭ تۈزلەڭ. بۇ جايدا بىر ھۆكۈمەت قونالغۇسى، ئىككى شەخسىي قونالغۇ ۋە يەتتە — سەككىز ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. داشتودىن يەتتىقۇدۇققا 130 يول بولۇپ، ئارىلىقتا تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

داشتودىن داۋانبېشى (سەيىبكو) غا 30 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا ئەينى چاغدا قونالغۇ بار ئىدى. قۇمۇل چېگرىسى مۇشۇ جايدىن ئايرىلاتتى. بۇ جايدىن يەنە موريغا ئايرىلىدىغان بىر يول بار. باشسۇ (تۇشۇي) غا 52 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا كىچىك ئۆتەڭ ۋە بىر ھۆكۈمەت قونالغۇسى، ئىككى شەخسىي قونالغۇ بار، ئەمما ئۇ يەردىكى سۇ ئاچچىق ئىدى. يەتتىقۇدۇققا 130 يول كېلىدۇ، مۇشۇ جايغا كەلگەندە يول جەنۇبىي يولغا تۇتىشىدۇ. يەتتىقۇدۇقتىن چېگولو (چاق) غا 43 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا ئەينى چاغدا ئۆتەڭ ۋە ھۆكۈمەت قونالغۇسىدىن بىرى، شەخسىي قونالغۇدىن ئۈچى بار ئىدى. جامبۇلاققا 86 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا ئۈچ ئېغىز ئەسكى ئۆي بار بو-

① «تۈركچە — ئۇيغۇرچە لۇغەت». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 612 — بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لۇپ ، ئولتۇراق ئاھالە يوق ، ئۆتەڭگە قارايدىغان بىر ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى .
جامبۇلاقتىن لياۋدۇڭغا 56 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا بەش قونالغۇ ، قاراۋۇلخانا بار . ئۆردەكلىككە 128 يول ، تارانچىغا 136 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا بەش قونالغۇ ، بەش ئۆيلۈك ئادەم ۋە شاپتۇللۇق باغ بار ئىدى . تارانچىدىن سۇمقارغىغا 98 يول كېلىدۇ . تارانچىدىن تاللىق بۇلاققا 42 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا 10 نەچچە ئېغىز كونا ئۆي بار ئىدى .

يودىنچەننىڭ يولىدا ،
كۆرۈنەمدۇ تارانچى .
سۇمقارغىدا دەم ئالما ،
ئالدىمىزدا توغۇچى .

تارانچى دېگەن يەردە ،
يۇنۇسكامنىڭ ئۆيى بار .
مۇساپىرنى سىيلايدۇ ،
ھارۋىكەش دەپ نامى بار .

تارانچىدىن توغۇچىغا 50 يول كېلىدۇ ، ئۇ جايدا ئەينى چاغدا تۆت قونالغۇ ، 49 ئۆيلۈك ئادەم ، بىر خارابە قورغان ۋە بىر مەسچىت بار ئىدى . ئاستانىغا 90 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا 30 نەچچە ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . سۇمقارغىغا 98 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئۈچ قونالغۇ ، 30 نەچچە ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى . سۇمقارغىدىن دۆڭكارىزغا 8 يول ، يوپۇرماق بۇلاققا 38 يول ، قۇمۇلغا 68 يول كېلىدۇ . جەنۇبىي يول قۇمۇلغا 1280 يول كېلىدۇ . شىمالىي يول قۇمۇلغا 1238 يول كېلىدۇ .

## قۇمۇل ۋىلايىتى

قۇمۇل ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ . ئۇنىڭغا قۇمۇل شەھىرى ، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى ۋە باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قارايدۇ . چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 605.5 كىلومېتىر ،

تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمى ۋىلايەتنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ تۇرىدۇ. لەنجۇ ــ شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋىلايەت تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 137 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 1990 ــ يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە، قۇمۇل ۋىلايىتىدە 408 مىڭ 926 نوپۇس بار ئىدى.

## قۇمۇل شەھرى ①

قۇمۇل شەھرى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي. قۇمۇل شەرقتە گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن قوشنا، شەرقىي شىمال قىسمى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 49.6 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 79 مىڭ 813.8 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 23 كۋادرات كىلومېتىر، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 595 كىلومېتىر.

**تارىخىي تەرەققىيات جەريانى** ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىن باشلاپ، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئاھالە ئۇيغۇرلار بولۇپ كەلدى ②. قۇمۇل مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولغاچقا، تارىختىكى خانلىقلار بۇ جايدا ئەسكەر تۇرغۇزغان. بۇ جاي «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم ئۆتكەللىرىدىن بىرى بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ «قۇۋۇقى»، تارىختىن بۇيان ئاۋات جاي ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ خەنزۇ ئەلچىلەر، ھەربىي خادىملار، سودىگەرلەر كېلىپ ــ كېتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئولتۇراقلىشىپ قالاتتى. بۇ جايغا خەنزۇلارنىڭ كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشى يەنىلا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەسكەرلەر، سودىگەرلەر كەلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كۆتۈرۈلگەن غەربىي شىمالدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى شىنجاڭغا كەلگەندە يەنە بىر قىسىم خۇيزۇلار شىنجاڭغا كېلىپ ئورۇنلاشقان.

① قۇمۇل قەدىمدە «قامىل» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ نام خەنزۇچە كىتابلاردا «哈蜜力» دەپ ساقلىنىپ قالغان. مەنىسى «قورغان، قاشا، قۇۋۇق» دېگەنلىك.

② «شىنجاڭدا يەرلىك ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتى»، 15 ــ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

قۇمۇل شەھىرى ئويمانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى ئويمان، يەر تۈزۈلۈشى شەرقتىن غەربكە پەسىيىپ بارىدۇ، شىمالىي قىسمى شەرقىي تەڭرىتاغ تىزمىسى، جەنۇبىي قىسمى پەس تاغ ۋە ئېدىرلىق، غەربىي قىسمى جاڭگاللىق، ئوتتۇرا يۇقىرى قىسمى تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا تۆۋەن قىسمى قۇمتاغ قۇملۇقى. قۇمۇل قۇرغاق رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىقلىمى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاق ئىقلىمغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.8℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 43℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 32℃، كۈننىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 3353.5 سائەت. ئارايۇلتۇز (شىڭشىڭشيا) مەملىكەت بويىچە كۈن نۇرى ئەڭ كۆپ چۈشىدىغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، «قۇياشلىق جاي» دېگەن نامى بار. ئۇ يەردە كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 3567 سائەتكە يېتىدۇ. 1985 ـ يىلى ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولغان. يىل بويى ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاران 17.2 مىللىمېتىر بولۇپ، بىرقانچە يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارىدىن تۆۋەن بولغان. قىروسىز مەزگىلى 182 كۈن. ئەتىيازدا بوران كۆپ چىقىدۇ. قوش (شىسەنجەڭفاڭ) بورانلىق جاي بولۇپ، قەدىمكى زاماندا «قارا بورانلىق ۋادا» دەپ ئاتىلاتتى. شەھەر تەۋەسىدە 209 مىڭ 334 گېكتار ئورمان بار. ياغاچ زاپىسى 3 مىليون 900 مىڭ كۇب مېترغا يېتىدۇ. دەرەخ تۈرلىرىدىن شەمشاد، قارىغاي، تاغ تېرىكى قاتارلىقلار بار. 1 مىليون 241 مىڭ 330 گېكتار ئوتلاق بار. ھازىرغىچە 50 نەچچە خىل كان بايلىقى تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، ھاكتېشى، تاشتۇز، مىرابىلىت، گەج قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ياۋا تۆگە، ياۋا ئېشەك، سۆلەيسۈن، چىپار بۆكەن، جەرەن، ئاققۇ قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. 140 نەچچە خىل دورا ئۆسۈملۈكى بار.

**قۇمۇل ھېيتگاھ جامەسى** ھازىرقى قۇمۇل ھېيتگاھ جامەسىنىڭ دەسلەپكى گەۋدە قۇرۇلۇشىنى ھىجرىيە 1087 ـ يىلى (مىلادىيە 1676 ـ يىلى) تۇنجى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا ئىلگىرىكى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە، يەنى ئالتۇنلۇققا ياساتقان، شۇندىن كېيىن ۋاڭ جەمەتى مۇشۇ

جايغا دەپنە قىلىندىغان بولغان . قۇمۇلنىڭ 4 ـ ئەۋلاد ۋاڭى يۇسۇپ ۋاڭ ئۇنى
ئىسلاھ قىلىپ ، ئەسلىدىكى جامەنى يەنە بىر ھەسسە كېڭەيتكەن . ئەردشىرۋاڭ
دەۋرىدە ( ھىجرىيە 1194 ~ 1228 ـ يىللىرى ، مىلادىيە 1780 ~ 1813 ـ يىللى-
رى ) يەنە بىر باسقۇچلۇق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىغان . جامەنىڭ
ئومۇمىي كۆلىمى 2400 كۋادىرات مېتىر بولۇپ ، ئىچىگە 4000 ئادەم ، سەيناسىغا
ئۇنىڭدىنمۇ جىق ئادەم سىغىدۇ . جامەنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 55
مېتىر ، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 35 مېتىر ، ئۇلىغا چاسىلانغان ياپىلاق تاش
ۋە پىششىق خىش قويۇلۇپ كېسەكتە قوپۇرۇلغان . تام ئارىسىغا ياغاچ تۈۋرۈك
ئورنىتىلغان بولۇپ ، ئېگىزلىكى 5 مېتىر ، قېلىنلىقى 1.5 مېتىر ، جامەنىڭ
ئىچىدە توققۇزدىن 12 رەت قويۇلغان 108 چوڭ تۈۋرۈك تورۇسنى كۆتۈرۈپ
تۇرىدۇ . تۈۋرۈكلەر قۇمۇل تاغلىرىنىڭ يوغان قىزىل قارىغايلىرىدىن
ياسالغان . تۈۋرۈكنىڭ ئۇچىغا چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلۇپ قىزىل سىرلانغان .
تۈۋرۈكنىڭ ئاستىغا گۈل چىقىرىلغان گىلەك تاشلار قويۇلغان . تۈۋرۈكلەر-
نىڭ ئۈستىگە نەقىشلەنگەن چاسا خىش قويۇلۇپ ، تاختاي بىلەن يېپىلغان .
ھەر تۆت تۈۋرۈكنىڭ ئارىسى بىر ئاراش بولۇپ ، ھەربىر ئاراش نۇرغۇن
ئۇششاق كاتەكچىلەرگە ئايرىلىپ ، ئۇنىڭغا سىر بىلەن چىرايلىق گۈللەر
سىزىلغان . تورۇسقا 16 كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا ، ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە
ئۈچ تۈڭلۈك قويۇلۇپ ، پۈتۈنلەي گۈللۈك پەنجىرە قىلىنغان . جامەنىڭ ئىككى
يېنىغا بىردىن ئىشىك ئېچىلغان . تاملارغا قارا رەڭدە چاسا ۋە يۇملاق
كانارىلار سىزىلىپ ، ئۇنىڭ ئىچى ۋە چۆرىسىگە خەتتى جەللى ، سۇلۇس ،
تەئلىق ، كوفى شەكىللىرىدە ھۆسنى خەت ، ئايەت ۋە ھەدىسلەر يېزىلغان .
ھۆسنى خەتنىڭ تېگى ۋە ھاشىيلىرىگە رەڭدار گۈل ، نەقىشلەر سىزىلغان .
يەرگە پىششىق چاسا خىش ياتقۇزۇلغان . جامەنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز گويا
ھۆسنى خەت گۈلزارىغا ياكى گۈزەل سەنئەت سارىيىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس
قىلىسىز . مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدا ، ھېيتگاھ جا-
مەسىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ھەيۋەتلىك چىنە گۈمبەز
ياساتقان . ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاڭ ، تەيجىلەرمۇ جامە ئەتراپىغا گۈمبەز ۋە
راۋاقلارنى ياساتقان . 1982 ـــ 1983 ـ يىللىرى ، بۇ جامە قايتا رېمونت
قىلىندى . ئۇ ھازىر قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زۆلدى ①.

**قۇمۇل جۇمە مەسچىت جامەسى** بۇ جامە قۇمۇل شەھەر ئىچىنىڭ ئازنا بازار مەھەللىسىگە جايلاشقان بولۇپ، بىنا قىلىنغىنىغا 500 يىلدىن ئاشتى. ئۇنى 15 ـ ئەسىردە، يەنى ھىجرىيە 912 ـ يىلى (مىلادىيە 1480 ـ يىلى) خوجا مۇھەممەت ئىلىبەگ ياساتقان ھەمدە قاغۇم 60 مو يەرنى جامەگە ۋەخپە قىلغان. جامەنىڭ ئۇلى يەردىن 3 مېتىر ئېگىزلىكتە توپا بىلەن خاڭداپ قاتۇرۇپ كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خام كېسەكتە 1.5 مېتىر ئېگىزلىكتە قورۇق تام قوپۇرۇلغان. مەسچىتنىڭ ئىچىگە شەرقتىن غەربكە بەش تالدىن ئىككى رەت قىلىپ، جەمئىي 10 تۈۋرۈك ئورنىتىلىپ ئۈستىگە چاسلانغان قىرلىق لىملار سېلىنىپ تاختاي بىلەن يېپىلغان، تاختايلار گۈل چېكىپ سىرلانغان. تورۇسقا پەنجىرلىك چوڭ بىر تۈڭلۈك ئېچىلغان. مەسچىتنىڭ شىمال، جەنۇب تەرەپلىرىگە سەككىزدىن جەمئىي 16 گۈمبەز، مەسچىت ئىشىكىنىڭ بېشىغا 20 مېتىر ئېگىزلىكتە مۇنار ياسالغان. مۇنار تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، ئېگىزلىگەنسىرى تارىيىپ ئۈچى ھىلال ئاي شەكلىدە چىقىرىلغان. مەسچىت ئىشىكىنىڭ ئالدىغا 50 ياغاچ تۈۋرۈك قويۇلۇپ چوڭ دەھلىز قىلىنغان، دەھلىزدىن تۆت تۈۋرۈك بىلەن سىرتقا چىقىش ئىشىكى ياسالغان. ئىشىكنىڭ ئۈستىگە ياغاچتىن تۈرلۈك نەقىش ئويۇلۇپ چىدىر شەكلىدە يېپىلغان. ئىشىك تۈۋىگە 15 باسقۇچلۇق تاش پەلەمپەي ياسىلىپ ئىككى تەرىپىگە ياغاچتىن پەنجىرىلىك شادا قويۇلغان. مەسچىت ئىچىگە ياغاچتىن گۈمبەزلىك پەنجىرىلىك مېھراب، ياغاچ مۇنبەر ياسالغان.

جۇمە مەسچىت جامەسى بىنا بولۇپ 285 يىلدىن كېيىن، ھىجرىيە 1197 ـ يىلى (مىلادىيە 1782 ~ 1783 ـ يىللىرى) ماھروي ئاپاق ئىسىملىك ئايال ئۆز خىراجىتى بىلەن رېمونت قىلدۇرغان. 1986 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ 9 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن ئابدۇۋاھست ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم (1993 ـ يىلى 104 ياشتا ۋاپات بولدى) نىڭ باشچىلىقىدا قايتىدىن رېمونت قىلىنغان ②.

**قەيس خوجام مازىرى** بۇ مازارنىڭ ئورنى قۇمۇل شەھىرى چاھار

① «شىنجاڭ گېزىتى». 1994 ـ يىل 17 ـ ماي سانى.
② «شىنجاڭ گېزىتى». 1994 ـ يىل 17 ـ ماي سانى.

باغدا ، بۇ مەدىنەلىك قەيس ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مازىرى بولۇپ ، كىشىلەر ئۇنى « يېشىل گۈمبەز » ، « چىنە گۈمبەز » دەپمۇ ئاتايدۇ . ئىپتىشلارغا قارىغاندا ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن يىللىرى مۇھەممەت پەيغەمبەر ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن جۇڭگوغا ئۈچ كىشى ئەۋەتكەن . بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمى قەيس ، ئۇۋەيس ۋە ۋاققاس بولۇپ ، ئۇلار سۇ يولى ئارقىلىق گۇاڭجۇغا كەلگەندە ، ۋاققاس كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان ۋە گۇاڭجۇدا يەرلىككە قويۇلغان . ئۇۋەيس بىلەن قەيس چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەندە ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇلارنى قارشى ئالغان . ئۇلار شىنجاڭ ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە ، ئۇۋەيس گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىنىڭ خۇيخۇيپو دېگەن يېرىگە كەلگەندە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان . قەيس خوجام تاڭ سۇلالىسى جېنگۈەنىنىڭ 9 ـ يىلى ( مىلادىيە 635 ـ يىلى ) شىڭشىڭشياغا كەلگەندە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ۋە يولۇچىلار ئۇنى شۇ يەردىلا دەپنە قىلىپ ، ئاددىي بىر قەبرە ياساپ قويغان . ئۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدە ، قۇمۇل ۋاڭى شىڭشىڭشيا ( ئارا يۇلتۇز ) غا ئادەم ئەۋەتىپ قەيس خوجامنىڭ قەبرىسى ئورنىغا بىر گۈمبەز ياساتقۇزغان . ئەرەبچە ئۇسلۇبتا ياسالغان بۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە ئەرەبچە بېغىشلىما ۋە ئايەتلەر يېزىلغان . قەبرە ئالدىغا « ئەرەبتىن كەلگەن ئەۋلىيا قەيس خوجامنىڭ قەبرىسى » دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي ئورنىتىلغان .

مىنگونىڭ 28 ـ يىلى ( 1939 ـ يىلى ) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شىڭشىڭشيانى ساقلاپ تۇرغان چېگرا ئەترىتى گازارما ياسىغاندا ، خىش يېتىشمەي قېلىپ گازارما يېنىدىكى قەيس خوجامنىڭ گۈمبىزىنى بۇزۇپ ، ئۇنىڭ خىش ـ كېسەكلىرىنى ئىشلەتكەن . 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ، قەيس خوجامنىڭ جەسىتىنى قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن شىڭشىڭشياغا بارغان جامائەت ۋەكىللىرى 21 كىشى جەسەتنى قېزىۋالغان . جەسەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 چىدىن ئۇشۇق بولۇپ ، قوۋۇرغىلىرىدىكى ئەت شۇ پېتى يېپىشىپ قالغان ، ئاپئاق ساقلىمۇ ئۆز پېتى تۇرغان . 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە جەسەت قۇمۇلغا يەتكۈزۈپ كېلىنگەن . 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داغدۇغىلىق تەزيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، قەيس خوجامنىڭ جەستى ھازىرقى چاھار باغقا قويۇلغان. قەيس خوجامنىڭ قەبرىسى گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ، ئۈستى يۇمىلاق، ئاستى تۆت چاسا، گۈمبەز ئۈستىگە يېشىل سىرلىق كاھىش يېپىشتىلغان، تۆت ئەتراپى پېشايۋان بولۇپ، قەبرە ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. جەسەت گۈمبەزنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان. گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىر، كۆلىمى 2 مو، تۆت ئەتراپى يېشىل دەرەخلەر بىلەن ئورالغان ①.

قۇمۇلدىن پالۋانتۇرغا 12 يول كېلىدۇ. ئۇ يەردىن ئۆتسە قىزىل يۇلغۇنغا كېلىدۇ، بۇ جاي دەرەخلىك بولۇپ، 1916 ـ يىلى 30 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بارئىدى. ساقىغا 40 يول، يالغۇز دەرەخ (يىكبشۇ) كە 50 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا تېرىلغۇ يەر بار.

قۇمۇلدىن چىقىپ بىرىپ،
ساۋۇلاققا ياماشتۇق.
ئويلاپ چەككەن جاپانى،
ئۆنلەر سىلىپ يىغلاشتۇق.

قۇمۇلدىن ساۋۇلاققا ② 70 يول كېلىدۇ، بۇ جايدا 11 ئۆيلۈك ئاھالە ۋە تۆت قونالغۇ بار. ئەينى چاغدا چۆللۈك بولۇپ، بىرلا بۇلاق بار ئىكەن، شۇ بۇلاقنى چۆرىدەپ 11 ئۆيلۈك ئاھالە ياشىغانىكەن، ھازىر بۇ جاي ئاۋات يۇرت بولۇپ قالدى.

ساۋۇلاقتىن چۆل ئۆتەڭگە 25 يول، ئەلتۆمۈرگە 60 يول كېلىدۇ. بۇ جايدا ئەينى زاماندا يەتتە قونالغۇ، ئالتە ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. ئاتلىق بىر ئىززۋۆت ئەسكەر تۇراتتى.

ئۈچ يىل ھەيدەپ ھارۋىنى،
ئىككى قامچا چۇشۇردۇم.
ئەلتۆمۈردە ياتقاندا،

---

① «شىنجاڭ گېزىتى»، 1994 ـ يىل 2 ـ ئاۋغۇست سانى.
② قۇمۇلنىڭ يەرلىك خەلقى ساۋۇلاق دەيدۇ.

ئاتا ــ ئانامنى چۈش كۆردۈم .

ئەلتۆمۈردىن قوغۇشۇن ساتار ( يەندۈن ) غا 60 يول كېلىدۇ . ئەينى چاغدا بۇ جايدا ئىككى كىچىك قونالغۇ ۋە ئۈچ چوڭ قونالغۇ بار ئىدى . قوغۇشۇن ساتاردىن ئاچچىقسۇ ( كۇشۈي ) غا 100 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئۈچ قونالغۇ ۋە بىر پوچتىخانا بار ئىدى .

كۇشۈينىڭ سۈيى ئاچچىق ،
مەنزىلى ئاندىن قاتتىق .
بىزنى بۇيان ھەيدىگەن ،
شىڭ شىسەي دېگەن مۇناپىق .

ئاچچىقسۇدىن قۇمبۇلاق ( ساچەنزى ) قا 60 يول كېلىدۇ ، ئەينى چاغدا بۇ جايدا ئۈچ قونالغۇ ، بىر پوچتىخانا بار ئىدى .

ساچەنزىدە ئات ئۆلدى ،
ئېتەكلەرگە ياش تولدى .
پۇل تاپىمىز دەپ چىقىپ ،
يېگەن ــ ئىچكەن ھەش بولدى .

قۇمبۇلاقتىن ئارايۇلتۇزغا 70 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئەينى چاغدا تۆت چوڭ قونالغۇ ، ئىككى كىچىك قونالغۇ ، بىر ئىزۋۇت ئەسكەر بار ئىدى .

قۇمۇلدىن ئارايۇلتۇزغا 420 يول كېلىدۇ . ئۈرۈمچىدىن ئارا يۇلتۇزغا جەنۇبىي يول بويىچە ھېسابلىغاندا 1700 يول ، شىمالىي يول بويىچە 1658 يول كېلىدۇ ، بۇ يوللار ناھايىتى جاپالىق ئىدى . ھارۋىكەشلەر يول ئازابىنى تۆۋەندىكى قوشاقلار ئارقىلىق ئىزھار قىلغان :

شىڭشىڭشيا دېگەن قايسى ،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى .
ھارۋا ھەيدەپ كەلگەنلەر ،
ئىلىخونىڭ بالىسى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يول ئازابى يامانكەن ،
جىنىمىزمۇ ئاز قالدى .
توشۇپ بارغان نەرسىنى ،
شىڭشىڭشىيادا ئەپقالدى .

شىڭشىڭشىيا ئۆزى گوبى ،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى .
ئىلى يولىغا قاراپ ،
ئاقتى كۆزنىڭ قارىسى .

بەرمىدى سۇنۇق يارماق ،
تۇتۇپ قالدۇق ئىغىزنى .
جاپاسىنى بىز تارتىپ ،
ئۇلار چاقتى مىغىزنى .

## §3 . ئۈرۈمچى ـ ئالتاي يولى

ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا بارىدىغان ئۈچ يول بار . ئۇلارنىڭ بىرى شەرقىي يول ( گۇچۇڭ ئارقىلىق ماڭىدىغان يول ) ، ئىككىنچىسى ئوتتۇرا يول ( قۇربان تۇڭغۇت چۆلى بىلەن ماڭىدىغان يول ) ، ئۈچىنچىسى غەربىي يول ( قۇتۇبى ، ماناس ، شاۋگەي ، بۇرۇلتوقايلار بىلەن ماڭىدىغان يول ) ئىدى .

### ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا بارىدىغان شەرقىي يول

ئۈرۈمچىدىن چىقىپ شىمالىي ئارا يۇلتۇز يولى بىلەن مېڭىپ ، گۇچۇڭغا كېلىپ ئايرىلىدۇ . شۇڭا ، بۇ يولنى گۇچۇڭ ـ ئالتاي يولى دەپ ئاتايدۇ . گۇچۇڭدىن شىدىگە 23 يول كېلىدۇ ، 1916 ـ يىلى بۇ جايدا 60 نەچچە خو يەر بار ئىدى . دوڭدىغا 35 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي كەنت بولۇپ ، ئەتراپىدا 132 خو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى . خەنتەيزىگە 75 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئەينى چاغدا ئون نەچچە ئۆيلۈك دېھقان ، 30 نەچچە خو يەر بار ئىدى . يولنىڭ شىمالىي قاسىنىقدا تۆگە دىگى بولۇپ ، دەڭ ئارقىسىدا كونا خارابە قورغان بار

ئىدى .

چىغكۆل ( جىجىخو ) گە 100 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئەينى چاغدا ئۈچ تۆگە دېگى بار ئىدى ، قۇبدۇ يولى بىلەن ئالتاي يولى مۇشۇ جايدىن ئايرىلىدۇ . گۇچۇڭدىن جياڭجۈنمياۋغا 152 يول ، ئۈچبۇلاق ( ئوچباستاۋ ) قا 232 يول ، سار باستاۋغا 262 يول ، كۆپسۇغا 325 يول ، جىگسىن قۇدۇقا 375 يول ، قايشىبۇلاققا 420 يول ، سارتوقايغا 496 يول ، چاتىرتاسقا 518 يول ، جارغىس قۇدۇققا 595 يول ، ئارغىلتايغا 671 يول ، قارا تۇڭكەگە 703 يول كېلىدۇ ، 1916 ـ يىلى بۇ جايدا 40 نەچچە تۈتۈن قازاق چارۋىچى بار ئىدى . ئېرتىش دەرياسى كېچىككە 745 يول ، كۆكتوقايغا 748 يول كېلىدۇ . كۆكتوقايدىن سوۋپتىغا 13 يول ، كورتىغا 30 يول ، كۆكبۇلاققا 85 يول ، فۇخەيگە 132 يول ، تاراتىغا 168 يول ، لامازاۋغا 184 يول ، سارقۇبىغا 219 يول ، ئالتايغا 230 يول كېلىدۇ . گۇچۇڭدىن ئالتايغا 978 يول كېلىدۇ .

## ئالتاي شەھىرى

ئالتاي شەھىرى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ . ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 88° 08′ 40″ ۋە شىمالىي كەڭلىك 47° 00′ 52″ قا توغرا كېلىدۇ . كۆلىمى 11 مىڭ 353.5 كۋادرات كىلومېتىر ، ئالتاي شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرغان جاي بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 769 كىلومېتىر .

### ئالتاي شەھىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

يېرى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ ، تىك جايلىششى رۇشەن ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئۈچ بۆلەككە ئايرىلىدۇ . ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى تاغلىق رايون بولۇپ ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 53% نى تەشكىل قىلىدۇ . دېڭىز يۈزىدىن 1000 ~ 3000 مېتىر ئېگىز ، ئەڭ ئېگىز چوققا ئۇندورخان تېغى دېڭىز يۈزىدىن 3914 مېتىر ئېگىز . پۈتكۈل تاغ رايونى ئېگىز تاغلار ۋە چوڭقۇر جىلغىلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، پەلەمپەي شەكىلدە ئېگىزلەپ بارىدۇ . ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 400 ~ 600

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىللىمېتىر، ئىللىق پەسىل 90 ~ 150 كۈن. تاغ ـ جىلغىلار قويۇق ئورمان، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغان. ئىقلىمى سالقىن بولۇپ، يايلاق ئورنىدا پايدىلىنىشقا ئەپلىك، تاغلىق رايون ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. قىش پەسلى ئۇزۇن بولۇپ، 210 ~ 270 كۈن داۋاملىشىدۇ ۋە قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ رايوندا قىشتا كىشىلەر پائالىيەت ئېلىپ بارمايدۇ. ئۇ يەر ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورمانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. ئۇ جايدا كۆپ خىل مېتال ۋە مېتاللوئىد كان مەھسۇلاتلىرى زاپىسى مول. ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئويمان ئېدىرلىق رايون بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 29 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 700 ~ 1000 مېتىر. شەھەر رايونىدىكى ئاساسىي دېھقانچىلىق رايونى ۋە 70% ئاھالە مۇشۇ رايونغا مەركەزلەشكەن، يەر ئۈستى ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىقلار ۋە يەلپۈگۈچسىمان تىنما قاتلامدىن تەركىب تاپقان. تۆت پەسلىنىڭ پەرقى ئېنىق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.2℃، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 180 ~ 250 مىللىمېتىر، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1812 مىللىمېتىر. ئىقلىمى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق سوغۇق ئىقلىمغا كىرىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 150 ~ 160 كۈن. 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 24℃، 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 22.3℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 37.6℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 43.5℃، قىش ۋە ئەتىيازدا شامال كۆپ چىقىدۇ.

يېرىنىڭ جەنۇبىي قىسمى جىلغا ـ تۈزلەڭلىك رايون بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 18 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، دېھقانچىلىققىمۇ، چارۋىچىلىققىمۇ باب كېلىدۇ. كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. شەھەر تەۋەسىدە ئېرتىش دەرياسى، سومدائېرىق دەرياسى، بۇرچىن دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى ۋە قىران دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سۇ مەنبەسى بار. يىللىق سۇ مىقدارى 9 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. چوڭراق كۆللەردىن تاڭباجانسۇ، ئاۋنەن كۆللىرى بار. ئالتاي شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، تاغلىق رايوندا يوپۇرماق تاشلايدىغان شىنجاڭ قارىغىيى، ئاق قارىغاي قاتارلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن

تەركىب تاپقان 28 مىڭ گېكتار ئورمان بار . يەنە 912 مىڭ 133 گېكتار ئوتلاق ، 30 مىڭ 667 گېكتار تېرىلغۇ يەر ، 24 مىڭ گېكتار قۇمۇشلۇق بار .

كان بايلىقلىرىدىن ئالتۇن ، تۆمۈر ، تانتال ، نىئوبىي ، چىرىمتال ، خىروستال ، كۋارتس قۇمى ، مەرمەرتاش ، مىرابىلىت قاتارلىقلار بار . ئالتاي شەھىرى ئالتۇن ۋە رەڭلىك مېتال چىقىدىغانلىقى بىلەن مەشھۇر . يىلىغا 1000 سەردىن ئارتۇق ئالتۇن ئېلىنىدۇ .

ياۋايى هايۋانلاردىن سۇر بۇغا ، قوڭۇر ئېيىق ، سۆسۈن بولغۇن ، يولۋاس ، سۆسەر ، سوغۇر ، تۈلكە ، بۆرە قاتارلىق ئون خىل ياۋايى هايۋان بار . سۇمۇك بېلىق ، ئاق سازانكا بېلىق ، چوڭ قىزىل بېلىق ، ئوكۈن بېلىق ، ئىت بېلىقى قاتارلىق 20 خىلغا يېقىن يەرلىك بېلىق بار . يەنە رەۋەن ، چۆچۈكبۇيا ، چاكاندا ، يەر مەدىكى قاتارلىق 200 نەچچە خىل دورا ئۆسۈملۈكى ئۆسىدۇ .

**ئېرتىش دەرياسى** ئەسلى « ئارتىش » سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ ، مەنىسى « بەستلىشىش » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ ھەقتە « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن : « ئارتىش ( artix ) ، ئېرتىش 〈 يەمەك 〉 دالىلىرىدىكى بىر دەريانىڭ نامى ، بىرقانچە تارماقلىق بۇ دەريا شۇ يەردىكى بىر كۆلگە قۇيۇلىدۇ . بۇ سۆز 〈 ئارتىشماق 〉 دېگەن مەستەرنىڭ تومۇرى 〈 ئارتىش 〉 تىن ئېلىنغان بولۇپ ، 〈 سۇدىن ئۆتۈشتە مەن بىلەن بەستلەش ، قېنى ، كىم تېز ئۆتىدۇ 〉 دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . » ①

**قارا ئېرتىش دەرياسى** ئېرتىش دەرياسىنىڭ باشتىكى غول بىر تارمىقى بولۇپ ، ئۇنىڭ سۇ مىقدارى كۆپ بولغاچقا ، « قارا ئېرتىش » دەپ ئاتالغان . ئۇ « چوڭ دەريا ، ئۇلۇغ دەريا » دېگەن مەنىدە .

**بالا ئېرتىش دەرياسى** بالا ئېرتىش دەرياسى قارا ئېرتىشقا قۇيۇلىدىغان بىر كىچىك تارماق بولغاچقا « بالا ئېرتىش » دەپ ئاتالغان . مەنىسى « ئېرتىشنىڭ كىچىك تارمىقى » دېگەنلىك بولىدۇ .

**قىۇ ئېرتىش دەرياسى** ئېرتىش دەرياسىنىڭ باش قىسمىدىكى تارماق ئېقىن بولۇپ ، ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل . ئاققۇلار توپ ـ توپ بولۇپ

---

① « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 131 ـ بەت .

ياشايدىغان بولغاچقا ، « قۇ ئېرتىش » دەپ ئاتالغان . مەنىسى « ئاققۇلار ماكان تۇتقان ئېرتىش دەرياسى » دېگەن مەنىدە .

**بۇرچىن دەرياسى** ئېرتىش دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى . بۇرچىن پارسچە سۆز بولۇپ ، « چىشى ئۆردەك » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .[1]

**قىران دەرياسى** ئېرتىش دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، ئۇ ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېگىز مۇزلۇق چوققىلىرىدىن باشلىنىدىغان ، يانتولۇقى چوڭ ، ئېقىشى تېز ، ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان دەريا بولغاچقا ، « قىران دەريا » دەپ ئاتالغان . قىران تۈركىي تىل بولۇپ ، « كامالەتكە يەتكەن ، كۈچكە تولغان » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . « قىران دەريا » « ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان دەريا » دېگەن سۆز .

## ئۈرۈمچى ـ ئالتاي غەربىي يولى

ئۈرۈمچى ـ ئالتاي غەربىي يولى 22 كۈنلۈك يول بولۇپ ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1465 يول ، ئۈرۈمچى ـ ئالتاي يولى ئۈرۈمچىدىن چىقىپ ، ئىلى ـ ئۈرۈمچى يولىنى بويلاپ ، ماناسقا كېلىپ ئاندىن شىمالغا بۇرۇلىدۇ ، ماناستىن كونا ساۋەنگە 105 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي بازار ئىدى . شامىنزىغا 210 يول كېلىدۇ . ئۈرۈمچىدىن يېڭنۇر ( شاۋگەي ) گە 270 يول كېلىدۇ . شىخو ـ ئالتاي يولى بىلەن ئۈرۈمچى ـ ئالتاي يولى مۇشۇ يەردە قوشۇلىدۇ .

جوڭگەيگە 312 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي كەنت ئىدى . جوڭگەيدىن داگەيگە 57 يول ، جەرەنبۇلاققا 155 يول كېلىدۇ . جەرەنبۇلاقتىن كىچىك ئايران كۆلگە 20 يول ، تەرەنبۇلاققا 55 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي كەنت ئىدى . ئۇرخوغا 90 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئەينى چاغدا كەنت ۋە ئۆتەڭلەر بار ئىدى . ئۈرۈمچى ـ ئالتاي يولى مۇشۇ جايدا ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ، سولغا ماڭسا قوشتولغاي ، بۇرچىنلار ئارقىلىق ئالتايغا بارىدۇ . ئوڭغا ماڭسا ، ئىسسىقكۆل ۋە بۇرۇلتوقايلار ئارقىلىق ئالتايغا بارىدۇ . قوشتولغاي ئارقىلىق ماڭىدىغان يول تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

قوشتولغايدىن ئوت بۇلاققا 114 يول كېلىدۇ . ئوت بۇلاقتىن قاراتولغاي

---

[1] بۇرچىن ـــ چىشى ئۆردەك ( ئەلشىر ناۋايى : « مۇھاكىمە تول لۇغەتەين »، 112 ـ بەت ).

( خېيسەنتۇ ) ① غا 52 يول ، چىغكۆلگە 70 يول كېلىدۇ . ئالتاي بىلە بۇرچىنغا بارىدىغان يول مۇشۇ جايدىن ئايرىلاتتى . ئوڭغا ماڭسا ئالتاي ، سولغا ماڭسا بۇرچىنغا باراتتى .

قاراتولغايدىن دايراباستاۋغا 52 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا قونالغۇ ۋە بۇلاق بار . دايراباستاۋدىن پولتايغا 55 يول ، بۇرچىنغا 105 يول كېلىدۇ .

ئۈرۈمچى ـ ئالتاي يولى خېيسەنتۇ ( قاراتولغاي ) ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ ، قارا تولغايدىن ھېسابلىغاندا 86 يول ماڭسا موقۇرتايغا ، يەنى بۇرۇلتوقاي كۆلى بويىغا كېلىدۇ ② .

موقۇرتايدىن 72 يول يۇرسە ئېرتىش دەرياسى كېچىككە كېلىدۇ . كېچىكتىكى سۇ ئاتنىڭ قورسىقىدىن ئاشىدۇ . ياز ۋە كۈز پەسلىدىكى تاشقىن ۋاقتىدا دەريادىن كېمە بىلەن ئۆتمىسە ، كېچىپ ئۆتكىلى بولمايتتى . دەريادىن ئۆتۈپ 3 يول ماڭسا ، يەنى موقۇرتايدىن 75 يول ماڭسا سارغۇسىنغا كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئەينى چاغدا قونالغۇ ۋە ئۆتەڭلەر بار ئىدى . سارغۇسىندىن ئاقچىغا 24 يول ، كىچىك بالباغايغا 53 يول ، چوڭ بالباغايغا 63 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدا ئەينى چاغدا ھەربىي گازارما بار ئىدى . چوڭ بالباغايدىن قاراتاشقا 50 يول ، قاراتاشتىن ئالتايغا 50 يول كېلىدۇ .

ئىسسىقكۆل ۋە بۇرۇلتوقاي ئارقىلىق ماڭىدىغان يول تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

ئۈرغۇدىن شازغەتكە 106 يول كېلىدۇ . بۇ ئارىلىقتا ئۈزۈن بىر مەنزىل مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ . ماناس ـ ئالتاي يولى مۇشۇ جايدا ئۈرۈمچى ـ ئالتاي يولىغا قوشۇلىدۇ . كۆكشۈن قۇدۇقىغا 191 يول كېلىدۇ . نوخونچىغا ③ 215 يول ، باينولغا 305 يول ، جىلىكۆل ( ئىسسىقكۆل ) گە 365 گە يول ، قىلى مەھەللىگە 385 يول ، يەتتە ئارال ( جەتى ئارال ) غا 405 يول كېلىدۇ . ئۈرخۇدىن بۇرۇلتوقايغا 414 يول كېلىدۇ .

بۇرۇلتوقايدىن دۆربىلجىنگە 84 يول ، قاراتېرەككە 129 يول ، قارائاغاچقا

---

① « شىنجاڭغا ساياھەت » ، 1994 ـ يىلى نەشرى ، 282 ـ بەت .

② خېيسەنتۇ ئىلگىرى « قاراتولغاي » دەپ ئاتىلاتتى . چۈنكى ، ئۇ قاراتولغاي تېغىنىڭ تومشۇقى ئىدى . « خېيسەنتۇ » ( قارا تاغ ئۇچى دېگەن سۆز بولۇپ ) ئەسلى قاراتولغاي دېگەن سۆزدىن كەلگەن

③ مالنىڭ نوخوسىنى ئالىدىغان كىشى دېگەن سۆز .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

170 يـول ، ئالـتـاي شـەھـەرىـگـە 208 يول كېلىدۇ . ماناس ـ ئالتايغا 1194 يول ، ئۈرۈمچى ـ ئالتايغا 1465 يول كېلىدۇ .

### ئۈرۈمچى ـ چۆچەك يولى

ئۈرۈمـچى ـ چـۆچەك يولى 21 ئۆتەڭ يول بولۇپ ، بۇ يول ئۈرۈمچى ـ ئىـلى يولىنى بويلاپ مېـڭىپ ، شـىخـو ( قاراسۇ ) غا كەلگەندە ئىلى يولىدىن ئايـرىـلـىـپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ ، غەربىي شىمالغا ماڭىدۇ . شىخودىن چۆچەككە 13 مەنزىل بولۇپ ، ئۇ تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

شىخودىن كونا شىخوغا 22 يول ، سارائوسۇغا 70 يول ، شياسۇخوغا 150 يـول ، ئۈزۈنـبۇلاققا 210 يول ، سارجاققا 253 يول ، ئوتىغا 286 يول ، جىرماسۇغا 301 يول ، كۆلدەڭگە 342 يول ، جاماتىغا 368 يول ، تولىغا 420 يول كېلىدۇ ، بۇ جـاي نـاھـيـە بـازىرى . تولىدىن جامانتامغا 36 يول ، شامال ئۆتەڭگە 55 يول ، دۆڭـگـىـلـىككە 70 يول ، جىيەككە 94 يول ، قورتىغا 108 يول ، دۆربىلجىنگە 141 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي ناھيە بازىرى .

دۆربـىـلـجىندىن چاساغا 48 يول ، بورداققا 74 يول ، چۆچەككە 117 يول كـېـلـىـدۇ . شـىخودىن چۆچەككە 678 يول ، ئۈرۈمچىدىن چۆچەككە 1213 يول كېلىدۇ .

## چۆچەك شەھىرى

چـۆچەك شەھىرى دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە ، تارباغا- تـاي تـېـغـىـنـىـڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ ، غەربىي ۋە شىمالىي قـىـسـىملىرى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ . چېگرا لىنىيىسى 151 كىلومېتىر ، ئومۇمىي كۆلىمى 3732.3 كۋادرات كىلومېتىر ، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 637 كىلومېتىر .

### چۆچەك شەھىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

چـۆچـەك شـەھـىرى تـەۋەسـىدە تاغلار ، ئېدىرلار ، تاغلار ئارىسىدىكى ئويـمـانـلـىقلار ، تـۈزلـەڭـلـەر ۋە سـازلـىـقـلار بـار . ئـۇنـىڭ شـىمـالىي قىسمى تاربـاغـاتـاي تـاغ رايـونى ، جـەنـۇبىي قىسمى تاغلار ئارىسىدىكى ۋادا

ۋە ئېمىل دەرياسى ۋادىسىدىكى تىنما تۈزلەڭلىك . تەۋەسىدە چوڭ ـ كىچىك دەريالاردىن 14 ى ، بۇلاقتىن 43 ى بار . يىللىق سۇ مىقدارى 427 مىليون كۇب مېتىر ، سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ يەر 43 مىڭ 330 گېكتار .

چۆچەكتە ئېيىق ، سۇر بۇغا ، يۇگۇرۇك بۇغا ، ئارقار قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار . چۆچەكتىن سۇغىنگۇل ، كەتىرا ، چاكاندا ، قانتېپەر ، چۇچۇكبۇيا قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى ، چىغ ، قومۇش قاتارلىق تالالىق ئۆسۈملۈكلەر چىقىدۇ . قومۇشلۇق كۆلىمى 3730 گېكتار . قىزىلما بايلىقلار ئاز ، پەقەت ھاكتېشىنىڭلا سورتى ياخشى ، زاپىسى كۆپ . ھاۋاسى قۇرغاق ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۆپ . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.5 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 40.3 ℃ ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 39.2 ℃ ـ ، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 289.3 مىللىمېتىر بولۇپ ، تولىراق 4 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ ئايلاردا ياغىدۇ . ئەڭ دەسلەپكى قىرو 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چۈشىدۇ ، ئەڭ ئاخىرقى قىرو 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئاياغلىشىدۇ .

## ئۈرۈمچى ــ خوتۇنسۇمۇل يولى

بۇ يول ھازىرقى ئۈرۈمچى ـ كورلا يولىنى بويلاپ ماڭاتتى . ئۇنىڭ ئۆتەڭلىرى تۆۋەندىكىچە :

ئۈرۈمچى ـ دۆڭكۆۋرۈكتىن سايئېرىق ( يوڭفېڭچۈي ) قا 74 يول ، سۇساي ( داشىگۇ ) غا 170 يول ، مۇزداۋانغا 260 يول كېلىدۇ ، ئۇ يەرنىڭ قونالغۇسى مۇز قورۇ . ئىكسومۇنكۇرەگە 350 يول ، بالغۇنتايغا 390 يول ، خوتۇنسۇمۇل ( خېجىڭ ) غا 512 يول كېلىدۇ . بۇ جاي ناھىيە بازىرى .

**پايدىلانغان ماتېرىياللار :**


1. « تۇرپاننىڭ قەدىمكى تارىخى » ، خەنزۇچە ، 1989 ـ يىل 1 ـ نەشرى .
2. « شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش » ، خەنزۇچە ، 1981 ـ يىل 1 ـ نەشرى .
3. « تۇرپان » ، خەنزۇچە نەشرى ، 1989 ـ يىل 2 ـ سان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


4 . « تۇرپان پەن ـ تېخنىكىسى » ، خەنزۇچە نەشرى ، 1989 ـ يىل 2 ـ سان .

5 . « كارىز » ، خەنزۇچە نەشرى .

6 . « شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلى ، 1989 ـ يىل 5 ـ سان .

7 . « تارىخىي خاتىرىلەر » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۇيغۇرچە 1990 ـ يىل نەشرى .

8 . « كارىزغا ئائىت تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ۋە سۇ مەنبەسىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئىستراتېگىيىسى » ژۇرنىلى ، شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى نازارىتى تۈزگەن .

9 . لىيۇ زىشياۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى .

10 . « بۈيۈك برىتانىيە قامۇسى » ، خەنزۇچە ، 1986 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

11 . « سىخەي » ، خەنزۇچە ، 1980 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

12 . « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلى ، ئۇيغۇرچە ، 1987 ـ يىل 2 ـ ، 3 ـ سان .

13 . « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

14 . ئاۋرېل ستەين : « غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش » ، خەنزۇچە ، 1953 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

15 . « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلى ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1986 ـ يىل 7 ـ سان ( ئىچكى ژۇرنال ) .

# يەتتىنچى باب

# تارماق كارۋان يوللىرى

## §1 . گۇچۇڭ ـ قۇبدۇ يولى

گۇچۇڭ ـ قوبدۇ يولى توغرىسىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا يېزىلىشىچە ، گۇچۇڭدىن قۇبدۇغا 13 ئۆتەڭ ، 1430 يول ، گۇچۇڭدىن بىداۋچۇغا 40 يول ، بىداۋچۇدىن فاڭساۋخوغا 120 يول ، فاڭساۋخودىن جياڭجۈنگوبىغا 80 يول ، ئۇ يەردىن سوجىغا 80 يول كېلىدۇ . سوجىدىن يۈەنخۇغا 80 يول بولۇپ ، شىنجاڭ بىلەن موڭغۇلىيە چېگرىسى مۇشۇ جايدا ئايرىلىدۇ . يۈەنخودىن ئۇلۇنبۇلاققا 90 يول ، ئولۇنبۇلاقتىن شىبەيتوغا 50 يول ، شىبەيتودىن بودۇنخاراغا 90 يول ، بودۇنخارادىن چاغانتوڭگۇغا 160 يول چاغانتوڭگۇدىن ساسخەيگە 100 يول ،ساسخەيدىن يويىڭجىتەيگە 120 يول ، يۇيىڭجىتەيدىن داباسۇغا 80 يول ، داباسۇدىن بۇلغۇنتايغا 120 يول ، بۇلغۇنتايدىن سوجىتايغا 100 يول ، سوجىتايدىن قۇبدۇغا 120 يول كېلىدۇ .

### 1 . كونا گۇچۇڭ ( لاۋچىتەي ) ــ قۇبدۇ يولى

بۇ يول موڭغۇلىيە چېگرىسىغىچە 8 مەنزىل ، يەنى 473 يول كېلىدۇ . بۇ يول كونا گۇچۇڭدىن باشلىنىپ تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

كونا گۇچۇڭ ( لاۋچىتەي ) دىن ئېرچىغا 18 يول ، كارىزلىققا 78 يول ، بەش ئاغاچقا 90 يول ، چىغلىق قۇم ( چىغكۆل ) غا 135 يول ، قالقاباستاۋغا 177 يول ، قولان قازغان بۇلاققا 231 يول ، جىرغىلىنغا 339 يول ، قاراسەركە ئۈچباستاۋ ( ئۈچبۇلاق ) غا 435 يول ، ئۇلۇنبۇلاققا 473 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي موڭغۇلىيە تەۋەسى .

### 2 . قەدىمكى باركۆل ـ مورى يولى

قەدىمكى باركۆل ـ مورى يولى 6 مەنزىل بولۇپ ، ئومۇمىي ئارىلىقى 590

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يول كېلىدۇ ، ئۇ تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ :

باركۆل بازىرىدىن چىقىپ باركۆل كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ ، غەربىي شىمالغا قاراپ 98 يول ماڭسا بوزبۇلاق ( بوزباستاۋ ) قا كېلىدۇ ، ئاندىن چىپاردەڭگە 158 يول ، تەنزىنگە 258 يول ، قولىنچەرگە 328 يول ، شاربۇلاققا 458 يول ، توڭغورقاي قۇدۇققا 533 يول ، مورىغا 590 يول كېلىدۇ .

## 3 . قەدىمكى ئالتاي ـ چۆچەك يولى

ئالتاي ـ چۆچەك يولى شىمالىي يول ۋە جەنۇبىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . شىمالىي يول ئالتايدىن چىقىپ قاراتاش ، ئالاقاق ، دولايتى ، بۇرچىن ، پولتاي ، مۇقۇرتاي ، تەپكە باستاۋلاردىن ئۆتۈپ ، خېبىسەنتۇ ( قارا توقاي ) غا كېلىپ جەنۇبىي يولغا قوشۇلاتتى . جەنۇبىي يول ئالتاي ـ ئۈرۈمچى يولىنى بويلاپ بۇرۇلتوقاي ۋە بور كۆللىرىدىن ئۆتۈپ ، خېبىسەنتۇغا كېلىپ شىمالىي يولغا قوشۇلىدۇ . بۇ ئىككى يول ئوتبۇلاققا كېلىپ غەربكە بۇرۇلۇپ ، شىمىرىن بىلەن ماڭىدۇ . ئوتبۇلاقتىن شىمىرىنكورغا 42 يول ، مەددىنگە 70 يول ، گەۋدوككە 98 يول ، قۇبۇقسارغا 110 يول كېلىدۇ . ئاندىن يەنە يول ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . ئورۇكشاي ۋە سىمتاي تاغلىرىنى بىرى جەنۇبتىن ، يەنە بىرى شىمالدىن ئايلىنىپ ئۆتىدۇ . ئۇڭغا ماڭغىنى شىمالىي يول ، سولغا ماڭغىنى جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ .

شىمالىي يول قۇبۇقساردىن غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭىدۇ . قوبۇقساردىن زاسكىن كۈرەگە 42 يول ، كۈرەگە 50 يول ، ئاۋازچىغا 90 يول ، تېپىكى تاغ ئېغىزىغا 126 يول كېلىدۇ ، بۇ جايدىكى تاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 2599 مېتىر ئېگىز . چاغانبايازارغا 178 يول كېلىدۇ ( بۇ جاي ھازىر قازاقىستان تەۋەسىدە ) ، ئۇ يەردىن يول غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ماڭىدۇ . ئاقىقا بوتارغا 224 يول ، ئاۋۇل دايىنسۇغا 274 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي ئاۋۇل بولۇپ ، يول مۇشۇ جايغا كەلگەندە سار ئېمىل دەرياسى ۋادىسىغا چۈشۈپ دەريا بويلاپ تۆۋەنلەيدۇ . قىرىق ئوچاققا 300 يول ، قۇربۇلاققا 354 يول ، ئوبالىغا 370 يول ، شىمالىي بوزداققا 449 يول ، قىزىلتوقايغا 485 يول ، چۆچەككە 496 يول كېلىدۇ . شىمالىي يول بىلەن ھېسابلىغاندا ئوتبۇلاقتىن چۆچەككە 606 يول كېلىدۇ ، ئالتايدىن چۆچەككە 1280 يول كېلىدۇ .

جەنۇبىي يول قوبۇقساردىن چىقىپ تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆ-تىدۇ : قوبۇقساردىن بايىنبۇلاققا 46 يول ، ئىكىنتولى بۇلاققا 82 يول ، سەلكىت تاغ ئېغىزىغا 158 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 1604 مېتىر ئېگىز . سارباستاۋۇغا 226 يول ، قىرغىز قوراغا 272 يول ، مايتاشقا 325 يول ، ئاچىلغا 341 يول ، بۇقاچۆلگە 372 يول ، مارالسۇغا 400 يول ، دۆربىلجىنگە 416 يول كېلىدۇ . جەنۇبىي يول دۆربىلجىنگە كېلىپ ، ئۈرۈمچى - چۆچەك يولىغا قوشۇلىدۇ . دۆربىلجىندىن چۆچەككە 117 يول ، قوبۇقساردىن چۆچەككە 533 يول كېلىدۇ . ئوتبۇلاقتىن ھېسابلىغاندا 643 يول كېلىدۇ .

### 4 . قەدىمكى چۆچەك - باقتى يولى

قەدىمكى چۆچەك - باقتى كارۋان يولى چۆچەكتىن چىقىپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ ، 18 يول ماڭسا بەشقۇرجاغا ، 25 يول ماڭسا ئاقچوققىغا ، 32 يول ماڭسا شىنجاڭ تەۋەسىدىكى باقتى چېگرا پونكىتىغا كېلىدۇ . ئۇ يەردىن ئۆتۈپ 12 يول ماڭسا رۇسىيە تەۋەسىدىكى باقتىغا باراتتى . ئاندىن غەربكە بۇ-رۇلۇپ شەمەيگە باراتتى .

### 5 . قەدىمكى چۆچەك - ئىلى يولى

چۆچەك - ئىلى يولى چۆچەكتىن چىقىپ جەنۇبقا قاراپ ئۈرۈمچى - چۆچەك يولىنى بويلاپ مېڭىپ ، شامال ئۆتەڭگە كېلىپ ، غەربىي جەنۇبقا بۇ-رۇلۇپ بورتالاغا قاراپ مېڭىپ ، ستەي بىلەن سەنتەي ئارىلىقىغا كېلىپ ، ئۈرۈمچى - ئىلى يولىغا قوشۇلىدۇ . بۇ يول تۆۋەندىكى جايلارنى بېسىپ ئۆ-تىدۇ :

چۆچەكتىن شامال ئۆتەڭگە 203 يول كېلىدۇ . شامال ئۆتەڭدىن ئالمىلىققا 15 يول ، سايباغقا 30 يول ، قاراتوپىغا 51 يول ، لاڭگوتەلگە 85 يول ، كۆپىگە 96 يول ، قىزىلتۇزغا 300 يول ، ئوتتۇنبۇلاققا 432 يول ، بورتالاغا 453 يول كېلىدۇ .

## بورتالا شەھىرى

بورتالا شەھىرى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى . ئۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەربىي جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 15″ 04′ 82° ۋە شىمالىي كەڭلىك 10″ 54 44° قا توغرا كېلىدۇ. شىمالىي قىسمى ئالاتاۋ تېغى ئارقىلىق قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا لىنىيىسى تەخمىنەن 106.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى (شەھەرگە قاراشلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا) 7516.5 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايونى بىلەن ئۆزۈمچىنىڭ ئارىلىقى 524 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## بورتالا شەھىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى

يېرى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئېگىزلەپ بارىدۇ. شەرقىي قىسمىدىكى ئېبنۇر كۆلى ئەڭ پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 198 مېتىر ئېگىز، غەربىي جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوننىڭ ئەڭ ئېگىز جايى دېڭىز يۈزىدىن 4189 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز، ئالاتاۋ تېغى شەھەر تەۋەسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. خانزىغى تېغى شەھەر تەۋەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى شەرقتىن غەربكە قاراپ كېسىپ ئۆتىدۇ. قوشئەمچەك ۋە كۆكۈرچىن تاغلىرى شەھەرنىڭ جەنۇبىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۆت تاغ، ئۈچ جىلغا، ئىككى دەريادىن ئىبارەت يەر شەكلى شەكىللەنگەن. بورتالا دەرياسى غەربتىن شەرققە قاراپ شەھەر تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 125 كىلومېتىر. سايرام كۆلى غەربىي جەنۇب تەرەپكە جايلاشقان. بورتالانىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.5℃، 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 17.4℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 36.3℃، 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 23.4℃، ئالاتاۋ تېغى ئېغىزىدا تېمپېراتۇرا 44℃ قا يېتىدۇ. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 193.8 مىللىمېتىر، سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1595.7 مىللىمېتىر. قىروسىز مەزگىلى تەخمىنەن 185 كۈن. غەرب شامىلى كۆپ چىقىدۇ. ھاك تېشى، گىپس، سۇرمەتاش، كۋارتس، ماگنىت، مىس، فوسفور قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار، تاغلىق رايونلىرىدا ئورمان بايلىقى مول. جەرەن، ئارقار قاتارلىق ئون نەچچە خىل ياۋايى ھايۋان بار، سوغىگۈل، ئەڭلىك ئوت، چوچۇكبۇيا، ئالقات قاتارلىق 100 نەچچە خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ.

شەھەر بويىچە ئورمان كۆلمى 16 مىڭ 733 گېكتار ، ئوتلاق 508 مىڭ 313 گېكتار . ئۇنىڭدىن باشقا بورتالا دەرياسى ، خارتوراگ دەرياسى ، بوردىسۇ دەرياسى ، يىل بويى سۇيى ئېقىپ تۇرىدىغان 28 جىلغا ، 50 بۇلاق ئېقىنى ، سەككىز توپ بۇلاق بار . بۇلارنىڭ يىللىق سۇ مىقدارى 900 مىليون كۇب مېتىردىن 1 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ .

بورتالادىن ئوباتشارتى داۋىنى بېشىغا 70 يول كېلىدۇ . ئۇ يەردىن 33 يول ماڭسا ، يەنى بورتالادىن 103 يول ماڭسا ئىلى – ئۈرۈمچى يولىنىڭ سىنتەي ، سەنتەي ئارىلىقىدىكى قىسمىغا ئۇلىنىدۇ . بورتالا قاتناش تۈگۈنى ، بۇ يەردىن بورتالا دەرياسىنى بويلاپ غەربكە ماڭسا ، ئارىشاڭ ناھىيىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، ئەسىن داۋىنى ئارقىلىق قازاقىستانغا بارىدۇ . شەرقىي جەنۇبقا ماڭسا ، باجياخوغا كېلىپ ، ئۈرۈمچى – ئىلى يولىغا تۇتىشىپ ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە بارغىلى بولىدۇ .

بورتالا — « بور » بىلەن « تالا » سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تۈركىي تىلىدۇر . بور دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوش مەنىلىك سۆز بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۆزۈم دېگەن مەنىسىدىن باشقا ، يەنە بوران – چاپقۇن دېگەن مەنىسى بار . بۇ جايدا بوران – چاپقۇن دېگەن مەنىدە ① .تالا — ئەسلى دالانىڭ يەنە بىر خىل ئېيتىلىشى بولۇپ ، مەنىسى ئوخشاش ② .

دېمەك ، بورتالا — قەدىمكى تۈركىي تىل بولۇپ ، « بوران – چاپقۇنلۇق دالا » دېگەن سۆز . ئەمەلىيەتتە بورتالانىڭ غەربىدىكى ئالاتاۋ ئېغىزى مەملىكەت بويىچە مەشھۇر بوران رايونى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، 1980 – يىلى 24 – ئىيۇل كېچىسى 12 بالّ بوران چىقىپ ، شەھەردىكى بىرنەچچە يۈز توپ چوڭ دەرەخنى ئۆرۈۋەتكەن . ئاشلىق ، ياغلىق دان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ 15 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ، تۆت توننا ئېغىرلىقتىكى ئاشلىق ، ياغلىق دان يەتكۈزۈش ماشىنىسىنى 10 نەچچە مېتىر يەرگە ئۇچۇرتۇپ ئاغدۇرۇۋەتكەن . دېمەك ، بۇ رايون ئىسمى – جىسمىغا لايىق بوران ماكانىدۇر .

### 6 . قەدىمكى بۆرۈلتوقاي – ئۈرۈمچى يولى

بۇ يول قازانقۇم قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان قەدىمكى جاپالىق

---

① « تۈركچە – ئۇيغۇرچە لۇغەت » ، 126 – بەت .

② « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » . 73 – بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يـوللارنـىـڭ بـىـرى . ئۇ بـۇرۇلـتـوقايدىن چىقىپ ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنى بويلاپ غـەربـىي جەنۇبقا مېڭىپ ، سارتالغا كېلىپ ئاندىن دەريادىن ئايرىلىپ ، جەنۇبقا قـاراپ ئۇچـبۇلاق ( ئۇچـبـاسـتاۋ ) قا كېلىپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . ئوڭغا ماڭسا ئۈرۈمـچـىگە ، سولغا ماڭسا گۇچۇڭغا بارىدۇ . بۇ يول تۆۋەندىكى جايلارنى بې- سىپ ئۆتىدۇ :

بـۇرۇلـتوقاي بازىرىدىن ماياققا 54 يول ، سامساقلىق ( سارىمساقتى ) قا 86 يول ، سارتالغا 119 يول كېلىدۇ . بۇ يەردىن داۋاملىق دەريا ياقىلاپ سارقۇم ، بىتەۋ ، دورالاردىن ئۆتكەندىن كېيىن ، يول يەنە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . ئۇنىڭ بىر تـارمىقى جەنۇبقا بۇرۇلۇپ تـوغـان ، ئـۈچـبۇلاقلاردىن ئۆتۈپ ، جـارماجـۇل ئارقـىـلـىـق مـاڭـىـدىـغـان بۇرۇلتوقاي ــ گۇچۇڭ يولىغا قوشۇلىدۇ . يەنە بىر تـارمىقى ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنى ياقىلاپ زاغوبا ، ئوندىرقارا ، چوقۇرتىدىن ئۆتۈپ جـەنـۇبـقـا بـۇرۇلۇپ ، ئارالتۆپە قۇدۇق ( تۇزلۇق ) ، جىرىق باستاۋ ، تاقىرباس- تـاۋلاردىـن ئۆتـۈپ گۇچۇڭغا بارىدۇ . ئۈرۈمچى ــ بۇرۇلتوقاي يولى سارتالدىن جـەنـۇبـقـا بـۇرۇلىدۇ . سارتالدىن قاجى تۇخۇم ، شـەيـتـان قـوم ( قوۋقوم ) لاردىـن ئۆتـۈپ ، ئۈچـبـۇلاقـقا كـېـلـىـدۇ . سارتالدىن ئۈچباستاۋغا 262 يول كـېـلـىـدۇ . يـول مۇشۇ جايدا ئىككىگە بۆلۈنىدۇ : ئۈرۈمچى يولى ئۈچبۇلاقتىن ئۇدۇل جـەنـۇبـقـا 260 يـول مـېـڭـىـپ ۋافېڭچاڭغا كېلىپ ئاندىن ئەنەنچۈيلەر ئارقـىـلـىـق ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ . ئۈچبۇلاقتىن ئۈرۈمچىگە 342 يول ، بۇرۇلتوقاي- دىن ئۈرۈمچىگە 723 يول كېلىدۇ .

جـارمـاجـۇل ئارقـىـلـىـق مـاڭـىـدىـغـان بۇرۇلتوقاي ــ گۇچۇڭ يولى . ئۈچـبۇلاقتىن شەرققە بۇرۇلۇپ ، ئوتاۋقوم ، ئىنچىكە قۇم قونالغۇ ــ ئۆتەڭلەر ۋە جـارمـاجۇل قونالغۇ ــ ئۆتەڭلەردىن ئـۆتـۈپ ، كـۆكـبـۇلاق ( كۆكباستاۋ ) قا كـېلىدۇ . ئۈچبۇلاقتىن كۆكبۇلاققا 215 يول ، ئۈچقۇدۇققا 321 يول ، چوڭقۇدۇق ( تۇزلۇق ) 581 يول كېلىدۇ . ئاندىن ئاققۇم ( بەيساۋ ) ، ساۋەنتۇلاردىن ئۆتۈپ گـۇچـۇڭغا كېلىدۇ ، ئۈچقۇدۇقتىن گۇچۇڭغا 801 يول كېلىدۇ . بۇرۇلتوقايدىن گۇچۇڭغا 1182 يول كېلىدۇ .

### 7 . قەدىمكى ئالتاي ــ بەيتىك يولى

قـەدىـمـكى ئالتاي ــ بەيتىك يولى ئالتايدىن چىقىپ ، ئالتاي ــ ئۈرۈمچى يـولـى بـىـلەن مېڭىپ سارتوقايغا كېلىپ ، ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئاندىن بەيتىككە با-

رىدۇ . سارتوقايدىن دۆڭبۇلاق ( دۆڭ باستاۋ ) قا 90 يول ، دابسۇنغا 122 يول ، ئورانبۇلاق ئېقىنىغا 172 يول ، بەيتىك ئېغىزىغا 252 يول كېلىدۇ . سارتوقاي بىلەن بەيتىك يولىنىڭ ئارىلىقى 252 يول كېلىدۇ .

ئالتاي ــ بەيتىك يولى يەنە ئالتايدىن چىقىپ گۆچۈك يولى بىلەن مېڭىپ ، قايشىبۇلاقتا كەلگەندە يول ئايرىلىدۇ ، سولغا بۇرۇلۇپ ( شەرققە ) ماڭسا ، دابسۇن ، ئورانبۇلاق ، كۆپ بۇلاق ئارقىلىق موڭغۇلىيە تەۋەسىگە كىرىدۇ .

## §2 . قۇمۇلدىن موڭغۇلىيىگە ئۆتىدىغان يوللار

### 1 . قۇمۇل ــ غوجداي كارۋان يولى

قۇمۇلدىن غوجدايغا 477 يول ، تاشارغا 70 يول ، ئاراتامغا 89 يول ، باغداشقا 119 يول ، خوتۇنتامغا 174 يول كېلىدۇ . خوتۇنتام موڭغۇلچە سۆز بولۇپ ، ئۇنىڭ مەنىسى « ئۇيغۇر كەنتى » دېگەنلىك بولىدۇ . قۇمۇلدىن تاشۋىلىقتا 212 يول ، تالليق ( شوپۇل ) قا 246 يول ، مايار ( شاڭمايا ) غا 308 يول ، بايغا 374 يول كېلىدۇ . مۇشۇ جايغا كەلگەندە ، يول ئارا تۇرۇك ــ غوجداي كارۋان يولىغا قوشۇلۇپ شەرققە بۇرۇلىدۇ . قۇمۇلدىن نومتارايبۇلاققا 419 يول ، غوجداي ياكى دالانتور تېغىغا 477 يول كېلىدۇ .

### 2 . ئاراتۇرۇك ــ غوجداي كارۋان يولى

ئارا تۇرۇك ــ غوجداي يولى ئاراتۇرۇكتىن چىقىپ ، تۇزلۇقنى بېسىپ بايغا كېلىپ ، قۇمۇل ــ ئاراتۇرۇك يولىغا قوشۇلىدۇ . بۇ يولنىڭ بايغىچە بولغان مۇساپىسى 93 يول ، ئۇ يەردىن ئاراتۇرۇك ــ غوجدايغا 196 يول كېلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا باركۆل ئارقىلىق موڭغۇلىيىگە بارىدىغان باركۆل ــ تۆمۈرتام ، باركۆل ــ سوغايتو كارۋان يوللىرى بار .

***ئارا تۇرۇك ناھىيىسى يول بوقى كۆندۈسى ( جىلغىسى ) قىياتاش سىزمىلىرى***

ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 10 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى يول پوقى كۆندۈسى ( جىلغىسى ) ئىچىدە بىر بۆلۈك قىياتاش سىزمىلىرى ساقلانغان . بۇ قىياتاش سۈرەتلىرىدە ئادەملەرنىڭ ئات ، تۆگىلەرنى مىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتقان، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغلاۋاتقان، يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىۋاتقان قىياپەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئالىملار بۇ قىياتاش سىزمىلىرى 5000 يىل ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشتى. بۇ سىزمىلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 5000 يىللار ئىلگىرىكى چاغلاردىلا ئاراتۈرۈك تەرەپلەردە ئات، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنى قولغا ئۆگىتىپ ئىشلەپچىقىرىشتا پايدىلانغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ①.

## 3. ئالغۇي ئارقىلىق ماڭىدىغان تۇرپان ــ ئىلى يولى

ئالغۇي ئارقىلىق ماڭىدىغان تۇرپان ـ ئىلى يولى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم لىنىيىلىرىنىڭ بىرى. خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ يول مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئەمىنىيە دەۋرى ۋە خەن سۇلالىسى يىللىرىدىلا مۇھىم يوللارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق بۇ يول لىنىيىسىدىكى ئالغۇي، بالغۇنتاي، ئارشاڭ، يۇلتۇز، كۈنەس، توققۇزتارا قاتارلىق جايلاردىن قەدىمكى قەبرىلەر تېپىلدى ۋە بۇ قەبرىلەردىن يىپەك رەخت، فار ـ فۇرقاچا ـ قۇچا، مىس تەخسە ۋە مىس قوراللار تېپىلدى. ئالغۇي غولىدا تاڭ سۇلالىسى يىللىرىدا (مىلادىيە 618 ـــ 907 ـ يىللىرى) ياسالغان بىر تۇرا بار بولۇپ، بۇ تۇرانىڭ ئېگىزلىكى 7.8 مېتىر كېلىدۇ، بۇ تۇرا ئەتراپىدا يەنە شۇ دەۋردىكى قەدىمكى تونۇرنىڭ خارابىسى تېپىلدى. بۇنىڭدىن ئەينى يىللاردا بۇ يول ئۈستىدە ئۆتەڭ ۋە تاماقخانىلار بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يول لىنىيىسى گۈزەل تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى سۇيى ۋە ئوت ـ چۆپلىرى مول، مەنزىرىسى گۈزەل قىلىن قارىغايلىقلاردىن، سانسىز مال ـ چارۋىلار يايلاۋاتقان، رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان، تارىختا ئاققۇ ماكانى دەپ نام چىقارغان، ھازىر ئاققۇ قوغداش رايونى قىلىپ بەلگىلەنگەن يۇلتۇز يايلاقلىرىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، بۇ يول جەنۇبىي ۋە شىمالىي يىپەك يوللىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سۇيى، ئوت ـ چۆپى ۋە يېقىلغۇلىرى مول، ھاۋاسى مۆتىدىل، ياز كۈنلىرى مېڭىشقا قولايلىق يولدۇر، بولۇپمۇ ئاتلىق

---

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى». 1990 ـ يىل 6 ـ مارت سانى.

قوشۇن ئۆچۈن بەك قولايلىق. بىراق يول لىنىيىسى قاتمۇقات تاغلاردىن، قىش ـ ياز قار قاپلاپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغلاردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، بۇ يولدا قىش كۈنلىرى مېڭىشقا بولمايتتى.

تارىختىن بۇيان سودا كارۋانلىرى، سەيياھلار، ئالىملار ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بۇ يولدىن ئۆتكەن ۋە خاتىرىلەر قالدۇرغان. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى يىللىرى، چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاچى قوشۇنى مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان. 1877 ـ يىلى رۇس ساياھەتچىسى پولكوۋنىك پرژېۋالسكىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئىلىغا كېلىپ (1871 ـ يىلدىن باشلاپ چار رۇسىيە ئىلىنى 10 يىل بېسىۋالغان)، مۇشۇ يول ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپ بالغۇنتايغا كېلىپ، ئاندىن قاراشەھەر، كورلىلارنى بېسىپ لوپنۇر كۆلىگە بارغان. پرژېۋلسكىينىڭ مەلۇماتى بويىچە، غۇلجىدىن كورلىغا تەخمىنەن 530 ۋېرستىل، يەنى 1131 يول كېلىدۇ. قاپچىغاي غولى (قاپچىغاي موڭغۇلچە «تار جىلغا» دېگەن مەنىدە) دىكى خارغا داۋىنى دېڭىز يۈزىدىن 9360 فوت، يەنى 2853 مېتىر ئېگىز. قاراشەھەر دەرياسىنىڭ باش قىسمى بولغان يۇلتۇز دەرياسى مۇشۇ جايدىن باشلىنىدۇ. چوڭ يۇلتۇز (بايىنبۇلاق) بىلەن نارات[1] ئوتتۇرىسىدىكى دوغات داۋىنى دېڭىز يۈزىدىن 9800 فوت، يەنى 2987 مېتىر ئېگىز بولۇپ، بۇ داۋانلار بۇ يولدىكى ئەڭ ئېگىز بەلدۇر.

تارىختىن بۇيان، ئىلىدىن ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە كورلىلارغا مال ھەيدەيدىغان مالچىلار مۇشۇ يولدىن ماڭاتتى. ھازىرمۇ چارۋا ماللار مۇشۇ يول بىلەن ھەيدەپ مېڭىلماقتا. 1947 ـ يىلى ئىيۇلدا ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇن پارتىزانلىرى مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ، گومىنداڭنىڭ قاتمۇقات توساقلىرىدىن ئۆتۈپ، مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلغان.

«ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەكلىپى بويىچە، ئۇلار تەڭرىتاغدىكى يول ئارقىلىق گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قاتمۇقات توساقلىرىدىن ئۆتۈپ، 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يۇلتۇز ئېغىزى ئارقىلىق مىللىي ئارمىيە تەۋەسىگە ئۆتكەن. ئۇلارنى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ۋە شۇ يەردىكى خەلق قىزغىن

---

[1] نارات ــ ئەسلى ئۇيغۇرچە «نار» بىلەن «ئارت» دېگەن سۆزدىن تۈزۈلگەن، مەنىسى ئېگىز داۋان دېگەنلىك. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1990 ـ يىل 19 ـ مارت سانى.

www.uyghurkitap.com

كۆتۈۋالدى . »[1]

قەدىمكى ۋاقىتلاردا ، بۇ يولدا ئۆلتۈراق جايلار ۋە ئۆتەڭلەر ئاز ئىدى . ئەسىرلەر داۋامىدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۆتەڭلەر ۋە ئۆلتۈراق جايلارمۇ كۆپەيدى . شۇنىڭغا ئەگىشىپ يول لىنىيىسىنىڭ ئايرىم جايلىرىدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇردى ۋە بەزى كونا يەر ناملىرى يوقاپ يېڭى يەر ناملىرى پەيدا بولدى . ھازىر بۇ يولنىڭ توقسۇندىن بالغۇنتايغىچە قىسمىدا پويىز قاتنايدىغان بولدى . بالغۇنتايدىن غۇلجىغىچە بولغان قىسمى ئاسفالت يول قىلىپ ياسالدى .

### ئالغويى ئارقىلىق ماڭىدىغان تۇرپان – ئىلى يولىدىكى ئۆتەڭلەر ۋە جايلار

تۇرپاندىن توقسۇنغا 100 يول ، تۇرپاندىن سەيدىخانغا 15 يول ، يەمشىگە 27 يول ، قارابۇلاققا 87 يول كېلىدۇ . توقسۇندىن جىگدىگە 26 يول ، يىلانلىققا 36 يول ، شۈەتولغايغا 126 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي ئەينى چاغدا كەنت ئىدى . شۈەتولغايدىن ئارىنگىرغا 15 يول ، ئالغويغا 73 يول كېلىدۇ . ئالغويدىن ئۇلانسىنگىگە 29 يول ، چولۇنغۇلغا 101 يول كېلىدۇ . چولۇنغۇلدىن قوشۇن داۋانغا 25 يول ، ئىكسومۇلكۈرەگە 97 يول كېلىدۇ ، بۇ جاي ئەينى چاغدا ئاۋۇل ئىدى . ئىكسومۇلكۈرەدىن بالغۇنتايغا 44 يول ، بالغۇنتايدىن قاپچىغاي ئېغىزىغا 32 يول ، خارغاتو داۋىنىغا 92 يول كېلىدۇ . خارغاتو داۋىنىدىن چوڭ بورغۇستىغا 86 يول كېلىدۇ ، چوڭ بورغۇستىدىن كىچىك بورغوستىغا 33 يول ، كىچىك يۇلتۇز ( ئارشاڭ ) غا 84 يول كېلىدۇ . كىچىك يۇلتۇزدىن چوڭ يۇلتۇز( بايىنبۇلاق ) قا 120 يول كېلىدۇ . يول مۇشۇ جايغا كەلگەندە كۇچار – ئىلى يولىغا قوشۇلىدۇ . تۇرپاندىن چوڭ يۇلتۇز ( بايىنبۇلاق ) قا 923 يول كېلىدۇ .

## §3 . قەدىمكى قوچو – بەشبالىق يولى

قەدىمكى قوچو – بەشبالىق يولى شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى يوللارنىڭ بىرى . ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا ، ئۇ 3000 يىلدىن ئۇشۇق تارىخقا ئىگە .

---

[1] سەيپىدىن ئەزىزى : « تەڭرىتاغ بۇركۈتى » ، 234 – بەت .

مىلادىيىدىن ئىلگىرى ، بۇ رايوندا ھۇنلار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى . ئەينى ۋاقىتتا ، بۇ يول يەنە « ئالدى قۇس بەگلىكى » بىلەن « ئارقا قۇس بەگلىكى » ئالاقىلىشىدىغان مۇھىم يول ئىدى ( ئالدى قۇس بەگلىكى بۈگۈنكى تۇرپان رايونىدا يەنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئىدى ) . تۇرپاندىن ئۇدۇل تەڭرىتاغلىرىنى ئېشىپ چىققاندا ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى يايلاق شەھىرىگە باراتتى ، بۇ شەھەرلەر تاكى باركۆلگە قەدەر سوزۇلغان بولۇپ ، بۇ شەھەرلەرنىڭ بەگلىرى ئارقا قۇس بەگلىكى دەپ ئاتىلاتتى ① .

بەشبالىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يازلىق پايتەختى بولۇپ ، ھەممە يوللار تۇتاشقان مەركەز ئىدى . شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى ( مىلادىيە ئاۋالقى 25 ــ مىلادىيە 220 ـ يىللار ) گە كەلگەندە ، بۇ يول دۇنخۇاڭدىن چىقىپ تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ ، ئۇ يەردىن تەڭرىتاغ ئارقىلىق « بەشبالىق » قا ئۆتۈپ ، ئاندىن غەربكە قاراپ مېڭىپ ، ئۇسۇن ( ئىلى ) ، چۇ ۋە تالاس دەريالىرى بويىغا كېلىپ ، ئۇ يەردىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق ئىرانغا بارىدىغان يىپەك يولىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى . « تارىختىكى يىپەك يولى ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ، ئومۇمەن يەنىلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ياقىلىرىنى بويلاپ ئۆتۈپ پامىردىن ئۆتىدىغان يوللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ شەرقىي خەن دەۋرىدىن تارتىپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا يەنە بىر يول كۆپەيدى . بۇ يول تۇرپان ئويمانلىقىدىن تەڭرىتاغ ئارقىلىق جىمسارغا ئۆتۈپ ، ئاندىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ چۇ ۋە تالاس دەريالىرى بويىغا ، ئۇ يەردىن جەنۇبقا قاراپ سىر دەرياسى ۋە ئامۇ دەرياسى ئەتراپىغا باراتتى . »②

مىلادىيە 866 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە كەلگەندە ، بۇ يول ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قىشلىق پايتەختى قوچو بىلەن يازلىق پايتەختى بەشبالىقنى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان مۇھىم يولغا ئايلاندى . بۇرۇنقى تار ۋە ئېگىز ـ پەس يول ئەمدى ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالغاندى . شۇڭا ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇ يولنى كېڭەيتىپ ئاتلىق قوشۇن ۋە تەختىراۋان بىمالال ماڭالايدىغان قىلدى . تا

① « تۈرك مەدەنىيىتى تارىخىغا كىرىش سۆز » ، 94 ـ . 109 ـ بەتلەر .
② « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1 ـ قىسىم ، 9 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ گۇنگچە « تاش تارتما » دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان تاش پەلەمپەيلەر ئەينى يىللاردا ئەجدادلىرىمىز كۆك تاشنى مىتىن بىلەن يونۇپ ياساپ چىققان پەلەمپەيلەردۇر . ئەينى ۋاقىتتا يول ياسىغۇچى قوشۇن ياتقان تاش ئۆڭكۈرلەر-نىڭ قالدۇقى ھېلىمۇ تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە كەلگەندە ، بۇ يولدا ماڭغۇچىلار تېخىمۇ كۆپەيدى . ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سودا كارۋانلىرى ، دىپلوماتلار ، دۆلەت ئەربابلىرى ، ئالىملار ، سەيياھلار ، دىن تارقاتقۇچىلار ، ھەربىي قوشۇنلار ۋە چارۋا ماللار ئۈزلۈكسىز قاتنايدىغان چوڭ يولغا ئايلاندى .

مىلادىيە 984 ــ 981 ـ يىللىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې بۇ يولدا ماڭغان ۋەخاتىرە يېزىپ قالدۇرغان ①. شۇ يىللاردا يەنە قاراخانىيلار خانى سۇلتان سۇتۇق بوغراخاننىڭ ئەلچىسى ئارسلان ، سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى سۇڭ بەيلەرمۇ بۇ يولدىن ئۆتكەن . 1941 ـ يىلى ئەنگلىيە سەيياھى ئاۋرېل ستەين بەشبالىقتىن چىقىپ تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ تۇرپانغا كەلگەن . ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ : « مەن بۇ يول بىلەن مېڭىپ تەڭرىتاغنىڭ قېلىن قار بىلەن قاپلانغان ئاسمان ـ پەلەك چوققىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بولۇتقا تاقاشقان ، ھەرە چىشىغا ئوخشاش داۋالاشقان بۆلەكلىرىنى ، ئېگىزلىكى 12 مىڭ فوت ( 3660 مېتىر ) كېلىدىغان چوققىلىرىنى بېسىپ ئۆتتۇم . »②

بۇ يول باشلىنىش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ « يارغول ـ بەشبالىق يولى » ۋە « ئىدىقۇت ـ بەشبالىق يولى » دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ .

قوچو ـ بەشبالىق يولى تۇرپان ئاستانىدىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھە-رىدىن چىقىپ ، بۇيلۇق ، تارلاڭ ، ئۇلۇغبۇلاقلار ئارقىلىق يوغانتېرەككە كېلىپ ، يارغول ـ بەشبالىق يولىغا قوشۇلىدۇ .

بۇ يوللارنىڭ مۇساپىلىرى توغرىسىدا تارىختا ئۆتكەن سەيياھلارنىڭ يەكۈنى بىردەك ئەمەس . سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سەيياھ سۇڭ بەي قاتارلىق كىشىلەر ئىدىقۇت بىلەن بەشبالىقنىڭ ئارىلىقى 450 يولچە كېلىدۇ ، دەپ يازغان . بۇنىڭدىن ئىدىقۇت بىلەن يارغولنىڭ ئارىلىقىدىكى 80 يولنى چىقىرىۋەتسەك 370 يول قالىدۇ . گىرومو گرژىمچ سىزغان خەرىتە بويىچە ھې-

---

① ۋاڭ يەندې : « تۇرپانغا ساياھەت » .
② ستەين : « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى يوللار » .

سابىلىغاندا 345 يول كېلىدۇ. ئاۋرېل ستەين سىزغان خەرىتە بويىچە بولغاندا ئۇ يول 95 ~ 100 مىلغىچە، يەنى 380 ـ 400 يول كېلىدۇ.

1988 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇل تۇرپان شەھىرى يارغول يېزىلىق خەلق هۆكۈمىتىدىكى چارۋا مەسئۇلى خالىق، قوغداش كادىرى ئەخمەت قاتارلىق يولداشلارنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا، بۇ يولنى كۆزدىن كەچۈردۇم ۋە 000، 1:100 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بەزى خەرىتىگە چۈشمەي قالغان جايلارنى خەرىتىگە چۈشۈردۈم، خەرىتىدىكى يەر ناملىرى بىلەن يەرلىك خەلق قوللىنىپ كېلىۋاتقان ناملارنى سېلىشتۇرۇپ خاتا جايلىرىنى تۈزەتتىم. تەكشۈرگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئۆتەڭلەرنى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇساپىلارنى تۆۋەندىكىدەك ھېسابلاپ چىقتىم:

### قەدىمكى تۇرپان ـ بەشبالىق يولىدىكى ئۆتەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇساپىلىرى

| ئۆتەڭ ئىسمى | مۇساپىسى ( يول ) | ئۆتەڭ ئىسمى | مۇساپىسى ( يول ) |
| --- | --- | --- | --- |
| تۇرپان يېڭىشەھەر | 0 | ئاياغ تاشئۆي | 181 |
| باش كېچىك | 60 | يۇقىرى تاشئۆي | 186 |
| شاپتۇللۇق | 75 | قۇم داۋان | |
| سىڭاتاغ | | چوڭ داۋان بېشى ② | 196 |
| ئېشەك داۋان بېشى ① | 114 | باش كۆۋرۈك | 205 |
| چوقۇتام | 121 | پەن ئۇيا | |
| يوغانتېرەك | 131 | چەنزىگەي | 251 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| قارىغايلىقى | 149 | شىباخو يېنىدىكى ئاچال | 295 |
| چىلەك تۈز | 164 | شىباخو يېنىدىكى ئاچال③ | 295 |
| ئات ئوينىقى | 173 | گۈچۈڭ | 363 |

① ئېشەك داۋان بېشى دېڭىز يۈزىدىن 1600 مېتىر ئېگىز .

② چوڭ داۋان بېشى تەڭرىتاغنىڭ سۇ بۆلگۈچ نۇقتىسى بولۇپ ، بۇ يولدىكى ئەڭ ئېگىز جاي دېڭىز يۈزىدىن 2609 مېتىر ئېگىز .

③ شىباخو يېنىدىكى ئاچال ئۈرۈمچى ـ گۈچۈڭ تاشيولى ئۈستىدىكى ئاچال بولۇپ ، ئۇنىڭ ئورنى شىباخو بىلەن جىمسار ئارىلىقىدا ، ئاچالدىن جىمسارغا 16 يول ، بەشبالىققا 42 يول ، گۈچۈڭگە 68 يول كېلىدۇ .